


ئابدۇۋەلى ئەلى

# تۇرغاق خوجىلار

(2)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تۇرغاق خوجىلار
(2)
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ISBN 7-228-05634-5

ISBN7 - 228 - 05634 - 5/I·2084
(民文)定价 :28.00元（全两册）

www.uyghurkitap.com



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئابدۇۋەلى ئەلى

# تۇرغاق خوجىلار

(تارىخىي رومان)

(2)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## ئونىنچى باب

# ۋۆمىن قوۋۇقىدىكى زەپەر مۇراسىمى

«كەپتەر ئۇستىدىن غالىب كەلگەنلىك
بۈركۈت ئۈچۈن شان ـ شەرەپ ھېسابلانماس!»

— ژوۋاننىي بوككاچچو

**مىلادى** 1761 ـ يىلى (يىلان يىلى) قەمەرىيە 2 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى. بۈگۈن خاقانى چىننىڭ ئاستانىسى كىنجاپ① بايرام تۈسىنى ئالغانىدى. خاقانىي چىنىنىڭ نۇسرەت سۈپەت قوشۇنلىرىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى زور غەلىبىسى توغرىسىدىكى خۇش خەۋەرنى ئاڭلىغان كىنجاپلىقلار شەھەر سېپىلىنىڭ شىمالىي قوۋۇقى بولغان ۋۆمىن قوۋۇقىنى ۋە ئۇنىڭغا كىرىدىغان زەپەر يولىنىڭ ئىككى چېتىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ ئۈچما راۋاقلىرىغا يوغان ـ يوغان ئاسما پانۇسلارنى ئېسىپ، قىزىل شەلپەر بىلەن بېزىگەنىدى. يول بويىدىكى يۈزلەپ دۇكانلار خۇددى غالىبلارنى قارشى ئالغاندەك قىلىپ ئىشىكلىرىنى يوغان ئېچىۋېتىشكەن، شەھەردە ھېيت كۈنلىرىدەك سەيلە باشلانغانىدى.

---

① كىنجاپ ـ «جىڭجاۋفۇ» (京兆府) دېگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇرچە تەلەپپۇزى قىلىنىشى، «پايتەخت» دېگەنلىك بولىدۇ.

بىيجىڭنىڭ ئەڭ مەرتىۋىلىك ئادەملىرىدىن بولغان بەگ ـ بىگاتلار، ئەكابىر ـ ئەشرەپلەر، شاھزادە ـ ئىنالچىلار قىممەت باھالىق سوۋغاتلار بىلەن غالىبلارنىڭ ئالدىغا چاچاڭ قىلىپ چىقىپ، ئۇلارنى بىر كۆڭۈلۈك يەردە ساقلاپ تۇرۇشقانىدى. بۇگۈن جاۋ خۇي ئۆزىنىڭ سەركەردە ـ سەردارلىرى بىلەن بىللە كىنجاپقا يېقىنلىشىپ كەلگەندە، شەھەرنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى ۋۇمېن قوۋۇقىغا كىرىدىغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە سانجاق ـ سانجاق تۇرۇپ كېتىشكەن خالايىقنى، ھەممە تەرەپ بايرام تۈسىگە كىرگەنلىكىنى، ئۇچما راۋاقلاردا، پەيلۇلارنىڭ ئالدىلىرىدا كاناي ـ سۇنايلار ۋە داقا ـ دۇمباقلار چېلىنىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

خالايىق غالىبلارنىڭ نازارىتىدە ئاستا مېڭىپ كېلىشىۋاتقان ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى قىزىقىپ تاماشا قىلىشماقتا ئىدى. بۇ ئەسىرلەرنىڭ ئىچىدە ئەرلەر، ئاياللار، قېرىلار، باللار بار ئىدى. ھەتتا بىر ئەسىرە قۇچىقىدىكى بالىسىنى ئەمدۈرگەن ھالدا سەندىرەكلەپ مېڭىپ كېتىپ باراتتى.

جاۋ خۇي ئۆزىنىڭ غالىب قوشۇنى بىلەن ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى ھەيدەپ مەركىزىي يولدىن ۋۇمېن قوۋۇقىغا قاراپ كېتىۋاتقاندا، ئېگىز پەشتاقلار ئۈستىدە قوش كانايلارنى چېلىپ، دەھۇل ـ دۇمباقلارنى گۈمبۈرلىتىپ، شادلىقىنى بىلدۈرۈۋاتقان ۋەتەنداشلىرىنى كۆردى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ تېنى بىردىنلا غۇژژۇلداپ، كۆزلىرىگە ياش كەلدى ۋە:

— زادىلا ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ. بىز كىنجاپقا تىرىك قايتارمىز، دەپ ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. بۇ ئوڭۇمىمۇ، چۈشۈمىمۇ؟ — دەپ سورىدى يېنىدا ئاتلىق بىللە كېتىۋاتقان ياندىشى سانغۇن فۇ دېدىن.

— ئوڭىڭىز، دارىن، بۇ ئوڭىڭىز! — دەپ كۈلۈپ جاۋاب بەردى ئۇ.

www.uyghurkitap.com

* * *

مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ زور ئوردا مۇراسىملىرى بىنەپشە ھەرەمنىڭ ئالدى قوۋۇقى بولغان مۇشۇ ۋۇمېن قوۋۇقىنىڭ ئاستىدا ئۆتكۈزۈلەتتى. مەسىلەن، ئوردا ھەر قېتىم پۈتۈن مەملىكەتكە يېڭىدىن تۈزۈلگەن رىجە ـ كالىندارنى ئېلان قىلغاندا، باشقا مەملىكەتلەرگە ئۇرۇش ئېلان قىلغاندا، خان لەشكەرلىرى ئۇرۇشتىن زەپەر قۇچۇپ قايتقاندا، «ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى» ئۆتكۈزۈلگەندە مۇشۇ قوۋۇقىنىڭ ئاستىدا ئۆتكۈزۈلەتتى. بۇنداق مۇراسىملاردا خاقانى چىن ئالاھىدە قەدەم تەشرىپ قىلىپ قوۋۇق ئۈستىدىكى راۋاققا چىقاتتى. بۇ چاغدا، سەلتەنەتنىڭ ئەدلىيە ـ جازا پىرقىسىنىڭ خادىملىرى ئەسىر ئېلىنغان «ئاسىي توپىلاڭچى كاتتىۋاشلار» نى چەمبەرچاس باغلاپ قوۋۇق ئاستىغا ئېلىپ كېلىپ، خانغا تۇغرا قىلاتتى. مۇبادا، خان شاپائەت قىلىپ «كەچۈردۈق!» دەپ بىر ئېغىز پەرمان قىلسىلا، بۇ ئەسىرلەر ئۆلتۈرۈلمەي ئامان قالاتتى. شۇنىڭ بىلەن «مەرىپەت» «ياۋايىلىق» ئۈستىدىن بىر قېتىم غەلىبە قىلغان بولاتتى.

ۋۇمېن قوۋۇقى سىپىل ۋە ئۇچما راۋاقتىن تەشكىل قىلىنغان كاتتا بىر ئىمارەت ئىدى. سىپىل باشتىن ـ ئاياغ كۆك خىشتىن قوپۇرۇلغان بولۇپ، بۇ خىشلار ھاك، گۈرۈچ شىرىسى ۋە تۇخۇمنىڭ ئېقى بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ تەييارلانغان لايدا يېپىشتۇرۇلغانىدى. ئۇچما راۋاقنىڭ ئاستىغا ئۈچ ئىشىك قويۇلغان، سىپىلنىڭ ئىككى بۇرجىكىگە يەنە بىردىن ئىككى يان ئىشىك قويۇلغانىدى. بۇ ئىشىكلەرنىڭ رولى ھەر خىل ئىدى: ئادەتتە مۇلكىي، ھەربىي ئەمەلدارلار خان ئوردىسىغا كىرىپ ـ چىقىشتا قوۋۇقنىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى ئىشىكتىن پايدىلىناتتى؛ خان جەمەتىدىكىلەر بولسا ئوردىغا غەرب تەرەپتىكى ئىشىكتىن

كىرىپ ـ چىقاتتى. قوۋۇقنىڭ ئىككى بۇرجىكىدىكى يان ئىشىكلەر پەقەت ئوردىدا ساراي كېڭىشى ئۆتكۈزۈلگەندىلا ئاندىن ئېچىلاتتى، باشقا ۋاقىتتا بولسا تاقاقلىق تۇراتتى؛ ئوردىغا كىرگەندە، مۇلكىي ئەمەلدارلار شەرق تەرەپتىكى ئىشىكتىن، ھەربىي ئەمەلدارلار غەرب تەرەپتىكى ئىشىكتىن كىرەتتى.

خان ئوردىغا كىرىپ ـ چىققاندا ماڭىدىغان مەخسۇس شاھانە يول ۋۇمېن قوۋۇقىنىڭ ئوتتۇرا ئىشىكىدىن ئۆتەتتى. ئۈستىگە باشتىن ـ ئاياغ ئاق مەرمەر سىنتاش يېيىلغان بۇ شاھانە يولنىڭ بىر ئۇچى شەھەرنىڭ يۇڭدىڭمېن دەپ ئاتىلىدىغان جەنۇبىي قوۋۇقىدىن باشلىنىپ، خۇددى ئۈرۈش يىپىدەك پۈتۈن بېيجىڭ شەھىرىنى جەنۇبتىن شىمالغا توغرىسىغا كېسىپ ئۆتەتتى. بىنەپشە ھەرەمنى بىر تال سىزىقتەك ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتكەن بۇ يول ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنى ۋە پۈتۈن مەملىكەتنى، ھەتتا پۈتۈن دۇنيانى قاپ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان مېردىئان سىزىقىنىڭ دەل ئۈستىگە جايلاشقانىدى.

بۇ شاھانە يولدا خاندىن باشقا يەنە ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا مۇنداق ئاز ساندىكى ئادەملەرلا مېڭىشقا رۇخسەت قىلىناتتى: بىرى، خاننىڭ تويى بولغاندا، خانىكە ئولتۇرغان تەيپىنجاھمۇ شاھانە يول بىلەن ماڭاتتى؛ يەنە بىرى، تەيخېدىيەن ئوردىسىدا خان ھۇزۇرىدا ئەمەلدارلىق ئىمتىھانى ئېلىنغاندا، ئەدىنائى چاقىرىقتا ئىسمى ئاتىلىدىغان ۋەلىيۇل ئەلاچى①، ئەلاچى② ۋە ئەۋساد③ دەپ نام ئالغان ئۈچ ئەلاچىلا مۇشۇ شاھانە يول بىلەن ماڭاتتى.

. . .

---

① ۋەلىيۇل ئەلاچى — ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدا 1 ـ بولغان كىشى.
② ئەلاچى — ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدا 2 ـ بولغان كىشى.
③ ئەۋساد — ئەمەلدارلىق ئىمتىھانىدا 3 ـ بولغان كىشى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

*　　　　*　　　　*

ئۇرۇش ئەسىرلىرى ۋۇمىن قوۋۇقىنىڭ ئاستىدا قاتار قىلىپ تۇرغۇزۇلدى. راۋاق ئۈستىگە قويۇلغان تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان خاقانى چىن چەنلۇڭ بۇ ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى مەسخىرە نەزەرى بىلەن كۆزىتىپ، بىر ئەسىرنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە توختاپ قالدى. ئۇ كۆردىكى: قانىتى باغلانغان قۇش مەسەللىك ياش بىر چەنتۇ ئايال تۆمۈر قەپەس ئىچىدە تەپەككۇر تىزىغا بېشىنى قويۇپ، غەزەپ ـ نەپرەت دېڭىزىغا غەرق بولغان هالەتتە ئولتۇراتتى. تۆمۈر قەپەستە ئولتۇرغان بۇ نازىنىن گويا قۇياش تەلەت، ئاي سۈرەت، چولپان يۇلتۇز، يەنى ئايغا رەشك سالغۇچى، كۆڭۈلنىڭ ئارامى، گۈل يۈزلۈك، نازۇك بەدەن، بېقىشلىرى ئاهۇدەك، كىرپىكلىرى نەشتەردەك، پىستە ۋە كۈمۈش ساقاق، قاپقارا سىرتماق كەبى ئۆرۈمە چاچ، غۇنچە ئېغىز، تامام نازۇ كەرەشمە بىلەن پەردازلانغان بىر چەنتۇ ساھىبجامالى ئىدى.

بۇ گۈزەل چەنتۇ ئەسىرە نى كۆرۈپ دىلىغا ئىشتىياق ئوتى تۇتاشقان چەنلۇڭ ئاخىر تاقەت قىلالمىدى — دە، يېنىدىكى ساراي ۋەزىرى خې شىندىن بۇ ئەسىرەنىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتە قىلدى.

— پۇشتىپاناهقا مەلۇم بولغايكى، — دەپ جاۋاب بەردى خېشىن يەرگە باش ئۇرۇپ تۇرۇپ، — بۇ چەنتۇ ئەسىرەسى ئاسىي توپىلاڭچىلارنىڭ بىرى ئىكەن. ئۇنى نېمىدەپ ئاتايدىغانلىقىنى خاقانى چىنغا ئەل بولغان تۇردى خوجىدىن سوراپ بىلىۋالغايمىز!

— تۇردى خوجا بىلەن ئۇل چەنتۇ كېنىزىكىنى بۇ يەرگە كەلتۈرۈڭلار، چاقىرىڭلار، بىز ئۇل چەنتۇ كېنىزىكىدىن گەپ سورايمىز! — دېدى خاقانى چىن چەنلۇڭ خې شىنغا.

— باش ئۈستىگە، پۇشتىپاناهىم، — دەپ قۇللۇق بىلدۈردى خې شىن، ئاندىن ياساۋۇللارغا:

— تۇردى خوجىنى چاقىرىڭلار! — دەپ ئەمىر قىلدى.

بىركەملەردە، تۇردى خوجا ھېلىقى ئەسىرە — نۇر ئەلانۇر خېنىمنى يېتىلەپ خاقانى چىن چەنلۇڭنىڭ ئالدىغا توغرى بولدى — دە، دەرھال بېشىدىكى مانجۇچە دىڭ قالپاق ختايىنى ئېلىپ يەرگە قويۇپ، چەنلۇڭغا باش ئۇرغىلى تۇردى.

— ئەركانىم، سىزگە ئىجازەت بەردۇق! — دېدى چەنلۇڭ قولىنى سىلكىپ، — بۇ ساھىبجامال كىم بولىدۇ؟

— لەببەي، — دەررۇ قۇللۇق بىلدۇردى تۇردى خوجا، — ئۇل چەنتۇ كېنىزىكى ئاسي خوجا جاھاننىڭ خانىشى نۇر ئەلانۇر خېنىم بولۇر. ئۇ ئەسلىدە پېقىر قۇللىرىنىڭ بىر تۇغقان ھەمشىرىسى بولسىمۇ ئەمما ئۇ ئاسي خوجا جاھان بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ، خاقانى چىننىڭ نۇسرەت سۇپەت تەڭرى قوشۇنلىرىغا قارشى تىغ تارتقانلىقى ئۇچۇن، پېقىر قۇللىرى بىر تۇغقان قېرىنداشلىقنىڭ يۈزىنىمۇ قىلماستىن، ئۇنى تۇتۇپ بوغدا خاقانغا تارتۇق سۈپىتىدە ئېلىپ كەلدىم. قوبۇل قىلغايلا. ياشىغايلا، ياشىغايلا! تۈمەن مىڭ يىل ياشىغايلا!

خاقانى چىن چەنلۇڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدا تەزىم قىلماستىن بويىنىنى تولغاپ ئۆرە تۇرغان نۇر ئەلانۇر خېنىمنىڭ ئۇزايىغا خۇددى بازاردىكى بىدىكنىڭ قولىدا سېتىلماقچى بولۇۋاتقان قارا مالغا ئىشتىياق بىلەن نەزەر سېلىۋاتقان خېرىداردەك سىنچىلاپ قاراپ كەتتى. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ دۇنيادا ئاز تېپىلىدىغان ساھىبجامال ئىدى! ئۇ «چەنتۇلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنىڭ ھەممىسى مۇشۇنىڭدەك چىرايلىقمىدۇ؟» دەپ ئويلاپ ھوشى كاللىسىدىن چىقىپ كەتتى؛ ياق، ئۇ ھوشيار ئىدى، مەستخۇش بولدى؛ ئۇ ئويغاق ئىدى، كۆزى ئۇيقۇلۇق بولدى...

چەنلۇڭنىڭ چەنتۇ ئەسىرەسىگە قاراپ قېتىپ تۇرۇپ قالغانلىقىنى كۆرگەن خې شىن قۇرۇق يۆتىلىپ قويدى. چەنلۇڭ ساراي ۋەزىرىنىڭ بېشارىتىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۆزىگە كەلدى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تۇردى خوجىغا جايى راھەت كۆرسەتتى.
— پۇشتىپاناھ چەنتۇ ئاقساقىلى تۇردى خوجىغا پاراغەت ئاتا قىلدىلەر! — دېدى خېشىن دەررۇ.
بىر سۇلان تۇردى خوجىغا دەرھال شاھانە كۇرستىن بىرنى قويۇپ بەردى. تۇردى خوجا:
— شاپائەتلىرىگە مىڭ مەرتىۋە رەھمەت، ئى شەرئەتپاناھ بوغدا خان ئالىيلىرى! — دەپ تەشەككۇر بىلدۈردى چەنلۇڭغا تەزىم قىلىپ تۇرۇپ، ئاندىن خانغا تەزىم قىلماستىن تۇرغان سىڭلىسىغا قاراپ قەھىر قىلدى:
— ھوي ئاسىي، ئۆزۈڭنىڭ كىمنىڭ دەرگاھىدا تۇرغانلىقىڭنى بىلەمسەن؟ نېمىشقا خاقان ئالىيلىرىغا تەزىم قىلىپ يەر ئۆپمايسەن؟
— ۋەتىنىمنى مۇنقەرز قىلغان، خانۇ - مانىمنى ۋەيران قىلغان ئاشۇ كاپىرغا ئېگىلىپ تەزىم قىلىمەنمۇ؟ ھا، ھا! — . . . نۇر ئەلانۇر خېنىم ئاچچىق كۇلۇپ كەتتى، — ئى ئاكا، ئىززەت - نومۇسنى سېتىپ، خورلۇققا چىداپ ياشاش پەقەت بىر سىز بىلەنلا كەتكەي، مەن بىر مۇرەببىمدىن باشقا ھېچكىمگە ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ باقمىغان!
— ھاي، ھاي، سىڭلىم، ئاغزىڭىزنى يۇمۇۋالسىڭىز بولارمىكىن؟ بۇ دېگەن يەكەن خان ئوردىسى ئەمەس، خاقانى چىنىنىڭ ئوردىسى بىنەپشە ھەرەم جۇمۇ!
— ھېلىغۇ بىنەپشە ھەرەم ئىكەن، — دەپ مەنسىتمىگەندەك مىيىقىدا كۇلۇپ قويدى ئۇ، — جەننەتۇل فىردەۋسى بولغان تەقدىردىمۇ پەرۋايىم پەلەك!
— ھەيھات، ھەيھات! — قولىنى شىلتىدى چەنلۇڭ، — ئەركانىم، ئۇل ساھىبجامال چەنتۇ كىنىزىكى ئۇزۇن يول يۇرۇپ ھېرىپ كېتىپتۇلەر، تەزىم قىلغۇسى كەلمىسە مەيلى، بىز ئىجازەت بەرگەيمىز، ئۇنى ھەرگىز چۆچۈتۈپ قويماڭىز!

— لەببەي، بوغدا خان ئالىيلىرى! — دېدى تۇردى خوجا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ قۇللۇق بىلدۈرۈپ.

بۇ چاغدا، چەنلۇڭ ساراي ۋەزىرى خېشىنغا قولىنى سىلكىپ قويدى.

ئۇ دەرھال:

— پۇشتىپاناھ چارچاپ قالدى، بوغدا خاندىن پەرمان شۇكى، — دېدى ھەممىگە ئاڭلىتىپ تۇرۇپ، — بوغدا خاننىڭ ئەمىرىگە قارشى چىقىپ ئىسيان كۆتۈرگەنلىك جىنايىتى ئۈچۈن ئۇرۇش ئەسىرلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمگە لايىق ئىدى. بىراق، بوغدا خان: «پۇقرالىرىم نادان، ھىدايەتتىن بىخەۋەر، سەلتەنىتىمىز ئۇلارنى ئاقارتىپ، ھىدايەتكە باشلاش مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. شۇ ۋەجىدىن، ئۇلارنى ئۆلۈمدىن كەچۈردۈق» دەپ شاپائەت قىلدى. بىراق، مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ مېھربانلىقىنى ھېس قىلدۇرۇش ئۈچۈن چەنتۇ ئەسىرلىرىنى شەرقىي شىمالدىكى مۇلەن دېگەن يەرگە ئۆمۈرۋايەت ياغاچ كېسىشكە پالىدى. چەنتۇ ئاقساقىلى تۇردى خوجا باشلىق كىشىلەر مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ چەنتۇلار يۇرتىدا ھىدايەت ئورنىتىشقا چىن دىلىدىن ياردەم قىلغانلىقى ئۈچۈن بىرىنچى دەرىجىلىكتىن ئۈچىنچى دەرىجىلىككە قەدەر بەگلىك ئۇنۋانى بىلەن تارتۇقلاندى ۋە ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىنى ئاستانىگە كۆچۈرۈپ ئەپكېلىش شەرىپىگە نائىل قىلىندى. ئۇرۇش ئەسىرەسى پۇشتىپاناھنىڭ ھەرەمگە لايىق بولغانلىقتىن ئۇنىڭغا كېنىزەكلەر قاتارىدىن ئورۇن بېرىلدى! ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار!

— ياشىغايلا، ياشىغايلا! تۈمەن مىڭ يىل ياشىغايلا! — ئەركانى دۆلەت، ئەكابىر ـ ئەشرەبلەرنىڭ ئالقىش سادالىرى ۋۇمىن قوۋۇقىنى لەرزىگە كەلتۈردى.

— ئى خاقانى چىن، ساڭا ئەرزىم باردۇر مېنىڭ! — دېدى نۇر ئەلانۇر خېنىم ئەكابىر ـ ئەشرەبلەرنىڭ ئالقىش سادالىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىچىدە خانىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە تىزلىنىپ تەزىم قىلدى.

باياتىن بويۇن تولغاپ ئۆزىگە تەزىم قىلغىلى ئۇنىماي تۇرغان نۇرئەلا نۇرخېنىمنىڭ تەزىم قىلغانلىقىنى كۆرگەن خاقانى چىن چەنلۇڭ دەرھال شاھ سۇپا ئۈستىدىن چۈشۈپ، ئۇنى قولىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى ـ يۇ ئەمما ئۇنىڭدىن گۈپۈلدەپ پۇراۋاتقان خۇشبۇي پۇراقتىن مەستخۇش بولغىنىدىن بىھوش بولۇشقا تاسلا قالدى!

— قېنى، ئىجازەت سىزگە! سۆزلەڭ، — دېدى چەنلۇڭ كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئەگەر سەن خۇددى پەرمانىڭدا دېيىلگەندەك: «مېھرىبان، شەپقەت ئىگىسى» بولساڭ، ئۇل قېرىنداشلىرىمدەك، — دەپ قوۋۇق ئاستىدا تۇرۇشقان ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى كۆرسەتتى، — مېنىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ياغاچ كېسىشكە پالىغايسەن، مەن سەندىن خۇش بولۇپ قالاي!

— سىز شەرقىي شىمالنىڭ قاتتىق سوغۇقىغا بەرداشلىق بېرەلەمسىز؟ سۇرگۈن ئازابىغا چىدىيالامسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن چەنلۇڭ ئىستىھزا كۈلكىسى بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئىززەت ـ نومۇسۇم ئۈچۈن ھەرقانداق جەۋر ـ زۇلۇمغا تەييارمەن!

— بىھاجەت، بىھاجەت! سىز بىزنىڭ ھەرەمىمىزدە پاراغەت ئىچىدە ياشايسىز! — دېدى چەنلۇڭ ۋە خې شېنغا قاراپ:

— بۇ ساھىبجامال چەنتۇ كېنىزىكىمگە ھەرگىز ئازار بېرىلمىسۇن! ئوبدان كۈتۈلسۇن! كۆڭلى رەنجۇ ـ ئەلەمدىن خالىي قىلىنسۇن! — دەپ ئەمىر قىلدى — دە، ئوردىغا قاراپ ماڭدى.

— باش ئۈستىگە! پۇشتىپاناھ! — دەپ تەزىم قىلدى خېشىن خانىنىڭ ئارقىسىدىن، ئاندىن ئوردا ئەركانلىرىغا ئەسىر قوبۇل قىلىش مۇراسىمىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكارلىدى.

ئۆرۈش ئەسىرلىرى شەرقىي شىمالدىكى يىراق، سوغۇق مۇلەنگە ئېلىپ مېڭىلدى...

*　　　　*　　　　*

نۇر ئەلانۇر خېنىم «ئىپارخان» دەپ رەسمىي ئاتالغاندىن بۇيان بۇ ئۇنىڭ گۆھەرشاد بېغىدا تۇنجى سەيلە قىلىشى ئىدى.

چەنلۇڭ ئۇنى ۋۇمېن قوۋۇقىدىكى «ئۇرۇش ئەسىرلىرىنى تەقدىم قىلىش مۇراسىمى»دا تۇنجى قېتىم ئۇچراتقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئاشىقىي بىقارار بولغانىدى. چەنلۇڭ مۇشۇ تاپتا ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەتمەك بولۇپ ئۇنىڭ كۆڭلىنىڭ ئاۋۇنۇشىنى كۈتۈپ ساقلاۋېرىپ، قىسىر قالغان مالدەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇ مۇشۇ تاپتا قىسراقنى كۆرسىلا ئېتىلىدىغان ئايغىردەك كۆزى قىزىرىپ، تاقىتى تاق بولۇپ كېتىۋاتقانىدى. شۇڭا، شاھنىشىن خالىي قالغان چاغلارنىڭ بىرىدە ئۆزىنىڭ بۇ دەردىنى يېقىن ئادىمى، ساراي ۋەزىرى خېشىنغا ئېيتىپ بەردى.

— پۇشتىپاناھ، ئۈمىدۋار بولغايسىز، — دەپ خاننىڭ كۆڭلىگە تەسەللىي بەردى ئۇ، — چەنتۇ كېنىزىكى ئالىقىنىڭىزدىغۇ؟ ئەلھال، ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەتمەك بولۇپ تۇرۇپسىز. گەرچە، ئۇ شورئەڭگىزلىك قىلىپ، ئۆزىنى سىزگە تەقدىم قىلغىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالغان بولسىمۇ ئەمما ۋىسال مەنزىلى يېقىن. سەۋر قىلىڭ، كونىلار: «سەۋرنىڭ تېگى ئالتۇن» دېگەن ئىكەن. سەۋر — خۇشاللىقنىڭ ئاچقۇچى. ئىشىنىمەنكى، پات پۇرسەتتە مۇرادىڭىزنىڭ گۈلى ئېچىلغاي!

— ئۇغۇ شۇنداق بىراق بىزنىڭ مۇبارەك قەلبىمىز ئىزتىراپ ئىچىدە پۇچۇلىنىپ كېتىۋاتىدۇ!

— پۇشتىپاناھ، مېنىڭ خىيالىمغا بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ. مۇبادا مۇۋاپىق كۆرسىڭىز، ئىشنىڭ ئەنجامىنى مۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلساق...

— خىيالىڭغا نېمە كەلگەن بولسا، بەھۇزۇر سۆزلىگىن، بىز سېنىڭ ئەقلىڭگە موھتاج، — دېدى چەنلۇڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.

— بىز چەنتۇ كېنىزىكىدىن سوراپ، ئۇنىڭ كۆڭلىگە نېمە ياقىدىغانلىقىنى بىلىۋالىمىز. ئاندىن دېگىنىنى جابىجا كەلتۈرۈپ، ئۇل چەنتۇ كېنىزىكىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇۋالىمىز، ئۇ چاغدا ئۇ سىز پۇشتىپاناھقا مەيلىنى بىلدۈرسە ئەجەب ئەمەس. چۈنكى، «تېرىككەكنى تېرىكتۈرۈۋەرسەڭ، تېرىكمەس بولىدۇ؛ شاش تايىنىڭ يېنىغا بېرىۋەرسەڭ، كۆنۈپ قالىدۇ» دېگەندەك، ئاخىر ئۇمۇ كۆنۈپ قالىدۇ.

— ئەمىسە، سېنىڭچە قانداق قىلساق بولار؟

— خەلق ئىچىدە: «ئوتقا سۇ سەپكەنسېرى كۈچىيىدۇ» دېگەن گەپ بار، چەنتۇ كېنىزىكىنىڭ غەزىپى پەسەيگۈچە، پۇشتىپاناھ سىز ئۇنىڭغا يېقىنچىلىقىڭىزنى ھەرگىز ئايىمىغايسىز!

— توغرا، ئوبدان ئېسىمىزگە سېلىپ قويدۇڭ، بىز ئۇل چەنتۇ كېنىزىكىنىڭ ئۇزايىدىن دىماغىنى يارىدىغان خۇش پۇراق ھىدىنى پۇرىغانمىز. شۇڭا، «خۇش پۇراق بانۇم» دېگەن ئاتاقنى بېرىپ، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ ھەرەمدىكى يەتمىش ئىككى بانۇلىرىمىزنىڭ قاتارىغا ئۆتكۈزۈۋالساقمىكىن؟

— ھەببەللى، پۇشتىپاناھ، ياغدەك گەپتىن بىرنى قىلدىڭىز! ۋىسالىنىڭ ئاچقۇچى سەۋر ـ تاقەت. بىر كۈنى ئاشۇ چەنتۇ كېنىزىكى بويىنىڭىزغا قول سېلىپ سۆيۈپ قويماي تۇرالمايدىغان، سىزنى كۆرمىسە تۇرالمايدىغان بولىدۇ. دەسلەپتە بۇنداق چىچاڭلاشنى ئەر قەدرىنى بىلمەيدىغان قايسى قىزلار

قىلمىغان دەيسىز؟ مۇبارەك قولىڭىز ئۇل چەنتۇ كىنىزىكىنىڭ بىر يېرىگە تەگمىسۇنمۇ، ئۇ چاغدا كۆرىسىز تاماشا، يۈرىكىگە ئىشق - مۇھەببەت ئوتى تۇتىشىپ، بەدىنى قىزىپ، «جېنىم، قۇرغۇيۇم، ئامرىقىم، تاتلىقىم...» دەپ دېمىسىگەن سۆزى، قىلمىغان نازى قالمايدۇ. ئۇستىڭىزگە زەرباب ئېگىن كىيگۈزىدۇ، ئاستىڭىزغا قاتمۇقات كىمخاپ تۆشەك سالىدۇ. ئايال دېگەن ئەر كىشىنىڭ پۇرىقى دىمىغىغا تەگسە، خۇددى ئىپار بىلەن مۇشكى - ئەنبەرنىڭ خۇشپۇرىقىدىن لەززەتلەنگەندەك جېنى يايراپ، ئويناقلاپ كېتىدىغان نەرسە — دە! ھى، ھى... يېشىم مۇشۇ يەرگە كەلگۈچە مەن نى - نى ئاياللارنىڭ مىجەز - خۇلقىنى كۆرگەنمەن! پۇشتىپاناھ! — دېدى ساراي ۋەزىرى خېشىن كاماك ئېغىزىنى پۇرۇشتۇرۇپ.

— راست، راست، سەن ئەئيانىم بىزنىڭ مۇبارەك كۆڭلىمىزگە ئىلھام ئوتىنى ياقتىڭ! بىز ئۇل چەنتۇ كىنىزىكىنى «ئىپارخان» دەپ ئاتايلۇق! — دېدى چەنلۇڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا، — ھازىرنىڭ ئۆزىدە بىزنىڭ مۇبارەك كۆڭلىمىزدە مۇنۇ سەتىرلەر زاھىر بولدى! — دېگىنىچە تۆۋەندىكىلەرنى ئوقۇدى:

قىلىپ ئەقلىمنى لال - شەيدا شىشى[1] كەبى ئۇل گۈزەل،
شىشە تەنلىك، ھۆسنى زىبا، بۇيى ئىپار ئۇل گۈزەل؛
ئىگىلىدى دىل - قەلبىمنى چېھرى بىلەن سۇپىتى،
يېقىملىق خۇيى، نازى بىلەن جاننى ئالۇر ئۇل گۈزەل.
مېنى قىلغاچ مەھلىيا ئۇل پەرىنىڭ قامەت - بويى،
باشىم قېيىپ، كۆڭلۇم ئاينىپ، بولدۇم ئەقلىمدىن جۇدا؛

① شىشى - جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدا ئۆتكەن بىر ساھىبجامال.

تىزىم پۈكۈپ، باش ئەگمەستىن ماڭا ئۆزگە چارە يوق،
بولمىسا، جانىمنى ئالغاي، ئىپار بۇيلۇق ئۇل تۇتىيا.

— ئاپىرىن، پۇشتىپاناھ، ئاپىرىن سىلىگە، ئەقىل بابىدا جۇگې لياڭ[①] پۇشتىپاناھقا ئاپىرىن ئوقۇماي تۇرالماس. ئىستىبدات سەھىپىسىدە لى بەي[②] سىلىگە قول بەرمەي تۇرالماس! سۆزلەرنى قاپىيىگە سېلىپ، ۋەزىن ۋە تۇراق بويىچە نەزمە قىلىپ ئوقۇش ساۋاتى بارلىكى ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كەلسىمۇ، ئەمما ئاشۇ قاپىيىداش قۇرلار كىشىنىڭ شادلىق ھېسلىرىنى قوزغىيالىسا، باشقىلارمۇ بۇ مىسرالارنى ئوقۇپ ھاياجانلانماي تۇرالمىسا، ئاندىن بۇنى قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغىچە ۋە تا ئەبەدكىچە مىسلىسىز پاساھەتلىك نەزمە دېگىلى بولۇر، — دەپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى. ئاندىن بۇ نەزمىنى خاتىرىلىۋېلىش ئۈچۈن سۇلانلاردىن بىرىگە دەرھال قەغەز ـ قەلەم كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى...

* * *

خاقانى چىن چەنلۇڭ نۇرئەلانۇر خېنىمنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن ئۇنىڭغا: «ئىپارخان» دېگەن ئاتاقنى بەردى ۋە خېنىمغا:

— ئۇل چەنتۇ كېنىزىكى ئۈچ ھەرەمنىڭ خانىكەلىرى ۋە ئالتە سارايدىكى ئالتە خانىش، يەتمىش ئىككى بانۇدەك مەرتىۋىگە ئىگەدۇر. شۇڭا، بىز ئۇنىڭغا «ئىپاربانۇم» دېگەن مەرتىۋىنى بەردۇق ۋە چەنتۇلارنىڭ ئادىتى بويىچە بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ نام ـ شەرىپى «ئىپارخان» بولسۇن! — دېدى...

① جۇگې لياڭ — جۇڭگونىڭ ئۈچ پادىشاھلىق دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر سىياسىئون، ھەربىي ئالىم.
② لى بەي — جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسى مەزگىلىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئەدىب، ئوردا شائىرى.

* * *

ئىپارخان قىزىل سىرلانغان ۋادەككە يۆلىنىپ باغدىكى رەڭمۇرەڭ بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغان گۈللەرنى تاماشا قىلغاچ مىسكىن كۆڭلىنى بىردەم بولسىمۇ ئاۋۇندۇرۇپ ئولتۇراتتى.

شىمالدىكى سەددىچىن تەرەپتىن ئۇچۇپ كەلگەن ياۋا غازلار بىنەپشە ھەرەمنىڭ ئۈستىدىن جەنۇب تەرەپكە قاراپ ئۆتمەكتە ئىدى. گۆھەرشاد باغچىسىنىڭ ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن تۇۋرۇكلۇك ئايۋىنىدا باغدىكى ئېرىقلاردا شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ مەيۇس ئولتۇرغان ئىپارخان غازلارنىڭ قىسقا ئەمما سىرلىق «غاق!» قىلىپ غاقىلدىغىنىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئايۋاننىڭ چېتىگە باردى ۋە غازلارنىڭ ئاۋازى كېلىۋاتقان تەرەپكە قارىدى. كۆكتە ئېگىلىپ ـ چايقىلىپ بىر خىلدا كېلىۋاتقان بىر تىزىق كۆل رەڭ مارجاننى غېرىب ـ مىسكىنلىك يېشىغا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئاخىر ئىزدەپ تاپتى. ئەمدى ياۋا غازلارنىڭ غاقىلدىغان ئاۋازلىرى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

ئۇنىڭغا ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ياۋا غازلارنىڭ يېقىملىق ۋە ئېنىق ئاڭلىنىۋاتقان «غاق ـ غاق» لىرىدا قانداقتۇر قەتئىيلىك ئاھاڭلىرى ئاڭلىنىۋاتقاندەك ۋە بۇ غازلارنىڭ يىراق ـ يىراقلاردىكى ئۆز ۋەتىنىگە قاراپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. بەلكى، بۇ غازلار مۇشۇ ئۇچۇشىدا ئېگىز ـ ئېگىز تاغ چوققىلىرىدىن، قاتمۇقات تاغلار ئۈستىدىن، پايانسىز قۇم ـ چۆللۈكلەردىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ سۆيۈملۈك ۋەتىنى مۇلكى قەشقەرىيىگە بېرىپ قىشلىشى مۇمكىن. بەلكىم، قەشقەر، يەكەن، ئاقسۇ ئەتراپلىرىدىكى كۆل ـ ھاۋزلارنىڭ بويلىرىغا قونۇپ ئۆتەر. . .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ ئوي بىلەن ئىپارخاننىڭ قەلبىنى بىر ئەلەملىك سېغىنىش تۇيغۇسى چۇلغىۋالدى ۋە ئاشۇ كۆك ئەركىسى بولغان ياۋا غازلارغا ھەۋەس قىلىپ قالدى: «ئاشۇ ياۋا غازلاردەك كىچىك قانىتىم بولغان بولسا ئىدى، بىر ئۇچۇشۇمدا مەن قايتا بىر كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئاشۇ ئانا ۋەتىنىمگە بېرىپ يەتسەم! . . .»

ئەمما، ياۋا غازلار خۇددى ئىپارخاننىڭ كۆڭلىدە نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىۋالغاندەك قىلىپ: «ياق، ئەمدى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا ۋەتىنىڭگە ئۆمۈرۋايەت قايتالمايسەن!» دەپ «غاق - غاق!» قىلىشقىنىچە تېخىمۇ تېز ئۇچۇشۇپ يىراقلاپ كېتىپ باراتتى. ئاخىر ئۇلار ئېگىز ھەرەم سېپىلىنىڭ كەينىدە كۆزدىن يىتتى! . . .

ئۇ جاراھەتلەنگەن قەلبىنى چۇلغىۋالغان دەرد - ئەلەم ئۇنچىسىنى نەزم - بېيىت يىپىغا ئۆتكۈزۈپ پىغانلىق نىدا قىلىشقا باشلىدى:

ئانا يۇرتتا مەغرۇر ئىدىم، ئەركە ئىدىم،
ئەل ئىچىدە «بىرلا پەرى مەن» دەر ئىدىم.
نەگە سۇنسام يېتەر ئىدى شۇئان قولۇم،
جەڭدە غالىب، باتۇر ئىدىم، قەيسەر ئىدىم.

كۆپ سەپدىشىم بولدى زالىم، قانخورغا يەم،
قالغانلىرى توزۇپ كەتتى ھەر ياقلارغا.
گويا يوقتەك بۇ جاھاندا دوست - يارەنى،
ۋاپا ئىزدەپ كەتتى يىراق - يىراقلارغا.

ئانا تۇپراق قوينىدا مەن گۆھەر ئىدىم،
چىمەنزارلىق - چارباغنىڭ بۇلبۇلى ئىدىم.

مۇندا بولغاچ مانجۇ خانغا خار ئويۇنچۇق،
قەپەس ئىچرە مۇڭلىنىپ مەن قان يىغلىدىم.

ئايۋاندا مۇڭلىنىپ ئولتۇرغان ئىپارخان چەنلۇڭنىڭ كىرىپ كەلگىنىنى تۇيمىدى.

چەنلۇڭ چۆرە قىزلارغا: «ئىپارخاننى چۆچۈتۈۋەتمەڭلار!» دېگەندەك قىلىپ قولىنى سىلكىپ قويدى. ئاندىن ئاستا ئىپارخاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتى ۋە:

— ئى ساھىبجامال چەنتۇ كېنىزىكى، — دېدى كۈلۈپ تۇرۇپ، — كۇندەك جامالىڭىزنى كۆرگەندىن بۇيان، يېگىنىم زوقۇم، ئىچكىنىم زەھەر، ئۇيقۇم بىدار بولدى. تۈنلەر بويى سىزنى ئويلاپ ئۇيقۇسىزلىقتىن پەرىشان بولۇپ، خىيال دېڭىزىنىڭ تەكتىگە قاراپ چۆكۈپ كېتىۋاتماقتىمەن! ئەي، قۇياشتەك ھۆسنى بىلەن ئايىنى خىجالەتتە قويغان يېگانە گۈزەل، مۇشتاقلىق مېنى ئىزتىراپقا سېلىپ، تاقەتسىزلىك خاراب قىلدى.

ئىپارخان يەرگە قارىغىنىچە جىم ئولتۇردى. چەنلۇڭ تېخىمۇ تاقەتسىزلىنىپ، ئۇنىڭ سۆز قىلمىغانلىقىنىڭ ۋەج ـ سەۋەبىنى سورىدى.

ئىپارخان بىر ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ قويغاندىن كېيىن:

— مەن يۇرت ـ قاياشىم، ۋەتەن ـ ئايمىقىمدىن ئايرىلغان يالغۇز تىكەندەك كۆڭلى سۇنۇق مۇساپىردۇرمەن. شۇنداق ئىكەن، مۇساپىر دېگەنگە سۆز قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى؟!— دېدى — دە، يەنە يەرگە قارىۋالدى.

— ۋاي ـ ۋۇي، بۇ نېمە دېگىنىڭىز!— دېدى چەنلۇڭ كۈلۈپ كېتىپ، ـ بىر مەملىكەتنىڭ سەلتەنەت تىزگىنىنى تۇتۇپ تۇرغان بىزگە ئوخشاش جاھاندا يېگانە بىر پادىشاھنىڭ خوتۇنى

مۇساپىر بولامدۇ؟ بىز پادىشاھ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئۇلۇغ ـ ئۇششاق پۇقرالارنىڭ ھەممىسى سىزنىڭ چاكىرىڭىزدۇر! — ئۇ سۆزلەۋېتىپ، ئىپارخاننىڭ قولىغا يېنىك سۆيۈپ قويدى.

— ئارسلان ئۆزىدىن كۈچسىزلەرگە ئېگىلمەيدۇ. سەن نېمە ئۈچۈن مېنىڭدەك ناتىۋان ئاجىزەنىڭ قولىغا سۆيدۈڭ؟

— ناھايىتى ياخشى سورىدىڭىز! بىز ئارسلان بولغانلىقىمىز ئۈچۈنلا قولىڭىزغا سۆيدۇق. ئارسلان دەرەندىلەر ئىچىدە ھەممىسىدىن ۋەھشىي، ھەممىسىدىن كۈچلۈك ۋە ئەركىن بولسىمۇ ئەمما ئەقىللىق ئادەم بالىسىغا دائىم تۇتقۇن بولىدۇ ياكى سىز بىزدىن بىرەر ئادالەتسىزلىك، ياۋۇزلۇق ھەرىكىتىنى كۆردىڭىزمۇ؟

ئىپارخان:

— ساڭا قارىتا سېنىڭدىن بىرەر ئادالەتسىزلىك ياكى ياۋۇزلۇق ھەرىكىتىنى كۆرمىدىم. گەرچە مەن ئۇرۇش ئەسىرەسى سۈپىتىدە سېنىڭ قولۇڭغا چۈشكەن بولسامىمۇ، مېنى باشقا ئاياللىرىڭدىنمۇ چارە كۆرۈپ، ياخشى ئاسراپ، ياخشى قاراۋاتىسەن. شۇڭا، مەن ھازىرغا قەدەر ھايات ياشاپ كېلىۋاتىمەن. مۇبادا، خوي ـ پەيلىڭنى يامان قىلىپ ماڭا چېقىلىپ، ئىمانىمنى بۇلغىماقچى بولىدىكەنسەن، ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۆلۈپ بېرىمەنكى، سەن كاپىرغا ھەرگىز خوتۇن بولمايمەن! چۈنكى مەن ساڭا ئوخشاش تاجاۋۇزچى پادىشاھقا ھەرگىز باش ئەگمەيمەن. سېنىڭ قان كەچكۈچى قارا چېرىكلىرىڭ مېنىڭ ۋەتىنىمگە باستۇرۇپ كىرىپ، پۇقرالىرىمنى شەپقەتسىزلىك بىلەن قىرغىن قىلدى. بىزنىڭغۇ پادىشاھزادە، ھۆكۈمرانلار دەپ ئۆلتۈرسۇن، چاپسۇن، سۈرگۈن قىلسۇن. شۇنچىۋالا ئۆلتۈرۈلگەن، تالان ـ تاراج قىلىنغان بىچارە پۇقرالاردا نېمە گۇناھ؟! بۇنداق ئادالەتسىزلىككە كىممۇ تاقەت قىلىپ تۇرالىسۇن؟! — دېگىنىچە يېڭى ئىچىدىن بىر خەنجەرنى

چىقاردى.
چەنلۆڭ ئىپارخاننىڭ قولىدىكى خەنجەرنى كۆرۈپ:
— يارەببىنا، ئەي ئىپارخان، ئاچچىقىڭىز بەكمۇ يامان ئىكەنغۇ سىزنىڭ؟ بىز سىز بىلەن چىقىشىپ قويدۇق. بىزدە باشقا مەقسەت يوق! — دەپ كەينىگە چېكىندى.
— خۇدا ھەققى، مۇبادا سەن مېنى قىستاۋېرىدىغان بولساڭ، مەن ئۆلۈم ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ پاك مۇسۇلمانلىق ئىززەت - ھۆرمىتىمنى، ۋىجدانىمنىڭ ساپلىقىنى ئىسپاتلايمەن. مەن ئەسلىم بويىچە پاك ئۇيغۇر قىزىدۇرمەن! — دېدى ئىپارخان قولىدىكى خەنجەرنى ئۆزىگە تەڭلەپ تۇرۇپ.
— بولدى، بولدى، بىز دېمىگەن بولايلۇق، سىز خاپا بولماڭ، بولامدۇ؟ — دېدى چەنلۆڭ كۈلۈپ كېتىپ، ئۇ قاتتىقلىق قىلىش بىلەن مەقسىتىگە يېتەلمەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەندى. شۇڭا:
— ئەگەر كۆڭلىڭىزدە ھەرقانچە ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىز بولسا بىزدىن سورايدىغان تەلەپ - ئىلتىجايىڭىز بولسا ئېيتىڭ، بىز ئۇنى ھازىرلا تەييار قىلغۇزغايمىز!
— بۇ گېپىڭ راست بولسا، — دېدى ئىپارخان ئىلتىپات بىلەن چىرايىنى كۈلۈپ ئاچتى ۋە، — مېنىڭ ۋەتىنىم قەشقەرىيىنىڭ ئوچتۇرپان دېگەن شەھىرىدە يوپۇرمىقى كۆمۈشتىن، غولى تۆمۈردىن، مېۋىسى ئالتۇندىن، يىلمىي ئەنبەردىن بولغان، چېچىكى ئىپاردەك پۇرايدىغان بىر ئىلاھىي دەرەخ بار. شۇ دەرەختىن مۇشۇ باغ - ئېرەمگە ئەكەلدۇرۈپ قويغۇزۇپ بەرگەن بولساڭ، مەن ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن يۇرت - ۋەتەننىڭ ھىدى بۇرنۇمغا پۇرىسا، كۆڭلۈم بەلكىم خۇش بولۇپ ئېچىلىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.
چەنلۆڭ ئىپارخاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى:
— شۇنچىلىك ئىشمىدى؟ بۇ بىز ئۈچۈن شامنى «پۇۋ!»

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەپ ئۆچۈرگەندەكلا ئاددىي ئىش ھېسابلىنىدۇ. خاتىرجەم بولغايسىز، بۇ تەلىپىڭىز چوقۇم ئورۇندىلىدۇ!

چەنلۇڭ ئىپارخاننىڭ ئىلتىپات قىلىپ، چىرايىنى ئاچقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن خاتىرجەم بولۇپ ئۆز خابگاھىغا قايتتى...

* * *

چەنلۇڭ ئەركانبەگ تۇردى خوجىنى ئۆز خابگاھىدا قوبۇل قىلدى. بۇ مانجۇ خاقانلىرىنىڭ پەقەت ئاز ساندىكى ئەڭ يېقىن كۆرگەن ئەركانلىرىغىلا كۆرسىتىدىغان بىر خىل ئالاھىدە ئىلتىپاتى ئىدى. تۇردى خوجا چەنلۇڭنىڭ خابگاھىغا كىرگەندە خان مانجۇچە كات ئۈستىگە قۇرۇلغان ئالتۇن تەخت ئۈستىدە يانپاشلاپ يېنىچە ياتاتتى. تۇردى خوجا خانغا ئىككى پۈكۈلۈپ تەزىم قىلدى. خان ئۇنىڭ بىلەن تەخت ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سالاملاشتى.

— خۇش كەپسەن ئەركانىم! — دېدى چەنلۇڭ ئۇنىڭغا.

خاننىڭ ئۆزىگە ئىلتىپات قىلغىنىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن تۇردى خوجا شۇ تاپتا يىغلىۋېتىشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ تۇرۇۋالالىدى.

— خۇدا بوغدا خان ئالىيلىرىنىڭ تېنىگە تەۋپىق ئاتا قىلغاي، ئۆمرىگە خىزىرنىڭ ئۆمرىنى قوشقاي! — دېدى ئۇ خانغا باش ئۇرۇپ تۇرۇپ، — بوغدا خان ئالىيلىرى، مەن قوۋم - خەلقىمدىن يۈز ئۆرۈپ، بارلىقىمنى خاقانى چىنغا تۆھپە قىلدىم. ھەتتا بىر تۇغقان سىڭلىم نۇرئەلا نۇر خېنىمنىمۇ سىلى جانابىي ئالىيلىرىغا تۆھپە سۈپىتىدە ئېلىپ كەلدىم.

— بىراق، ئەئىيانىم، — دېدى چەنلۇڭ ئورنىدىن سەل قىمىرلاپ قويغاندىن كېيىن، — بىزگە تۆھپە قىلىپ تۇتقان ئاشۇ

چەنتۇ كېنىزىكى كىنجابقا كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، گەرچە بىزنىڭ مۇبارەك نەزىرىمىزگە ئېلىنغان بولسىمۇ ئەمما سەرگەشتىلىك قىلىپ، ئىللىق چىراي ئېچىپ بېقىش قىلمىدى. بىز ئويلىدۇقكى، ئۇل ساھىبجامال چەنتۇ كېنىزىكى بەلكىم بىزگە رازى بولمىسا كېرەك. . .

— نېمىشقا رازى بولمىسۇن؟ جانابىي ئالىيلىرى، — دەپ ئالدىراپ جاۋاب بەردى تۇردى خوجا خانغا ئىككى پۈكلىنىپ باش قويۇپ تۇرۇپ، — ئىپارخان بوغدا خاننىڭ ئورۇيمەن دېسە ئېتىزدىكى ئاشلىقى، تېرىيمەن دېسە باغدىكى مېۋىسى!

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى چەنلۇڭ يۆتىلىپ قويغاندىن كېيىن، — ئەلمىساقتىن تارتىپ پەغپۇر چىن قاتتىقراق بىرنى يۆتىلىپ قويسا، پۈتۈن زېمىن لەرزىگە كېلىپ، تاغۇ - تاشلار تىترەپ كەلگەن! ئەلھال، — دېدى چەنلۇڭ تەخت ئۈستىدىن تۇرۇپ يەرگە چۈشتى ۋە: — ئەلھال، ئۇل ئىپارخان ياۋايىلار ئېلىدىن كەلتۈرۈلگەندۇر. ھالبۇكى، ياۋايىلار ئېلى گۈل - گىياھ ئۈنمەيدىغان دەشت - باياۋاندۇر! شۇ ۋەجىدىن، ئىپارخان ھەرىمىمىزنىڭ مول مەئىشىتىگە كۆنەلمىگەن بولسا ئەجەب ئەمەس. بىزنىڭ مۇبارەك كۆڭلىمىزدە: «ناتىۋان چەنتۇ كېنىزىكىمىزنى كۆڭلى رەنجۇ - ئەلەمدىن خالىي بولىدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ ھەرقانداق ئارزۇ - تىلىكىنى ئورۇنداپ بېرۇرمىز!» دەپ ئويلىدۇق! شۇڭا، بۇ خىزمەتنى ساڭا يۈكلىمەكچىمىز. ناتىۋان چەنتۇ كېنىزىكىمىزنىڭ يۇرتىدىكىدەك باغۇ - ئېرەمدىن بىرنى ئەھيا قىلدۇرغايسەن ۋە بۇ ئىشنى ئۆزۈڭ مەسئۇل بولۇپ تېز پۈتتۈرگەيسەن!

— پەرمانبەردارمەن، كەرەملىك پۇشتىپاناھىم! — دەپ يەر سۆيدى تۇردى خوجا چەنلۇڭغا باش قويۇپ تۇرۇپ.

www.uyghurkitap.com

* * *

شامال ئات يايلىنى ئۆرۈگەندەك، ۋاقىتمۇ كۈنلەرنى بىر ـ بىرىگە چېتىپ ئۆتتۈۋەردى. ئىپارخان كىنجاپقا كەلتۈرۈلگىنىگە ھەش ـ پەش دېگۈچە ئىككى يىل بولۇپ قالدى. كىتابنىڭ ۋارىقىنى ئېچىپ ئوقۇغاندەك تېز ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئادەمنىڭ ئۆمۈر ۋارىقى ئۇچقان قۇشتەك تېز ئۆتۈپ تۇردى.

بىنەپشە ھەرەمنىڭ غەربىي تەرىپىدىكى بىر بۇرجىكىدە قەشقەر ئۇسلۇبىدىكى بىر چاھارباغ بىنا قىلىندى. بۇ باغنىڭ گۈزەل ھەيۋىتىنى سۆز بىلەن تەرىپلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. باغنىڭ چوڭ ئىشىكى خۇددى جەننەتۇل فىردەۋسنىڭ ئىشىكىدەك نەقىشلەنگەن، باغنىڭ ئىچىدە تۈپ ـ يىلتىزى بىلەن ئولتۇرغۇزۇپ تۇتقۇزۇلغان تۈرلۈك تۈمەن مېۋىلىك، مېۋىسىز دەرەخلەر رەت ـ رېتى بىلەن بوي تارتىشقان، ئېرىقلاردا زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان، ئەينەكتەك يالتىراپ تۇرغان كۆل بويىدا رەڭمۇرەڭ خۇش پۇراق گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

باغ خۇددى جەننەتۇل رىزۋاننىڭ ئۆزى ئىدى. ھەر تەرەپتە دەل ـ دەرەخ، قىسما ـ قىسما گۈللەر، ئېرىقلاردا شىرقىراپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇلار، قىزىل گۈلگە شەيدا بولۇپ خەندان ئۇرۇپ سايراۋاتقان بۇلبۇللار، مەجنۇنتاللارنىڭ شېخىغا قونۇۋېلىپ چۇچۇك سايرىشىۋاتقان تومۇچۇقلار كىشى كۆڭلىنى ئۆزىگە تارتاتتى.

باغنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا قەشقەر ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ئىككى يۈرۈش كاتتا كاشانە ئىمارەت بار ئىدى. بۇ ئىمارەتنىڭ تاملىرىنىڭ يۈزلىرىگە چېكىلگەن نەقىشلەرگە ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەچكە پارقىراپ تۇراتتى. قىزغۇچ قۇم ـ شېغىل يېيىتىلغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى بىدىشلارغا ئارتىلىپ ساپىقىدا

ساڭگىلاپ تۇرغان قىزىل سايۋىلار خۇددى بەدەخشاننىڭ لەئل ياقۇتىدەك قىزارغان، قارا ئۈزۈملەر خۇددى سۇ ئاستىدىكى قوڭۇر مارجانلاردەك تىنىق ئىدى. باغنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ قاندەك قىزىرىپ تۇرغان ئانارلار، سۈيى تامچىپ تۇرغان شاپتۇللار، ئالتۇندەك سېرىق بېھى، قىزلارنىڭ ھال رەڭ يۈزىدەك قىپقىزىل ئالمىلار شاخلىرىدا ئېسىلىپ تۇراتتى. ئادەمنىڭ خىيالىي چۈشىدەك كۆرۈنگەن بۇ باغدا تۇرلۇك - تۈمەن مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدا پىشىپ مەي بولۇشقان مېۋىلەر تۆكمە بولۇپ ياتاتتى. نەغمىچى قۇشلار سايراپ مەستخۇش بولۇشقانىدى.

بانۇلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ باغنى سەيلە قىلىۋاتقان چەنلۇڭ باغنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قەشقەر ئۇسلۇبىدا سېلىنغان ھېلىقى ياسىداق ئىمارەتنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئىشىكتە بىر غۇنچەچىنىڭ بېشى كۆرۈندى ۋە:

— جانابىي ئالىيلىرى، بىرئاز تەخىر قىلىپ تۇرغايلا، ئىپارخان ھازىرلا ئالدىلىرىغا چىققاي، — دېدى ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ تۇرۇپ.

بىرئازدىن كېيىن ئىپارخان تۆت غۇنچەچى بىلەن ئىشىكتە كۆرۈندى. ئۇنىڭ بېشىدا چەنتۇ كېلىنچەكلىرىنى ئەسلەتكۈچى ئاق يىپەك رومال، پېشانىسىگە بولسا تىللا قاش تېقىلغان، ئۈچىسىدا قىزىل خاڭجۇ دۇخاۋىسىدىن تىكىلگەن ئىنچىكە بەللىك گۈلدار تون، ئۇنىڭ ئىچىگە كىيگەن يەكەن خان ئەتلىسىدىن تىكىلگەن كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتىكى شۇنچىلىك ئۇزۇن ئىدىكى، ئىككى غۇنچەچى ئىككى تەرىپىدىن كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

ئىپارخان چەنلۇڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېگىلىپ تەزىم قىلدى. ئاندىن:

— خۇش كېلىپسىز، مەرھابا، خان ئالىيلىرى، — دەپ چەنلۇڭنى خانە ئىچىگە باشلىدى.

چەنلۈك بىلەن ئىپارخان يانمۇ يان ماڭغان هالدا خانە ئىچىگە كىرىدى ۋە تۆر تەرەپتە قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. قالغان بانۇلارمۇ خانىغا تەزىم بەجا كەلتۈرۈشكەندىن كېيىن ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشتى. غۇنچەچىلەر خانە ئىچىدە پۈتلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن پىلە قۇرتىدەك مېڭىشىپ خىزمەت قىلىشاتتى. چەنلۇڭنىڭ قولىدا دالچىن ياغىچىدىن ساپ بېكىتىلگەن يىپەك يەلپۈگۈچى بار ئىدى. چەنلۈك بۇ يەلپۈگۈچنى ئىپارخانغا سۇندى. ئىپارخان يەلپۈگۈچنى قولىغا ئېلىپ ئېچىپ قارىدى. ئۇنىڭغا چەنلۇڭنىڭ مۇنداق تۆت مىسرا نەزمىسى يېزىلغانىدى:

مېۋىلىك ئالما، سەرۋىدەك ئۇل پەرىنىڭ قامىتى،
كۆكسىدە بىر جۈپ «ئالما»، مەڭزى ئانار هاي ـ هاي هۆزۈر؛
هەر مېۋىنىڭ تەمى باشقا تېتىپ بېقىش ئارمانىم،
لەۋلىرى شېرىن ـ شېكەر، مېڭىشى ئاندىن پۈزۈر.

غۇنچەچىلەر چەنلۇڭغا ۋە باشقا بانۇلارغا يۈرەكنى ياشارتىدىغان سوغۇق ساقلانغان مەي كەلتۈرۈشتى. ئۈچ ـ تۆت پىيالە مەينى ئارقا ـ ئارقىدىن ئىچىۋەتكەندىن كېيىن سەل شىركەيىپ بولۇپ قالغان چەنلۈك ئىپارخاننى ئۆزىگە تارتىپ سۆيمەكچى بولدى.

— ئالدىرىما خاقان، — دېدى ئىپارخان ئۆزىنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ تۇرۇپ، — كۇندۇزى كۈلۈشۈپ، ئاخشىمى سۆيۈشىدۇ. ئاۋۋال قولۇڭغا سۇ بېرەي، غىزا يەيلى...

چەنلۈك خىجىل بولغاندەك قىلىپ كۈلۈپ قويدى: «بۇ چەنتۇ كېنىزىكى شاپائىتىمىزدىن ئېرىپتۇ ـ دە!» دەپ ئويلىدى ئىچىدە ۋە باشقا بانۇلارغا «ئىجازەت» دەپ ئۇلارنى هەرەمگە قايتۇردى.

— بىزنىڭ دەرگاھىمىزدا قىينالمىغانسىز؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى چەنلۈك ئىپارخاندىن، خابگاھ خالىي قالغاندا.

— دەرگاھىڭىزدا قىينالمىغانلىقىم راست. بىراق، خورلۇق ئازابى ۋۇجۇدۇمنى چاياندەك چېقىپ كەلمەكتە! — دېدى ئىپارخان ھېچقانداق تەكەللۇپسىزلا.

— بىزدەك ئىززەت ئابرويىدا دۇنيادا يېگانە، پايانسىز جۇڭغارىيە بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيىنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئالغان بىر غالىب ھۆكۈمراننىڭ دەرگاھىدا خورلانغىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى چەنلۈك تەكەببۇرلۇق بىلەن.

— ھۆرمەتلىك خاقان ئالىيلىرى، — دېدى ئىپارخانمۇ چىرايىنى تۈرۈپ تۇرۇپ، — بىزنىڭ مەغلۇبىيىتىمىز سىلەرنىڭ بېشىڭلارنى كۆككە تاقاشتۇردى. بىراق، شۇنى ئېسىڭىزدىن چىقارمىغايسەنكى، قەدىمدىن تارتىپ ئاجىزلارنى يېڭىش ھېسابىغا قولغا كەلتۈرۈلگەن غەلىبە شەرەپلىك غەلىبە ھېسابلانماي كەلگەن!

— ئى ئىپارخان، بىز سىزنى ئۆز ھەرىمىمىزنىڭ گۈلتاجى، دەپ ھېسابلايمىز. ئەجەبا، بىزنىڭ مۇشۇ ئالەمدىنمۇ چوڭ شاپائەتلىرىمىزگە رازى بولمىغان بولساڭ — ھە؟ سەن بىزنى ئۆزەڭگە يەنىلا مۇناسىپ كۆرمەيسەنغۇ؟

— ئۆزۈمگە مۇناسىپنى تېپىشتىن ئۈمىدىم ئاللىقاچان ئۈزۈلگەن!

— نېمىشقا ئەمدى؟ خوجا جاھان ئاللىقاچان چىرىپ خاك - تۇپراققا ئايلانغانغۇ؟

— خوجا جاھان خوجامنىڭ ئۆلگىنى راست، بىراق، ئۇنىڭ ھالال جۈپتى بولغان مەن تېخى تىرىك يۈرۈپتىمەن. ئەلھال، سەن مېنى خۇددى مەھدى ئۇليا[1]، بىلقىس ئۇزما[2] لاردەك

---

[1] [2] قەدىمكى زاماندا پادىشاھلارنىڭ چوڭ خوتۇنلىرىغا بېرىلىدىغان ھۆرمەت نامى.

كۆرۈپ، ھەرىمىگدىكى يەتمىش ئىككى خوتۇنۇڭنىڭ قاتارىغا قوشتۇڭ! ئەمما مەن ئۆزۈمنىڭ ئەسىرەلىك ئورنۇمنى تېخى ئېسىمدىن چىقىرىپ قويغىنىم يوق!

— مەيلى قانداق بولسا بولسۇن، — دېدى چەنلۇڭ تېرىكىپ، — بىز سېنىڭ ۋىسالىڭغا يەتكىنىمىز يەتكەن!

چەنلۇڭنىڭ ئۆزىگە زورلۇق قىلمىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئىپارخان توساتتىنلا جىددىيلەشتى — دە، ئۇنىڭدىن سورىدى:

— قاچان؟

— بۈگۈن، مۇشۇ كەچتە! — دەپ جاۋاب بەردى چەنلۇڭ قەتئىيلىك بىلەن.

بۇ چاغدا، ئىپارخان خۇددي كۈچلۈك دۈشمەنگە دۇچ كەلگەندەك بولۇپ، سەسكىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— ياق، ياق! بۈگۈن ئەمەس!

خاقانى چىن چەنلۇڭمۇ تەرىنى تۇرگىنىچە ئورنىدىن تۇردى:

— ئى چەنتۇ كېنىزىكى، بىزنىڭ مەھبۇبلارچە ئېيتقان سۆزىمىز سېنىڭ ئالدىڭدا ئىناۋەتكە ئۆتمىسە، بۇنى پادىشاھلىق پەرمانى دەپ بىلگەيسەن!

چەنلۇڭ ئىپارخانغا يېقىنلاشتى. ئىپارخان ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەينىگە داجىدى — دە، ئىتتىك بارغىنىچە بوغلۇكتىكى يېكەنداز ئاستىدىن بىر خەنجەرنى قولىغا ئېلىپلا ئۆز كۆكرىكىگە تەڭلىدى:

— خاقان، يەنە بىر قەدەم ئالدىڭغا ماڭىدىغان بولساڭ، بۇ پىچاق بىلەن قارنىمنى يېرىپ بېرىمەن. ئۇ چاغدا ئۆمۈرۋايەت پۇشايمانغا قالىسەن! — دېدى ئاچچىق قىلىپ تۇرۇپ.

ئىپارخاننىڭ يەنىلا يۇمشىمىغانلىقىنى كۆرگەن چەنلۇڭ گويا ئۇنىڭ پەرمانىغا بويسۇنغاندەك نائىلاج باش ئېگىپ خانىدىن چىقىپ كەتتى...

*           *           *

دېرىزە ئالدىدا مۆكۈنۈپ باغقا قاراپ ئولتۇرغان ئىپارخان خابگاھىغا ئاكىسى تۇردى خوجىنىڭ كىرىپ كەلگىنىنى تۇيمىدى.

تۇردى خوجا چۆرە قىزلارغا «ئىپارخاننى چۆچۈتۈپ قويماڭلار!» دېگەندەك قىلىپ قولىنى سىلكىپ قويدى ۋە پۇسۇرلاپ ماڭغىنىچە ئىپارخاننىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، مۆھتەرەم سىڭلىم. ياق، ياق، ھۆرمەتلىك بانۇم ئىپارخان ئالىيلىرى، — دەپ ئۇ مانجۇلارنىڭ قائىدىسى بويىچە بىر قولىنى يەرگە تەگكۈزۈپ، بىر تىزىنى ئېگىپ سالام بەجا كەلتۈردى.

ئىپارخان كەينىگە قايرىلىپ قاراپ ئاكىسى تۇردى خوجىنى كۆردى ۋە كۆڭلى سەل ئېچىلغاندەك بولدى — دە، ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئاكا، تىنچ تۇردىلىمۇ؟ بۇياققا ئۆتۈپتىلىغۇ؟ — دەپ تۇردى خوجىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالدى ۋە ئۇنى بۆگلۈكنىڭ تۆرىگە باشلىدى:

— قېنى، يۇقىرى ئۆتسىلە، — دېدى تەكەللۇپ بىلەن.

تۇردى خوجا يىكەنداز ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئىككى قولىنى پاتىھەگە ئاچتى:

— ئەلھەمدۇلىللاھى رەببىل ئالەمىن ئەر رەھمانىررەھىم مالىكى يەۋمىددىن ئىيياكەنەئبۇدۇ ۋەئىيياكەنەستەئىين ئىھدىناس سىراتەل مۇستەقىم سىراتەل لەزىنە ئەنئەمتە ئەلەيھىم غەيرىل مەغزۇبى ئەلەيھىم ۋەلاز زالىن① ئامىن!

---

① «جىمى ھەمدۇ ـ سانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاغا خاستۇر. ئاللا ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىباندۇر. قىيامەت كۈنىنىڭ ئىگىسىدۇر. (رەببىمىز) ساڭىلا ئىبادەت قىلىمىز ۋە سەندىنلا ياردەم تىلەيمىز، بىزنى توغرا يولغا باشلىغىن. غەزىپىڭگە يولۇققانلارنىڭ ۋە ئازغانلارنىڭ يولىغا ئەمەس، سەن ئىنئام قىلغانلارنىڭ يولىغا (باشلىغىن).» قۇرئان كەرىم، 2 ـ بەت، سۈرەفاتىھە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— ھۆرمەتلىك بانۇم ئالىيلىرى، كۆڭۈللىرى چاغ، تەنلىرى سالامەتمۇ؟ — دەپ ئەھۋال سورىدى تۇردى خوجا دۇئادىن كېيىن.

— سۇبھانەئالللا، ھەر ھالدا ياخشى تۇرۇۋېتىمەن، — دېدى ئىپارخان چىراي ئېچىپ تۇرۇپ، — ئاكا، سىلى بىلەن مەن — ناتىۋان سىڭىللىرى قېرىنداش بىر تۇغقانلاردۇرمىز. تۇزۇت قىلمىغايلا، بولمىسا، مەن خىجىل بولۇپ قالىدىكەنمەن.

— قارىسام، يىغلىغاندەك قىلىپتۇرسىز، كۆڭلۈڭىزنى نېمىگە ئۇنداق مىسكىن تۇتۇرسىز؟ بۇ يەردىكى مەئىشەتتىڭىز يەكەن ئوردىسىدىكىدىن چارە ياخشى ئىكەن. ئەجەبكى، بۇ يەردە بىرسى كۆڭلىڭىزنى بىھۇدە رەنجىتكەن بولسا؟

ئىپارخان «ياق» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى چايقاپ قويدى، - يۇ، ئۇندىمىدى.

— سىڭلىم، سىزمۇ كىچىك ئەمەس، — دېدى تۇردى خوجا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ، — پەغپۇر چىن دېيىلىدىغان بوغدا خاننىڭ مۇبارەك مەيلى سىزگە چۈشۈپتۇ. ئەلھال، بوغدا خاننىڭ ئۈچ ھەرىمىدە مەھدى ئۇليا، بىلقىس ئۇزمادەك ئۈچ خانىكەسى، ئالتە قەسىردە ئالتە خانىشى، يەتمىش ئىككى سارىيىدا يەتمىش ئىككى بانۇسى بار. ئۇلار يىللاپ - يىللاپ خاننىڭ مۇبارەك نەزىرىگە ئىلىنالماي تۇرغان يەردە، ئۇنىڭ سىزگە مۇنداق يېقىنچىلىق قىلىپ كېتىشىنى بەخت دەپ بىلىشىڭىز بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە. . .

تۇردى خوجا ئىپارخاننىڭ ئۆزايىغا قاراپ، گېپىنى توختىتىۋالدى. ئەمما، ئۇ ئىپارخاننىڭ ئۇندىمىگەنلىكىنى كۆرۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: — سىز - بىز جۇڭغارىيىدە تۇرغاقلىقتا تۇرغان چاغلىرىمىزدا ئازاب - ئوقۇبەتنى ئاز تارتتۇقمۇ؟ ئەجەب ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولسىڭىز؟

— ياق، قالماق كاپىرلىرىنىڭ تۇتقۇنلۇقىدا كۆرگەن

ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىمنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن!
— ھەببەللى، ئەمدى قالغان ئۆمرىڭىزنى بوغدا خاننىڭ ھەرىمىدە خاقان ئېرىڭىزنىڭ مۇرۇۋۋىتىگە دۇئا قىلىپ، ئۇنىڭ پېشىدە ناماز ئوقۇپ ئۆتكۈزۈشىڭىز لازىمدۇر. سىز بانۇمنىڭ شاراپىتىدە بىزلەرگە تېخىمۇ يۇقىرى مەنسەپ، ئالىي نەسەب رۇتبەسى نېسىپ بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس! چۈنكى، سىزنىڭ شاراپىتىڭىزدە مەن ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئەركانىبەگلىك دەرىجىسىگە ئېرىشتىم. خان مېنى قوبۇل قىلغاندا: «ئەگەر سىڭلىڭىزنىڭ مەيلىنى بىزگە نائىل قىلالىساڭ، ساڭا قوش چىڭۋاڭلىق جەركە ـ ئۇتىغاتىنى ئىلتىپات قىلغايمىز!» دەپ ۋەدە قىلدى. قوش چىڭۋاڭلىق مەرتىۋىسى بۇ مەملىكەتتە خان بىلەن ۋەلىئەھدتىن كېيىنكى روتبەدە تۇرىدىغان ئەڭ ئالىي نەسەب رۇتبەسىدۇر. شۇڭا، خان سىزنى ئۆزىگە خوتۇنلۇققا سوراتقاندا، مەن دەرھال زوق ـ شوخقا تولغان ھالدا رازىمەنلىك بىلدۈردۈم!
— ئى پاك پەرۋەردىگارا! ئاڭلىدىڭمۇ ئۇنىڭ بۇ گېپىنى؟— دەپ پىغانلىق نىدا قىلدى ئىپارخان تۇردى خوجىنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ، — زېھنىدا زادى ساداقەت دېگەن يوقمۇ؟ ئەييۇھەنناس! ئى تۇردى خوجا، سىز بۇ كاپىر بىلەن بىللە مېنىڭ تەقدىرىم ئۈستىدە شۇنداق بىر سودا قىلىپدۇرسىزكىم، نە ۋەتەن، نە خەلق، نە بىر تۇغقان ـ قېرىنداشلىرىنىڭ تەقدىر ـ ئىستىقبالى ئۈستىدە بولۇنىدىغان بۇنداق سودىلاردىن ئابائىي ـ ئەجدادىمىز ئاپاق خوجا بۇزرۇكۋارىمىزدىن تارتىپ تاكى سىزگە قەدەر بولغان ئاشۇ بىر توپ ناشۇكۇر خوجىلار ھەرگىزمۇ نومۇس قىلىشماي كەلگەنىدى!
ئىپارخان يېڭى ئېچىدىن يىلان بېشى، كەكلىك قېشى يېڭىسار پىچىقىنى چىقىرىپ تۇرۇپ:
— ئى تۇردى خوجا، خاقان دېگەن كاپىر بۇ تەلەپنى ماڭا ئىككىنچىلەپ قويمىسۇن! ئەگەر مۇشۇنداق تەلەپنى يەنە

تەكرارلايدىغان بولسا، ئۆزۈمگە مۇشۇ خەنجەرنى ئۇرىمەن — دە، ئۆزى ھەسرەت ئىچىدە، كۆزى ياشتىن قۇرۇمايدۇ!

— . . .

تۇردى خوجا سىڭلىسىنىڭ قولىدىكى پىچاقنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى — دە، ئۇنى داۋاملىق قىستاۋېرىشتىن يالتايدى. . .

* * *

جاۋ خۇي ئەسىرە نۇرئەلا نۇر خېنىمنىڭ مانجۇلارغا بەيئەت قىلغان قەشقەرلىق تۇردى خوجىنىڭ ئۆز سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى ھەرگىز خىيالىغا كەلتۈرمىگەنىدى. يەكەن پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ئۇ تۇردى خوجىنىڭ ئۆزىنى قاراسۇ دېگەن يەردە ھالاكەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىققانلىق تۆھپىسىنى خاقانى چىنغا مەلۇم قىلغانىدى. خاقانى چىن چەنلۇڭمۇ ئۇنىڭ ئىلتىماسىغا ئاساسەن، تۇردى خوجىنى ئۇچىنچى دەرىجىلىك «ئەركانبەگ» لىك جەركە ـ ئۇتىغات بىلەن مۇكاپاتلاپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ توپتۆرىلىرى قاتارىدىن ئورۇن بەرگەنىدى. خان ئەگەر شۇ چاغدا تۇردى خوجىنىڭ ئىسيانچى خوجا جاھاننىڭ قېيناغىسى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدىغان بولسا، جاۋ خۇي ئۆزىنىڭ «خاننى ئالدىغانلىق جىنايىتى» بىلەن گۇناھقا تارتىلىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى. ھالبۇكى، «خاننى ئالدىغانلىق جىنايىتى» مانجۇ سەلتەنىتى تەرىپىدىن «دۇنيادا كەچۈرۈلمەيدىغان ئون چوڭ جىنايەتنىڭ بىرىنچىسى» دەپ خەلقى ئالەمگە جاكارلانغانىدى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ غېمىنى يانداش سانغۇن فۇ دېغا ئېيتىۋىدى، ئۇمۇ دەرھال جاۋاب بېرەلمەي بېشىنى قاشلاپ تۇرۇپ قالدى.

— دارىن، كەمىنىلىرى بۇ ئىشنىڭ چارىسىنى مۇنداق



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلساقمىكىن، دەپ ئويلايدۇ، — دېدى قۇ دې بىر هازادىن كېيىن، — ئەسلىدىكى ئاسىي بۇرهانىددىن خوجا بىلەن خوجا جاهاننى يوقاتقانلىق تۇنجى تۆھپە ئۆزلىرىگە تالىق ئىش ئىدى. چەنتۇ خانىشنى تىرىك تۇتقانلىقلىرى ئۈچۈن ئەجىر ئۈستىگە تۆھپە قوشقان ئىدىلە. ئەلھال، چەنتۇ خانىشى ئەركانبەگ تۇردى خوجىنىڭ بىر تۇغقان سىڭلىسى بولار، دەپ هېچكىممۇ ئويلىمىغان. مۇبادا، بۇ ئىشنى ئوردىدىكى بىرنى كۆرەلمەيدىغان رەقىبلىرىمىز بىلىپ قېلىپ، بوغدا خاننىڭ قۇلىقىغا بىرنى ئۇن قىلىپ يەتكۈزسە، ئوردا سىلىگە «خاننى ئالدىغانلىق جىنايىتى ئۆتكۈزدى» دەپ گۇناھ ئارتىشتىن يانمايدۇ. ئۇ چاغدا، بۇنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالامدىلا؟ شۇڭا، كەمىنىلىرىنىڭ بۇ ھەقتە كىچىككىنە كۆنا پەم، چولاق مەسلىھەتى بار. مۇۋاپىق دەپ قارىسىلا، دەپ باقسام.

— مەرھەمەت، مەرھەمەت، زادىلا تۇزۇت قىلمىغايلا!

— تەڭرى قوشۇنلىرىمىز خوجا جاهاننى يوقىتىپ، غەلىيان قاپلىغان چەنتۇلار يۇرتىنى تىنچىتتى. بۇ تەڭرى قوشۇنلىرىمىز قوۋۇقتىن چىققاندىن بۇيانقى ئىككىنچى كاتتا ئىش هېسابلىنىدۇ. بىز چەنتۇلار يۇرتىنى قاتتىق قوللۇق ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، ئاخىر ئۆز تەسەررۇپىمىزغا ئېلىشقا مۇۋەپپەق بولدۇق. ئەمدى بۇ ئەلنى مەڭگۈ ئۆز تەسەررۇپىمىزدىن چىقىپ كەتمىسۇن دېسەك، قاتتىق قوللۇق قىلىشقا يەنە يۇمشاق قوللۇق قىلىشنى ھەمرۇتبە قىلماقلىقىمىز لازىمدۇر. يەنى، چەنتۇلا يۇرتىنى ئاشۇ خەقنىڭ ئۆزىدىن چىققان بەگلەرنىڭ قولى بىلەن باشقۇرمىقىمىز لازىم. دېمەكچىمەنكى، ھەرقايسى شەھەرلەردە ئازراقتىن لەشكەر تۇرغۇزۇپ باسقاق قىلغاندىن تاشقىرى، بۇ ئەلنى يەنە بىزگە بولۇشقان قەشقەرلىق تۇردى خوجا، قۇمۇللۇق يۇسۇپ خوجا، تۇرپانلىق ئىمىن خوجا، كۇچالىق ئوداي خوجا، ئاقسۇلۇق ئابدۇساتتار خوجا ۋە خوجەسى خوجا، خوتەنلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خوجەك خوجا قاتارلىق چەنتۇ بەگلىرىنىڭ قولى بىلەن سەرەمجان تاپقۇزمىقىمىز لازىمدۇر. ۋاقتى كەلگەندە، جۇڭغارلارنىڭ چارىسى بويىچە ئۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭىدىن چەنتۇ بەگلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، ئەسلىدىكى چەنتۇ بەگلىرىنى بالا - ۋاقىلىرى بىلەن بىللىلا ئاستانىمىزگە كۆچۈرۈپ ئاپىرىۋېلىشىمىز لازىمدۇر. بولمىسا، ئۇلار ئەسلى ماكانىدا تۇرۇۋەرسە، يامان ئوي - خىياللاردا بولۇپ چوقۇم چاتاق تېرىيدۇ! مۇشۇنداق قىلساقلا، ئۇلاردىكى يامان ئوي - خىياللار تۈگەيدۇ. چەنتۇلار يۇرتىمۇ ئاسايىشلىق تاپىدۇ![1] . . . بۇ مەسلىھەتنىڭ بىرىنچىسى، ئەمدى ئىككىنچىسىگە كەلسەك. . .

فۇ دې جاۋ خۇيىنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا قاراپ قويۇپ، سۆزىنى توختىتىۋالدى.

— خوش، سۆزلەۋېرىڭ، قۇلىقىم سىزدە، — دېدى جاۋ خۇي ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلىشكە ئالدىراپ.

— ئەلھال، قولىمىزدىكى ساھىبجامال چەنتۇ خانىشى سىز بىلەن بىزنى مۇراد قىرغىقىغا يەتكۈزىدىغان كۆۋرۈكتۇر. بىراق، بىز بۇ مۇراد ۋىسالىدىن ۋاز كەچمىكىمىز لازىمدۇر!

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟

— ئەركانىبەگ تۇردى خوجىنى بوغدا خانغا سىز ئۆزىڭىز تەۋسىيە قىلغان. نىھايەت، بۇ ساھىبجامال چەنتۇ خانىشى ئەركانىبەگ تۇردى خوجىنىڭ ئۆز سىڭلىسى بولغان بولسىمۇ ئەمما ئۇ ئاكىسى تەرەپتە تۇرماي، ئاسىي خوجا جاھان تەرەپتە تۇردى ۋە تەڭرى قوشۇنلىرىمىزنىڭ بوغدا خانىنىڭ بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك ئۇلۇغۋار ئىرادىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا توسالغۇلۇق قىلدى. ھالبۇكى، بۈگۈن ئۇنى بوغدا خانغا تۆھپە

---

① فۇ خۇەن: «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى»، 1 - قىسىم، 79 - جىلد.

سۇپىتىدە تارتۇق قىلىسىڭىز، ئەركانبەگ تۇردى خوجىنى ئۆلۈم گىردابىغا ئىتتىرگەن بولمايسىزمۇ؟ مۇبادا، تۇردى خوجا ئۆلتۈرۈلسە، سىز خاننى ئالدىغانلىق گۇناھىڭىز ئۈچۈن ساق قالارسىزمۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن دېمەكچىمەنكى، سىز بۇ تۆھپىدىن ۋاز كەچكەيسىز — دە، ئەسىرە چەنتۇ خانىشنى، يەنى ئۆز سىڭلىسىنى بوغدا خانغا تۆھپە قىلىپ تۇتۇش پۇرسىتىنى ئەركانبەگ تۇردى خوجىغا ئۆتۈنۈپ بەرگەن بولۇڭ. شۇنداق قىلغاندا، ھەم ئەركانبەگ تۇردى خوجىنىڭ مانجۇ سەلتەنىتىگە بولغان ساداقىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى سىنىغىلى بولىدۇ، ھەم ساھىبجامال چەنتۇ خانىشى بىلەن بوغدا خان ئائىلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالغىلى بولىدۇ، ھەم ئوردىدىكى رەقىبلەرنىڭ سىزنىڭ ئۈستىڭىزگە ئارتماقچى بولغان «خاننى ئالدىغانلىق جىنايىتى» نىڭ مەسئۇلىيىتىدىن ساقىت بولالايسىز. دېمەك، مانا مۇشۇ چارە بىلەن بىر چالمىدا ئىككى ئەمەس بەلكى ئۈچ پاختەكنى سوققىلى بولىدۇ!

باياتىن يانداش سانغۇن فۇ دېنىڭ ھەقىقىي مۇددىئاسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئۇقالماي جىلى بولۇپ ئولتۇرغان جاۋ خۈي بىردىنلا ئىشىنىڭ تېگىگە يەتتى ـ دە:

— ئاپىرىن، مىڭ مەرتىۋە ئاپىرىن سىزگە! دانا ئىكەنسىز، ھەقىقەتەن دانا ئىكەنسىز! مەن سىزگە راستتىنلا قايىل بولدۇم! — دەپ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەستىن ئۇنى ماختىغىلى تۇردى. . .

*           *           *

ئەركانبەگ تۇردى خوجا مۇشۇلارنى ئويلاپ پۈتۈن تۈننى بىدار ئۆتكۈزۈۋەتتى. سىڭلىسى ئۇنى زادىلا چۈشەنمەيتتى. مۇبادا، مۆلكىي قەشقەرىيەدىكى مۆرىتلىرى ئارىسىدا بولغان بولسا ئىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشقىچە بولاتتى. ئۇلار: «قويۇندىن كەلگەن ئەۋلىيا ئەزەمنىڭ قەھرۇ - غەزىپىگە ئۇچراپ كەتمەيلى» دەپ قورقۇپ، ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ھەرقانداق ئىشلىرىغا زادىلا قارشىلىق كۆرسەتمىگەن بولاتتى. ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاۋاتقاندا، ئۇنىڭ ساقال باسقان ئورۇق — ياغاق يۈزى بىردىنلا بوزىرىپ، زىكرى - تەلقىن، بەڭ - نەشە بىلەن ئۆتكۈزگەن كېچىلەردە ئۇيقۇسىزلىقتىن كىچىكلەپ كەتكەن چېقىر كۆزلىرىدىن نەشتەردەك سوغۇق نۇر چېچىلدى.

— مەئمۇرى ئېزىم، سەن مېنى زادى كىم دەپ ھېسابلايسەن؟ شۇنى بىلىپ قويغىنكى، — دەپ پىچىرلىدى تۇردى خوجا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ، — مەن پۈتۈن مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى توقسان توققۇز ئىشانغا قۇتبىل ئەقتاب، ئوتتۇز يۈرت - ئايماقتا يىگىرمە تۆت سۇلۇك تەۋرەتكەن، قاراباش ئېدىرىدە قارا دىۋىلەرگە قەدەملىرى ئاستىدىن قارا قويۇن ئۇچۇرۇپ، خار - زار ئەيلىگەن قويۇن ئەۋلىيادۇرمەن! سەن تېخى ماڭا ئىشەنمەمسەن؟...

شۇنداق، تۇردى خوجا دەپ ئاتالغان بۇ ئادەم زادى كىم؟

تۇردى خوجا مىلادى 1714 - يىللىرى ئەتراپىدا، ئاپاق خوجىنىڭ ئىككىنچى ئاكىسى، ئۇچتۇرپانلىق ئىنايىتۇللا (كارامىتۇللا) خوجىنىڭ نەۋرىسى ئېلى خوجا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. مىلادى 1742 - يىلى، دادىسىدىن يېتىم قالغان 28 ياشلىق تۇردى خوجا ئېرەن قابۇرغىدىكى تۇرغاقلىقتىن مۇلكىي قەشقەرىيىگە قېچىپ كەلگەندىن كېيىن قومۇل، تۇرپان، كورلا، بۈگۈر ئەتراپلىرىدا مۇساپىر بولۇپ يۈرگەن ئاقتاغلىقلار مەزھىپىدىكى بەزى ئىشانلار بىلەن بىرلىشىپ، شۇ چاغدا يەكەن تەختىدە ئولتۇرۇۋاتقان خوجا ياقۇپ — جاھان خوجا ئەرشى ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلدى. بىراق، مىلادى

1744 - يىلى قىشتا ئۇ جاھان خوجىنىڭ تەقىپىگە ئۇچراپ، قولغا چۈشۈپ قالغىلى تاس قالغانلىقتىن، قېچىپ يوقالدى. ئۇ تاكى 1756 - يىلغىچە، يەنى ئۇنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا: «تەلەي يۇلتۇزى بەختسىزلىك چەرخىنىڭ چەمبىرىكىدىن چىقىپ، ھىجران ئادالىتىنىڭ ئىنتىھاسىغا يېتىپ، بەختى ياخشى تەرەپكە يۈزلىنىپ، ئۈمىد كۆچىتى ۋىسال مېۋىسىگە تولغانغا قەدەر» قاراقۇرۇم تاغلىرىدىكى قىر خەلقى ئىچىدە سۈلۈك تەۋرىتىپ، «قىر قوۋملىرىنىڭ پىرى» سۈپىتىدە قايتىدىن باش كۆتۈرۈپ چىقتى. مىلادى 1757 - يىلدىن ئېتىبارەن ئۇ مۇشۇ ئەتراپلاردا، مۈلكىي قەشقەرىيىنىڭ كېيىنكى رەتتىكى ھۆكۈمرانلىقىنى كۆزلەپ كۈچ توپلاپ يۈرگەن قاچاق ھەربىي ئىشان، تاغىسى ھۈسەيىن خوجا - ئەرك خوجىغا قوشۇلۇپ، «ئۇلۇغ سۈلۈك» تەييارلىقلىرى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ بۇرۇتلارنىڭ سەركەردىسى باتۇربېك، ئاق تاغلىقلار مەزھىپىدىكى ئىشانلارنىڭ سابىق قوشۇن بەگلىرىدىن بىرى، تاغىسى پەرسا خوجا ۋە «شاھى قۇززات ھۈسەيىن» ، «قۇرئەنداز پىر» — مامۇت خوجا قاتارلىقلار بىلەن مۇساپىر خوجىلار ھاكىمىيىتى — «مەشۇرۇتىيىتى ئىشقىيە» تەشكىلاتىنى قۇراشتۇرۇپ چىقتى ۋە بۇ تەشكىلات نامىدا قىر خەلقى ئارىسىدىن ھەربىي كۈچ توپلىدى. مىلادى 1758 - يىلى خوجا جاھان بۇرھانىدىن خوجا بىلەن بىللە ئۆزلىرى يېقىنىپ تۇرغان مانجۇ ھاكىمىيىتىگە قارشى كەڭ كۆلەملىك قوراللىق ئىسيان كۆتۈرگەندە، تۇردى خوجا ئۆز كۈچلىرىنى جىددىي سەپەرۋەر قىلىپ، قەشقەرىيىنىڭ كەلگۈسى ھۆكۈمرانى بولۇش تەمەسى بىلەن «تاغدىن چۈشۈش»كە تەييارلاندى. ئەمما، مانجۇلار بىلەن خوجا جاھان كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدىكى بۇ قانلىق ئۇرۇش مانجۇلارنىڭ مەغلۇبىيىتىگە قاراپ يۈزلىنىۋاتقان جىددىي پەيتتە، مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ سەردارى جاۋ خۈي ئۆزىنى ھالاكەتلىك تەقدىردىن قۇتۇلدۇرۇش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇچۇن، «تاغ يولۋىسى» تۇردى خوجا باشچىلىقىدىكى «مەشۇرۇتىيىتى ئىشقىيە» بىلەن مەخپىي ئالاقە باغلىدى ۋە تۇردى خوجا باشلىق يەتتە خوجىنى ئالىي مەنسەپ، يۇقىرى ئەمەل، چوڭ ھوقۇق، مول مائاش ۋەدىسى بىلەن سېتىۋالدى ھەمدە ئۇلارغا جۇڭگونىڭ قەدىمكى زاماندىكى ئوتتۇز ئالتە ھىيلىسى ئىچىدىكى يەتتىنچى ھىيلە ـ «ۋىيى بەگلىكىنى قورشىۋېلىپ جاۋ بەگلىكىنى قۇتۇلدۇرۇش»[①] ھىيلىسىنى قوللىنىپ، خوجا جاھاننىڭ ئارقا سېپى چىپانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىشقا كۆرسەتمە بەردى. دېگەندەك، قەدىمدىن تارتىپ كارغا كېلىدىغانلىقى قايتا ـ قايتا ئىسپاتلانغان بۇ ھىيلە يەنىلا جانغا ئەسقاتتى.

تۇردى خوجا جاۋ خۇينىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، «مەشۇرۇتىيىتى ئىشقىيە» قوشۇنلىرىنى باشلاپ خوجا جاھاننىڭ جان تومۇرى ھېسابلىنىدىغان ئارقا سېپى چىپانغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىۋىدى، راستتىنلا خوجا جاھان قاراسۇدا مانجۇ قوشۇنلىرىنى قورشىۋالغان قوشۇنلىرىنى چېكىندۈرۈپ چىپانغا ھۇجۇم قىلغان تۇردى خوجىغا تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ خوجا جاھان كۈچلىرى ئۈچۈن ناھايىتى قاتتىق زەربە، مانجۇلار ئۈچۈن ئىنتايىن زور ياردەم بولدى. شۇڭا، جاۋ خۇي تۇردى خوجىنىڭ بۇ تۆھپىسىنى ناھايىتى يۇقىرى باھالاپ، قاراسۇ بارگاھىدا «مەشۇرۇتىيىتى ئىشقىيە» تەشكىلاتىنىڭ

① «ۋىيى بەگلىكىنى قورشىۋېلىپ، جاۋ بەگلىكىنى قۇتۇلدۇرۇش» — جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان ئۇرۇش تارىخىدىكى مەشھۇر تاكتىكىلارنىڭ بىرى. بۇ ھەقتە سىما چيەن يازغان «تارىخىي خاتىرىلەر. سۇنزى ۋۇچىنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن كىتابتا مۇنداق دېيىلگەن: «تيەن جى جاۋ بەگلىكىنى قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپ، لەشكەر باشلاپ بارماقچى بولدى. سۇنزى:
— بۇنداق قىلىشقا بىھاجەت. ئەلھال، لياڭ بەگلىكى جاۋ بەگلىكى بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن دۆلىتىدىكى كۈچلۈك، خىل چېرىكلىرىنىڭ ھەممىسىنى دۆلەت سىرتىغا يۆتكەپ كەتتى. ھازىر ئۇنىڭ دۆلىتى ئىچىدە سايىلا ئاغرىق ـ سىلاق، قېرى ـ چۆرى، سالپى ـ سايىق چېرىكلىرى قالدى. سەركەردەم، سىلى لياڭ بەگلىكىگە ھۇجۇم قىلىدىغان بولسىلا لياڭ بەگلىكىنى دەرھال جاۋ بەگلىكىنى قورشىۋالغان لەشكەرلىرىنى چېكىندۈرۈشكە مەجبۇر قىلالايدىلا. بۇ: ‹ۋىيى بەگلىكىنى قورشىۋېلىپ، جاۋ بەگلىكىنى قۇتۇلدۇرۇش› دەپ ئاتىلىدۇ، — دېدى.»

سەردارى تۇردى خوجا قاتارلىق يەتتە خوجىنىڭ مانجۇ سەلتەنىتىگە ئەل بولغانلىقىنى تەبرىكلەپ ئالاھىدە كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزدى. بۇ مۇراسىمدا تۇردى خوجا «. . . جاۋخۇي ھەزرەتكە مىڭ ئاتلىق ياساۋۇل، ئىككى مىڭ غالچا قۇل، ئون مىڭ قوتاز، قىرىق قوتان قارا مال، قىرىق تالقاندان ئېرىغ مال، زۆرۈر بولغان مۇلازىم، چاكار چوكان، مىراقۇل خىزمەتچىلەر، ئۈچ يۈرۈشلۈك ھەربىي كارۋان قوشلىرىنى ھاردۇق سوۋغىتى سۈپىتىدە تەقدىم قىلدى ۋە مەڭگۈ پەرمانبەردارلىق بىلەن ئەل ۋە تەۋە بولغانلىقلىرىنى مۇسۇلمانلىق قەسىمى شەرتى بىلەن ئادا قىلىشتى. . . »[①]

جاۋ خۇي بۇنىڭغا جاۋابەن «مەشۇرۇتىيىتى ئىشقىيە»نىڭ تۆھپىسىنى ناھايىتى چوڭ بىلىپ، قەشقەرلىق تۇردى خوجا، ھۇسەيىن خوجا، مامۇت خوجا، پەرسا خوجا، خوتەنلىك غوجەك خوجا، ئۈچتۇرپانلىق خوجەسى خوجا، تۇرپانلىق ئاق خوجا، يەكەنلىك ئابدۇراخمان خوجا ۋە ئىسلام خوجا، ھاكىم خوجا، ھاشىم خوجا قاتارلىقلارنى مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ ئۇلۇغلىرى سۈپىتىدە «خان تەزىمى» قىلىپ كېلىش شەرىپىگە نائىل قىلىپ مانجۇ ئاستانىسى بېيجىڭغا يولغا سالدى. «چەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى[②] قەمەرىيە 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تۇردى خوجىنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرى بېيجىڭغا يېتىپ كەلدى ۋە ئاستانىنىڭ دۇڭسى 6 ـ كوچىسىدىكى يىگىرمە ئىككى ئېغىزلىق ھۆكۈمەت ئۆيىگە ئورۇنلاشتى. تۇردى خوجىنىڭ ئائىلىسىگە ئۆي ـ بىسات، خىزمەتچى ـ مالاي، كىيىم ـ كېچەك، ئات ۋە ئېگەر ـ جابدۇق، ھەر خىل مەنقۇلات، تەييىنجاھ. . . تەييارلاش ۋە ئىشلىتىش راسخوتى ئۈچۈن خەزىنە ئىمارەتتىن بەش يۈز سەر كۈمۈش ئاجرىتىپ بېرىلدى. تۇردى خوجىنىڭ يىللىق مائاشى يۈز سەر

① «بۇرقۇم ئەۋلىيا» قولىيازما.
② مىلادى 1760 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى.

www.uyghurkitap.com

كۆمۈش، ياردەم قوشۇمچىسى يىگىرمە سەر كۆمۈش قىلىپ بېكىتىلدى. . . »[①]

تۇردى خوجا باشچىلىقىدىكى «مەشۇرۇتىيىتى ئىشقىيە» تەشكىلاتى خاقانى چىن چەنلوڭنىڭ ئىلتىپاتىغا نائىل بولغاندىن كېيىن دەرھال خاقانى چىن ئوردىسىنىڭ پەرمانى بويىچە مەخپىي ساقچى قىسمى بولۇپ ئۆزگەرتىلدى. «مەشۇرۇتىيىتى ئىشقىيە» قىسىملىرى چاۋ خۇي قوشۇنلىرىغا ھەمكارلىشىپ، مۇلكىي قەشقەرىيىدە مانجۇ مەمۇرىيىتىگە قارشى ھەرقانداق بىر ئىش - ھەرىكەتنىڭ شەپىسىنى سەزسىلا، رەھىم - شەپقەت دېگەننى قايرىپ قويۇپ، «توپىلاڭچىلار»نى بىخ ھالىتىدىلا تەلتۆكۈس قىرغىن قىلىشتەك تومۇر قوللۇق قاتتىق سىياسەت يۈرگۈزدى. تارىخچىلار تەرىپىدىن «تۇتۇپ بېرىش مەندىن، جىمىقتۇرۇش سەندىن» دەپ ئاتالغان بۇ خۇنخور سىياسەتنىڭ كاساپىتىدە «مەشۇرۇتىيىتى ئىشقىيە» تەرىپىدىن «قارا زېمىن» دەپ جاكارلانغان يەكەن، قەشقەر، مەكىت، دولان ۋە ئاقسۇ ۋادىلىرىدا ئىنتايىن كەڭ - كۆلەملىك بۇزۇپ - چېقىش، بۇلاش، كۆيدۈرۈش، ئۆلتۈرۈش مەزمۇن قىلىنغان «ئۇۋا بۇزۇش» پاجىئەلىرى ئارقا - ئارقىدىن يۈز بەردى. بۇ قاتار ئەجەل، قۇرۇتقۇ زاماندا ئۇيغۇرلارنىڭ تارىختىن بۇيان ساقلىنىپ كەلگەن ئەڭ ئاخىرقى مىللىي مېمارچىلىق ئۆلگىلىرى، مىللىي مەدەنىيەت ۋە تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش بويىچە ئالاھىدە نەمۇنە بولۇپ تۇرغان ئادرېس ئورۇن ۋە شەھەر، بازار، كۆچۈم ئىنشائاتلارمۇ پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىپ تاشلاندى. «ھىجرىيە 1172 - يىلىدا[②] بىر قەرنە ئۆتمەستە ئۇلۇغلار چاقارلىرى، ئەزىزلەر قەدىم جايلىرى، مازار - تۈنەكخانىلىرى، شەھەر، بازارلار، خانىلەر، ھويلا، باغى - ئارامىلار، لەنگەر، ئارامگاھلار،

① شياۋ زىشىن: «ئىپارخانغا دائىر يېقىندىن تېپىلغان تارىخىي ماتېرىياللار».
② مىلادىدى 1758 — 1759 - يىلى.

سەيلىگاھلار، قىبلىگاھلار... مەكتەپخانىلار، مەسچىت ـ خانىقالار... كوھىقاپ كەبى گۆرستانلىق، شۇم قۇشلار ماكانلىرى، خارابە جىن ـ دىۋىلەر ئۇۋىلىرى...غا ئۆزگەردى... ناملىرى: «چىلتەن بۇزرۇكۋار»، «ئىمام بۇزرۇكۋار»، «سۇلتانىم»، «زۇنلان»، «ئالتۇن بۇزرۇكۋار» «ياستۇن»، «يەركەندى»، «توققۇز ساراي»... توقسان توققۇزدۇر...»①

دېمەك، جاۋ خۇي باشچىلىقىدىكى مانجۇ مەمۇرىيىتى تۇردى خوجا باشچىلىقىدىكى «مەشۇرۇتىيىتى ئىشقىيە» تەشكىلاتىنىڭ ياردىمىدە تارىم ۋادىسىدىكى نۇرغۇن شەھەر، كەنت، مەھەللە، بازار، لەنگەر، مەدەنىيەت، ئىقتىساد، سودا، ھۈنەر ـ كەسىپ نۇقتىلىرىنى «مانجۇ مەمۇرىيىتىگە قارشى ئىسيانچىلار ئۇۋىسى» دېگەن نام بىلەن ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. مانجۇلار مۇلكىي قەشقەرىيىدە يۈرگۈزگەن بۇ بىر قاتار ئادەم قېلىپىدىن چىققان قىرغىنچىلىقلاردا ئاز دېگەندىمۇ بەش يۈز مىڭ ئادەم قىرىپ تاشلاندى. ئاقسۇ دەرياسى ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ جەسەت دەريا سۈيىنى ئۈچ يىلغىچە ئىچەلمىگەندى②.

دېمەك، مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئومۇمىي تەقدىرى مۇشۇنداق خىلمۇ ـ خىل تەرىقەت، ئەمەلىيەتتە سىياسىي بەتنىيەت، نامىدىكى دىنىي سۇلۇك، ئەمەلىيەتتە قورچاق ھاكىمىيەت، نامىدىكى دىنى ھەرىكەت، ئەمەلىيەتتە سىياسىي ھەرىكەت كۈچلىرى قوزغىغان ھەر قېتىمقى تەپرىقاتچىلىق توقۇنۇشلىرىنىڭ لايىقىلىق قايناملىرىغا چۆكۈپ تۇردى. «... بەزىدە تەرىقەتنىڭ زىكر ۋە پىكىر يولى بىلەن ئىبادەت قىلىپ ئاللادىن مەدەت تىلەش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، بەزىدە

---

① «بۇرقۇم ئەۋلىيا»، قول يازما.

② بۇ ھەقتە مۇئەللىپنىڭ «بەدۆلەت ـ يانغىن قاپلىغان تۇپراق» دېگەن تارىخىي قىسسەسىنىڭ «ئاپتور سۆزى»گە قارالسۇن. شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1997 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى.

ئەيش ـ ئىشرەت، نەغمە ـ ناۋا، كۆكنار ـ چاي بىلەن بەزمە قىلىپ، نەپسانىيەتچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان»[①]، «نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك توپلىغان، يا ئۆزىنىڭ بىرەر دۇئاگۇي ئەھلى پازىل ۋە ھۈنەرۋەنلەرگە كەڭرى ئىنئام ۋە ئېھسان قىلىپ باقمىغان. . . يا بىرەر دەريا ـ ئۆستەڭگە كۆۋرۈك سالدۇرۇپ، يا قۇدۇق كولىتىپ، ۋەخپە ئەشيالارنى قىلىپ، يا بىرەر نەمۇنە ئەسەر يارىتىپ. . . باقمىغان، ھەربىرى خۇددى ئاچ بۆرە شەكلىگە كىرىپ، بۆرە قويغا چاپقاندەك، پۇقرالارنىڭ مال ـ مۈلكىگە، ھەتتا ئۇلارنىڭ جان ـ ئىمانىغا قاتتىق زۇلۇم سالغان» بۇ سېتىۋالدى مەنسەپ ئىلاھلىرىنىڭ دامىغا قايتا ـ قايتا چۈشۈپ تۇردى. . .

نەزمە

ئاگاھ بولغىن، جاھان ئۆزى بىر نەپەس،
ئالىملارنىڭ بىر نەپىسى بىر جاھان.
جاھان قالدى، كەتتى شاھى ئىسكەندەر،
بولسىمۇ گەر جاھان ئۈزرە ھۆكۈمران.
بىر نەپەسكە بېرەي دېدى بىر ئالەم،
مۇراد تاپالماي ئاخىر يەنە يول ئالدى.
ئەككىنىنى ئورۇپ كەتتى ھەربىر جان،
خاھى ياخشى، خاھى يامان ئات قالدى.
بۇ بوستاندا گۈللەر بولۇر مۇشۇ خىل،
دوستلار ئاڭا گۈل تېرىيدۇ يىلمۇ ـ يىل.

— شەيخ سەئىدى

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن موللا مۇسا سايرامى: «تارىخىي ھەمىدى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 143 ـ بەت ۋە 324 ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

# ئون بىرىنچى باب

## خان تەزىمى

«يولۋاسنىڭ چىشىنى كۆرسەتكىنى ئۇنىڭ
كۈلگىنى ئەمەس.»

—ئۇيغۇر خەلق تەمسىلى

**مىلادى** 1762 ـ يىلى (ئات يىلى) 12 ـ ئاينىڭ

1ـ كۈنى. خاقانى چىنىنىڭ ئىلىدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنىڭ ئوردۇگاھى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى خۈييۈەن[①] كۆرەسىگە جايلاشقانىدى. بۇ كۆرەدە ئاق تۇغلۇق خەنزۇ قوشۇنىنىڭ باش بۇغى، مەسلىھەتچى ئامبال مىڭرۈي ئۆز قوشۇنلىرى بىلەن تۇراتتى. ئۇ تېخى بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئىلگىرىلا خاقانى چىنىنىڭ ئۆزىنى تۇنجى ئىلى جاڭجۈنلۈكىگە تەيىنلىگەنلىك توغرىسىدىكى يارلىقىنى تاپشۇرۇۋالغانىدى.

«. . . جۇڭغارىيە خاقانى چىن كاڭشى بىلەن يۇڭجېڭ خانلارنىڭ دەۋرىدە مانجۇ سەلتەنىتى تالاشقان يەرلەر ئىدى، — دېيىلگەنىدى بۇ يارلىقتا، — ئەلھال، جۇڭغارىيە چەنلۇڭنىڭ

---

① ھازىرقىقورغاس ناھىيىسىدىكى خۈيي‍ۈەن كۆرەسى ئەمەس.

20 ـ يىلى①، مۇسۇلمانلار يۇرتى چەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى② سەلتەنىتىمىز تەرىپىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا تەسەررۇپ قىلىندى. ئۇ يەرلەردىكى ئىسيانچىلار تىنچىتىلدى. تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىي تەرىپىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەردە ھەربىي مەھكىمىلەر قۇرۇلدى. كاڭشى، يۇڭجېڭ ۋە چەنلۇڭ ئۈچ سۇلالىدىن بويان يەتمىش يىل داۋام قىلغان توپىلاڭنى تىنچىتىش ئۇلۇغ ئىشى ئاخىر ۋۇجۇدقا چىقتى. قوشنا ئەل بولغان روسىيە بىزگە چېقىلىشقا دەماللىققا پېتىنالمىسىمۇ ئەمما ئۇ كۈچلۈك ئەل بولغانلىقتىن، غەربىي ـ شىمال تەرەپتىكى زېمىنىمىزنىڭ ھۇدۇتلۇقىغا بۇنىڭدىن كېيىنكى ئاساسلىق تەھلىكە بولۇپ قالغۇسى. ئاسىي ئامۇرسەنا بىلەن مۇسۇلمان توپىلاڭچىلىرى بۇرھانىدىن خوجا ۋە خوجا جاھانلار مانجۇ سەلتەنىتىگە ئاچچىق ساۋاق بەردى. تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كەڭ جايلار مانجۇ سەلتەنىتىمىزگە تەۋە زېمىندۇر. ئۇ يەرلەردە كۈچلۈك قوشۇن تۇرغۇزماي بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. بەلكى، مانجۇلاردىن تەشكىل قىلىنغان كۈچلۈك قوشۇن تۇرغۇزماي بولمايدۇ. شۇ ۋەجىدىن، سەلتەنىتىمىز تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كەڭ جايلارنىڭ لەشكەركەشلىك ۋە يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن بىر تۇتاش جۇڭقۇرىدىغان بىر ھەربىي مەھكىمە قۇرۇش ھەممىدىن زۆرۈر بولۇپ قالدى، دەپ قارايدۇ ھەمدە بۇ ئىشنى ئوردا سىز ئەئيانىمىز — تۇتۇن ـ سىلىق پىرقىسىنىڭ ياندىش ئامبىلى، ئاق تۇغلۇق خەنزۇ قوشۇنىنىڭ باش بۇغى، مەسلىھەتچى ئامبال مىڭرۇي دارىنىنىڭ كونكرېت بېجىرىشىگىزگە تاپشۇرىدۇ ۋە سىزنى تۇنجى ئىلى جاڭجۇنلۇقىغا تەيىنلەپ، پۈتۈن جەنۇب بىلەن شىمالدىكى جايلارنىڭ ھەربىي مەمۇرىي ئىشلىرىنى بىر

---

① مىلادى 1755 ـ يىلى.
② مىلادى 1759 ـ يىلى.

تۇتاش باشقۇرۇشقا مەسئۇل بولۇشىڭىزنى سورايدۇ. نامە تامام، گەپ ۋەسسالام. بۈيۈك مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ گاۋزۇڭ خانى چەنلۇڭنىڭ 27 ـ يىلى قەمەرىيە 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.»

«ئەھۋالدىن قارىغاندا، بوغدا خان ئالىيلىرى بۇ قېتىم قەتئىي نىيەتكە كەلگەن ئوخشايدۇ، — دەپ ئويلىدى مىڭرۇي ئىچىدە، — بولمىسا، بوغدا خان مېنىڭ ئىلىدا كۆچلۈك قوشۇن تۇرغۇزۇش ھەققىدىكى تەكلىپىمنى مۇنداق تېز تەستىقلاپ، يارلىق چۈشۈرمىگەن بولاتتى!...»

* * *

ئەسلىدە مانجۇ قوشۇنلىرى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى سەككىز شەھەرگە بېسىپ كىرگەندە، خاقانى چىن چەنلۇڭنىڭ پەرمانىغا بىنائەن، ھەربىر شەھەر ئىشغال قىلىنغاندا، بۇ يەرلەردە خاقانى چىننىڭ تەڭرى لەشكەرلىرى يېڭىدىن ئورناتقان تەرتىپلەرنى ساقلاش ئۈچۈن ساقچى قىسىم قالدۇرۇپ، ئامبال بەلگىلەپ ماڭغانىدى. مۇلكىي قەشقەرىيە مانجۇلار تەرىپىدىن تەسەررۇپ قىلىنغاندىن كېيىن جاۋ خۈي خاقانى چىنغا: «يېڭىدىن ئەل بولغانلارنى ئەمىن تاپقۇزۇش ئۈچۈن بۇ يەرلەردە چوقۇم كۈچلۈك قوشۇن تۇرغۇزۇش كېرەك»① دەپ تەكلىپ بەردى ھەمدە خوتەن، يەكەن، قەشقەر، يېڭىسار، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا ۋە قاراشەھەر قاتارلىق سەككىز مۇسۇلمان شەھەرلىرىدە تەرتىپ ساقلاش ئۈچۈن مۇنتىزىم قوشۇن تۇرغۇزۇشنى ئىلتىماس قىلدى. خاقانى چىن گەرچە ئۇنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل كۆرگەن بولسىمۇ ئەمما مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ تەمىنات مەسىلىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، «مۇسۇلمان چەنتۇلارنى

① «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 601 ـ جىلد، چەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى قەمەرىيە 11 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى.

www.uyghurkitap.com

شۇبھىلەندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، بۇ يەرلەردە ئۇزاققىچە لەشكەر تۇرغۇزۇشقا بولمايدۇ»[1] دەپ ھېسابلىدى.

مانجۇلار مىلادى 1759 ـ يىلى تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى سەككىز مۇسۇلمان شەھىرىنى تولۇق ئۆز تەسەررۇپىغا ئېلىپ، بۇ يەرلەردە مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ يېڭى تەرتىپلىرىنى ئورنىتىپ بولغاندىن كېيىن خاقانى چىن چەنلۇڭ مۇسۇلمانلار يۇرتىنى ئىدارە قىلىشتا ئۆزىنىڭ «كونا تۈزۈملەرنى ئۆزگەرتمەسلىك» پرىنسىپىغا ئاساسەن، ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدا تارىختىن بۇيان يولغا قويۇپ كېلىۋاتقان «بەگ قويۇپ يۇرت سوراش» تۈزۈمىنى داۋاملاشتۇرۇشنى قارار قىلدى ۋە مانجۇ سەلتەنىتىگە بەيئەت قىلغان ئۇيغۇر بەگلىرى ئارىسىدىن ئۆزى ئىشەنگەنلىرىنى ھەرقايسى شەھەرلەرگە ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلەپ، بۇ شەھەرلەرنىڭ يۇرتدارچىلىق ئىشىنىڭ تىزگىنىنى شۇلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. قۇمۇللۇق يۇسۇپ خوجىنىڭ ئىنىسى ئابدۇللا بەگنى ئۈچتۇرپانغا ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىدى؛ ئەھمەد بەگنى خوتەنگە ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىدى؛ گادايمەتنى قەشقەرگە ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىدى؛ ئوداي خوجىنى يەكەنگە ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىدى؛ سېتىۋالدى بەگنى ئاقسۇغا ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىدى؛ سۇلتان خوجىنى يېڭىسارغا ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىدى؛ گادايمەتنىڭ ئوغلى ئابدۇراخمان بەگنى بايغا ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىدى ھەمدە بۇ بەگلەرنىڭ خىزمەت ـ تۆھپىسىنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا تەركە قىلىپ تۇرۇشنى مانجۇلاردىن ھەرقايسى شەھەرلەرگە قويۇلغان خان ـ ئامباللارغا تاپشۇردى. دېمەك، خاقانى چىن ھەرقايسى شەھەرلەرگە قويغان بۇ خان ئامباللار جايلارنىڭ تەرتىپىنى ساقلاش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى

① فۇ خۇەن: «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى» نىڭ داۋامى، 1 ـ جىلد. چەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى.

يەنە مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىمۇ قۇرۇپ چىقىشتەك مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشقانىدى...

مىڭرۇي مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا، ئۆزىنىڭ زىممىسىدىكى ۋەزىپىنىڭ نەقەدەر ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى!...

*　　　　*　　　　*

چەنلۇڭ شاھىنشىنىغا چىقىمغىلى ئۇدا نەچچە كۈن بولدى. قارا دىۋاندا خاننىڭ كۆرۈپ تەستىقلىشىنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان قاتلاق مەكتۇپلار تاغدەك دۆۋىلىشىپ كەتتى. بۇ قاتلاق مەكتۇپلارنىڭ ئىچىدە خاقانى چىنىنىڭ مۈلكىي قەشقەرىيەدىكى ئالىي ھەربىي، مەمۇرىي ئەمەلدارى جاۋ خۇي قاتارلىقلاردىن كەلگەن، ئۈستىگە ئۈچ تال خوراز قانىتى قىستۇرۇلغان ئالتە يۈز چاقىرىملىق جىددىي مەلۇماتلار① بار ئىدى. شۇڭا، قارا دىۋاندىكىلەر خاننى كۈتۈپ تەقەززا بولۇشقىنىدىن مۇشۇ تاپتا پۈتى كۆيگەن توخۇدەك بولۇپ كېتىشىۋاتاتتى.

قارا دىۋان خاننىڭ خۇسۇسىي مىرزىخانىسى تۈسىنى ئالغان بىر مۇئەسسەسە ئىدى. قارا دىۋاننىڭ ۋەزىرلىرى مەخسۇس ۋەزىپىدىكى ۋەزىرلەر بولماستىن بەلكى خان شاھزادىلەر، دارىلئۇلۇمنىڭ باش مىرزىلىرى ۋە مىرزىلىرى، دىۋانبەگلەر، يانداش دىۋانبەگلەر ئارىسىدىكى ئۆزىنىڭ يېقىن ـ يورۇقلىرى ئارىسىدىن تاللاپ قويۇلغانلار ئىدى. قارا دىۋاننىڭ ۋەزىرلىرىنىڭ نام ـ ئەمالى، دەرىجە ـ رۇتبەلىرى، سانى چەكلەنمەيتتى. بىراق، قارا دىۋاننىڭ ھوقۇق دائىرىسى تولىمۇ چوڭ بولۇپ،

---

① «600 چاقىرىملىق جىددىي مەلۇمات» ـ تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئەڭ تېز، ئەڭ جىددىي يەتكۈزۈلىدىغان مەلۇماتنىڭ نامى. ئادەتتە، بىر مەنزىلدىن يەنە بىر مەنزىلگە ئات ئالماشتۇرۇپ مېڭىپ، كۈنىگە 600 چاقىرىم ئارىلىقتا يەتكۈزۈلىدىغانلىقى ئۈچۈن «600 چاقىرىملىق جىددىي مەلۇمات» دەپ ئاتالغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خانغا ياردەملىشىپ، ئوردىنىڭ كۈندىلىك مۇھارىپىيە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپلا قالماستىن، بەلكى مەملىكەتنىڭ كۈندىلىك بارلىق يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنىمۇ بىر تەرەپ قىلاتتى.

يۇڭجېڭنىڭ 7 ـ يىلى[1] خاقانى چىن غەربىي شىمالدا جۇڭغارلار بىلەن ئۇرۇش قىلغاندا، ئالدىنقى سەپتىن ئوردىغا يوللىنىدىغان جەڭ مەلۇماتلىرى كۆپەيدى. زوراغالىق مەھكىمىسىنىڭ ئورنى خاننىڭ شاھنشىندىن يىراق بولغاچقا، زوراغالىق مەھكىمىسىنىڭ يىغىنىنى چاقىرىشقا ۋە مەخپىيەتلىكنى ساقلاشقا بىئەپ بولۇپ قالدى. شۇڭا، خاننىڭ خۇسۇسىي ھەرىمى بولغان ياڭشىندىيەن قەسرىنىڭ يېنىدىكى ئوڭ قول ھەرەم ئىشىكىنىڭ تېشىدا خۇپىيەخانا قۇرۇلدى. بۇ خۇپىيەخانا كېيىنچە «قارا دىۋان» دەپ ئاتالدى. ھەرەمنىڭ قىزىل تېمىنى ياقىلىتىپ سېلىنغان بىر قاتار ئۆيلەرنىڭ بىر بېشىدا پاسىبانلار گېزەككخانىسى بار ئىدى. يەنە بىر بېشى ساراي ۋەزىرىنىڭ ئىشخانىسى ئىدى. بۇ ئۆيلەر خاقانى چىن چەنلۇڭنىڭ زامانىسىدا قارا دىۋان ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلدى. قارا دىۋاندا ئىشلەيدىغانلار قارا دىۋان ۋەزىرى ۋە قارا دىۋان زەڭگىسى دەپ ئىككىگە ئايرىلاتتى. مەخپىيەتلىكنى ساقلاش ئۈچۈن قارا دىۋان ئاستىدا يەنە باشقا مۇئەسسەسە تەسىس قىلىنمىدى. ھەتتا، پۈتۈكچىلىك ئىشلىرىدىمۇ مىرزا قويۇلمىدى. قارا دىۋاننىڭ ۋەزىرلىرى خان بىلەن بىۋاستە كۆرۈشەلەيتتى ۋە سۆزلىشەلەيتتى. قارا دىۋان تۈزۈمىنىڭ ئارىلىقتىكى نۇرغۇن قۇرۇق رەسمىيەتلەر قىسقارتىلىپ، ئىش ئۈنۈمىنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىسى ناھايىتى زور بولغانىدى.

---

① مىلادى 1729 ـ يىلى.

* * *

ئەمدى باشتىكى سۆزىمىزگە قايتىپ كېلەيلۇق. قارا دىۋان ۋەزىرى، دارىلئۇلۇمنىڭ باش مىرزىسى شۇ خېدى مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى قەشقەر شەھىرىگە قاراشلىق بەشكېرەم دېگەن يەردە بىر بۆلۈك غەلىيانچى چەنتۇلار خاقانى چىننىڭ ساقچىخانىسىغا بېسىپ كىرىپ، ساقچىخانىنى پاچاقلاپ تاشلىغانلىقى ھەققىدىكى «ئالتە يۈز چاقىرىملىق جىددىي مەلۇمات»نى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن مەلۇماتنىڭ ئۈستىگە چاپلانغان ئۈچ تال خوراز قانىتىغا قاراپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. مەلۇمات ئۈستىگە چاپلانغان خوراز قانىتى مەلۇماتنىڭ جىددىيلىك دەرىجىسىنى بىلدۈرەتتى. مانجۇ ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ئوردا قائىدىسى بويىچە بىر تال پەي قادالغان مەلۇمات ئۈچىنچى دەرىجىلىك جىددىي مەلۇمات بولۇپ سانىلاتتى. بۇنداق مەلۇماتنى خان شاھىنشىنغا چىققاندىن كېيىن سۇنىسىمۇ بولاتتى؛ ئىككى تال پەي قادالغان مەلۇماتنى، يەنى ئىككىنچى دەرىجىلىك مەلۇماتنى كۈندۈزلىرى خانغا سۇنۇشقا بولاتتى. بىراق، ئۈچ تال پەي قادالغان مەلۇمات بىرىنچى دەرىجىلىك جىددىي مەلۇمات بولغانلىقتىن، كېچە - كۈندۈز 24 سائەتنىڭ ئىچىدە ھەرقانداق ۋاقىتتا خانغا سۇنمىسا بولمايتتى. شۇڭا، خانىنىڭ بۇ چاغدا گۆھەرشاد بېغىغا كەتكەنلىكىدىن نارازى بولغان قارا دىۋان ۋەزىرى شۇ خېدى ئاخىر ئارقا ھەرەمدىكى خانىنىڭ ۋالىدەسى، شاھ سانىيە نيۇگۇرۇ شياۋشيەن خېنىمنىڭ قېشىغا كىرىپ، بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى.

بۇ چاغدا شاھ سانىيە شاھانە كارىۋاتتا مامۇق ياستۇقلارغا يۆلىنىپ تورۇسقا قاراپ يېنىچە ياتقانىدى. دارىلئۇلۇمنىڭ باش مىرزىسى، قارا دىۋان ۋەزىرى شۇ خېدى شاھ سانىيەنىڭ ئىشارىتى بىلەن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— ئەئىيانىم، ھازىر خاننىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلدىڭىزمۇ؟
شۇ خىدىي شىۋىرلىدى:
— خان ئالىيلىرىنىڭ كۆڭلىنى مۇلكىي قەشقەرىيىدىن ئەسىر ئېلىنغان توپىلاڭچى خانىش ئەسىر ئېتىپتۇ. خان ھەر كۈنى شۇنىڭ بىلەن...
— قەيەردىن ئاڭلىدىڭىز؟ — دەپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، جىددىي سورىدى شاھ سانىيە ئۇنىڭدىن.
— دارىلئۇلۇمنىڭ باش مىرزىسى، قارا دىۋان ۋەزىرى خېشىن ھەزرەتلىرىدىن ئاڭلىدىم.
— ئۆلمىگۈر خېشىن، — دەپ تىللىدى شاھ سانىيە ئۇنى، — خانغا تاغا بولىدىغان دېمەتتىكى بىر ئادەمنىڭ ئۆز جىيەنىنى توغرا يولغا باشلىماستىن، بەلكى ئۇنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇپ يۈرگىنىنى قارىمامدىغان؟
— شۇنى دېمەملا، شاھ سانىيە ئالىيلىرى، — دېدى شۇ خىدىي شىۋىرلاپ تۇرۇپ، — ئۇ خەزىنىدىن نەچچە تۈمەن سەرلەپ شاراقلاپ تۇرغان كۈمۈش خەجلەپ، ھەرەمدىكى باغى ئىرەمنىڭ ئىچىگە چەنتۇ خانىشى ئۈچۈن قەشقەر ئۇسلۇبىدا بىر كاتتا ئىمارەت سالدۇرۇپ بەرگەننى ئاز دەپ، يەنە بۇ ئىمارەتنىڭ يېنىغا قەشقەر ئۇسلۇبىدا كاتتا بىر ھاممامۇ سالدۇردى. ھازىر خان ئالىيلىرى ھەر كۈنى دېگۈدەك ئاشۇ ھاممامدىن كېلەلمەس بولۇپ قالدى.
— ھە، تېخى مۇنداق ئىشمۇ بار دەك؟! — دەپ تەئەججۇپلەندى قولاقلىرىغا ئىشەنمىگەن شاھ سانىيە.
— بۇ ئىشنى خېشىن دارىن سىلى شاھ سانىيە بىلەن خانىكە ئالىيلىرىدىن قاتتىق مەخپىي تۇتۇشنى ئوردا خادىملىرىغا تاپشۇرۇپتۇ ـ دەك! شۇڭا، سىلىنىڭ ئاڭلىمىغانلىقلىرى ھەق!
— مەن سىلەرگە ھەرقاچان دەپ كېلىۋاتىمەنغۇ؟ — دېدى شاھ سانىيە ئاچچىق قىلىپ، — خاننى بۇنداق ناشايان

ئىشلاردىن توسۇقلار دەپ. . .

— توستۇق، ئەمما، خان ئالىيلىرىنى گەپكە كىرگۈزەلمىدۇق، — دەپ قارا دىۋان ۋەزىرى شۇ خىدىي گۇناھكارلاردەك بېشىنى ساڭگىلاتتى. بۇ چاغدا، ئۇنىڭ دوكلۇقى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈندى. ئۇنىڭ بىچارە قىياپىتىنى كۆرگەن شاھ سانىيە ئۇنى يەنە ئەيىبلەۋېرىشكە چىدىماي، بېشىنى يەنە ياستۇققا تاشلىدى.

— ئۇنداق بولسا، خان ئالىيلىرى بۈگۈنمۇ يەنە شاھىنشىنغا چىقماپتۇ ـ دە؟

— شۇنداق، خان ئالىيلىرى شاھىنشىنغا چىقمىغانلىقتىن، ئەئيانلىرى ئۈستىگە ئۈچ تال خوراز پېيى قادالغان ئالتە يۈز چاقىرىملىق جىددىي قاتلاق مەكتۇپنىمۇ ئۇنىڭغا سۇنۇشقا ئامالسىز قالدۇق، شاھ سانىيە ئالىيلىرى، — دېدى شۇ خېدىمۇ گەپنى يوشۇرۇپ ئولتۇرمايلا.

— خان بۈگۈن زادى نەدە؟ — دەپ سورىدى شاھ سانىيە.

— يەنە خېشىن دارىن بىلەن چەنتۇ خانىشنىڭ يېنىغا كېتىپتۇ ـ دەك.

— بۇنى توغرا سېزىپسىز، — دەپ كۈلدى شاھ سانىيە، — ئەمدى چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇ. مەن بىرئاز ئارام ئالاي. لېكىن، سىز ھوشيار بولۇڭ، خان قاچان، قەيەردە ئاشۇ چەنتۇ كېنىزىكى بىلەن بىللە بولىدۇ، كۆزىتىپ ۋاقتىدا ماڭا خەۋەر قىلىڭ! . . .

— پەرمانبەردارمەن، شاھ سانىيە ئالىيلىرى، — دېدى شۇ خېدىي قۇللۇق بىلدۈرۈپ، ئاندىن كەينىگە شوخشىغان پېتىچە شاھ سانىيەنىڭ خابگاھىدىن چىقىپ كەتتى. . .

* * *

خاقانى چىن چەنلۇڭنىڭ پەرمانىغا بىنائەن، ئىنەپشە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھەرەمدىكى باھادىرلار قەسىرىنىڭ غەربىي شىمالىي بۇرجىكىگە ياغاچ ۋە پىششىق خىشتىن ئاجايىپ ھۈنەر بىلەن قەشقەر ئۇسلۇبىدا گۈمبەزلىك زور بىر ھاممام ئەھيا قىلىندى. بۇ ھاممامنىڭ ئېگىزلىكى يەتتە ـ سەككىز مېتىر بولۇپ، ئىچى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈنگەنىدى. تاشقىرىقى بىرىنچى بۆلمىسىگە يۇيۇنغىلى كەلگەن كىرىنزەك، ئوردا ئايىملىرى كىيىم قويىدىغان ۋە دەم ئالىدىغان ئۇزۇن ئىككى سۇپا ياسالغانىدى. بۇ سۇپىلارنىڭ ئۈستىگە گىلەملەر ۋە كۆرپىلەر سېلىنغان، سۇپىنىڭ باش تەرىپىدە ناماز ئوقۇيدىغان بۆلۈمچە تەييارلانغانىدى. ھاممامنىڭ ئىچكىرىكى ئىككىنچى بۆلۈكى ئالتە خانىلىق ھاممام بولۇپ، بۇ خانىلارنىڭ ھەربىرى قەشقەر ئۇسلۇبىدىكى ئەگمە ئىشىكلەر بىلەن بۆلۈۋېتىلگەنىدى. ھاممامنىڭ يان تەرەپتىكى ئۈچىنچى بۆلۈكى ئاستىغا رەڭمۇ ـ رەڭ تاشلار يېپىتىلغان مەرمەر كۆلچەك ئىدى. كۆلچەكنىڭ تۆت ئەتراپى بىر گەز ئېگىزلىكتىكى مەرمەر تام بىلەن توسۇپ ئىھاتە قىلىنغانىدى. ھەممە خانىنىڭ تام تۈۋىنى بويلاپ ئېگىزلىكى ئۈچ گەز، كەڭلىكى ئىككى گەز كېلىدىغان، ئاقتاشتىن بىر تۇتاش ئېرىقلار ياسالغانىدى. ھاممامدا يۇيۇنىدىغان كىرىنزەك، ئوردا ئايىملىرىغا كېرەكلىك ئىسسىق سۇلار مۇشۇ ئېرىقلاردا توختىماي ئېقىپ تۇراتتى. ھاممامنىڭ ئىچى يەر، تام، تورۇس ۋە ئېرىقلارنىڭ ھەممىسى كۆكۈچ چاقچۇق بىلەن قاپلانغانىدى. ھەربىر خانىنىڭ تورۇسىغا ئەينەك بېكىتىلگەن تۈڭلۈك قويۇلغانىدى. تۈڭلۈكتىن چۈشكەن كۈن نۇرىدا ھاممامنىڭ ئىچى خۇددى ئاپتاپتەك يورۇپ كېتەتتى.

بىر ئايلانما پەلەمپەي بىلەن ھاممامنىڭ ئۈستىدىكى خانىلارغا چىققىلى بولاتتى. شۇ خانىلارنىڭ ئىچىدە گىلەملەر، كۆرپىلەر سېلىنغان، شاھانە داستىخان راسلاپ قويۇلغان مەخسۇس خانە بار ئىدى. شۇ خانىنىڭ ئىچىدىن كىرىنزەك ۋە ئوردا ئايىملىرى چۆمۈلىدىغان مەرمەر كۆلچەكلىك بۆلۈمگە مەخپىي بىر

تۆشۈك ئېچىلغانىدى.

ھاممامغا مەخپىي تۆشۈك قويۇلغانلىقىنى بۇ ھاممامنى ياسىتىشقا مەسئۇل بولغان خان تاغىسى، دارىلئۇلۇمنىڭ باش مىرزىسى، ساراي ۋەزىرى خېشىندىن باشقا ھېچكىم ئۇقمايتتى.

ئىپارخان چەنلۇڭنىڭ ھەرەمگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن خاننىڭ پەرمانى بويىچە بۇ ھاممامنى ياسىتىشقا مۇئەككەل قىلىنغان خېشىن خاننىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۇستىدە خېلى باش قاتۇردى. ئاخىر بىناكارلارغا ئىچىدىن كۆرگىلى بولىدىغان، ئەمما سىرتىدىن تۆشۈك بار ئىكەنلىكىنى ھېچكىم سېزەلمەيدىغان قىلىپ مەخسۇس لايىھىلىتىپ، بۇ خاننى تەييارلىغانىدى. ئاستانە بېيجىڭنىڭ يازدىكى تىنچىق ئىسسىقىغا زادىلا كۆنەلمىگەن ئىپارخان ھەر كۈنى مۇشۇ ھاممامدا سۇغا چۆمۈلەتتى. خېشىن چەنلۇڭنى بۇ سىردىن ۋاقىپلاندۇرغاندىن كېيىن ئىشقىۋازلىقتا داڭ چىقارغان ئەللىك ياشلىق چەنلۇڭ ئاشۇ تۆشۈكتىن ئىپارخاننىڭ مەرمەر كۆلچەكتە سۇغا چۆمۈلۈشىنى تاماشا قىلىدىغان بولۇۋالدى.

ھازىر چەنلۇڭ قولىدا مەي تولدۇرۇلغان توققۇز ئەجدىھالىق بىللۇر جامنى تۇتقان ھالدا ھېلىقى مەخپىي تۆشۈكنىڭ ئالدىدا شىركەيىپ بولۇپ ئولتۇراتتى. تۆۋەندىكى مەرمەر كۆلچەكتە قىيا ـ چىيا قىلىشىپ سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان يالىڭاچ كېنىزەكلەر، ئوردا ئايىملىرى ۋە غۇنچەچىلەر ئۇنىڭ ھېرىسمەنلىك ئوتى تۇتاشقان شەھۋانىي كۆزلىرىنى ياندۇرۇپ، ئىشقىۋازلىق ھەۋەسلىرى بىلەن تولغان يۈرىكىنى مۇجۇۋاتقانىدى. ئۇ گېلى قۇرۇغاندا جامدىكى مەيدىن بىر ئوتلاپ قوياتتى ـ يۇ، ئەمما كۆزلىرىنى تۆشۈكتىن ئالمايتتى. ئۇ شەھۋانىي نەزەرى بىلەن مەرمەر كۆلچەكتە سۇغا چۆمۈلۈۋاتقان ئىپارخاننى ئىزدەپ تاپقاندا، كۆزلىرى چىمىرلاپ، ئەقلى لال بولغىنىدىن توققۇز ئەجدىھالىق بىللۇر جامنىڭ قولىدىن قانداق چۈشۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى.

ئىپارخاننىڭ پىستىدەك ئاغزى، ئىلىپتەك ئىنچىكە بۇرنى، ئاناردەك مەڭزى، ئاھۇدەك خۇمارلىشىپ تۇرغان قارا كۆزلىرى، ئالمىدەك كۆكسى، تولۇنئايدەك چىرايلىق جامالى، ئاق قاشتېشىدىن ئويۇپ ياساپ قويغاندەك ئەۋرىشىم نازۇك بەدىنى، ئىپاردەك گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرغان خۇش پۇراق ھىدى چەنلۇڭنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالغانىدى. ئۇ: «گويا ئاپتاپ ئۇنىڭ پېشانىسىدىن، قاراڭغۇ كېچە ئۇنىڭ نازۇك يەلكىسىگە چېچىلىپ تۇرغان قارا سۇمبۇل چاچلىرىدىن تارقىلىۋاتقاندەك، ھەرقانداق بىر ئادەم بىر كۆرۈپلا ئاشىقى بىقارار بولۇپ ئەس - ھوشىنى يوقاتقۇدەك مىسلىي كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر ساھىبجامال ئىكەنغۇ بۇ؟! ھەسسىنات، مۇشۇنداق ساھىبجامالنى ياراتقان تەڭرىم!» دەپ ھەيرانۇ - ھەس بولۇپ ئولتۇرۇپلا قالدى. دەل مۇشۇ چاغدا، خېشىن ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ، «شاھ سانىيە ئالىيلىرى خان بىلەن كۆرۈشىدىغان جىددىي بىر ئىش بار ئىدى دەيدۇ» دەپ خەۋەر قىلدى. ۋالىدەسى شياۋشيەن خېنىمنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلىدىغان چەنلۇڭ نائىلاج ئورنىدىن تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى ۋە خېشىننىڭ كەينىدىن ماڭدى...

*　　　　*　　　　*

شاھ سانىيە خان ئوغلى چەنلۇڭنىڭ كېچە - كۈندۈز چەنتۇ كېنىزىكى ئىپارخاننىڭ يېنىدىن ئاجرىماي، ھەممە ئىشنى ئۇنتۇۋاتقانلىقىدىن ئىچى پۇشۇپ، مىجەزى شۇكلەپ، گېلىدىن تاماق ئۆتمەيدىغان، يا كېچىسى ئارامخۇدا ئۇخلىيالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ ئىنىسى خېشىننى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئەدىپىنى تازا بىر بەرگەندىن كېيىن «قاچان

بولسۇن بىر كۈنى ئامال قىلىپ، ئاشۇ چەنتۇ كېنىزىكىنى كۆزدىن يوقاتماي بولمىغۇدەك!» دەپ خىيال قىلدى ھەمدە خان ئوغلىنى ئۆزىنىڭ خابگاھىغا چاقىرتقۇزدى.

چەنلۇڭ شاھ سانىيە شىياۋشيەن خېنىمنىڭ خابگاھىغا ھايالشىماستىنلا كىرىپ كەلدى ۋە ۋالىدەسى بىلەن ھال ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن بىر چەتكە قويۇلغان كۇرستا ئولتۇرۇپ، ۋالىدەسىنىڭ سۆزلىشىنى كۈتۈپ جىم ئولتۇردى.

— ئوغلۇم، كىتابنىڭ ۋارىقىنى ئېچىپ ئوقۇغاندەك ئۆتۈپ تۇرىدىغان ئادەمنىڭ ئۆمۈر ۋارىقى ئۇچقان قۇشتەك تېز ئۆتىدۇ، — دېدى شاھ سانىيە ئانىلىق مېھرى بىلەن ئالدىرىماي سۆزلەپ، — ئىنسان ھاياتى ساقال - بۇرۇت چىقمىغان باللىق ۋە ياشلىق چاغلارنى كەينىدە قالدۇرۇپ، ئەمدىلىكتە ساقال بىلەن چاچقا ئاق چۈشۈپ، خۇددى خازان چۈشكەن كۈزدىكى ئاق تېرەككە ئوخشاپ قالىدۇ!

چەنلۇڭ ۋالىدەسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي ئىچى پۇشۇپ ئولتۇرغان بولسىمۇ ئەمما ئېغىز يېرىپ بىرنېمە دېيىشكە پېتىنالمىدى.

— ئوغلۇم، كىشى ئەقىل بىلەن تىرىكچىلىك قىلىدۇ. سەن نەچچە يۈز مىڭ كىشىلىك ئەسكىرىي قوشۇنغا ئىگە پادىشاھدۇرسەن! بىر مەملىكەتنىڭ سەلتەنەت تىزگىنىنى قولۇڭدا جۇڭقۇرۇپ تۇرۇپسەن! شۇنداق ئىكەن، بۇنداق يول تۇتۇش ئەقىلدىن ئاداشقانلىق ھېسابلانمامدۇ؟ مەن بۇ ئىشىڭنى لايىق كۆرمەيمەن، — دېدى شاھ سانىيە ئاچچىق قىلىپ.

گەپنىڭ نېمە ئۈستىدە كېتىۋاتقانلىقىنى پەملەپ قالغان چەنلۇڭ ئىچىدە: «ئىم، بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزدىن ۋالىدە خان ئالىيلىرى خەۋەر تېپىپ بوپتۇ - دە» دەپ قالدى لېكىن گەپ قىلماستىن، يەرگە قاراپ جىم ئولتۇرۇۋالدى.

— ئى پۇشتىپاناھ، — دېدى شاھ سانىيە ئوغلى چەنلۇڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نەسىھەت قىلىپ، — بەش دەقىقىلىق راھەتنى دەپ، مەملىكەتنىڭ ئىشلىرىنى بىر چەتكە قايرىپ قويساڭ، خۇددى ئىككى تورسۇق سۈتنى دەپ، تۆگىسىدىن ئايرىلىپ قالغان تۆگىچىدەك ئىش بولمىسۇن يەنە! ئىسىنگورۇلارنىڭ ئەجدادىدىن قالغان بىر قەدىمكى مەسەلدە دېيىلىشىچە، بىر تۆگىچى ھىنگان تۆگىسىنىڭ سۈتىنى ساغىمەن دەپ، سۈتكە قىزىقىپ كېتىپ، تۆگىسىنىڭ بۇرنىدىن ئۆتكۈزۈلگەن چۇلۇكىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى تۇيمايلا قويۇپ بەرگەن ئىكەن، چۇلۇۋۇرنىڭ بوش تۇرغانلىقىنى بىلگەن ھىنگان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ چۆلگە قاراپ قېچىپتۇ. تۆگىچى ھىنگاننى تۇتىمەن دەپ، كەينىدىن قوغلاپ ئۆزىمۇ تۇگەشكەن ئىكەن. مانا بۇ پۇشتىپاناھ سەن ئۈچۈن ئوبدان بىر مىسال. بىر بۇردا نان ئۈچۈن خەقنىڭ قولىغا تەلمۈرۈش، بەش دەقىقىلىق شەھۋەت راھىتى ئۈچۈن خوتۇنلارنىڭ كەينىگە كىرىش — مەرد ئەرلەرنىڭ شەنىگە مۇناسىپ ئەمەس. بىر كېچە - كۈندۈز يىگىرمە تۆت سائەت ۋاقىتنىڭ ئىككى سائەتكە يېقىنىنى خوتۇنلار سۆھبىتىگە بېرىش، قالغان قىسمىنى ئۆزى بىلەن يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنى ياخشىلاشقا سەرپ قىلىش — ئاقىل ۋە دانا پادىشاھلارنىڭ ئىشىدۇر. چۈنكى، ئىككى سائەتتىن ئارتۇق ۋاقىتنى ئاياللار سۆھبىتىگە سەرپ قىلىش ئىنساننىڭ ئەقلىي زېھنىگە، جىسمانىي سالامەتلىكىگە زىيان كەلتۈرىدۇ. نۇرغۇن تەخت ساھىبلىرى خوتۇنلارنىڭ كاساپىتىدىن دۆلىتى مۇنقەرز بولۇپ، خانىدانى ھالاكەتكە يۈزلەنمىگەنمىدى؟ مەن بۇنىڭ بىلەن پۇشتىپاناھنى خوتۇنلارغا زادى يېقىن يولىما دېمەكچى ئەمەسمەن. ھەممىمىز خوتۇنلاردىن - ئانىلاردىن تۇغۇلغانغۇ؟ مۇبادا ئاتا - ئانىلار بولمىغان بولسا مەنمۇ، سەنمۇ بولمىغان بولاتتىڭ. بىراق، چەنتۇ كېنىزىكىدىن باشقا خوتۇن - توقال دېگەن ھەرىمىڭدە تۆكمە بولۇپ يېتىپتىغۇ؟ نېمانچە ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنى ئۇرۇپ كېتىدىغانسەن؟

چەنلۇڭ ۋالىدەسىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇياتقىنىدىن قىپقىزىل قىزىرىپ كەتتى. گۇناھ ئۆزىدە بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا «خوش، خوش» دەپ تۇرماقتىن باشقا ئامال قالمىغانىدى. . .

* * *

شاھىنشىن ئىچى سۇرلۇق تۇس ئالغانىدى. قارا دىۋان ۋەزىرلىرى قاتلاق مەكتۇپ كۆرۈۋاتقان چەنلۇڭغا قاراپ تۇرۇشاتتى.

چەنلۇڭ خاقانى چىننىڭ چېگرانى تىنچىتقۇچى سانغۇنى جاۋ خۇينىڭ خانغا يوللىغان قاتلاق مەكتۇپىنى ئېچىپ كۆرۈشكە باشلىدى: «. . . تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى ھەرقايسى شەھەرلەرگە چەنتۇلارنىڭ ھاكىمبەگ دەپ ئاتىلىدىغان چوڭلىرى مۇئەككەل ئىكەن، — دېيىلگەنىدى بۇ قاتلاق مەكتۇپتا، — شاغبەگ ھاكىمبەگكە ياردەملىشىپ ئىشلەيدىكەن. غەللە ـ پاراق يىغىشقا شاڭبېگى مەسئۇل ئىكەن؛ قازى ئەمىر ـ پەرمانلارنىڭ ئىجراسىغا مەسئۇل ئىكەن؛ سۇ ئىشلىرىنى مىراپبەگ باشقۇرىدىكەن؛ ھۇنەرۋەن ـ كاسىپلارغا نىقىب بەگ مەسئۇل ئىكەن؛ پاششاپبەگ ئوغرى ـ يالغاننى تۇتۇپ تەركە قىلىشقا مەسئۇل ئىكەن؛ چەنتۇلارنىڭ دىن ئىشلىرىغا مۆھتەسىپ دېگىنى مەسئۇل ئىكەن؛ مۇتىۋەللىبەگ ئۆي ـ زېمىن ئىشلىرىنى باشقۇرىدىكەن؛ دۇۋانبېگى يول ـ رابات ئىشلىرىغا مەسئۇل ئىكەن؛ باجگىر باج يىغىشقا مەسئۇل ئىكەن؛ ئەربابېگ ئۆشرە ـ زاكات يىغىشقا مەسئۇل ئىكەن؛ باغ ـ ۋاران بېگى ئېتىز ـ ئېرىق، باغ ـ ۋارانلارغا مەسئۇل ئىكەن؛ مىڭبېگى بىزدىكى ئوكۇرتايغا ئوخشايدىكەن. . . ئەلھال، چەنتۇلار يۇرتى ئاساسىي جەھەتتىن تىنچىتىلدى. بىراق، چەنتۇ بەگلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەلتەنىتىمىزگە بولغان ساداقەتمەنلىكى زادى قانچىلىك؟ بۇنىڭغا ئەئيانلىرى بىرنېمە دېيىشكە ھازىرچە ئاجىزلىق قىلىدۇ. شۇڭا، چەنتۇلارغا ئۆز ئارىسىدىن قويۇلغان بەگلەرنىڭ مانجۇ سەلتەنىتىگە بولغان ساداقەتمەنلىكىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن ھەرقايسى شەھەرلەردىكى بەگلەرنى گېزەكلەشتۇرۇپ، مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ ئاستانىسىگە خان تەزىمىگە كېلىشكە پەرمان بېرىلسە، تۇنجى داپقۇر خان تەزىمىگە كېلىدىغان بەگلەرنى بەيلى خوجەسى، تۆرە گادايمەت، ھاكىمبەگ قوشۇق بەگلەر باشلاپ كەلسە، قالغانلىرى ھەر يىلى ئۈچ گېزەك بولۇپ كەلسە...»①

ئەسلىدە، خاقانى چىن تەكرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇسۇلمان شەھەرلىرىنى تولۇق تەسەررۇپ قىلغاندىن كېيىن مانجۇ سەلتەنىتى ئۆزىنىڭ بۇ يەرلەرگە بولغان ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەش ۋە داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن «يەرلىكلەرنى يەرلىكلەرگە سېلىش»، «ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆزىنىڭ گۆشىنى قورۇش» تەك يۇرتدارچىلىق سىياسەتلىرىنى تۈزۈپ يولغا قويدى ھەمدە ھەرقايسى مۇسۇلمان شەھەرلىرىگە بۇ شەھەرلەرنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە قاراپ ئەسلىدىكى بەگلەر ئارىسىدىن تاللاپ دەرىجە بېكىتىپ، ئۇلارنى بۇ شەھەرلەرنىڭ ھەر دەرىجىلىك مەھكىمىلىرىگە مۇئەككەل تەيىنلىدى. بۇ بەگلەرنىڭ ئارىسىدا قاراشەھەر، كورلا، بۈگۈر، كۇچا، شايار، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، قەشقەر، يەكەن، خوتەن قاتارلىق مۇھىم شەھەرلەرنىڭ ھاكىمبەگلىرى ئۈچىنچى دەرىجىلىك بەگلەردىن ھېسابلىناتتى. قالغان كىچىك شەھەرلەر ۋە ھەرقايسى چوڭ شەھەرلەرگە قارايدىغان كەنت ـ قىشلاقلارنىڭ ھاكىمبەگلىرى تۆتىنچى دەرىجىلىكتىن ئالتىنچى دەرىجىلىكلەرگىچە بولغان بەگلەر

---

① «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى»، 82 ـ جىلد، 30 ـ بەت؛ «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 601 ـ جىلد، 28 ـ، 29 ـ بەت. چەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى قەمەرىيە 11 ـ ئاي.

قاتارىغا كىرەتتى. بۇ بەگلەرنىڭ ياردەمچىسى ھېسابلىنىدىغان شاغبەگ تۆتىنچى دەرىجىلىكتىن بەشىنچى دەرىجىلىككە قەدەر بەگ ھېسابلىناتتى. خەزىنىچى بەگ بىلەن شاڭبېگى ئەڭ يۇقىرى بولغاندا تۆتىنچى دەرىجىلىك بەگ ھېسابلىناتتى. بەشىنچى دەرىجىلىك بەگلەردىن قازىبەگ، مۇتىۋەللى بەگ، نېقىپ بەگ، پاششاپبېگى، مىراپبېگى، رايا قازىبەگ، دۇۋانبېگى، ئالتۇنبېگى، مىڭبېگى، مۆھتەسىپ بېگى ۋە باشقا بەگلەر بار ئىدى.

خاقانى چىن بۇ يەرلەردىكى كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۈستىگە قويۇلغان ئۇيغۇر بەگلىرىدىن خەلققە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتا تېخىمۇ ياخشى قولچوماق سۈپىتىدە پايدىلىنىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئايرىم - ئايرىم ھالدا بەش يۈز سەردىن يۈز سەرگىچە كۈمۈش يىللىق مائاش بەلگىلەپ بەردى.

ئۇيغۇر بەگلىرىنى مۇشۇنداق يۇقىرى مائاش بىلەن سېتىۋېلىش چارىسى ئارقىلىق، گەرچە چەنتۇلار يۇرتى تىنچىتىلغان بولسىمۇ ئەمما «بىقارار چەنتۇلارنىڭ غەلىيان چىقىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش»[①] ۋە چەنتۇلار يۇرتىنىڭ چوڭ - كىچىك يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنىڭ تىزگىنىنى ئۆز قولىدا مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن، مانجۇ سەلتەنىتى ھەرقايسى چوڭ - كىچىك شەھەرلەرنىڭ ئارىلىقىدىكى يول ئېغىزلىرىدا ساقچىخانا خاراكتېرىنى ئالغان جام - راباتلارنى قۇرۇپ لەشكەر تۇرغۇزدى. يەكەن، خوتەن، يېڭىسار، ئاقسۇ، قەشقەر، ئۈچتۇرپان، كۇچا، سايرام، باي، كورلا ۋە قاراشەھەرلەرگە مانجۇلاردىن خان ئامبال ۋە ئاغلاقچى ئامبال تەيىنلىدى.

ئۈچتۇرپان شەھىرى شۇ مەزگىللەردە مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيەدىكى ھۆكۈمرانلىق مەركىزى ئىدى. شۇڭا،

① «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزوڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 616 - جىلد، چەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى 7 - ئاي.

www.uyghurkitap.com

ئۇچتۇرپان خان ئامبىلى مانجۇلار مۈلكىي قەشقەرىيەدىكى سەككىز مۇسۇلمان شەھىرىگە قويغان خان ئامباللار ئىچىدە ئەڭ چوڭى ھېسابلىناتتى. خاقانى چىن جەنۇبىتىكى سەككىز مۇسۇلمان شەھەرلىرىنىڭ ئەمىنلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ بۇ يەرلەردە جەمئىي ئون ئىككى مىڭ ئالتە يۈز قىرىق سەككىز قارا چېرىك تۇرغۇزدى[①]. مانجۇ سەلتەنىتى ئۆزىنىڭ مۈلكىي قەشقەرىيەدىكى مۈلكىي، ھەربىي ئەمەلدارلىرى بىلەن ھەربىي قىسىملىرىنىڭ تەمىناتىنى شۇ جاينىڭ مالىيىسىدىن راسخوت چىقىرىپ بېقىش چارىسى بىلەن ھەل قىلماقچى بولدى. مەسىلەن، ئۇچتۇرپان خان ئامبىلىنىڭ يىللىق مائاشى ئۈچ مىڭ سەر كۈمۈش بولۇپ، يەنە يىلىغا مىڭ سەردىن ياردەم پۇلى قوشۇپ بېرىلەتتى، توققۇز مىڭ جىڭ ئاشلىق، يەتمىش جىڭ كۆك چاي بىلەن تەمىنلىنەتتى؛ مەسلىھەتچى ئامبالنىڭ يىللىق مائاشى مىڭ سەر كۈمۈش بولۇپ، يىلىغا يەنە بەش يۈز سەردىن ياردەم پۇلى قوشۇپ بېرىلەتتى، تۆت مىڭ سەكسەن جىڭ ئاشلىق، ئوتتۇز ئالتە جىڭ كۆك چاي بىلەن تەمىنلىنەتتى؛ ئاغلاقچى ئامبالنىڭ يىللىق مائاشى يەتتە يۈز سەر كۈمۈش بولۇپ، يىلىغا يەنە ئىككى يۈز سەر كۈمۈش ياردەم پۇلى قوشۇپ بېرىلەتتى، تۆت مىڭ ئالتە يۈز سەكسەن جىڭ ئاشلىق، ئوتتۇز ئالتە جىڭ كۆك چاي بىلەن تەمىنلىنەتتى؛ نازىرىنىڭ يىللىق مائاشى بىر يۈز توقسان سەر كۈمۈش بولۇپ، ئىككى مىڭ بەش يۈز يىگىرمە جىڭ ئاشلىق، ئون ئىككى جىڭ كۆك چاي بىلەن تەمىنلىنەتتى؛ باش پۈتۈكچىنىڭ يىللىق مائاشى بىر يۈز ئاتمىش سەر كۈمۈش ئىدى؛ ياردەمچى پۈتۈكچىنىڭ يىللىق مائاشى ئاتمىش سەر كۈمۈش ئىدى؛ ساڭبېگىنىڭ يىللىق مائاشى

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن مۇئەللىپىنىڭ «بەدۆلەت ـ يانغىن قاپلىغان تۇپراق» ناملىق تارىخىي قىسسەسىنىڭ «ئاپتور سۆزى» قىسمىغا قارالسۇن. بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1997 ـ يىلى 3 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان.

ئۈچ يۈز سەكسەن سەر كۈمۈش ئىدى، ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز جىڭ بوغداي بىلەن تەمىنلىنەتتى.

يېشىل تۇغلۇق قوشۇندىكىلەرنىڭ مائاشى مۇنداق ئىدى:

باش بۇغىنىڭ يىللىق مائاشى ئاتچىسىنىڭ مائاشى قوشۇلۇپ، ئىككى مىڭ يەتتە يۈز يەتمىش ئالتە سەر كۈمۈش ئىدى؛ يەم-خەشەك ئۈچۈن ئاتمىش بىر تاغار ئاشلىق بېرىلەتتى.

مۇشاۋىر سانغۇننىڭ يىللىق مائاشى بىر مىڭ بىر يۈز يىگىرمە بەش سەر كۈمۈش ئىدى. يەم ـ خەشەك ئۈچۈن ئوتتۇز تاغار ئاشلىق بېرىلەتتى.

گېزەكچى سانغۇننىڭ يىللىق مائاشى سەككىز يۈز توقسان ئۈچ سەر كۈمۈش ئىدى. يەم ـ خەشەك، ئوتتۇز تاغار ئاشلىق بېرىلەتتى.

ياساۋۇلبېگىنىڭ يىللىق مائاشى بەش يۈز ئاتمىش ئىككى سەر كۈمۈش ئىدى. يەم ـ خەشەك ئۈچۈن ئون بەش تاغار ئاشلىق بېرىلەتتى.

باقاۋۇلنىڭ يىللىق مائاشى تۆت يۈز ئەللىك ئىككى سەر كۈمۈش ئىدى. يەم ـ خەشەك ئۈچۈن ئون بەش تاغار ئاشلىق بېرىلەتتى.

لاۋازىم بېگىنىڭ يىللىق مائاشى ئىككى يۈز قىرىق ئىككى سەر كۈمۈش ئىدى. يەم ـ خەشەك ئۈچۈن يەتتە تاغار ئاشلىق بېرىلەتتى.

پىيادە ئەسكەرلەر ئوكۇرتاينىڭ يىللىق مائاشى بىر يۈز يەتمىش سەر كۈمۈش ئىدى، يەم خەشەك ئۈچۈن يەتتە تاغار ئاشلىق بېرىلەتتى

ياردەمچى ئوكۇرتايىنىڭ يىللىق مائاشى يەتمىش ئالتە سەر كۈمۈش ئىدى.

ئاتلىق نۆكەرنىڭ يىللىق مائاشى قىرىق سەر كۈمۈش ئىدى. پىيادە چېرىكنىڭ يىللىق مائاشى ئوتتۇز سەر سەككىز

مىسقال كۈمۈش ئىدى[①].

مانجۇ سەلتەنىتى ئۆزىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيەدە تەسىس قىلىنغان بۇ غايەت زور ۋە كېلەڭسىز بيۇروكرات ھۆكۈمرانلىق مۇئەسسەسىلىرىدە ئىشلەيدىغان مۇلكىي، ھەربىي خادىملىرىنىڭ غايەت كۆپ خەج ـ خىراجەتلىرىنى قامداش ئۈچۈن بۇ يۇرتلارغا دېيەك، ماتا قاتارلىق بەش تۈرلۈك ئالۋان ـ سېلىق بەلگىلەپ، دەستۇر ـ ئەمەل، ئەن ـ قائىدىلەرنى توختىتىپ بەردى. ئۇيغۇر پۇقرالىرىمۇ نائىلاج خاقانى چىن ئەن ـ قائىدە قىلىپ توختاتقان بەش تۈرلۈك دېيەك، ماتانى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولۇشتى. بىراق، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مانجۇ مەنسەپدارلىرى ۋە مۇسۇلمان زالىملىرى ئۆزلىرىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە زورىيىپ بېرىۋاتقان خۇسۇسىي چىقىم، خەج ـ خىراجەت راسخوتلىرىنى قامداش ئۈچۈن خاقانى چىننىڭ بۇ ئەن ـ يارلىقىغا چېكىدىن ئاشقان ھەر خىل بەلگىلىمىلەرنى ياساپ قوشۇۋېرىشتى. ئەسلىدىكى بەش تۈرلۈك دېيەك، ماتا بىردىنلا كۆپىيىپ ئەللىك خىلغا يەتتى! ھەر خىل يامان قائىدە ـ يوسۇنلار پەيدا بولۇۋەرگەنلىكتىن، پۇقرالارنىڭ ئۈستىدىكى جەبىر ـ زۇلۇمنى كۈچەيتىۋەتتى. «ھەرقايسى شەھەرلەردىكى خان ئامبال، چېرىكچى ئامباللار ئەيش ـ ئىشرەتكە مەستى ـ مۇستەغرەق بولۇپ كەتتى. ھاكىمبەگلەر ئامبالغا بېرىمىز دەپ، پۇقرالارغا ئالۋان ـ ياساقنى خالىغىنىچە چاچاتتى. ئالۋان ـ ياساق ئۈچۈن يىغىلغان ئالتۇن ـ كۈمۈش، قاشتېشى، تاۋار ـ دۇردۇنلار ۋە رەخت ـ گەزلىمىلەرنىڭ پەقەت ئوندىن ئىككى ئۈلۈشىلا ئامبالغا يەتكۈزۈلۈپ، قالغان سەككىز ئۈلۈشى بەگ ـ خوجاملارنىڭ ئۆز قولىدا قالاتتى. ھەرقايسى شەھەرلەردىكى

① مانجۇ، ئۇيرات، سولۇن، شىبە قوشۇنلىرىدىكى سەردار ـ چېرىكلەرنىڭ مائاشى خەنزۇ چېرىكلىرىدىن پەرقلىق بولاتتى. بۇ يەردە ئايرىم مىسال كەلتۈرۈلمىدى. بۇ ھەقتە تەپسىلاتلار ئۈچۈن مەئلىپنىڭ «بەدۆلەت ـ يانغىن قاپلىغان تۇپراق» دېگەن تارىخىي قىسسەسىنىڭ «ئاپتور سۆزى» قىسمىغا قارالسۇن.

ئامباللار بىر - بىرىگە بويسۇنمايتتى. بوغدا خان يىراقتا بولغانلىقتىن ئۇنىڭ سىياسەت قامچىسى باشقىلارغا يەتمەيتتى. بۇ ئامباللارنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان بولاتتى. ئۇلار مۇسۇلمان چەنتۇلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى ياملۇللىرىغا ئەكىرىۋېلىپ قايتۇرۇپ بەرمەيتتى. مۇسۇلمان چەنتۇلارنى ھايۋاندەك ئىشلىتەتتى. مۇسۇلمان چەنتۇلار غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۇرۇشەتتى.»[1] دېمەك، زورلۇق - زومبۇلۇق، ئالۋان - ياساق ۋە قاتمۇ قات زۇلۇم ئاستىدا قالغان ئۇيغۇر خەلقى بىلەن چىرىك سەلتەنەت - مانجۇ ھاكىمىيىتى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بارغانسېرى كۈچەيدى...

* * *

خاقانى چىن مۇلكىي قەشقەرىيەدىكى يېڭىدىن ئەمىن تاپقۇزۇلغان ئۇيغۇر پۇقرالىرىنى مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ مېھىر - شەپقىتىدىن تەسىرلەندۇرۇش ئۇچۇن ئالتىنچى دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ئۇيغۇر بەگلىرىنى ئۆز ئاستانىسى بېيجىڭغا خان تەزىمگە چىللاتقۇزۇپ پەرمان چۈشۈردى ھەمدە ئاستانىگە خان تەزىمگە كېلىدىغان ئىككىنچى گېزەكتىكى بەگلەر چەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى قەمەرىيە 8 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى يولغا چىقىپ، 10 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن ئىلگىرى كۆلىدىكى ۋۇۋېيغا يېتىپ كېلىشى، 12 - ئاينىڭ 20 - كۈنى مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ ئاستانىسى بېيجىڭغا كېلىپ شىنخۇامېن قوۋۇقىدا ساقلاپ تۇرۇشى لازىم، دەپ سۇرۇك بەلگىلەپ بەردى.

ئىككىنچى گېزەكتە مانجۇ ئاستانىسى — بېيجىڭغا خان تەزىمگە كېلىدىغان ئۇيغۇر بەگلىرى ئارىسىدا قەشقەر

---

① «شىنجاڭ تەزكىرىسى، چىرىك».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بەشكېرەمنىڭ شاڭبېگى مەھرەمبەگمۇ بار ئىدى. ئۇ تۈنجى گېزەكتە ئاستانىگە خان تەزىمىگە بارغان قوشۇق بەگنىڭ بېيجىڭدا تۇتۇپ قېلىنغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى سەپىرىنىڭ بارسا ـ كەلمەس سەپەر بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، كۆڭلى دەككە ـ دۈككە ئىچىدە قالدى. دەل مۇشۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە پەيزاۋات ھاكىمبېگى نىياز بەگ ئۇنىڭغا: «دولانلىقلاردىن ئامۇرسەنا تۆرە ئۇچتۇرپانغا باستۇرۇپ كېلىشۈېتىپتۇدەك، دەپ خەۋەر ئاڭلىدىم» دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەھرەمبەگ ئاستانىگە بېرىش ـ بارماسلىق ئۈستىدە ئويلىنىپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. . .

*                    *                    *

چەنلۇڭ ئۆزىنىڭ خابگاھىدا قارا دىۋان سۇنغان قاتلاق مەكتۇپلارنى كۆرۈپ، ئۈستىگە تەستىق سىلىشۋاتقانىدى. ئۇ مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ نۆۋەتتىكى ئەھۋالى بايان قىلىنغان بىر قاتلاق مەكتۇپ ئۈستىگە مۇنداق دەپ تەستىق سالدى:

«. . . . گادايمەت تۆرە سۇنغان مەلۇماتتىن قارىغاندا، ئاستانىگە خان تەزىمىگە كېلىپ قەشقەرگە قايتقان شاغىبەگ ئابدۇرېھىم بەگ، خەزىنىچى بەگ توقا، ئاستىن ئاتۇشنىڭ ھاكىمبېگى خوجاش، توققۇزاقنىڭ ھاكىمبېگى بابۇر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئاسىي خوجا جاھان زامانىسىدا مەنسەپكە ئولتۇرغانلاردىن ئىكەن. ئەلھال، بۇ يەرلەردە غەليان چىقىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭمۇ غەليان چىقىرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بەزى ئېھتىيات چارىلىرىنى كۆرۈپ قويۇش لازىمدەك قىلىدۇ. بىز ئۇداي خوجىدىن بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلدۇق، ئۇ بۇ بەگلەرنىڭ مەھرەمبەگ پىتنىسىگە ئارىلاشمىغانلىقىنى

ئېيتتى. . .[1] جوڭغارىيە بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيەدىكى ئىسيان سەلتەنىتىمىزگە ئاچچىق ساۋاقلارنى بەرگەندى. ئەلھال، بوغدا تېغىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدىكى كەڭ زېمىنلار سەلتەنىتىمىزنىڭ زېمىنىدۇر. بۇ زېمىنلارنى ساقلاش ئۈچۈن، ئۇ يەرلەردە زور قوشۇن تۇرغۇزماي بولمايدىغاندەك قىلىدۇ! شۇڭا، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتە بىر تۇتاش جوڭقۇردىغان بىر ھەربىي مەھكىمە قۇرۇش زۆرۈر بولۇپ قالدى! بۇ مەھكىمىنىڭ نامىنى «ئىلى قاتارلىق جايلارنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى بىر تۇتاش جوڭقۇردىغان جاڭجۈن مەھكىمىسى» دەپ ئاتىغان مۇۋاپىقتەك قىلىدۇ. ئىلى جاڭجۈن مەھكىمىسى تۇرۇشلۇق جاي «خۇيىيۈەن كورەسى» دەپ ئاتالسۇن. ئىلى جاڭجۈنىنىڭ خىزمەتلىرىگە ھەمدەملىشىش ئۈچۈن بىر نەپەر مەسلىھەتچى ئامبال، تۆت نەپەر ياندىش ئامبال، قىرىق سۇمۇن زەڭگى، قىرىق باقاۋۇل، قىرىق چەۋەنداز ياساۋۇل، ئىككى نەپەر نەسەبىي كاھبەگ، توققۇز نەپەر كاندىدات چېرىكچى، ئىككى نەپەر كاندىدات سۇمۇن زەڭگىسى، ئىككى نەپەر كاندىدات باقاۋۇل، ئىككى نەپەر نەسەبىي نۆۋكەر، قىرىق چاپاۋۇل، قىرىق چاۋۇشبېگى، بىر يۈز يىگىرمە چاۋۇش، قىرىق سەككىز تۇغچى، ئىككى يۈز ئوتتۇز تۇرشاۋۇل، ئىككى يۈز ھىماتچى، ئىككى مىڭ ئالتە يۈز چېرىك، تۆت يۈز ئوقچى، ئالتە يۈز پىيادە لەشكەر، قىرىق توپچى، سەكسەن ئىشچى لەشكەر، ئىككى يۈز قىرىق شەيقەتچى چېرىك بولۇپ، جەمئىي بىر يۈز ئاتمىش ئىككى ھەر دەرىجىلىك سەردار، تۆت مىڭ ئالتە يۈز قىرىق مانجۇ چېرىكى تۇرغۇزۇلسۇن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سىيلاقچى ئامبال، ساڭبېگى، سەيپارە مۇپەتتىش قاتارلىق ئەمەلدارلار سەپلەپ

---

① «جوڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى» نىڭ داۋامى. 5 ـ جىلد، 18 ـ، 19 ـ بەت. «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 619 ـ جىلد، 3 ـ، 4 ـ بەت، چەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى.

بىرىلسۇن. بۇ ئەمەلدارلارنىڭ، مانجۇ ۋە كۆك تۇغلۇق قوشۇنلاردىكى سەركەردە ـ چېرىكلەرنىڭ مائاش ـ كۆلىياڭـى يەرلىكتىن ئېلىنىدىغان زاكات ـ باجلاردىن چىقىم قىلىنسۇن. مۇبادا، يۇقرالار ئارىسىدا مانجۇ سەلتەنىتىگە باج ـ پاراق تۆلەشتىن باش تارتىپ غەلىيان كۆتۈرگۈچىلەر كۆرۈلسە، ئۇلارنىڭ يەر ـ زېمىنلىرى تەخىرسىز ھالدا مۇسادىرە قىلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى ئاۋۋالقىدىن ئۈچ ھەسسە كۆپەيتىپ ئۆستۈرمە باج تاپشۇرۇشقا بۇيرۇلسۇن! . . .»[1]

قارا دىۋان چەنلۇڭنىڭ تەستىق سۆزىنى دەرھال پەرمان شەكلىدە تۆۋەنگە چۈشۈرۈپ، يەرلىكنىڭ كەمكۈتسىز ئىجرا قىلىشىنى تەلەپ قىلدى.

خاقانى چىنىنىڭ پەرمانى بويىچە «ئۈچ ھەسسە كۆپەيتىپ ئۆستۈرمە باج تاپشۇرۇش» مۇلكىي قەشقەرىيەدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن مانجۇ سەلتەنىتىگە تاپشۇرىدىغان زاكات بېجىنى ئۈچ ھەسسە كۆپەيتىپ تاپشۇرۇش دېگەنلىك بولاتتى. بۇنداق بولغاندا، مانجۇلارنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيەدىن ئالىدىغان باج ـ پاراقلىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى ئەسلىدىكى جۇڭغارلارنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيەدىن ئالىدىغان زاكات بېجىنىڭ ئومۇمىي مىقدارىغا تەڭلىشىپ قالاتتى ياكى ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتەتتى.

مانجۇ سەلتەنىتى ئۆزىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيەدىكى تولىمۇ كېلەڭسىز ئارمىيە ۋە ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ نورمال ئايلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىقتىسادىي جەھەتتىكى يۈكنىڭ ھەممىسىنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۈستىگە ئارتتى. چەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلىدىكى[2]تولۇقسىز مەلۇماتقا قارىغاندا، مانجۇ دائىرىلىرى مۇشۇ بىر يىل ئىچىدە يالغۇز خوتەن، يەكەن ۋە

---

① «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 593 ـ جىلد، 13 ـ، 14 ـ بەتلەر. چەنلۇڭنىڭ 24 ـ يىلى 7 ـ ئاي.

② مىلادى 1761 ـ يىلى.

قەشقەر رايونىدىكى يۇقىرىلاردىن جەمئىي بىر يۈز سەكسەن بىر مىڭ تۆت يۈز يىگىرمە بەش سەر كۈمۈش تەڭگە، بەش مىليون سەككىز يۈز ئون توققۇز مىڭ جىڭ ئاشلىقنى سېلىق ھېسابىدا يىغىۋالدى![1]

* * *

مىلادى 1760 ـ يىلى سەرەتان پەسلى. تومۇزنىڭ كىشىنى ئېزىدىغان تىنچىق ئىسسىقى كەڭ بەشكېرەم زېمىنى ئۈستىدە كەتمەي تۇرۇۋالغانىدى. تۆتاش كەتكەن مېۋىلىكنىڭ ھەممىلا يېرىدىن سالقىن ئورنىغا يالقۇن كۆتۈرۈلەتتى. سايىدىكى ئىشقىيولىدا ئىككى ـ ئۈچ قارا خۇددى بولۇت سايىسىدەك گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ يوقاپ مېڭىپ تۇرماقتا ئىدى. سەرەتان پىلىلداپ كۆزنى قاماشتۇرۇپ، يىراقتىكى ئاقتاغنى تېخىمۇ چوڭ قىلىپ كۆرسىتەتتى. خېلى ئۇزاق ۋاقىتتىن كېيىن ھېلىقى بۇلۇت سايىسىدەك كۆرۈنگەن قارىلار يېقىنلىشىپ كەلدى. بۇ قارىلار پىژ ـ پىژ ئىسسىقتا بوينىغا قارا ياغاچتىن ياسالغان ئوتتۇز جىڭلىق شال قوۋۇق كىيدۈرۈلگەن بىر ئۇيغۇر تۇتقۇنى بىلەن ئۇنى ھەيدەپ ئېلىپ كېلىۋاتقان ئىككى مانجۇ چېرىكى ئىدى. ئىسسىقتا تەرلەپ كەتكەن مانجۇ چېرىكلىرى ھېلىقى تۇتقۇننىڭ ئۈستىگە كىيىملىرى بىلەن يۈك ـ تاقلىرىنى ئارتىپ قويۇشقانىدى. ئۇلار خۇددى ئەرمەك قىلىشقاندەك ھېلىدىن ـ ھېلىغا ھېلىقى ئۇيغۇر تۇتقۇننى قوللىرىدىكى سەبەندىلىرى بىلەن ئۇرۇپ ساۋايتتى:

— سىڭكۇ، سەن ئىلدەم، ئىلدەم ماڭىدۇ! —دەپ ۋارقىراپ قويۇشاتتى.

---

[1] «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 615 ـ جىلد، 9 ـ بەت. چەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلى 2 ـ ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بوينىغا شال قوۋۇق كىيدۈرۈلگەن ھېلىقى تۇتقۇن ئىسسىقتا بەك چاڭقاپ كەتكەنىدى. ئۆزىنىڭ چاك - چاك يېرىلىپ كەتكەن لەۋلىرىدىن جىرت - جىرت چىقىۋاتقان قانلارنى يالاپ سەندىرەكلەپ ئاران مېڭىپ كېتىپ باراتتى.

— بوغدا خانغا زاكات تۆلىمەيدۇ، گەدەنكەش چەنتۇلارنىڭ كۈنى شۇنداق بولىدۇ! — دېيىشتى قارا چېرىكلەرنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرچىنى بىلىدىغان بىرى.

ئۇلار چىڭقى چۈش مەھەلدە بەشكېرەمدىكى مانجۇ ساقچىخانىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشتى ۋە ھېلىقى بىچارە تۇتقۇننى مانجۇ ساقچىخانىسىنىڭ پەشتىقى ئالدىدىكى تۈۋرۈككە باغلاپ قويۇپ، ئۆزلىرى دەم ئېلىش ئۈچۈن ساقچىخانىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى.

— سۇ... ئى، مۇسۇلمانلار... ماڭا سۇ... بىر يۇتۇم سۇ... سۇ بېرىڭلار! — دەپ نالە - زارلىدى باغلاقتىكى تۇتقۇن.

بىر بالا كۆلدىن بىر غىدىر سۇنى ئۇسۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ قاغجىرىغان لېۋىگە تۇتتى. تۇتقۇن غىدىردىكى سۇدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ تۇرۇشىغا، ساقچىخانا ئىچىدىن بىر مانجۇ چىقىپ كەلگىنىچە قولىدىكى سەبەندىسى بىلەن تۇتقۇنغا سۇ بېرىۋاتقان بالىنىڭ قولىدىن غىدىرنى ئۇرۇپ چۈشۈرۈۋەتتى ۋە:

— سەن نېمىشقا سۇ بېرىدۇ — شۇ؟ يوقال، بولمىسا، كۆرگۈلۈكنى كۆرىدۇ — شۇ! — دەپ قەھىر قىلدى. ئاندىن تۇتقۇننىڭ كۆزىگە قولىدىكى سەبەندىسى بىلەن نوقۇپ:

— گەدەنكەش چەنتۇ، سەن گۇناھىنى بىلەمدۇ؟ — دەپ دوق قىلدى.

— دارېن خوجام، — دەپ زارلىدى ھېلىقى تۇتقۇن، — ماڭا ئىچىلىرى ئاغرىسۇن، چۆچۈرىدەك تۆت بالام ۋە قېرى دادام، قېرى ئانام مېنىڭ قولۇمغا قاراپ تۇرۇشىدۇ. رەھىم

قىلسىلا، مەن خانلىق زاكاتىنى تولۇق تاپشۇردۇم. ئەمما، زاكاتچى يەنە ئۆستۈرمە زاكاتىنىمۇ قوشۇپ بېرىسەن، دەيدۇ. ئىشەنمىسىلە، تەركە قىلىپ كۆرسىلە، خاماندا كەپسەن تۈگۈل، چارمۇ قالمىدى!

— سەن گەدەنكەشلىك قىلمىغان بولسا — شۇ، مەن ئۆستۈرمە زاكات ئالامدۇ — شۇ؟ گۇناھ سەندە، يەنە مەن بىلەن گەپ تالىشامدۇ — شۇ؟ ھوي چەنتۇ ئېشەك! — دېگىنىچە ئۇنى ئۇرۇپ كەتتى.

تۇتقۇن بوينىغا شال قوۋۇق كىيگۈزۈلگەن پېتى تۈۋرۈككە باغلىۋېتىلگەن بولغاچقا، بېشىنى رەھىمسىزلەرچە تېگىۋاتقان تاياقتىن ئېلىپ قاچالماي، قاڭغىر قاقشاپ نالە - پەرياد كۆتۈردى.

تۇتقۇننىڭ نالە - پەريادىنى ئاڭلىغان كىشىلەر بىردىن - ئىككىدىن ساقچىخانا ئالدىغا توپلىنىشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا، ئارقا تەرەپتىن:

— بۇ يەردە نېمىش بولۇۋاتىدۇ؟ سىلەر جۇيزىنىڭ① ئالدىغا نېمىشقا توپلىشىۋالدىڭلار؟ — دېگەن بوغۇق بىر ئاۋاز ئاڭلاندى.

كىشىلەر ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراشتى:

— ھە، مەھرەم شاڭبېگى ئىكەنغۇ؟ بېگىم، بۇ ئەلدە ئادالەت دېگەن قالدىمۇ؟ — دەپ چۇرقىراشتى كىشىلەر ئۇنى كۆرۈپلا، — ماۋۇ بىچارە چاڭقاپ كېتىپتىكەن، سۇ بەرسەك، مانجۇ خوجام ئۇنى نېمىشقا سۇ ئىچىسەن دەپ ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويغىلىۋاتىدۇ.

بابا گەپ سورىغان كىشى بەشكېرەمنىڭ شاڭبېگى مەھرەمبەگ ئىدى. ئۇ كىشىلەر ئارىسىنى يېرىپ ئۆتتى - دە، باغلاقتىكى ھېلىقى تۇتقۇنغا قارىدى. تۇتقۇن ئۆلەيلا دەپ

---

① جۇيزە - ئىدارە، مەھكىمە، جوجۇق دېگەن مەنىدە.

قالغانىدى.

مەھرەمبەگ ئۇنىڭغا گەپ قىلماستىن، مانجۇ ئەمەلدارىغا قاراپ:

— دارىن، بوغدا خاننىڭ ئەن - قائىدىسىدە گۇناھكارنى داتاڭدا سوراق قىلىش كېرەك، دېيىلگەن، سىلى ساقچىخانىنىڭ ئامبىلى بولۇپ تۇرۇقلۇق، گۇناھكارنى خالىغانچە ئۇرۇپ، قىينىسىلا بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سەن — شۇ سىڭكۇ چاتىقى نېمە؟ سەن — شۇ چەنتۇلار مىنسە ئات - ئېشەك، ئىشلەتسە قۇل - غالچا شۇ، سەنلەرگە يەنە نېمە ئەن - قائىدە كېرەك قىلىدۇ — شۇ؟

— . . .

مەھرەمبەگ ئۆزىنى زورىغا بېسىۋېلىپ لام - جىم دېمەي شۈك تۇردى. ئۇنىڭ جاۋاب بەرمىگەنلىكىنى كۆرۈپ مانجۇ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ كەتتى:

— بىز سەن مەھرەمبەگكە بېيجىڭغا خان تەزىمىگە بارسۇن دەيدۇ، سەن شۇ بارمايدۇ. بۇ يەردە تېخى مەندە ئىشقا ئارىلىشىدۇ؟ سەن شۇ، يوقىلىدۇ!

— زۇلۇمنىڭ ئىگىسى بولغان سەن دارىنلار يوقالماي — زە، مەن يوقىلامدىمەن؟! — دېدى مەھرەمبەگ غەزەپ بىلەن. ئەمدى تۈزۈت قىلىپ تۇرۇشنىڭ ئورنى قالمىغانىدى، — مانجۇ زاكاتچىلىرىنىڭ جۇڭغار زاكاتچىلىرى بىلەن قانچىلىك پەرقى قالدى؟ سەنلەر زاكاتنى تولۇق ئېلىپ بولۇشۇپ، يەنە پۇقرادىن ئۈچ ھەسسە ئۈستۈرمە زاكاتنى قوشۇپ ئېلىشساڭ، يەنە كىم چىدايدۇ؟

— سەن مەھرەمبەگ خاندىن مائاش - كۆلياڭ يەيدۇ — شۇ، — دەپ دېۋەيلىدى مانجۇ ئەمەلدارى تايىقىنى كۆتۈرۈپ، — يەنە گەدەنكەشلىك قىلامدۇ — شۇ؟ ئىسيان كۆتۈردى — شۇ! مەن كاللىنى ئالىدۇ — شۇ!

مەھرەمبەگ:

— مانا كاللامنى ئاله! — دېگىنىچە، يېنىدىن پىچىقىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ ھېلىقى مانجۇ ئەمەلدارىنىڭ قورسىقىنى بۆسۈپ تاشلىدى. مانجۇ ئەمەلدارى ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالماستىن تولغۇزدەك چىرقىراپ يەرگە يىقىلدى. بۇ چاغدا، ئالامان پاتىپاراق بولۇشۇپ كېتىشتى. تالادا ۋەقە چىققانلىقىنى سەزگەن مانجۇلار ھېلىقى ياردار مانجۇ ئەمەلدارى بىلەن كارى بولماستىن ئىشىكنى مەھكەم تاقىۋېلىشتى...

* * *

كىشىلەر بەشكېرەمنى «بېھىشكېرەم» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ ئادەم ئىچىگە كىرىپ قالسا ئادىشىپ قالىدىغان، بېھىشكە ئوخشايدىغان بۇ باغى ئېرەمدە تاتلىقلىقى تىلنى يارىدىغان شېكەر شەربەت ئانارلار شاخلىرىدا پىشىپ يېرىلىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ياقۇتتەك قىزىل ئۇرۇقلىرى ئىچىگە پاتماي پولتىيىپ چىقىپ قالغانىدى. شاپتۇللار شېخىدىكى مېۋىسىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۆزىنى كۆتۈرەلمەي قالغانىدى. بەشكېرەم باغلىرىدا دەردكە داۋا پىستە ـ بادام، شېرىن ـ شەربەت مۇناقى ئۈزۈم، يېسە تىلدا غۇژژىدە ئېرىپ كېتىدىغان سوقا چىلان، «جەننەت مېۋىسى»، «شاخ مانتىسى» دەپ تەرىپلىنىدىغان شىرنىلىك ئەنجۈرلەر، خۇشبۇي پۇرىقى دىماغنى يارىدىغان ئالتۇن بېھى ۋە باشقا تۈرلۈك ـ تۈمەن مېۋىلەر پىشىپ تۆكمە بولۇپ كەتكەنىدى.

بۇگۈن ۋاقىت پېشىندىن ئۆتكەن بولسىمۇ ئەمما بەشكېرەملىكلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە، كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدە، باللارنىڭ ئىنتىك يۈگۈرۈشلىرىدە قانداقتۇ ئۆزگىچە بىر خىل تۇس چىقىپ تۇراتتى. بۇ يەردە پەۋقۇلئاددە بىر ھادىسە يۈز بەرگەنىدى! ئادەتتە پېشىن مەزگىلىدە مەسچىتلەردە

بولىدىغان بۇ مۆمىن پۇقرالار ھازىر مانجۇلارنىڭ بەشكېرەمدىكى ساقچىخانىسىنىڭ ئىشكى ئالدىغا توپلىنىشۋالغانىدى، بۇلارنىڭ تولىسى ھەر خىل، ھەر كەسىپتىكى كىشىلەر ۋە ئەتراپتىن كەلگەن جۇل - جۇل كىيىملىك يوقسۇل دېھقانلار ئىدى. ئالامان قورالسىز ئىدى. لېكىن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىكى يانغان غەزەپ ئوتلىرى، ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى قاپلىۋالغان جىددىي ۋە قەھىرلىك كەيپىيات خەلقنى تىگىپ كەتسىلا دەھشەتلىك پارتلايدىغان ھالەتكە كەلتۈرگەنىدى. ئالامان غەزەپ بىلەن گۈركىرىگەندە، ئەتراپنى خۇددى ئاسمان - زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرگەن شىرنىڭ ئاۋازىدەك كۈچلۈك چۇقان - غۇلغۇلا ئاۋازلىرى قاپلاپ كېتەتتى. قارا چېرىكلەرنىڭ رەڭگى ئۆچكەن، ئۆڭسۈلى يوق، قورقۇمسىراپ ساقچىخانىنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم تاقىۋېلىشقان، ئۇلار قورۇ ئىچىدە ھولۇقۇشۇپ يۈرۈشەتتى. غەزەپلەنگەن ئالامان مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ يامانلىقىدىن، ئۇيغۇر بەگلىرىنىڭ زالىملىقىدىن، سېلىقچىلارنىڭ زۇلمىدىن، ئالۋان - سېلىقلارنىڭ كۆپلۈكىدىن نارازى بولۇشاتتى، شىكايەت قىلىشاتتى. خەلق نەپسانىيەتچى مانجۇ ئەمەلدارلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ غالچىسى بولغان مۇسۇلمان زالىملىرىنى ئاغزىغا كەلگەننى دەپ تىللاشماقتا ئىدى.

— خاقانى چىن بىزگە بەش تۇرلۇكلا ئالۋاننى ئەن - قائىدە قىلىپ توختىتىپ بەرگەن. ئەمدى يەنە ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۆستۈرمە ئالۋان ئالامدىكەن؟! — دەپ ۋارقىرىشاتتى يۈزلەرچە ئاۋازلار.

— خاقانى چىن دېگەن كاپىرمۇ مۇنچىلىك جەبىر - زۇلۇمنى ئۆز ئېلىگە راۋا كۆرمەس! ھازىر يۈرتتىن تەۋپىق - ئىنساپ كۆتۈرۈلگەن! شەرىئەت خارلانغان! بىز خانىۋەيران بولدۇق! — دەپ بىر مويسىپىت دېھقان يىغلامسىراپ شىكايەت قىلماقتا ئىدى.

— بىزگە بۈگۈن ئېنىق جاۋاب بەرسۇن! بولمىسا بۇ لەنىتى مەنچىڭلار ئۇۋىسىنى پاچاقلاپ، كۆكۇم ـ تالقان قىلىپ تاشلايمىز! — چۇقان كۆتۈردى يەنە بىر جۇل ـ جۇل كىيىملىك، تەرى تۇرۇك دېهقان قەھرى بىلەن.

— ئېنىق جاۋاب بەرسۇن! «تۇڭچى هازىرنىڭ ئۆزىدە ئالدىمىزغا چىقىپ بىر ـ بىرلەپ هېساب بەرسۇن! ئامبىلىدىن تۇڭچىسى يامان» دېگەن شۇمۇ؟ دېيەك ـ ماتانى يەنە كۆپەيتىپ ئالامدىكەن — يوق؟ ئەگەر يەنە كۆپەيتىدىغان بولسا كۆزىگە كۆرسىتىمىز! . . .

بۇ چاغدا، ئېگىز بويلۇق، تەمبەل، چوڭ ياشلىق بىر كىشى پەشتاق ئۈستىگە چىقتى ۋە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشىپ چۇقان كۆتۈرۈشۈۋاتقان ئالامانغا قاراپ قولىنى ئېگىز كۆتۈردى:

— قېرىنداشلار، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭلار! يېتەر بىزگە ئەمدى بۇ خورلۇق! بىز ئەمدى لەنىتى مەنچىڭلارغا زاكات تۆلىمەيمىز! ئۇلار بىزنىڭ قان ـ تەرىمىزنى قۇرۇتۇپ، يىلىكىمىزنى شوراپ تۈگەتتى! بىز بۇ ئىنساپسىزلارنىڭ ئۇۋىسىنى پاچاقلاپ تاشلىشىمىز لازىم! نىياز بەگ بايا ماڭا ئېيتتى: مانجۇ خانىنى غال ـ غال تىترەتكەن جوڭغارىيە تۆرىسى ئامۇرسەنا لەشكەر باشلاپ كېلىپ، ئۇچتۇرپان شەھىرىنى پەتهى قىلىپتۇدەك. ئۇزاققا قالماي بىزنىڭ بۇ يەرلەرگىمۇ يېتىپ كەلگۇدەك. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئاغۇ، تېرىم، ئوپال قاتارلىق يۇرت ـ ئايماقلاردىكى قېرىنداشلىرىمىزمۇ قوزغالدى!

— قېنى ئېيتىڭ! مەهرەم شاڭبېگى، — دېدى توپنىڭ ئىچىدىكى بىرەيلەن، — بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

— نىياز بەگ، سىز بىر بۆلۈك ئادەملەر بىلەن ساقچىخانىنىڭ ئىشىكىنى بۇزۇڭ! نايناق خوجا، سىز بىر قىسىم ئالامانىنى باشلاپ ساقچىخانىنىڭ كەينى تەرىپىگە ئۆتۈڭ — دە، لەنىتى مەنچىڭلارنى ئارقا تەرەپتىن توسۇپ تۇرۇڭ. مانجۇلار

يوقىرادىن يىغىۋالغان زاكاتلارنىڭ ھەممىسى ساقچىخانا ئىچىدە، بىز باستۇرۇپ كىرىپ، ھالال ـ مېھنەت تەرىمىز بەدىلىگە كەلگەن ئاشلىقىمىزنى قايتۇرۇۋالايلى!

— بىز تەييار! — دەپ جاۋاب بېرىشتى نىياز بەگ بىلەن نايناق خوجا تەڭلا. ئاندىن ئۇلار ھەرقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ئالامانلىرىنى توۋلاشتى.

— قېنى، پەيزاۋاتلىق ئوغلانلار، مېنىڭ ئارقامدىن مېڭىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى پەيزاۋات ھاكىمى نىياز بەگ قولىنى شىلتىپ. بىر بۆلۈك كىشىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن گۇرۇلدىشىپ مېڭىشتى.

ئاغۇ كەنتىنىڭ بېگى نايناق خوجا:

— ئاتۇشلۇقلار قولۇڭلارغا تاياق ـ توقماق، تاشلارنى ئېلىپ، ئارقامدىن مېڭىڭلار! — دېگىنىچە ئاتۇشلۇقلارنى باشلاپ بەشكېرەم ساقچىخانىسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە قاراپ ماڭدى.

بەشكېرەمنىڭ شاڭبېگى مەھرەمبەگ بۇ چاغدا «قېرىنداشلار! ئالغا!» دەپ بىر چاقىرىق قىلىۋىدى، غەزەپلەنگەن يوقىرالار خۇددى كۈچلۈك شامالدا قوزغالغان سۇ دولقۇنىدەك بىردىنلا قوزغالدى. ھېچكىممۇ بۇ دەھشەتلىك سۇ دولقۇنىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشقا ئۇرۇنۇپمۇ چەتكە ئالالمىدى. ساقچىخانىنىڭ قارا ئىشىكى ئالدىدا دەھشەتلىك قىقاس ـ چۇقان، ئۇر ـ يىقىت باشلاندى. ئۇلار ساقچىخانا ئالدىدا تۇرۇپ ئالامانغا نەسىھەت قىلىۋاتقان سايىت تۇڭچى بىلەن پاششاپبېگى قادىر دوزاقنى ئۇرۇپ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا دەسسەپ ـ چەيلەپ يەرگە چاپلىۋەتتى. ئالامانىڭ بۇرنىغا قان پۇرىقى پۇرىدى، كۆزى قانغا تولدى.

بىردەمنىڭ ئىچىدە غەزەپلەنگەن ئالامان قاتتىق چۇقان ـ سۈرەن بىلەن خۇددى دەۋرەپ كەلگەن كەلكۈن سۈيىدەك مانجۇلارنىڭ بەشكېرەم ساقچىخانىسىنىڭ قارا ئىشىكىنى لىم

ياغاچ بىلەن ئۇرۇپ چىقىپ تاشلىدى ـ دە، سەينا ئىچىگە دەۋرەپ بېسىپ كىرىشتى. ۋەھشىيلەشكەن كىشىلەر قىقاس بىلەن مانجۇلارغا يېپىلدى. مانجۇ ساقچى ئەمەلدارلىرى دېرىزىدىن ئۆزلىرىنى ئارقا تەرەپتىكى باغ ئىچىگە تاشلىشىپ، دەرەخلىك ئىچىگە يوگۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ۋىژىلداپ تاشلار ئېتىلدى. بىر تاش تولۇم چاشقاندەك سەمرىگەن بىر مانجۇ ئەمەلدارىغا تېگىپ، ئۇنىڭ بېشىنى يېرىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى دىڭ قالپىقى ئۇچۇپ نەلەرگىدۇر بېرىپ چۈشتى. ئۇ بىر سەنتۇرۇلۇپ بېشىنى تۇتتى، ئۇنىڭ ئۇزۇن چاچ قويۇلغان بېشى قىپقىزىل قانغا بويالغانىدى. ئادەملەرنىڭ ۋارقىراش ـ جارقىراشلىرى ئىچىدە تاش بوران قىلىنغان بۇ مانجۇ ئەمەلدارلىرى يىقىلىپ ـ قوپۇپ مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ ئىچىگە قېچىپ كىرگەن بولسىمۇ ئەمما ئالامانلار ئۇلارنى ئانارلارنىڭ ئارىسىدىن، شاپتۇللارنىڭ ئاستىدىن، ئۈزۈملەرنىڭ تېگىدىن سۆرەپ ئاچىقىپ، ئۇرۇپ ئەبجىقىنى چىقاردى...

كەچكە يېقىن، بەشكېرەم ساقچىخانىسى پاچاقلاپ تاشلاندى. ساقچىخانىدىكى مانجۇلارنىڭ ئۆلىدىغىنى ئۆلۈپ، يارىدار بولىدىغىنى يارىدار بولۇپ، قاچىدىغىنى قېچىپ تۈگىدى! مانجۇلارنىڭ زۇلمىغا چىدىيالماي، بەشكېرەمدىكى يىگىرمە كەنتتىن قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن قوزغىلاڭچىلار مەھرەمبەگ، نىياز بەگ ۋە نايناق خوجىلارنىڭ يولباشچىلىقىدا باشقا جايلاردىكى مانجۇ ساقچىخانىلىرىغا تېگىش قىلماقچى بولۇشۇپ، قوللىرىغا ئارا ـ گۈرجەك، پالتا ـ كەتمەن، توقماق ـ سويلىلىرىنى ئېلىشىپ قەھرىلەنگەن هالدا مېڭىشتى. مىلادى 1760 ـ يىلى قەمەرىيە 6 ـ، 7 ـ ئايلاردا بەشكېرەمدە قوزغالغان بۇ قوزغىلاڭ ئاستا ـ

ئاستا مۇلكىي قـەشقـەرىيـــدىكـــى بـاشقا يۇرتلارغا قاراپ كېڭـىيىشكە باشلىدى...

نەزمە

گەر پالاكەت كەلسە خەلقتىن رەنجىمە،
جەبر ـ راھەتنى پەقەت خەلقتىن دىمە.
دوستۇ ـ دۇشمەن زىددىنى ھەقتىن دىگىن،
ئىككى ياقنىڭ كۆڭلى چىقماس ھۆكۇمىدىن.
چىقسىمۇ ئوق گەر كامانچە ئىچىدىن،
ئەقلى بار ئادەم بىلۇر ئوقياچىدىن.

— شەيخ سەئىدى

# ئون ئىككىنچى باب

## «ئامبال خوجام سورايدۇ سىپىل سوققانلار نەلىك؟»

«سىز قانداق بولسىڭىز، سىزگە شۇنداق هۆكۈمدارلار كېلىدۇ!»

— «جەۋامىئۇلكەرىم»

**مىلادى** 1763 ـ يىلى (قوي يىلى) ياز. ئىلى ۋادىسىدا سان ـ ساناقسىز غول ـ تارامىلار بار. بۇ غول ـ تارامىلار ياقىسىدا قاتار ـ قاتار كەتكەن تارانچى مەھەللىلىرى خۇددى يىپقا تىزىلغان مارجان كەبى سەپ تارتقانىدى. بۇ مەھەللىلەر يەنە ئېرىق ـ ئۆستەڭلەر ئارقىلىق موغايتۇ، ياماتۇ، نىلقا، بالتوقاي، قاش، بورابوسۇن، قاينۇق، خۇنۇخاي، داردامتۇ، توققۇز تارا، ئارا بوز، بايانداي قاتارلىق تارانچى يېزىلىرىغا پارچە ـ پارچە بۆلۈپ تاشلانغانىدى. بۇ زېمىن گۈزەللىكتە يېگانە، ئاب ـ هاۋاسى دۇنيادا تەڭداشسىز بولۇپ، خۇددى بىر شائىر ئۆز شېئىرىدا: «جاهاندا كۆرمىگەن بولغاي كىشى هەرگىز بۇدەك يۇرتنى» دەپ يازغىنىدەك بىر گۆهەر زېمىن ئىدى. قەدىمكى تۇرانلارنىڭ[1] ئانا

[1] تۇرانلار ـ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەجدادلىرى. ئۇلار تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە ياشىغانىدى.

www.uyghurkitap.com

ماكانى بولغان بۇ ئىلى ئۆلكىسى ئىلگىرىكى زامانلاردا ئۆزىنىڭ بايلىقىنىڭ مولluقى، ئۆلكە يېرىنىڭ كەڭلىكى، تۇپرىقىنىڭ مۇنبەت، مەھسۇلاتىنىڭ كۆپلۈكى، چەكسىز سوزۇلغان تاغ - ئېدىرلىرى تۈرلۈك - تۈرلۈك مەدەنلەرگە باي ئىكەنلىكى، تاشكۆمۈرنىڭ تولا ۋە سۈپەتلىكلىكى، ھاۋاسىنىڭ ئوبدانلىقى بىلەن «جەننەتتۇل ماكان» دەپ شۆھرەتلەنگەنلىكىنى ئاتا - بوۋىلار ئەۋلادلىرىغا سۆزلەپ بەرگەن. بۇ زېمىننىڭ تۇپرىقى خۇددى قايماقتەك مۇنبەت بولغانلىقتىن، ئازراق ئەجىر سىڭدۈرسىلا ناھايىتى جىق ھوسۇل بېرەتتى. توقايلىقلاردا ئوت - چۆپلەر شۇنداق ئېگىز ۋە بولۇق ئۆسەتتىكى، ھەتتا ئەڭ يوغان تارانچى ئۆكۈزىنىڭ مۈڭگۈزىنى بۇ ئوت چۆپلەر ئىچىدە يىراقتىن ئاران ئىلغا قىلىش مۇمكىن ئىدى. بۇ مەنزىرە كىشىنىڭ ئېسىگە قەدىمكى مەشھۇر «تۇران قوشىقى»نى سالماي تۇرالمايتتى:

تۇران دەرياسى چوغاي[1] تېغىنىڭ،
باغرىنى بويلاپ ئويناپ ئاقىدۇ.
ئاسمان گۈمبىزى بارگاھسىمان،
چەكسىز دالانى قاپلاپ ياتىدۇ.

كۆرۈنەر كۆپكۈك پايانسىز ئاسمان،
دالىدا كەڭرى كۆز سالساڭ قايان.
ئەسكەندە شامال، ئوتلار ئەگسە باش،
سانسىز قوي، كالا بولىدۇ ئايان.

قەدىمكى زاماندا مىڭلاق ئېلى دەپ ئاتالغان بۇ ئىلى ۋادىسى ئۈستىدە ياز شاملى ھېلىدىن - ھېلىغا قۇياش نۇرىنى

---

① چوغاي تاغلىرى - تەڭرىتاغلىرىنىڭ تارىختىكى ناملىرىنىڭ بىرى.

توسۇۋېلىپ، زېمىنغا كۆز يېشىنى تەكشى سېپىپ تۇرىدىغان يىغلاڭغۇ بۇلۇتلارنى سۈرۈپ يىراقلارغا ئېلىپ كېتەتتى. بىنەم - ئېتىزلاردا پات - پات ئۇنتۇلۇپ قېلىنىدىغان ساپان - بوقۇسا ياكى كەتمەن - ئاماچلار ئۆچ - تۆت كۈنلا تالادا قالسا، هۆل - يېغىننىڭ شاراپىتىدە يەردىن بولۇق ئۆسۈپ چىققان قېلىن كۆكاتلارنىڭ ئاستىدا كۆرۈنمەي قالاتتى. بالتوقايدا ھەسەل ھەرىلىرى شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، ھەرىلەر غول ياقىسىدىكى ئاق تېرەك، قېيىن ۋە قارا ياغاچلارنىڭ كاۋاكلىرىغا سىڭىشماستىن، شاخلىرىغا، يوپۇرماقلىرىغا، ھەتتا يەرنىڭ ئۆزىگە توپلىشىپ ھەسەل سېلىشاتتى. شۇنداقمۇ بولاتتىكى، بۇ دەرەخلەرنىڭ ئاستىدىن ئۆتۈپ قالغان ئادەمنىڭ ئۈستىۋېشى ھەسەل بىلەن ھۆل بولاتتى. ئايىغى ئاستىدا ئېقىپ تۇرغان ساپسېرىق بال - ھەسەللەر ئەتراپقا چاچراپ كېتەتتى. شۇڭا، بۇ يەرنىڭ نامىمۇ شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا «بال توقاي» دېيىلەتتى. قەدىمكى زاماندا «ئۇيغۇر ئېلىنىڭ جەيھۇنى» دەپ ئاتىلىدىغان ئەزىم دەريا — ئىلى دەرياسى قىرغاقلىرىنى بويلاپ ھېچقانداق پەرۋىشسىز ئۆسۈشكەن مېۋىلىك دەرەخلەردە تاتلىق ئۈزۈملەر، تەبىئىي ئۆرۈكلەر، ياۋا ئالمىلار ۋە قارىئۆرۈكلەر پىشىپ مەي باغلىشىپ كېتىشەتتى. . .

يانلىرىغا ئېسىۋالغان قورال - ياراغلىرىنى جاراقشىتىپ، تارانچى مەھەللىرىنى چارلاشقا چىقىشقان مانجۇ ئاتلىقلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ يەردە زادىلا ئۇرۇش بولۇپ باقمىغاندەك ۋە بۇ زېمىن ئەزەلدىن ئۇرۇش ئوتلىرى ئىچىدە ۋەيران قىلىنمىغاندەك ئاسايىشلىق ئىچىگە چۈمگەنىدى. . .

بىراق يېقىندىن بۇيان، ئىلىنىڭ ھاكىمبېگى مۇسا گۇڭنىڭ ئوردىسىدىن چىققان جارچىلارنىڭ جار سالغان ئاۋازلىرى بۇ يەرنىڭ ئاسايىشلىقىنى بۇزۇپ تاشلىغانىدى!

«. . . ئەيىۇھەنناس، ئىشىتىڭلار ئامۇ - خاس! خاقانى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چىنىنىڭ پەرمانى شۇدۇركى، يۇرت بېگى، مىڭبېگى، تۈمەنبېشى، مىڭبېشى، يۈزبېشى، ئونبېشى، كۆكبېشى، قاپبېشى قاتارلىقلارغا، چوڭ ـ كىچىك، ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ھەممە تارانچىلار ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار، ھازىردىن باشلاپ بالتوقايغا سېپىل سوقۇشقا چىقىسىلەر! شۇ ۋەجىدىن، ھەممەيلەن ئىلى جاڭجۇنى مىڭرۇي دارېنىنىڭ پەرمانىغا، ھاكىمبەگ مۇسا گۇڭنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن سېپىل ھاشىرىغا بېرىپ ئىشلىسۇن! مۇشۇ يارلىقنى ئاڭلىغان بەگ ـ بىگاتلار ئۆز يۇزلۇكىدىكى تارانچىلارنى ئەر ـ ئايال، چوڭ ـ كىچىك دېمەستىن بىردىن كەتمەن، بىردىن زەمبىل، بىردىن قاپ، ئوزۇق ـ تالقان، چويۇن ـ داڭقان، كىگىز ـ يوتقان قاتارلىق نەرسە ـ كېرەكلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ بالتوقايغا تېزدىن باشلاپ كەلسۇن! ئۇلار غۇلجا سېپىلىنى سوقۇپ، شەھەر سېلىپ قايتسۇن! مۇبادا، بۇ ئىشقا ئىلمانلىق ـ سۇستلۇق كۆرسىتىپ، ھايال بولغۇچىلار ۋە ياكى ھورۇن، يالقاۋلىق قىلغۇچىلار كۆرۈلسە قاتتىق جازاسىنى تارتسۇن! گۇناھى ھەرگىز كەچۈرۈلمىسۇن! خاقانى چىنىنىڭ پەرمانى شۇلدۇر! ئەيىۇھەنناس! ئىشىتىڭلار ئامۇ ـ خاس! . . . »

ئۇزاق ئۆتمەيلا ھەرقايسى تارانچى مەھەللىرىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىدىن دېگۇدەك يىغا ـ زار ئاۋازلىرى چىقىشقا باشلىدى. ئادەملەر پايپېتەك بولۇشۇپ يۇگۇرۇشۇپ يۇرۇشەتتى. ئاتلىق دورغىلار قامچىلىرى بىلەن كىشىلەرنى ئۇرۇپ، سېپىل ھاشىرىغا تۇتۇلغانلارنى ھەيدىشىپ، چېپىپ يۇرۇشەتتى. بالىلار يىغلىشاتتى. ئىتلار ھاۋشىشاتتى.

توساتتىن بىر ۋەيرانە ئۆي ئىچىدىن بىر خوتۇن ئېتىلىپ چىقتى ـ دە، بالىسىنى سېپىل ھاشىرىغا ھەيدەپ كېتىۋاتقان ئاتلىقلار تەرىپىگە يۇگۇرۇپ كەلدى. ئۇ باش دورغىنىڭ ئېتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يىقىلدى.

— رەھىمدىل دورغام، چىرايلىق دورغام، — دەپ يىغلاشقا باشلىدى ھېلىقى خوتۇن باش دورغىنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىگە ئېسىلىپ، — سۆڭىكى قاتمىغان بالامنىڭ ئورنىغا مەنلا باراي!

ھېلىقى خوتۇن تىزلاندى ۋە يېلىنغان ھالدا دۇئاغا كۆتۈرىدىغان قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈردى. ئۇنىڭ بىر قولى بېغىشىدىن يوق ئىدى. خوتۇننىڭ بىر قولىنىڭ بېغىشىدىن يوق ئىكەنلىكىنى كۆرگەن باش دورغا:

— ھە، سەن ئىسيانچى خوجا جاھاننىڭ ساقىندىلىرىدىن ئىكەنسەن - دە! — دەپ قولىدىكى سىم قامچىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ھېلىقى خوتۇننىڭ بېشىغا ئۇردى ۋە، — بىزدە خاقانى چىندىن پەرمان بار! ئىسيانچىلارنىڭ ئۇرۇق - ئەۋلادىنى توققۇز جەمەتىگە قەدەر تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، يىلتىزىنى قۇرۇتىمىز! ئېيتە، سەن ئۆزۈڭ كىمسەن؟!

— ۋاي ئىلتىپاتلىق خوجام، رەھىم قىلسىلا، — دەپ زار - زار قاقشىدى ھېلىقى خوتۇن بېشىغا تەگكەن قامچا ئازابىدا نەچچە تولغىنىپ، — مەن ئانامنىڭ قورسىقىدىن چۈشكەندىلا مۇشۇنداق بىر قولۇم يوق تۇغۇلغانىكەنمەن. ئىسيانچى دېگەن گەپنى ئەمدى ئاڭلاۋاتىمەن!

— ئۇنداق بولسا ئوغلۇڭنى نېمىشقا سىپىل ھاشىرىغا ئەۋەتمەيسەن؟

— خۇدا ھەققى، ئالدىنقى يىلى ئوغلۇمنىڭ ئاتىسىنى كېزىك بولۇپ يېتىپ قالغىنىغا قارىماستىن تەلكە سىپىلىنىڭ ھاشىرىغا ھەيدەپ كېتىشتى. ھالا بۈگۈن ئوغلۇمنىمۇ بالتوقاي سىپىلىنىڭ ھاشىرىغا ھەيدەپ ماڭدىڭلار. ئۇ تېخى كىچىك، ئۇن ياشقىمۇ تولغىنى يوققۇ؟ ھىمايە قىلىڭ، دورغام! سىزنىڭمۇ كىچىك بالىڭىز باردۇر. خۇدا ھەققى رەھىم قىلىڭ!

بۇ چاغدا تاقەتسىزلەنگەن ھېلىقى دورغا ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋېرىشنى خالىمىدى - دە:

www.uyghurkitap.com

— يوقال، ئالدىمنى توسما، بولمىسا تىرەڭنى تەتۈر شىلىمەن! — دەپ دوق قىلدى ۋە ئېتىنى چاپچىتىپ توپا توزۇتقىنىچە ھېلىقى خوتۇننى ئاتقا دەسسىتىپ ئۆتۈپ كەتتى. ھېلىقى خوتۇن جان ئاچچىقىدا بىر ۋارقىرىدى ـ دە، مىدىر ـ سىدىر قىلماي سۇنايلىنىپ يېتىپ قالدى...

*　　　*　　　*

خاقانى چىننىڭ پەرمانى بويىچە ئىلى دىيارىغا ئەھيا قىلدۇرۇلۇۋاتقان توققۇز كۆرەنىڭ ئىچىدىكى غۇلجا كۆرەسى نىمشقىدۇر پات پۈتمەي ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندى. چەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلى① ئەتىيازدا، مىڭرۇي خاقانى چىننىڭ مانجۇ قىسىملىرى ساقلاۋاتقان ھەرقايسى جايلارنىڭ مۇداپىئەسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن سېپىل سوقۇپ، قەلئە سېلىش ھەققىدىكى پەرماننى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئىلىدىكى ئۇيغۇرلارغا سېپىل سوقۇش ئالۋىڭى سېلىپ، تارانچىلاردىن ھاشار تۇتۇپ، تەلكە، سۈيدۈڭ، غۇلجا، كۆرە ۋە بايانداي قاتارلىق بەش كۆرەنى تېز ياساپ پۈتتۈرۈشكە بەل باغلىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ كۆرەلەرنىڭ ئىچىدە تەلكە، سۈيدۈڭ، بايانداي ۋە كۆرە قاتارلىق تۆت ئورۇندىكى قەلئەلەر پۈتۈپ، مانجۇ مەمۇرلىرى كىرىپ ئورۇنلاشتى. ئەمما، مىلادى 1762 ـ يىلىدىن باشلاپ بالتوقايغا سېلىنىۋاتقان غۇلجا كۆرەسىلا ئۈچ يىلدىن بېرى ئۇدا سوقۇلۇۋاتقان بولسىمۇ، پۈتمەي ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېتىۋاتقانىدى. خاقانى چىندىن غۇلجا كۆرەسىنى تېز پۈتتۈرۈش ھەققىدە سۈيلەپ پات ـ پات پەرمان كېلىپ تۇراتتى. ئەلھال، چەنلۇڭنىڭ 29 ـ يىلى كىرىپ، يىل يېرىملىشاي دەپ قالغان

① مىلادى 1761 ـ يىلى.

بولسىمۇ ئەمما غۇلجا قەلئەسىنىڭ سېپىلى تېخى يېرىملىشايمۇ دېمىگەنىدى. شۇڭا، ئىلى جاڭجۈنى مىڭرۈي ئىلىنىڭ ھاكىمبېگى، 3 ـ دەرىجىلىك جاساق بەگ مۇساگۇڭنى ئۆزىنىڭ كۆرەدىكى ئازادە خابگاھىغا ئالاھىدە چىللاتقۇزدى ۋە ئۇنىڭ بىلەن غۇلجا سېپىلى ھەققىدە مەخسۇس سۆھبەتلەشمەكچى بولۇپ مول داستىخان راسلىدى.

ئىلى جاڭجۈنى مىڭرۈينىڭ مۇساگۇڭغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ كېتىشىدىكى سەۋەب ئۇنى ئۆزىنىڭ مۇددىئا ـ مەقسىتىنى چۈشىنىدىغان ئادەم، دەپ قارىغانلىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنى خاقانى چىنىنىڭ سەلتەنەت ئىشلىرىغا ئالاھىدە سادىق ئادەم، دەپ بىلگەنلىكىدە ئىدى. شۇڭا ئۇ دائىم ئۆزىنىڭ مانجۇلىرىغا: «مۇسا گۇڭدەك ئادەملەر چەنتۇلار ئىچىدە كۆپ ئەمەس! » دەيتتى. چەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى مۇسا گۇڭ خاقانى چىنىنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن يېڭىساردا: «چەنتۇلارغا نەسىھەت قىلىپ، ئۇلارنى خاقانى چىنىنىڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلغۇچى قوشۇنلىرىنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن تېرىقچىلىق قىلىشقا كۆندۈرگەن» ئىدى. خان ئامبال ياڭ يىڭخۈي ئۇنىڭ بۇ تۆھپىسىنى خانغا مەلۇم قىلغاندا، چەنلۇڭ ئۇنىڭدىن بەك خۇرسەن بولۇپ، «مۇسا — ئىمىن خوجىنىڭ ئوغلى، — دېگەنىدى، — ئۇ سەلتەنىتىمىزنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرى ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىمەكتە. يېقىندا يۈسۈپ خوجىنىڭ ئىنىسى ئابدۇللانى ئۈچتۇرپان ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىدۇق. ئەسلىدە مەزكۇر مۇسانىمۇ شۇنداق ئورۇنغا قويۇش لازىم ئىدى. ئەپسۇسكى، سۈرۈشتۈرگۈدەك بولساق، ھازىر ئۇنداق بوش ئورۇن يوق ئىكەن. شۇڭا، قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى شۇ خېدېغا جەنۇبتىكى مۇسۇلمان شەھەرلىرىنىڭ ئىچىدە تېخىچە ھاكىمبەگ قويۇلمىغان شەھەرلەر بولسا مۇسانى خىزمەتكە قويۇش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

هەققىدە بىرگە مەلۇم قىلسۇن، دەپ پەرمان چۈشۈردۇق!»①

بىر قېتىم، ئىلى جاڭجۈنى كۈرەدە غۇلجا سېپىلىنى سوقۇش مەسىلىسىنى مۇھاكىمە قىلىش ھەققىدە كېڭەش چاقىردى. بۇ كېڭەشكە مۇساگۇڭمۇ داخىل بولغانىدى. ئىلى جاڭجۈنى مىڭرۇي تازا مۇھىم سۆز قىلىۋاتقان چاغدا، بىر چايان مۇساگۇڭنىڭ تونى ئىچىگە كىرىۋېلىپ، ئۆمىلەپ ئۇنىڭ بويىنىغا چىقتى. ئۇ چاياننى چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولۇپ بويىنىنى سىلكىۋىدى، چايان ئۇنىڭ گۆشلۈك بويىنىغا زەھەرلىك نەشتىرىنى تارىسىدە ئۇردى. مۇساگۇڭنىڭ پۈتۈن ئەزايىغا شۇنداق بىر قاتتىق ئاچچىق كىرىپ كەتتىكى، ئاغرىقتا چىدىيالماي ھوشىدىن كېتىشكە تاس قالدى. ئەمما، ئۇ شۇ قەدەر چىدام ۋە سەۋر - تاقەت كۆرسىتىپ، چىرايىنى ئازراقمۇ ئۆزگەرتمەستىن تاكى كېڭەش تۈگىگىچە قىمىرلىماستىن ئولتۇردى. بۇ ئىشنى كۆزىتىپ ئولتۇرغان ئىلى جاڭجۈنى مىڭرۇي تەئەججۈپ بىلەن ئۇنىڭدىن بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سورىدى:

— چاياننىڭ زەھىرى ئىنسان ئۈچۈن تولىمۇ زىيانلىق. شۇنداق ئىكەن دارىن، سىز نېمە ئۈچۈن چاياننى بويىنىڭىزدىن ئېلىپ تاشلىماي، ئازابقا بەرداشلىق بېرىپ ئولتۇردىڭىز؟

— جاڭجۈن دارىنغا مەلۇم بولغايكىم، — دېدى مۇساگۇڭ ئورنىدىن تۇرۇپ قۇللۇق بىلدۈرۈپ، — قۇللىرى خاقانى چىنىنىڭ ئۆزلىرىدەك كاتتا كىشىلىرىنىڭ خىزمەت ۋە سۆھبەت دىققىتىنى نەدىكى ئەرزىمەس بىر پەررەندىنىڭ ماڭا نەشتەر ئۇرۇشى بىلەن بۇزۇپ تاشلىسام بولمايتتى. چۈنكى، مۇبادا بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق مۇھىم كېڭەشتە چاياننىڭ چېقىشىغا بەرداشلىق بېرەلمىسەم، كەلگۈسىدە قانداقمۇ ئۇلۇغ خاقانى ئۈچۈن ئىت بولۇپ ئۆمۈلەي، ئات بولۇپ چاپاي؟!

① «يۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا پۈتۈلگەن ئوردا خاتىرىلىرى»، 610 - جىلد، چەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى 4 - ئاينىڭ 6 - كۈنى.

شۇ چاغدا ئىلى جاڭجۇنى مىڭرۇي مۇسا گۇڭنىڭ بۇ جاۋابىغا ئاپىرىن دېمەكتىن باشقا گەپ تاپالمىغانىدى. شۇڭا، بۇ ئىشنى دەرھال خاقانى چىن چەنلۇڭغا ئۆز ئەينى بويىچە مەلۇم قىلىۋىدى، چەنلۇڭ مۇساگۇڭدىن ئاۋۋالقىدىنمۇ بەكرەك خۇرسەن بولدى، ئۇنى ئۆزىنىڭ توپ تۆرىلىرىنىڭ قاتارىغا ئېلىپ، ئەركانبەگلىك مەرتىۋىسى بىلەن تارتۇقلىدى ۋە ئۇنى رەسمىي تۇردە ئۇچىنچى دەرىجىلىك دۆلەت خىزمەتچىسى دەپ ئەنگە ئېلىپ، ئىلىنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە تەيىنلىگەنلىكى ھەققىدە يارلىق چۈشۈردى[①].

ئۇنىڭ ئىلىنىڭ ھاكىمبېگى بولغانلىقىنى ئاتىسى ئىمىن خوجىنىڭ شاراپىتىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايتتى ـ ئەلۋەتتە. بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن، مۇساگۇڭ ئاتىسى ئىمىن خوجا بىلەن بىللە خاقانى قوشۇنلىرىنى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ مۇسۇلمان شەھەرلىرىگە باشلاپ ماڭغاندا، ئاتىسى كىشىلىك تۇرمۇشتىكى نۇرغۇن مۇرەككەپ، چىگىش سىرلارنى ئاددىي، ئەمما چۈشىنىشلىك سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەنىدى:

«. . . ئوغلۇم، سەن بىلەن ئاتاڭ — مەن ئىككىمىز ھازىر بېلىمىزگە مانجۇ تائىپىسىگە ئىتائەت كەمىرىنى باغلىدۇق، — دېگەنىدى ئاتىسى ئۇنىڭغا، — بۇنىڭدىن مەقسەت بىرلا! ئۇ بولسىمۇ ئالتىشەھەر ھۆدۈتلۇقىنىڭ ئەمىرلىكىنى قولىمىزغا ئېلىپ، بىيىپ دەۋران سۈرۈشتۇر! ئىلگىرى جوڭغارلارغا تايىنىپ يېتەلمىگەن بۇ مەقسىتىمىزگە ئېھتىمال مانجۇ تائىپىلىرىگە تايىنىپ يېتۇرمىز! ئالتىشەھەرلىكلەر بىز تۇرپان ـ توقسۇن ئەھلىنى ئەزەلدىن كۆزگە ئىلماي كەلگەن! ئۇلارنىڭ بىز تۇرپان ـ توقسۇن ئەھلىنى: ‹توقسۇنلۇقتىن توڭگۇز ياخشى، بالىسىدىن قوڭغۇز ياخشى! › دەپ مازاق

---

① بۇ ھەقتە تەپسىلاتلار ئۇچۇن «بۇيۇك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا پۈتۈلگەن ئوردا خاتىرىلىرى» ، 627 ـ جىلد، چەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىكى يارلىقىغا قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىدىغانلىقى ئېسىڭدىمۇ؟ شۇڭا، بىز مۇشۇ پۇرسەتتە ئالتىشەھەردە مانجۇ تائىپىسى ئۇچۇن ئىت بولۇپ چىشلەپ، ئېشەك بولۇپ ئىشلەپ، ئات بولۇپ چېپىپ، ئەجىر - مېھنەت كۆرسەتمىكىمىز لازىمدۇر! ئوغلۇم، دائىم ئېھتىيات قىلغايسەن، بىز خىزمەت قىلىۋاتقان ئۇل مانجۇ تائىپىلىرى جۇڭغارلاردىنمۇ خۇيى ئەسكى بىر قوۋمدۇر! ھەرگىز ئۇلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويغۇچى بولما. ھەر سائەت، ھەر مىنۇتتا ئامبال دارېنىنىڭ كۆڭلىدىكىنى تېپىشقا تىرىش! ئامبال دارېنىنىڭ خۇلقىدىكى نېمىنىڭ ياقمايدىغانلىقى توغرىسىدىكى سۆزلەرنى چاندۇرماستىن ئاستا، يەنى جۇرئەتنى ياۋاشلىقتەك قىلىپ كۆرسىتىپ ئېيتىش كېرەك. ئەگەر ئامبال دارېن كۇپكۇندۇزدىلا ‹ھازىر قاپقاراڭغۇ› دېسە، سەن بۇنى ھەئە، دەپ تەستىقلاپ، بەلكى يەنە بۇنىڭغا: ‹ئەنە يۇلتۇزلارمۇ پارقىراپ تۇرىدۇ!› دەپ قوشۇپ قويغىن، شۇنداق قىلساڭ، ئاندىن مانجۇ تائىپىلىرىنىڭ كۇتكەن يېرىدىن چىقالايسەن!..»

دېمىسىمۇ، مۇساگۇڭ سىرتتىن قارىسا مۇلايىمدەك قىلغىنى بىلەن، ئۇنىڭ ئىچى قارا، ئۆزى تۈلكىدەك قۇۋ، كۆرۈنۈشى ياۋاش ئەمما ئىچى كارامەت زەھەر خۇشامەتچى بىر ئادەم ئىدى. ئۇ ئىستىبداتلىق ھەرقانداق بىر ئادەمگە ئاداۋەت - خۇسۇمەت نەزەرى بىلەن قارايتتى. ئۇ ۋىجدانلىق ئادەملەرنىڭ قولىنى قىزغىنلىق بىلەن سىقىپ، مۇرىلىرىگە ماختاپ ئۇرۇپ قوياتتى-يۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قولىنى كېسىۋېتىش توغرىسىدا خىيال قىلاتتى...

*　　　　*　　　　*

ھۆرمەتلىك كىتابخان، خاقانى چىنىنىڭ سېپىل سوقۇپ، قەلئە سېلىش ھەققىدە پەرمان چۇشۇرۇشىگە نېمە سەۋەبچى

بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن گەپنى يەنە باشتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

*　　　*　　　*

شاھ سانىيەنىڭ خابگاھىدا ئانا ـ بالا ئوتتۇرىسىدا بولغان ئاشۇ بىر قېتىملىق سۆھبەتتىن كېيىن چەنلۇڭ ئىسپارخان تۇرۇشلۇق گۆھەرشاد بېغىدىكى ئەيش ـ ئىشرەت سورۇنىدىن ئۆزىنى بىر مەھەل تارتىپ يۈردى. بۇگۈن شاھىنشىندىكى ئەتىگەنلىك قوبۇل مۇراسىمى ئەمدىلا باشلاندى. چەنلۇڭ ئالتۇن تەخت ئۈستىدە ئەسنەپ ئولتۇراتتى. ئۇ كېچە جەنۇبتىكى بەدەۋىلەر قوۋمىنىڭ ئاقساقىلى ئۆزىگە تارتۇق قىلغان ياۋايى قىز بىلەن مەشغۇل بولۇپ، تولىمۇ كەچ ياتقانىدى. قارا دىۋاندىكىلەر ئۇنىڭغا سۇنغان قاتلاق مەكتۇپلارنىڭ ھېچقايىسىسىنى ئېچىپمۇ باقمىغانىدى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تەشۋىشلىك خەۋەرلەر كېلىۋاتقانىدى. مەملىكەتتە ئاشكارا بولمىغان ئىسيانلار يەنە كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. بۇ ئىسيانلارنىڭ بىرى توختىسا يەنە بىرى كۆتۈرۈلۈپ، جاھان زادى تىنچىماي كېتىۋاتقانىدى. ئۇزاقتىن بۇيان ئەيش ـ ئىشرەتكە ۋە بەزمە ـ زىياپەتلەرگە ئادەتلىنىپ قالغان چەنلۇڭ سەلتەنەت ئىشلىرىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتكەنىدى. ئۇ ھەممە مۇشەققەتلىك پىكىرلەرنى ۋە سەلتەنەت ئىشلىرىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، پەقەت خۇشاللىق ئىچىدە ياشاشنىلا خالايتتى: «بىز جۇڭغارىيە بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيىنى تولۇق تەسەررۇپ قىلىپ، مانجۇ سەلتەنىتى ئۈچۈن ئەۋلادتىن ـ ئەۋلادقىچە تىللاردا داستان بولغۇدەك يۈكسەك شان ـ شەرەپلەرنى كەلتۈرمىدۇقمۇ؟ بىزدىن يەنە نېمىنى تەلەپ قىلىشىدىغاندۇ؟»

چەنلۇڭنىڭ خىيالى ئۈزۈلدى:

www.uyghurkitap.com

— پۇشتىپاناھ، چەنتۇلار يۇرتىدىن كەلگەن يېڭى خەۋەرلەردىن ئاگاھمۇسلى؟ — دەپ سورىدى دارىلئۇلۇمنىڭ باش مىرزىسى، قارا دىۋان ۋەزىرى خېشىن يەر سۈيۈپ تۇرۇپ.

— قانداق خەۋەرلەركەن ئۇ؟ — دەپ چىرايىنى تۇردى چەنلۇڭ.

— ئاگۇي دارىنىنىڭ قارا دىۋانغا يوللىغان مەلۇماتىغا قارىغاندا، — دېدى خېشىن بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي تۇرۇپ، — بەشكىرەمنىڭ شاڭبېگى مەھرەمبەگ بىلەن پەيزاۋاتنىڭ ھاكىمبېگى نىياز بەگ ئىككىسى گەدەنكەش چەنتۇلارنى مانجۇ سەلتەنىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قوزغاپ، پىتنە چىقىرىشىپتۇ ـ دەك، قەمەرىيە 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى پىتنىچى چەنتۇلار سەلتەنىتىمىزنىڭ بەشكىرەم ۋە كۆل تېرىمدىكى[①] ساقچىخانىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپتۇ. يەنە. . . — دەپ دۇدۇقلاپ توختاپ قالدى.

— يەنىچۇ، ھە يەنە نېمە ئىش يۈز بېرىپتۇ؟ دېمەمسەنۇي، كالۋا! — دەپ قەھىر قىلدى چەنلۇڭ تاقەتسىزلىنىپ.

قەمەرىيە 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، 7 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا ئاغۇ[②]نىڭ ھاكىمى ئايناق خوجا قارا دىگەن بىر گەدەنكەش بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۈچ مىڭدەك ئادەمنى باشلاپ غەلىيان چىقىرىپتۇ!

— قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى ئارغۇن نېمە ئىش قىلىپتۇ؟ قولىدا لەشكەر بولغاندىكىن باستۇرسا بولمامدۇ؟ — دەپ چالۋاقاپ تاشتى چەنلۇڭ.

— بۇ، بۇ. . . — قارا دىۋان ۋەزىرى خېشىن دودۇقلاپ تۇرۇپ قالدى.

— پۇشتىپاناھقا مەلۇم بولغايكىم، — دېدى

---

① كۆل تېرىم ـ ھازىرقى پەيزىۋات ناھىيىسىدىكى تېرىم يېزىسى.
② ئاغۇ ـ ھازىرقى ئاتۇشنىڭ ئاغۇ يېزىسىدا.

دارىلئولۇمنىڭ باش مىرزىسى، قارا دىۋان ۋەزىرى شۇ خىدى قىسقا، ئەمما ئىدىتلىق سۆزلەپ تۇرۇپ، — ئارغۇن دارىنىنىڭ قاتلاق مەكتۇپىدىن مەلۇم بولۇشىچە، نىياز بەگ ئاستانىمىزگە تۇنجى دايقۇردا خان تەزىمىگە كەلگەن قوشۇق بەگنىڭ قايتىپ بارمىغانلىقىنى مەھرەمبەگكە ئېيتقان چېغى، مەھرەمبەگ قوشۇق بەگنىڭ يۇرتىغا قايتىپ كېلەلمىگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئاستانىگە خان تەزىمىگە كېلىشتىن يالتىيىۋاپتۇدەك. بۇ ئىش ئۆتۈپ ئۈچ كۈندىن كېيىن بەشكېرەم ساقچىخانىسىنىڭ سىيەسى[①]شىجىرخۇن قاماققا ئېلىنغان بىر چەنتۇنى قاتتىق ئۇرۇپ قىيناۋاتقانىنىڭ ئۈستىگە مەزكۇر مەھرەمبەگ كېلىپ قاپتۇ. شىجىرخۇن مەھرەمبەگنى ياخشى گەپ بىلەن ئالداپ، سىيلاپ كۆڭلىنى تىندۇرۇپ، ساقچىخانىنىڭ ئىچىگە ئەپكىرىپ كەتمەي، بەلكى ئاغزىنى بۇزۇپ ئۇنى تىللىغان ئوخشايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەھرەمبەگ شاگىپىگى بىرەر مىڭدەك ئالامانى باشلاپ كېلىپ، سەلتەنىتىمىزنىڭ بەشكېرەمدىكى ساقچىخانىسىغا باستۇرۇپ كىرىپ ئۇنى پاچاقلاپ تاشلاپتۇ. ئارقىدىنلا بۇ غەلىيانچىلار يەنە بىزنىڭ كۆل تېرىمدىكى ساقچىخانىمىزنىمۇ پاچاقلاپ تاشلاپتۇ ۋە بىزنىڭ ئىككى يۈز يىگىرمە ئىككى ئادىمىمىزنى تاش - بوران قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ[②].

— قارا دىۋان بۇ ئىشقا قانداق چارە - تەدبىر قوللىنىشنى ئويلىشىۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى چەنلۇڭ ئاچچىق قىلىپ.

— خان ئالىيلىرىغا مەلۇم بولغايكىم، — دەپ جاۋاب بەردى خېشىن تالىشىپ تۇرۇپ، — بىز سەلتەنىتىمىزنىڭ چەنتۇلار يۇرتىدا تۇرغۇزغان تەگرى قوشۇنلىرىمىزغا دەرھال قاتتىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، غەلىياننى بىخ ھالىتىدىلا بېسىقتۇرۇشنى

---

① سىيە - كاتىپ، پۈتۈكچى دېگەن مەنىلەردە.
② «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 619 - جىلد 7 -، 8 - بەتلەرگە قارالسۇن. چەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى 7 - ئاي.

بۇيرۇدۇق! مەسلىھەتچى ئامبال ئارغۇن دارىن قوشۇنلارنى باشلاپ دەرھال ۋەقە چىققان بەشكىرەم، كۆل تېرىم ۋە ئوپال قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئىسيانچىلارنىڭ مەھەللە - كەنتلىرىنى قاتمۇقات قورشىۋالدى ۋە غەلىيانىنى قوراللىق باستۇرۇپ، توپىلاڭچىلاردىن تۆت يۈز ئاتمىش سەككىز توپىلاڭچىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. بىر يۈز ئاتمىش يەتتە توپىلاڭچىنى تىرىك قولغا چۈشۈردى. بىر مىڭ توقسان تۆت توپىلاڭچى مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ سۈر - ھەيۋىتىدىن قورقۇپ، گۇناھلىرىغا تۇۋا قىلىپ، تەگرى قوشۇنلىرىمىزغا تەسلىم بولدى...[①] ئارغۇن دارىننىڭ قوشۇنلىرى ھازىر توپىلاڭنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش چارە - تەدبىرلىرىنى كۆرۈپ، توپىلاڭ دائىرىسىنى قەشقەر ئەتراپىدىلا چەكلەپ تۇرغانلىقتىن، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ تەرەپلەرگە كېڭىيەلمىدى. ئەلھال، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق ھەرقايسى شەھەرلەردىكى چەنتۇلارنىڭ ئەھۋالى مۇرەككەپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئۇلار نادان بولغانلىقتىن، باشقىلارنىڭ گېپىگە ئوڭايلا چىنپۇتۇپ قالىدۇ. بۇ قېتىمقى غەلىيانغا قاتناشقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىش - ئوقەتسىز لاغايلاپ يۈرۈشكەن بىكار تەلەپ ھۇرۇن - ئۇششۇق چەنتۇلاردۇر. شۇڭا، ئۇلار باشقىلارنىڭ گېپىگە كىرىپ، قارىسىغا غەليان كۆتۈرۈشكەن!...[②]

— بۇ ئىشتىن كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەسكى، — دېدى چەنلۇڭ خېشىنىڭ سۆزىنىڭ تۈگىشىنى كۈتمەستىنلا، — چەنتۇلار يۇرتى تىنچىتىلغان بولسىمۇ، ئەمما چەنتۇلارنىڭ مىجەز - خۇلقى بىقارار، ئاقارتىلمىغان نادان خەق بولغانلىقتىن، ئاسانلا پىتنە - پاساتقا ئىشىنىپ كېتىدۇ. شۇڭا، قارا دىۋان بۇ خەقنى مىدىر - سىدىر قىلالمايدىغان قىلىپ

① «بۇيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا پۈتۈلگەن ئوردا خاتىرىلىرى»، 619 - جىلد، 10 -، 11 - بەت. چەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى 8 - ئاي.
② «بۇيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا پۈتۈلگەن ئوردا خاتىرىلىرى» 619 - جىلد، 3 -، 4 - بەتلەر. چەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى 8 - ئاي.

تۇرغۇزۇشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرى ھەققىدە ئەتراپلىق ئويلىنىشى لازىم. بۇ مەسىلىنى مەڭگۈ چاتاق چىقمايدىغان قىلىپ ھەل قىلمىساق، كېيىنكىلەر ئۈچۈن ئاپەتنىڭ يىلتىزىنى كۆمۈپ قويغان بولىمىز![1]

— خان ئالىيلىرى داناۋۇر! ياشىغايلا، ياشىغايلا، تۈمەن مىڭ يىل ياشىغايلا! — دەپ ئالقىش ياڭراتتى قارا دىۋان ۋەزىرى خېشىن قوللۇق بىلدۈرۈپ، — تىبۇدا، چەنتۇلار يۇرتى بوغدا خان جانابىي ئالىيلىرىنىڭ نۇسرەتپەرۋەر قوشۇنلىرى تەرىپىدىن پەتھى قىلىنغاندا، ھىدايەت ئۇرۇشىنىڭ ئېھتىياجى يۈزىسىدىن، چەنتۇ شەھەرلىرىدىكى سېپىل ـ ئىمارەتلەرنىڭ ھەممىسى چۇۋۇپ تاشلانغانىدى. ئەلھال، بەشكېرەم، كۆل تېرىم، ئوپال ۋە ئاغۇ قاتارلىق جايلاردىكى ساقچىخانىلىرىمىزنىڭ غەلىيانچىلار تەرىپىدىن ئوڭايلا يىمىرىپ تاشلانغانلىقى ـ تەڭرى قوشۇنلىرىمىزنىڭ بېكىنىشى ئۈچۈن يىمىرىلمەس قەلئە ـ سېپىل بولمىسا زادى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى!

مۇلكىي قەشقەرىيەدىكى ئەھۋالنىڭ ئېغىر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان چەنلۇڭ تەختىدە خاتىرجەم ئولتۇرالماي قالغانىدى. شۇڭا، بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال:

— ئەئىيانىم، سىز تولىمۇ مۇھىم بىر ھەقىقەتنى بىزنىڭ مۇبارەك كۆڭلىمىزگە سالدىڭىز! — دېدى باشقىلەتتىن روھلىنىپ، ـ بىز ئۇزاقتىن بېرى چەنتۇلار يۇرتىدىكى بۇ ئىسيان ئاپىتىنى قانداق قىلغاندا تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇپ تاشلىغىلى بولىدىغانلىقى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىۋاتقانىدۇق. دەرۋەقە، بىزنىڭ تەڭرى قوشۇنلىرىمىز نەيزە ۋە قىلىچقا تايىنىپ ئۇل چەنتۇ يۇرتلىرىنى مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ ھۇدۇتلۇقى ئىچىگە كىرگۈزگەنىدى. ئەلھال، يەنە شۇ نەيزە ۋە قىلىچقا تايىنىپ،

① «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 616 ـ جىلد، 10 ـ، 11 ـ بەت. چەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى 8 ـ ئاي.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنى ساقلاشقا ھەرىكەت قىلماق لازىمدۇر. بىراق، بۇ — پەقەت مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ كاشىشى، يۇڭجېڭ خانلىرى باشلىغان بىرلىككە كەلتۈرۈشتەك تۈمەن يىللىق ئۇلۇغۋار ئىشىمىزنىڭ بىر تەرىپىنىلا كۆرسىتىدۇ، خالاس!

— بەرھەق، ئى جانابىي پۇشتىپاناھ ئالىيلىرى، دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى بەرھەق! — دېدى خېشىن خاننىڭ ئۆزىنى ماختىغانلىقىنى كۆرۈپ خۇشال بولغىنىدىن، — بوغدا خان ئالىيلىرىنىڭ دېگەنلىرى ئەقىل ئەزىمىنىڭ ئاجايىپ سەرخىلى مېۋىسىدۇر! تەپەككۇر دېڭىزىنىڭ بىباھا دۇر - دانىلىرىدۇر! چارە - تەدبىردە جۇگې لياڭ، تاڭ تەيزۇڭلار پۇشتىپاناھقا شاگىرت بولۇر! چەنتۇلار نادان قوۋمدۇر. شۇڭا، بوغدا خان ئالىيلىرى تەڭرىنىڭ قامچىسى بولغان مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ لەشكەرلىرىنى ئۇل نادان چەنتۇلارنى ھىدايەتكە باشلاشقا ئەۋەتكەن ئىدىلە! نىھايەت، ئۇل نادان چەنتۇلار ئەلمىساقتىن تارتىپلا مېھىر - شەپقەت ۋە مەرھەمەتنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان بىر توپ غەلىيانچى ئالامان بولغانلىقتىن، قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغا قەدەر ئۆتكەن جىمىكى پازىل ۋەلىيلەرنىڭ تۇغيانى بولغان سىلى بوغدا خان جانابىي ئالىيلىرى تەڭرىگە ۋاكالىتەن ئوت، نەيزە، قىلىچ، تاياق، قامچا ئارقىلىق ئۇلارنى ھىدايەتكە باشلاشقا ئەمىر قىلدىلە! بىزدە: «چاشقان ئورۇق بولسىمۇ لېكىن ئۇنى تۇتۇۋالغان مۈشۈك بۇنىڭ بىلەن ئۆز كۆڭلىنى خۇش ئېتىدۇ» دېگەن گەپ بار. شۇڭا...

— خان ئالىيلىرى دانادۇر! — دېدى دارىلئۇلۇمنىڭ باش مىرزىسى، قارا دىۋان ۋەزىرى شۇ خېدې خېشىننىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — بوغدا خان ئالىيلىرى سىلى يېڭىدىن تەسەررۇپ قىلىنغان چەنتۇ يۇرتلىرىغا قۇياش كەبى مېھىر - شەپقەت نۇر - زىيالىرىنى چۇشۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ قەدىمدىن تا ھازىرغا قەدەر ئۆتكەن ئىجتىھاتلىق پادىشاھ - خانلارنىڭ سەرتاجى

ئىكەنلىكلىرىنى ئىسپاتلىدىلا. مۇبادا، ئىجازەت بەرسىلە، قۇللىرىنىڭ خېشىن دارىيەدىن سورايدىغان بىر سوئالى باردۇر!
— ئىجازەت، ئەئىيانىم، قېنى سوئالىڭنى سوراۋەر!
شۇ خېدې دەرھال تىزلىنىپ:
— قۇللۇق، پۇشتىپاناھ! — دېدى يەرنى سۆيۈپ تۇرۇپ، ئاندىن ئۇ ئورنىدىن تۇردى ـ دە، خېشىنغا قاراپ:
— دارىيە، ئوت بىلەن قۇياش نۇرىنىڭ قايسىسى ياخشىراق؟ — دېدى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ.
— قانداق دەيدىلا، دارىيە؟ — دېدى خېشىن شۇ خېدېنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي.
— دارىيە، بىلەمدىلا، نادان چەنتۇلار ئوت يالقۇنىنىڭ كۆيدۈرۈشىگە ئەمەس بەلكى قۇياش نۇرىنىڭ يورۇتۇشىغا تەقەززادۇر! ئوت نۇرىغۇ ئەلۋەتتە قاراڭغۇ زۇلمەتنى يورۇتالايدۇ. لېكىن، ئۇ قۇياش نۇرىغا يېتەمدۇ؟ لاۋۇلداپ كۆيگەن ئوت يالقۇنى يورۇقلۇق بېرەلىسىمۇ لېكىن ئۇ قۇياش نۇرىغا يېتەلەمدۇ؟
— ئەلمىساقتىن تارتىپ ئىسيان سەلتەنەتكە قارىتىپ ئېتىلغان تاش بولۇپ ھېسابلىنىپ، زادىلا كەچۈرۈلمەيدىغان ئون چوڭ گۇناھلارنىڭ بىرىنچى رۇتبەسىدە ئورۇن ئىگىلەپ كەلدى. بۇنى دارىيە چۈشىنىدىلىغۇ دەيمەن! — دېدى خېشىنمۇ بوش كەلمەي.
— قەدىمكىلەر: «ئاغرىغان كۆڭۈلنىڭ داۋاسى ياخشى گەپتۇر!» دېگەن ئىكەن. دارىيە، كەمىنىلىرىنىڭ ئويىچە، بۇ يەردە ئوت بىلەن قىلىچنىڭ زادىلا كېرىكى يوققۇ دەيمەن! دەرۋەقە، مۇلكىي قەشقەرىيىدە مانجۇ سەلتەنىتىنى تاش بوران قىلغان ۋە مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ تېمىنى غۇلىتىش ئۈچۈن كۆتۈرۈلگەن قوللارنى ھەرگىزمۇ ئاياپ ئولتۇرماستىن كېسىش لازىم! غەللە ـ پاراق ئېلىش — ئەلمىساقتىن تارتىپ

مەملىكەتنىڭ ئىشىدۇر. لېكىن، يېقىندىن تەسەررۇپ قىلىنغان بۇ زېمىندىكى پۇقرالارنىڭ تىرىكچىلىكى ئۇچۇن بولسىمۇ، غەللە- پاراق ئېلىش ئىشىنى ئىسلاھ قىلماق زۆرۈردۇر! چۈنكى، بوغدا خان ئالىيلىرىنىڭ نۇسرەت سۈپەت تەڭرى قوشۇنلىرىنى ئەۋەتىپ، جوڭغار زالىملىرىنى چەنتۇلار يۇرتىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، چەنتۇلارنى ئۇلارنىڭ زۇلمىدىن ئازاد قىلىشىدىكى تۈپ مەقسىتى ھەرگىزمۇ چەنتۇ پۇقرالىرىنىڭ تىرىكچىلىك مەئىشىتىنىڭ يوللىرىنى ئۈزۈپ تاشلاش ئەمەس ئىدى! خېشىن دارىن، ئەجەبا خەلقنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالساق، ئۇلارنىڭ ئەرز-شىكايەتلىرىنى سەۋر - تاقەت بىلەن تىڭشىساق نېمىسى يامان ئىكەن؟

بۇ چاغدا، خېشىننىڭ رەڭگى ئۆچۈپ، تىلى كېسىلىپ، ئالاق - جالاق بولۇپ ئەتراپقا قارىدى. شاھىنشىدا تۇرغان ۋەزىر - ۋۇزرالار، ئەمىر - ئۇمەرالار بىر - بىرىگە مەنىلىك قارىشىپ قويۇشتى.

— جۇڭتاڭ دارىن[1]، سىلىچە بولغاندا، سەلتەنەتىمىزنىڭ چەنتۇلار يۇرتىدا جۇڭقۇرۇش يۈزىسىدىن يولغا قويغان سىياسەت - تەدبىرلىرى چەكتىن ئېشىپ كېتىپتۇ - دە، — دەپ تەئەددى قىلدى خېشىن زەھەرخەندىلىك بىلەن، — سىلى نادان چەنتۇلارنىڭ مانجۇ مەئمۇرلىرىنى تاش بوران قىلىشىنى بوغدا خاننىڭ سەلتەنىتىگە قارشى ئېتىلغان ھاقارەت تېشى دەپ بىلمەيدىلامۇ؟

— ھۆرمەتلىك جۇڭتاڭ دارىن، بىلمەمدىلا؟ بوغدا خاننىڭ سەلتەنىتى باشقا ئىش، مەئمۇرلار باشقا ئىش، — دېدى شۇ خېدى تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بېرىپ تۇرۇپ، — بوغدا خاننىڭ

---

① جۇڭتاڭ ( 中堂 ) - «باش ۋەزىر»، «يارغۇچى»، «بۇيرۇق» دېگەن مەنىدە. مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ دارىلئۇلۇم باش ئۆلىماسىنىڭ ئىشخانىسى قارا دىۋاننىڭ ئوڭقول دىۋانبېگى بىلەن سولقول دىۋانبېگىنىڭ ئىشخانىلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن «جۇڭتاڭ» (ئوتتۇرا زال) دەپ ئاتالغان.

سەلتەنەتتى زېمىن ئۈستىدىكى قۇياشقا ئوخشاش پارلاقتۇر. تۆۋەندىكى بىرەر زالىم مەنسەپدارنىڭ بېشىغا تەگكەن تاشنى ھەرگىزمۇ بوغدا خاننىڭ سەلتەنەتىگە قارشى ئېتىلغان ھاقارەت تېشى دەپ بىلىشكە بولمايدۇ! نىھايەت، سەلتەنەتىمىز يېڭىدىن تەسەررۇپ ئەيلىگەن مۇسۇلمان زېمىنىدىكى نادان چەنتۇلارنى تېخى ئەمدىلەتىن ھىدايەتكە باشلاۋاتقان ئىكەن، ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلاپ، دەرد ـ ئەھۋالىغا قۇلاق سالمىقىمىز، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل يارىلىرىنى سەلتەنەتىمىزنىڭ ئادالەت سۈيىدە يۇمىقىمىز لازىمدۇر!

— ئەئىيانىم، ياغدەك گەپ قىلدىڭىز! — دېدى باياتىن ئۇ ئىككىسىنىڭ بەس ـ مۇنازىرىسىگە قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان چەنلۇڭ كۇلۇپ تۇرۇپ، — زالىم ئەمەلدارلارنى ئەلۋەتتە جازاغا تارتقايمىز! بۇنىڭدىن ھېچكىممۇ شۈبھىلەنمەسلىكى لازىم. ئەمما، مەملىكەتنىڭ تىنچ ـ ئاسايىشلىقىنى، مانجۇ سەلتەنەتىنىڭ مۇقىملىقىنى بۇزغان بۇ پىتنىچىلەرنى جازالىماي بولمايدۇ. مۇبادا، نادان چەنتۇلارغا سىياسەت قىلىش يۈزىسىدىن بولسىمۇ بىرەر جازا قوللانمىساق، كەلگۈسىدە ئۇلار يەنە مۇشۇنداق ئىشنى تەكرارلاۋېرىشىدۇ. بىراق، سەلتەنەتىمىز يېڭىدىن تەسەررۇپ قىلىنغان مۇسۇلمانلار يۇرتىدا تۇرغۇزغان قوشۇنلىرى ھازىرقىدەك چەنتۇلار بىلەن ئارىلىشىپ تۇرسا بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. چۈنكى بۇنداق بولغاندا، ئوڭايلا چەنتۇلارنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپ غەليانغا سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ![1]

چەنلۇڭ شاھسۇپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئەكابىر ـ ئەشرەپلىرىنىڭ چىرايىغا بىر ـ بىرلەپ سەپسېلىپ چىقتى ـ دە، ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— سەلتەنەتىمىز تەرىپىدىن تېخى يېڭىلا تەسەررۇپ

---

① فۇ خۇەن: «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى» نىڭ داۋامى، 1 ـ جىلد، چەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى، 3 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

قىلىۋېلىنغان ئۇل مۇسۇلمانلار زېمىنىنى خۇددى تەڭرى بىزنىڭ دەۋرانىمىزدا بىز تەرەپتىن تەسەررۇپ قىلىنىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلگەندەك، چەكسىز چۆل - باياۋانلار ئارقىلىق پارچە - پارچە قىلىپ بۆلۈپ تاشلىغان! شۇنىسى قىزىقكى، بۇ پارچە - پارچە زېمىندا ياشايدىغان چەنتۇلار گەرچە ئوخشاش بىر تىلدا سۆزلىشىدىغان، بىر ئۇرۇقتىن بولغان تۇرۇقلۇق، يەنە كېلىپ پەيغەمبەر دەپ ئاتىلىدىغان بىر ئۇلۇغىغا باش ئۇرۇشىمۇ ئەمما تەڭرى ئۇلارنى خۇددى ئۆزلىرى ياشايدىغان ئاشۇ زېمىندىكى قۇمدەك چېچىپ تاشلىغان! ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى توخۇلىرىنىڭ چىللاشلىرى، ئىتلىرىنىڭ قاۋاشلىرى بىر - بىرىگە ئاڭلىنىپ تۇرۇشىمۇ ئەمما كۆز - قۇلاقلىرىنى ئېتىۋېلىشىپ، بىر - بىرلىرى بىلەن بېرىش - كېلىش قىلماي ئۆتكەنلىكتىن، تەڭرى ئۇلارنى جازالاپ ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسە چىۋىقىغىمۇ ئېلىپ قويمايدىغان بىپەرۋا، ھەق - ناھەقنى پەرق ئېتەلمەيدىغان ئەقلى گال، ئانىسىنى باقماي تاشلىۋېتىپ، خوتۇنىنىڭ ئېتىكىدە سەجدە قىلىدىغان نادان، ھەسەل بىلەن زەھەرنى ئىلغىماي، ئالدىغا كەلگەن ھەر قانداق لوقمىنى يەۋېرىدىغان گومۇش، توغرا بىلەن خاتانى ئايرىماي، كاززاپ - قىزىلكۆزلەرنى ئۇلۇغ دەپ بىلىدىغان ئاڭقاۋلارغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. قەدىمكىلەر: «ئاتىسىنىڭ ئۆتكۈزگەن گۇناھى ئۈچۈن ئۈچ - تۆت ئەۋلاد جازاسىنى تارتىدۇ» دېگەن ئىكەن. شۇڭا، تەڭرى ئۇلارنى جازالاش ئۈچۈن بىزدەك تەڭرى قامچىسىنى ئۇل يارىماسلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان چەنتۇلارنىڭ ئۈستىگە ئەۋەتكەن! بولمىسا جۇڭغارىيىنى ئۈچ سۇلالە خانى سانسىزلىغان چېرىكلىرىمىزنىڭ جەسىتى بەدىلىگە يەتمىش يىلدا ئاران مۇنقەرز قىلالىغان يەردە، مۇلكىي قەشقەرىيىنى تەسەررۇپ قىلىش ئۈچۈن ئاران ئىككى يىل سەرپ قىلالىتتۇقمۇ؟ تەڭرى ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىغا

باپۇن دېڭىزىدىن مىڭلاق دېڭىزىغا[1] قەدەر بولغان شىمالدىكى بىپايان زېمىننى بەخشەندە قىلىپ بەرگەنىدى. بىراق، ئۇلاردىن چىققان پادىشاھ ـ خاقانلارنىڭ تولىسى ناباپ ئادەملەر بولغانلىقتىن، بۇ زېمىنلارنىڭ ئەڭ مۇنبەت بۆلەكلىرىنى خوتۇنغا تېگىشىپ، تۈرلۈك سىياسىي قىمارلاردا ئۇتتۇرۇپ، ئۇلگۈجە سېتىپ تۈگىتىشتى. ئەلھال، ئۇلارنىڭ ئەۋلادلىرى بولغان بۇ چەنتۇلارمۇ شۇنداق ئۇنۇمسىز، سەھرايى قىيامەت بولغان چۆل ـ باياۋانلاردىكى پارچە ـ پارچە بوستانلىقلارغا تىقىلىشىپ ياشاشقا مەجبۇر بولدى! خوپ بولدى، بۇ زېمىننى ئۇلار باشقۇرالمىغانلىقى ئۈچۈن، تەڭرى بىزگە باشقۇرۇشقا پۈتۈپ بەردى. شۇڭا، چەنتۇلار ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇنداق تەقدىرگە مۇپتىلا بولغانلىقلىرىنى خەقتىن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىدىن كۆرسۇن! ئۆزلىرىنىڭ ئاشۇ نابكار ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن كۆرسۇن! بۇ غەلىبە قانداق قىلىپ بۇنداق تېز قولغا كەلتۈرۈلدى؟ ئەئيانلىرىم، قېنى قايسىڭلار جاۋاب بېرەلەيسىلەر؟

— ئى پۇشتىپاناھ، بۇنىڭغا يەنە گەپ كېتەمدۇ؟ بۇ پۈتۈن غەلىبە ئەلۋەتتە سىلىدەك دانالارنىڭ داناسى، شاھلارنىڭ شاھەنشاھى بولغان بوغدا خان ئالىيلىرىنىڭ شاراپىتىدە قولغا كەلتۈرۈلدى ـ دە، — دەپ جاۋاب بەردى خېشىن ھەممىدىن بۇرۇن.

شاھەنشىندىكىلەرمۇ خېشىننىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ گۇرۇلدىشىپ كېتىشتى:

— ئەلۋەتتە شۇنداق، ئەلۋەتتە شۇنداق!

— بۇغۇ شۇنداق، — دېدى چەنلۇڭ كۆرەڭلەپ تۇرۇپ، — بۇنىڭغا تەڭرى بىزگە يار بولغاندىن باشقا، يەنە چەنتۇلاردىكى نادانلىقمۇ سەۋەبچى بولدى. چۈنكى، جاھاندىكى بەغەرەزلىكلەرنى

[1] مىڭلاق دېڭىزى ـ بالقاش كۆلىنىڭ تارىختىكى ناملىرىنىڭ بىرى.

كۆپىنچە ئەقىللىق، زېرەك ئادەملەر قىلىشىدۇ. زېرەك، ئەقىللىق ئادەملەرنى مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ مۇسۇلمانلار زېمىنىدىكى يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇش كېرەك. مەسىلەن، بۇ قېتىم بەشكېرەم، پەيزاۋات قاتارلىق يۇرتلارنىڭ هاكىمبېگى بولغان مەهرەمبەگ، نىياز بەگ قاتارلىقلار ئاشۇ جۈملىگە كىرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن چەنتۇلار يۇرتىغا بەگ قويغاندا، هەرقانداق بىر چەنتۇنى ئاخىرقى كۈچى قالغانغا قەدەر مانجۇ سەلتەنىتى ئۈچۈن ئات ـ ئېشەك بولۇپ ئىشلەشكە مەجبۇر قىلىدىغان، پۇقرالارنىڭ بىساتىدىكى هەممە نەرسىسىنى ئايىماستىن مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ خەزىنىسىگە بېرىشكە قىستىيالايدىغان سادىق ئادەملەر ئىچىدىن تاللاپ قويۇش لازىم. بۇ بىزنىڭ مۇددىئايىمىزنىڭ ئىككىنچى نۇقتىسى. ئۈچىنچىدىن، سەلتەنىتىمىز جۇڭغارىيە بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيىدە تۇرغۇزغان نۇسرەتپەرۋەر قوشۇنلىرىمىزغا يىمىرىلمەس پولات ئىستىهكام — قەلئە ـ سېپىل ئەهيا قىلدۇرۇپ بەرمىسەك، گەدەنكەش چەنتۇلار غەلىيان چىقارغاندا، ئۇلار دالدا قىلىشقا يەر تاپالمايدۇ، ئادەتتىكى چاغلاردا باسقاق بولىدىغانغا ئامالسىز قالىدۇ. شۇڭا، قارا دىۋان پۈتۈن جۇڭغارىيە بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيىگە هازىردىن باشلاپ قەلئە ـ سېپىل سوقۇش، ئۈچ يىل ئىچىدە پۈتتۈرۈپ بولۇش توغرىسىدا پەرمان چۈشۈرسۇن!

— پۇشتىپاناھ دانادۇر! — دېدى خېشىن خۇشاللىقىدىن، ئۇنىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەندەك، — بۇنداق بۈيۈك تەدبىرنى قەدىمكى زاماندا ئۆتكەن خەن ۋۇدى①، تاڭ تەيزۇڭلارمۇ② هەرگىز ئويلاپ كۆرمىگەن بولغىيتتى! ياشىغايلا،

---

① خەن ۋۇدى (مىلادىدىن ئىلگىرى 87 ـ 156) — لىيۇ چى، غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ مەشهۇر پادىشاهى. ئۇ مۇلكىي تۈركىستانغا كۆپ قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ ئۇرۇش قوزغىغانىدى.

② تاڭ تەيزۇڭ (مىلادى 649 ـ 599) — لى شىمىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ مەشهۇر پادىشاهى، ئۇ تارىختا مۇلكىي تۈركىستانغا كۆپ قېتىم ئەسكەر چىقىرىپ ئۇرۇش قوزغىغانىدى.

ياشغايلا! تۆمەن مىڭ يىللار ياشغايلا!
قالغان ئەكابىر ـ ئەشرەپلەرمۇ تەڭلا:
— خان ئالىيلىرى دانادۇر! ياشغايلا، ياشغايلا، تۆمەن مىڭ يىللار ياشغايلا! — دەپ ئالقىش ياڭراتتى. شاھىنشىن ئالقىش سادالىرى ئىچىدە لەرزىگە كەلدى...
شۇ چېغدا ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويدى. بۇ چاغدا چەنلۇڭ قولىنى كۆتۈرۈپ ئەئيانلىرىغا تىنچلىنىش ئىشارىتىنى قىلدى ۋە شۇ چېغدا قاراپ:
— ئى ئەئيانىم، بىز سىپىنىڭ مۇلاھىزەڭنى قوبۇل كۆردۇق، — دېدى ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — شۇڭا، بىز سىپىنى چەنتۇلار يۇرتىغا ئارغۇن دارىيىنىڭ ئورنىغا مەسلىھەتچى ئامبال قىلىپ تەيىنلەشنى قارار قىلدۇق. ئىشىنىمىزكى، سەن يېڭىدىن تەسەررۇپ قىلىنغان بۇ زېمىندا چوقۇم مانجۇ سەلتەنىتىگە ۋاكالىتەن ئۇل نادان چەنتۇلارنى ھىدايەتكە باشلاپ، مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ تىنچلىق، ئاسايىشلىق تەرتىپلىرىنى ئورنىتالايسەن. ئەئيانىم، ساڭا ھازىردىن باشلاپ ئىجازەت بېرىمىز!
— مىننەتدارمەن، ئى پۇشتىپاناھ، مەرھەمىتىڭىزدىن تولىمۇ مىننەتدارمەن! — دەپ خانغا تەزىم قىلدى ئۇ يەر سۆيۈپ تۇرۇپ، — چەنتۇلارنىڭ ئازار يەپ شىكەستىلەنگەن كۆڭۈل جاراھىتىگە بوغدا خان ئالىيلىرىنىڭ شاپائەت مەلھىمىنى سۈرمەكتىن باشقا ئامال يوقتۇر. چۈنكى، يارىغا كىچىك ۋاقتىدا ئامال قىلىنمىسا، چوڭىيىپ كەتسە، چوقۇم ئېغىز ئالماي قويمايدۇ! مەن يېڭىدىن تەسەررۇپ قىلىنغان زېمىنغا بارغاندىن كېيىن ئۇ يەردە پۇشتىپاناھنىڭ مۇددىئا ـ مەقسەتلىرىنى كەمكۈتىسىز ئىجرا قىلغايمەن! ياشغايلا، ياشغايلا، تۆمەن مىڭ يىللار ياشغايلا!...

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

*　　　*　　　*

خاقانى چىنىنىڭ قارا دىۋانى يارلىق ـ پەرمانلارنى يېزىپ چىقىش، مەملىكەتنىڭ مۇھاربىيە ـ يۇرتدارچىلىق مۇھىم ئىشلىرىنى مۇجەسسەملەپ، ۋاقتى ـ ۋاقتىدا خاقانى چىنىنىڭ سەمىگە سېلىپ تۇرۇش، خاننىڭ مەملىكەتنى جۇڭقۇرۇشقا ئەقىل ـ چارە كۆرسىتىش، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن مۇھىم ئەئيانلارنى خاننىڭ ھۇزۇرىغا توغرا قىلىش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل بولاتتى[①].

خاقانى چىن چەنلۇڭنىڭ زامانىسىغا كەلگەندە، قارا دىۋان يەنە خان نامىدىن ئەمىر ـ پەرمانلارنى يېزىپ چىقىشقىمۇ مەسئۇل بولىدىغان بولدى. قارا دىۋان تەرىپىدىن يېزىپ چىقىلغان ئەمىر ـ پەرمانلار زوراغالىق مەھكىمىسىدىن مۇھاكىمىگە قويۇلماستىنلا مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا چۇشۇرۇلۇۋېرەتتى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن خاقانى چىنغا ئەۋەتىلىدىغان قاتلاق مەكتۇپلارمۇ زوراغالىق مەھكىمىسىدىن ئۆتكۈزۈلمەي بىۋاستە قارا دىۋانغا سۇنۇلاتتى. قارا دىۋاننىڭ يەنە خانغا ھەر دەرىجىلىك مەنسەپدارلارنى بىۋاستە تەۋسىيە قىلىش ھوقۇقىمۇ بار ئىدى. دېمەك، قارا دىۋان ـ مۇنارخىيىلىك ئىستىبداتلىقنىڭ سىمۋولى ئىدى! ۋەھالەنكى كاڭشى، يۇڭجېڭ، چەنلۇڭ ئۈچ سۇلالە خانلىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ يېتىشتۇرۇشى ئارقىسىدا، بۇنداق فېئودال ھاكىمىيەتلەشتۈرۈش تەرەققىي قىلىپ جۇڭگو تارىخىدا مىسلىسىز چەككە يەتتى!

---

① بۈيۈك چىڭ ئوردىسىنىڭ خان ھۇزۇرىدا بېكىتىلگەن ئەن ـ قائىدىلىرى»، 3 ـ جىلد، 1 ـ بەت.

* * *

مانجۇ قوشۇنلىرى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى جۇڭغارىيىنى ئۈزۈل ـ كېسىل بويسۇندۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئارقىدىنلا تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇلكىي قەشقەرىيىگە بېسىپ كىردى. خاقانى چىنىنىڭ قارا دىۋانى چەنلۇڭنىڭ مۇددىئاسى بويىچە جۇڭغارىيە بىلەن كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتىنى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئىدارە قىلىش چارە ـ تەدبىرلىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇشقا باشلىدى. چۈنكى، خاقانى چىن چەنلۇڭ جۇڭغارىيە بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيىدە بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولغان هۆكۈمرانلىق ۋاستىلىرىنى يولغا قويۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بارغانسېرى هېس قىلماقتا ئىدى. بۇنىڭدىن سەككىز يىل ئىلگىرى، ئۇ بىر قېتىملىق ئوردا كېڭىشىدە قارا دىۋاندىكىلەرگە مۇنداق يارلىق چۈشۈرگەنىدى:

«... سەلتەنىتىمىز ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىلىدا لەشكەر تۇرغۇزۇپ، يەر ئېگىلەش ئىنتايىن مۇهىم بىر ئىشقا ئايلاندى. بۇ ئىشقا هازىردىن باشلاپ تۇتۇش قىلماي بولمايدۇ. ئىگىرىكى چاغلاردا ئىلىدا تارانچى دەپ ئاتىلىدىغان مۇسۇلمان چەنتۇلار تېرىقچىلىق قىلاتتىكەن. ئەلهال، جەنۇبتىكى مۇسۇلمان شەهەرلىرى سەلتەنىتىمىز تەرىپىدىن تەسەررۇپ قىلىندى. شۇڭا، ئىلىغا جەنۇبتىن مۇسۇلمان چەنتۇلارنى كۆپلەپ كۆچۈرۈپ چىقىشنى ئويلاشماي بولمايدۇ...»① چەنلۇڭ ئۆزىنىڭ بۇ يارلىقىدا هەممىگە مەلۇم بولغان مۇنداق بىر پاكىتقا كۆز يۇمالمىغانىدى: مانجۇلار مىلادى 1755 ـ يىلى ۋە 1757 ـ يىلى ئىككى داپقۇر ئىلىغا باستۇرۇپ كىرگەندە، بۇ يەردىكى ئەسلى

① «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش خاتىرىلىرى»، 54 ـ جىلد. «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا پۈتۈلگەن ئوردا خاتىرىلىرى»، 560 ـ جىلد، چەنلۇڭنىڭ 22 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاھالە بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ سەكسەن پىرسەنتى بۇ قانلىق ئىستىبلاچىلىق ئۇرۇشىدا مانجۇلار تەرىپىدىن قىرىپ تاشلانغان ۋە ئۇرۇشتىن كېيىن يۈز بەرگەن چېچەك ۋاباسىدا قىرىلىپ تۈگىگەنىدى! مىلادى 1758 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ يەردە ئاھالە ئاساسەن قالمىغان، كەپتەر كوۋۇكلىرى ھۇقۇشلارغا ئۇۋا بولغان، كەڭ ئېتىزلار، باغۇ ـ بوستانلار ئاق تاشلىنىپ، بۆرە، يىلپىز، يولۋاس قاتارلىق يىرتقۇچ ھايۋانلارغا ماكان بولغانىدى. ئىستىبلاچىلىق ئۇرۇش ئوتىدا ئىلى ۋادىسىدىكى قەدىمدىن تارتىپ گۈللەنگەن دېھقانچىلىق ئىگىلىكى پۈتۈنلەي خاراب بولغانىدى.

بىراق، مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى كەڭ رايونلارغا تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ بېسىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، خاقانى چىن چەنلۇڭ بىلەن قارا دىۋانىنىڭ ئىلىنى جۇڭقۇرۇش ئىرادىسى تېخىمۇ چىڭىپ باردى. ئىلى ۋادىسى يېرى مۇنبەت، سۈيى مول، دەريا ـ ئېقىنلىرى كۆپ، ئاب ـ ھاۋاسى ياخشى، ئاھالە يۆتكەپ كەڭ كۆلەمدە بوز ئېچىپ، تېرىقچىلىق قىلىشقا ئىنتايىن باب كېلىدىغان پايانسىز تۈتاش بوستانلىق بولغانلىقتىن، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى پايانسىز چۆل ـ باياۋانلار ئارقىلىق پارچە ـ پارچە بۆلەكلەرگە بۆلۈپ تاشلانغان خوتەن، يەكەن، قەشقەر ۋە ئاقسۇ بوستانلىقلىرىدىن كۆپ ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە ئىدى. شۇڭا، چەنلۇڭ ئۆزىنىڭ قارا دىۋانىغا چۈشۈرگەن بىر يارلىقىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى:

«... كەڭ ئىلى زېمىنى سەلتەنىتىمىزنىڭ تەسەررۇپىغا كىردى. نىھايەت، بۇ يەرنى كۈچلۈك لەشكەر تۇرغۇزۇپ ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ. چەنتۇلار يۇرتى تىنچلانغاندىن كېيىن مۇسۇلمان شەھەرلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ئاقساقال تاللاپ قويۇپ باشقۇرۇش كېرەك. ئەمما، بۇ ئاقساقاللار ئىلىدىكى ھەربىي مەھكىمىنىڭ جۇڭقۇرۇشىدا بولۇشى لازىم. جۇڭغارىيىدىكى

تارانچى چەنتۇلارنىمۇ شۇنداق باشقۇرۇش كېرەك. . . »[1]

بىراق، خاقانى چىننىڭ ئىلى ۋە جەنۇبتىكى سەككىز مۇسۇلمان شەھىرىدە تۇرغۇزغان نەچچە تۈمەن كىشىلىك زور قوشۇننىڭ يىللىق مائاش - كۆلىياڭ خىراجىتىنى ئەمدى ئاۋۋالقىدەك كۆلىدىكى گەنسۇ، شەنشى قاتارلىق ئۆلكىلەرنىڭ يىللىق دارامىتىدىن چىقىم قىلىش چارىسى بويىچە ھەل قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى، يەتمىش يىلدىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن بۇ مىسلىسىز زور ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشى ۋە خاقانى چىننىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە نەچچە يىللاپ ئۇدا داۋام قىلغان قۇرغاقچىلىق، ھۆلچىلىك، چېكەتكە، ۋابا ئاپىتى بۇ ئۆلكىلەرنىڭ مالىيىسىنى قۇرۇقداپ قويغانىدى. شۇڭا، خاقانى چىن يېڭىدىن تەسەررۇپ قىلىنغان بۇ زېمىندىكى مانجۇ مەمۇرىيىتىنىڭ مائاش - كۆلىياڭ خىراجەتلىرىنى شۇ جاينىڭ ئۆزىدىن غەللە - پاراق قىلىشقا تايىنىپ ھەل قىلىش قارارىغا كەلدى. شۇڭا، چەنلۇڭ قارا دىۋانغا بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ كۆرسەتمە بەردى:

« . . . ئىلىدا تۇرغۇزۇلغان مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ مائاش - كۆلىياڭىنى چەنتۇ تارانچىلاردىن غەللە - پاراق ئېلىش ئارقىلىق ھەل قىلىش كېرەك. شۇڭا، جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى چاغلاردىكىدەك ئىلىغا جەنۇبتىكى مۇسۇلمان شەھەرلىرىدىن ئاھالە يۆتكەپ چىقىپ تېرىقچىلىق قىلدۇرۇش چارىسىنى يەنىلا ئەنسقاتىدىغان چارىدۇر ! »[2]

بۇ چاغقا كەلگەندە[3] ، خاقانى چىننىڭ ئىلىدا تۇرغۇزغان قوشۇنلىرىدىكى چېرىكلەرنىڭ سانى سەككىز مىڭدىن ئېشىپ

---

① «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى» ، «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى» ، چەنلۇڭنىڭ 23 - يىلى 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى.

② «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى» ، 71 - جىلد، چەنلۇڭنىڭ 24 - يىلى 4 - ئاينىڭ 18 - كۈنى.

③ مىلادى 1759 - يىلى.

www.uyghurkitap.com

كەتتى. بۇ قوشۇننىڭ ئىچىدە تۆت مىڭى مانجۇ، سولان، تۆت مىڭى يېشىل تۇغلۇق قوشۇننىڭ چېرىكلىرى ئىدى. بۇ قوشۇنلارنىڭ مائاش ـ كۆلياڭ خىراجىتىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن مىلادى 1760 ـ يىلى يازدا خاقانى چىن ئۆزىنىڭ ئىلى ۋە قەشقەردىكى مانجۇ دائىرىلىرىگە جەنۇبتىن ئىلىغا ئاھالە يۆتكەش ئىشىنى رەسمىي كۈنتەرتىپكە كىرگۈزۈپ، تېز تۇتۇش قىلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى: «... قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى شۇ خېدېنىڭ يوللىغان قاتلاق مەكتۇپىدا، — دېيىلگەنىدى جەنلۇڭنىڭ بۇ پەرمانىدا، — ئىلىغا بوز ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشقا كۆچۈرۈلىدىغان مىڭ تۈتۈن جەنتۇ كەينى ـ كەينىدىن ئىلىغا ماڭغۇزۇلدى. ئۇلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن ئۈچىنچى دەرىجىلىك ھاكىمبەگدىن بىرنى، تۆتىنچى دەرىجىلىك شاغىبەگدىن بىرنى ۋە ئالتىنچى دەرىجىلىك مىراپبەگكە قەدەر بولغان ھەر دەرىجىلىك بەگلەردىن ئون بەش كىشىنى مەنسەپكە قويۇشقا ياكى ھازىرقى بەگلەردىن ئۆستۈرۈپ تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، خان ئالىيلىرىنىڭ بۇ ھەقتە پەرمان چۈشۈرۈشىنى ئىلتىماس قىلىمىز، دېيىلىپتۇ. بىز ئىلىنىڭ ھاكىمبەگلىكىگە ئىمىن بەگنىڭ ئوغلى مۇسانى گۈڭلۈق مەرتىۋىسىدىكى ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىدۇق.»[1]

ئەسلىدە، خاقانى چىن قوشۇنلىرى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى سەككىز مۇسۇلمان شەھەرلىرىنى تەسەررۇپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ يەرلەردە قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان يۇرتدارچىلىق ئەن ـ قائىدىلىرىنى ئالدىراپ ئىسلاھ قىلىپ كەتمىدى. بەلكى، كەڭ مۇسۇلمانلار يۇرتىنى ئاۋۋالقىدەكلا ھەر دەرىجىلىك ئۇيغۇر بەگلىرى ئارقىلىق

---

① «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى» نىڭ داۋامى 2 ـ جىلد، «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا پۈتۈلگەن ئوردا خاتىرىلىرى»، 610 ـ جىلد، جەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى.

جۇڭغۇردى ھەمدە بۇ بەگلەرنىڭ ئۈستىگە مانجۇلاردىن بىردىن خان ئامبال ۋە بىردىن ئاغلاقچى ئامبال قويۇپ، بۇ ئامباللارنى ئىلى جاڭجۈنى بىلەن قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلىغا قارام قىلىپ قويدى.

جەنۇبىتىكى ھەرقايسى چوڭ - كىچىك شەھەر، يۇرت - ئايماقلارنىڭ چوڭلىرى ھاكىمبەگ دېيىلەتتى؛ ئۇلارنىڭ مۇئاۋىنلىرى شاغىبەگ دەپ ئاتىلاتتى. دەرىجە - رۇتبىسى ئۈچىنچى دەرىجىلىكتىن تاكى يەتتىنچى دەرىجىگىچە بولغان بۇ بەگلەرنىڭ نامزاتلىرى قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى تەرىپىدىن خاقانى چىنغا تەۋسىيە قىلىناتتى. خان يارلىق چۈشۈرگەندىن كېيىن ئاندىن رەسمىي ۋەزىپىگە ئولتۇراتتى.

ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى ھەر خىل يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان بەگلەرنىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسى ئوخشاشمىغانلىقتىن، ئۇلار مۇئەككەل بولغان كەسىپلەرنىڭ نامى ئۇلارنىڭ بەگلىك ئۇنۋانلىرىنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ ئاتىلاتتى. شاڭبېگى، غەزىنىچى بەگ، مىتىربەگ، پاشىشاپبېگى ۋە باشقا بەگلەر مەسلىھەتچى ئامبال تەرىپىدىن بىۋاستە تولۇقلىنىپ خىزمەتكە تەيىنلىنىپ، يىل ئاخىرىدا خانغا يوللىنىپ بىراقلا مەلۇم قىلىناتتى.

مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىدىكى كەڭ جايلاردا قارار تېپىشىغا ئەگىشىپ، ئىلىدىكى ئۇيغۇر ئاھالىسى يەنە كۆپىيىشكە باشلىدى.

خۇيىۋەن كۇرەسى ئىلى جاڭجۈنى تۇرۇشلۇق ئورۇن بولغاچقا، ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن نەچچە مىڭ تۈتۈن ئۇيغۇر ئاھالىسىنى باشقۇرىدىغان ھاكىمبەگ مەھكىمىسى ئۈچۈن يېڭىدىن ئورۇن تاللاشقا توغرا كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇشۇ مەزگىللەردە خاقانى چىن ئىلىدا تۇرۇشلۇق قوشۇنلىرىنى ھەدەپ كۆپەيتكەچكە، ئۇلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش ئىشى بىر مەھەل

ئاقساپ قېلىشقا باشلىدى. بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىلى جاڭجۈنى مىڭرۇي جەنۇبتىن ئىلىغا يەنە كۆپلەپ ئاھالە يۆتكەش قارارىغا كەلدى ۋە ئىلىغا ھاكىمبەگ مەھكىمىسى تۇرىدىغان، مۇسۇلمانلار سودا ـ سېتىق قىلىدىغان بىر شەھەر قۇرۇش ھەققىدە خاقانى چىڭغا قاتلاق مەكتۇپ سۇندى.

«... سەلتەنىتىمىز جەنۇبتىن يۆتكەپ چىققان ئۈچ مىڭ يىگىرمە تۈتۈن چەنتۇ، — دېيىلگەندى بۇ قاتلاق مەكتۇپتا، — ئىلى دەرياسى بويلىرىدا بوز ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىشى ئۈچۈن ھاكىمبەگ مۇسا گۇڭنىڭ جۇڭقۇرۇشىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلدى ھەمدە ئۇلارغا يېرى مۇنبەت، بولۇق، سۈيى كۆپ، ئاب ـ ھاۋالىق بالتوقايدىكى غۇلجا دېگەن يەرگە سېپىل سوقۇپ، شەھەر ئەھيا قىلىش ھەققىدە ئىجازەت بېرىلدى. بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: مۇغايىتۇ بىلەن ئالماتۇ دېگەن ئىككى ئورۇننى مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ يەر ئىگىلىشىگە بىكارلاپ بېرىش ئۈچۈن تېرىقچى چەنتۇلارنى غەربتىكى بالتوقاي دېگەن يەرگە سەل ـ پەل سۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

كېيىنكى چاغلاردا بىر ـ ئىككى مىڭ تۈتۈن كۆپەيگەن تەقدىردىمۇ ئىلى دەرياسى بىلەن قاش دەرياسىنىڭ ئايرىلىقىدىكى بۇ جايغا چەنتۇلار پۈتۈنلەي سىغىپ كەتكۈدەك چوڭ بىر شەھەر ئەھيا قىلغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى قايىنۇق دېگەن جايغا ئىككى يۈز تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى غۇلجا دېگەن يەردە ئولتۇراقلاشقان بىر مىڭ توققۇزيۈز تۈتۈندىن سەككىز يۈز تۈتۈننى قايىنۇققا كۆچۈرگەندىن باشقا، ئىلى دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى خوجغىر دېگەن يەردىكى ئىككى يۈز تۈتۈننى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى غۇلجا دېگەن يەرگە يۆتكەپ ئۇ يەردىكى بىر مىڭ بىر يۈز تۈتۈن، بالتوقايدىكى يەتتە يۈز يىگىرمە تۈتۈن ۋە خولۇنبىر چېرىكىدىن يۈز تۈتۈن بولۇپ جەمئىي ئىككى مىڭ بىر يۈز تۈتۈن ئاھالىنى

بالتوقايدا ئولتۇراقلاشتۇرۇشقا پەرمان بېرىلسە، ئۇلار بۇ يىل ئىچىدە ئۆز روزىغارىنى قامداش ئۈچۈن بوز ئېچىپ، تۇرالغۇ ئۆيلىرىنى سېلىۋالسا، كېلەر يىلدىن باشلاپ سېپىل سوقۇشقا كىرىشسە...»①

*　　　*　　　*

سېپىل سوقۇۋاتقانلارنىڭ ئارىسىدا ساقىلى ئۈچەك ئاقارغان، بېلى مۈكچەيگەن بوۋايلار، ئەمدىلا بۇرۇتلىرى خەت تارتىشقا باشلىغان ياش يىگىتلەر، گەۋدىلىك، كۈچلۈك ئادەملەر، ئورۇقلۇقىدىن قوۋۇرغىلىرىنى سانىۋالغىلى بولغۇدەك ئاجىز ئادەملەر، ئايالار، بالىلار بار ئىدى. ئۇلار ھۆل توپا قاچىلانغان ئېغىر قاپلارنى يۈدۈشۈپ قاق سەھەردىن تاكى خۇپتەنگىچە سېپىل ئۈستىگە توختىماي توپا توشاتتى. ياغاچ بويلاقلار، تاش، پىششىق خىش يۈكلەنگەن، چاقلىرى ياغىسىرىغان تارانچى ھارۋىلىرى سېپىل سوقۇۋاتقان ئىش مەيدانىغا غىچىرلاپ كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى.

ئۇدۇلدىكى كۆرەنىڭ ئىچىدە ئۇياق ـ بۇياققا لاغايلىشىپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئۇلار مانجۇلار ئىدى. بالتوقاينىڭ ئۈستىدىكى قويۇق ئۆسكەن قارا ياغاچلىقنىڭ سايىسىدە بىر مۇنچە ئادەملەر كاۋاپداندا قوزا گۆشىنى زىققا تارتىپ پىشۇرماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ بەزىمىسى قىزىپ كېتىشكەنىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ئۇيغۇرلارمۇ، مانجۇلارمۇ بار ئىدى. ئۇلارغا يېقىنلا يەردىن ھاشارچىلار سېپىلغا توپا ئالماقتا ئىدى. يەر سېغىز تۇپراق بولغاچقا، قازماق بەكمۇ مۇشەققەتلىك ئىدى. يۈز

---

① «جوڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى» نىڭ داۋامى، 25 ـ جىلد. «چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، چەنلۇڭنىڭ 29 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى.

بېگى، ئۇن بېگى ۋە بوتۇڭلار ۋارقىرىشىپ، قوللىرىدىكى يىلان قامچىلىرىنى قارسىلدىتىپ، ھارغىنلىق ۋە ئاچلىقتىن ماغدۇرىدىن كېتىشكەن بىچارە ھاشارچىلارنى تېز - تېز ئىشلەشكە مەجبۇرلىشاتتى. تومۇزنىڭ زەھەردەك ئىسسىقىدا ھاشارچىلارنىڭ توپا باسقان ۋە ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىدىغان يۈزلىرىدىن، بويۇنلىرىدىن تەر چىپىلداپ ئاقماقتا ئىدى.

بۇ ھاشارچىلار ئىچىدە ھاسان بوۋاي ئىسىملىك بىر مويسىپىت ئادەم بار ئىدى. ئۇ توپا قازغۇچىلارغا ئۇن بېشى ئىدى. ئۇ كۆرگەن، ئاڭلىغانلىرى كۆپ، تولىمۇ پاراڭچى بىر ئادەم ئىدى. ھاسان بوۋاي نەدە بولسا شۇ يەردە كۈلكە - چاقچاق كۆتۈرۈلەتتى - دە، كىشىلەر ھارغىنلىق ۋە ئاچلىق ئازابىنى بىردەم بولسىمۇ ئۇنتۇيتتى.

ئەتىگەندىن بېرى تىنماي ئىشلىشىۋاتقان ھاشارچىلار چاشگاھ ۋاقتىدا دامجۇقلۇققا ئولتۇرۇشتى. ھاشارچىلارنىڭ ئارىسىدىكى مەخەتجان ئىسىملىك بىر ياش يىگىت قاپاقتىكى مۇزدەك سوغۇق چايدىن بىر پۇچۇق غىدىرغا قۇيدى - دە، ھاسان بوۋايغا سۇندى ۋە:

— ھاسان بوۋا، ئۇسسىغانسەن، مە بۇنى ئىچكىن، — دېدى. ھاسان بوۋاي يىگىتنىڭ قولىدىن چاينى ئالدى ۋە:

— رەھمەت، ئوغلۇم، — دەپ بىر ئوتلىشىدىلا چاينىڭ ھەممىسىنى ئىچىپ بولۇپ، قۇرۇق قاچىنى بالىغا سۇندى ۋە:

— ئۇھ، خويمۇ ئۇسساپتىكەنمەن، — دېدى ئاپئاق چىرايلىق ساقىلىنى قولى بىلەن سىلاپ قويۇپ، — يۈرەكلىرىم ياشىرىپ كەتتى. خۇددى يۇرتۇمدىكى زەرەپشان سۈيىنى ئىچكەندەك بولدۇم!

— ھاسان بوۋا، زەرەپشان دېگەن قەيەردە؟ — دەپ سورىدى مەخەتجان ئۇنىڭدىن.

— زەرەپشان يۇرتىمىز يەكەندىكى بىر ئەزىم دەريانىڭ نامى.

ئۇ تاغلار ئاتىسى دەپ ئاتالغان قارا قۇرۇم تاغلىرىدىن ئېقىپ چىقىدۇ. سۈيى قار - مۇزلاردىن ئېرىگەن بولغاچقا، تومۇز ئىسسىقىدا زەرەپشان سۈيىنى ئىچىدىغان بولساڭ ئاغزىڭ مۇز تۇتۇپ، چىشلىرىڭ ئۇۋۇلۇپ كېتىدۇ! — دېدى ھاسان بوۋاي كۈلمەي تۇرۇپ.

— ھاسان بوۋا، بۇ سۆزۈڭ لاپ بولۇپ قالدىغۇ - دەيمەن؟ — دېدى زوغرۇل دەيدىغان بىر ھاشارچى يىگىت كۈلۈپ كېتىپ.

— ئۇنداق بولسا لاپتىن بىرنى دەپ بېرەي.

— ھە بەللى، ھاسان بوۋا، ماۋۇ گېپىڭ جايىدا بولدى. قېنى، ئېيتە، قۇلىقىمىز سىنىڭدە!

— بىر يېزىدا ئىككى لاپچى بار ئىكەن، — دېدى ھاسان بوۋاي كۈنگە قاراپ قويۇپ، — ئۇلارنىڭ بىرى بابكار، يەنە بىرى شۇستىگەر ئىكەن. بىر كۈنى ھېلىقى بابكار دەستىگاھىدا بۆز توقۇپ ئولتۇرسا، ياش باللار كىرىپ ئولتۇرۇپتۇ. بابكار ئۇلارغا:

— مەن بابكارلىق قىلغان مەھەللىنىڭ توخۇلىرى ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ يۇلتۇزلارنى چوقۇلايتتى. بىر ئاخشىمى ئاينى تارتىپ چۈشۈرۈپ چوقۇلاپ، چوقۇلاپ، كوچا بويلاپ سۆرەپ ماڭدى، — دەپتۇ.

ياشلار ھېلىقى شۇستىگەر لاپچىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئاشۇ سۆزلەر راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بابكارغۇ دۇنيا ئارىلىغان ئادەم. بولمىغان ئىشنى دېمەيدۇ، — دەپتۇ بۇ لاپچىمۇ، — بىراق جاھاندا ئۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپ ئىشلار بار. مانا مېنى ئالساق، مېنىڭ بىر چاغلاردا بىر كۆلنى ئاسمانغا ئېسىپ قويغان چاغلىرىممۇ بولغان. ئۆزۈم تېگىدە خېلى ۋاقىتقىچە قاراپ تۇردۇم. بېلىقلار قورقىنىدىن كۆلنىڭ چېتىگە سەكرىشىۋىدى، يەرگە پوك - پوك چۈشكىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكى ئادرىسى

تۇردى!

— ھا، ھا!... ھاشارچىلار كۇلۇپ تىلىقىپ قىلىشتى.

ھاشارچىلار:

— يەنە، يەنە بىرنى! — دەپ ھەدەپ چۇرقىراشتى.

ھاسان بوۋاي توقايلىققا قاراپ قويدى. بۇ چاغدا ھېلىقى بەزمە قىلىشىۋاتقانلاردىن بىرمۇنچە ئادەم ئورنىدىن تۇرۇشۇپ سېپىل تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقانىدى. شۇئا، ھاسان بوۋاي «بەگ ـ ئامباللار كېلىشىۋاتىدۇ، قېنى ئىشلەيلى!» دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. قالغان ھاشارچىلارمۇ ئۆز ئورۇنلىرىغا مېڭىشتى...

ئوتتۇرا بويلۇق، سەمرىپ قورساق سالغان، ئۇستىگە ئۇدۇلىدىن ئىزمىلىنىدىغان مانجۇچە كەمزۇل كىيگەن ۋە مانجۇچە ئۇزۇن چاچ قويۇلغان بېشىغا چەركە ـ ئوتىغات قادالغان مانجۇچە دىڭ قالپاق ختايى كىيگەن بىر ئۇيغۇر — ئۇ ئىلى ھاكىم بېگى مۇساگۇڭ ئىدى — دورغا ـ بەگلىرىنى كەينىگە سېلىپ، سېپىل تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىسسىقتا كەمزۇلى ئۇستىدىن پوتا باغلىۋالغانىدى. ئۇ سېپىل ئۇستىگە چىققاندىن كېيىن دورغىسىنىڭ قولىدىكى ئۇزۇن ساپلىق تۆمۈر نەيزىنى ئېلىپ، سېپىلنىڭ پۇتكەن قىسمىغا سانجىپ كۆرەتتى، نەيزە پاتمىسا، ئاندىن ئۇ رازى بولۇپ، باشقا تەرەپلەرنى تەركە قىلماق بولۇپ ماڭاتتى. غۇلجا سېپىلىنىڭ ئىزناسى كۆرۈنگەنىدى؛ بۇ سېپىل — ئۇزۇنلۇقى ئون ئىككى يېرىم چاقىرىم، ئېگىزلىكى يەتتە يېرىم مېتىر، ئاستىنىڭ كەڭلىكى بەش مېتىر، ئۇستىنىڭ كەڭلىكى تۆت مېتىر، سېپىل ئۇستىدە تۆت قاتار تىزىلغان قارا چېرىك ياكى سەككىز ئات قوشۇلغان هارۋا بىمالال ماڭىدىغان قىلىپ پىلانلانغانىدى.

بۇ چاغدا بىر قېرى ئادەم ئۆشنىسىدە بىر قاپ ھۆل سېغىز توپىنى يۈدۈپ، يانتۇلۇقتىن سېپىل ئۇستىگە قاراپ يۇقىرىلاپ

مىڭبىر قىيىنچىلىقلار بىلەن چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئۈستىدىكى ئېغىر قاپ ئۇنىڭ قەددىنى پۈكلىــــۋەتكەنــــدى. يانتۇلۇق ئېگىزلىگەنسېرى، ئۇنىڭ قەددى تېخىمۇ پۈكۈلەتتى، قەدىمــى تېخىمۇ ئاستىلايتتى. ئۇ مىڭ بىر مۇشەققەتلەر بىلەن توپىنى يۇدۇپ ئاخىر سېپىل ئۈستىگە چىقتى. ئەمما، ئون بېگــى كۆرسەتكەن يەرگە يېتىپ بارالمىدى ـ دە، سېپىلنــى تەركە قىلىۋاتقان ئىلى هاكىمبېگى مۇساگۇڭنىڭ قېشىغا بېرىپلا قاپ بىلەن بىللە يىقىلىپ چۈشتى. قاپتىكى توپىنىڭ يېرىمى ئۇنىڭ ئەمەلدارلىق تونىغا تۆكۈلدى.

— هەي ئۆلۈمتۈك قېرى، توپىنى نەگە تۆكۈۋاتىسەن؟ ! — دەپ ئاچچىق قىلدى مۇساگۇڭ هېلىقى قېرىنىڭ ئۇچىتەك ئاقارغان ساقىلىنى قامالاپ تۇتقان پېتى سىلكــــشلەپ تۇرۇپ، ئۇ غەزەپلەنگەنلىكىدىن تىترەپ كەتكەندى.

هېلىقى قېرى ئادەم ئورنىدىن تىرمىشىپ ئاران تۇردى ۋە ساقىلىنى مۇساگۇڭنىڭ قولىدىن ئاجراتماقچى بولۇپ:

— هۆرمەتلىك بېگىم، — دەپ دەردلىك سۆزلىدى ئۇ، — نېمىگە مۇنچىۋالا ئېششىپ كېتىسەن؟ سەن هاكىمسەن، مىڭلارچە كۆزلەر ساڭا تەلمۈرۈپ تۇرۇۋشىدۇ! بىزگە ئوخشاش ئاجىز، غېرىب ـ غۇرۋالارنى كۆزۈڭگە ئىلمايسەن. بىلمەن، سېنىڭ ئارزۇ ـ خىيالىڭ مەنسەپتە! مانجۇ خوجاڭغا ياخشى كۆرۈنۈشتە. ۋاييەي، ماڭا ئوخشاش بىر ئۆلۈمتۈك گاداي بارغان يەرگە ساڭا ئوخشاش بەگ ـ بېگاتلارنىڭ بارمايدىغانلىقــــغا هەرگــــز ئىشەنمەيمەن.

قېرى ئادەمنىڭ تەئەددىسى جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەن مۇساگۇڭ دورغىسىنىڭ قولىدىكى يىلان قامچىنى ئالدى ـ دە، ئۇنى ئارقا ـ ئارقىدىن تۆت ـ بەشنى ئۇرۇۋەتتى. سىم ئورالغان يىلان قامچا هەربىر تەگكەندە، قېرى ئادەمنىــــڭ يالـــڭاچ دۈمبىسىدە تال ـ تال قانلىق ئىز پەيدا بولاتتى. ئاخىر هېلىقى

قېرى ئادەم ھالىدىن كېتىپ يىقىلدى. ئەمما، ئۇ توپا قاچىلانغان قاپنىڭ بىر ئۇچىدىن چىڭ قاماللاپ تۇتۇۋالغانىدى. قاپ سىپىلنىڭ ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشۈۋېتىپ ھېلىقى قېرى ئادەمنىمۇ سۆرىگىنىچە يەتتە يېرىم مېتىر ئېگىزدىن پەسكە ئېلىپ چۈشۈپ كەتتى. ئۇ يەرگە چۈشۈپ ئېچىنىشلىق بىر ۋارقىرىدى ـ دە، پۇت ـ قوللىرىنى سوزغىنىچە جىم يېتىپ قالدى. ئۇ ئۆلگەنىدى. تۆۋەندە توپا ئۇسسۇۋاتقان ۋە توپا يۈدۈۋاتقان ھاشارچىلار ھېلىقى ئۆلگەن قېرى ئادەمنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى.

— ھاي، ھاي! ھەرقايسىڭ ئۆلگەن ئادەمنى كۆرۈشمىگەنمۇ؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇلارغا ئاچچىقى يامان يۈز بېگى، — كۈنىگە تۆت ـ بەش ئادەم ئۆلۈۋاتىدىغۇ؟ ئۆلسە نېمە بوپتۇ؟ كىم ئۇنى ئۇلۇغلار بىلەن دە تالاش قىلسۇن دەپتۇ؟ ھاي، ھاسىل بوتۇڭ، قېنى سەنوي، ئىككى ـ ئۈچ ئادەمنى باشلاپ بېرىپ، بۇ قېرىنىڭ ئۆلۈكىنى كۆتۈرگۈزۈپ ئاپىرىپ سىپىلنىڭ توپىسى توختىمىغان يېرىگە كۆمۈۋەت! قالغان ئادەملەر ھەممىڭ تارقىلىش! بېرىپ ئىشىڭلارنى قىلىڭلار!

ئەمما، سىپىل ئاستىغا ئولىشىۋالغان نەچچە يۈز ھاشارچى ئورنىدىن مىدىرلىمىدى. شۇ ئەسنادا، كۈرە دەرۋازىسى تەرەپتىن ئاتلارنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مانجۇ چارلىغۇچىلىرى يالىڭاچلانغان قىلىچلىرىنى باش ئۈستىدە ئوينىتىپ، ئاتلىرىنى ئۇدۇل پېتىلا ئادەملەرنىڭ ئۈستىگە چاپتۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. كىشىلەرنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— تارقال، ھەممىڭ تارقىلىش! بولمىسا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرۈشىسەن! — مانجۇ ئاتلىقلىرىنىڭ سەردارىنىڭ ئاچچىق قىلىپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ھاشارچىلارنىڭ قىيا ـ چىيالىرىنى بېسىپ چۈشتى. كىشىلەرنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنلىرى خۇددى ئۈستىدىن سۇ قۇيۇپ ئۆچۈرۈلگەن ئوتتەك دەرھال بېسىلىپ

قالدى. مانجۇلارنىڭ قىلىچى ھاشارچىلارنىڭ باش ئۈستىدە ئوينىشقا باشلىدى. ئادەملەر نائىلاج ئۆز ئورۇنلىرىغا كېتىشكە باشلىدى. ھاسىل بوتۇك ئۈچ ئادەمنى باشلاپ ھېلىقى قېرى ئادەمنىڭ ئۆلۈكىنى زەمبىلگە بېسىپ كۆتۈرگۈزۈپ ئېلىپ كەتتى. . .

سېپىل ئالدىدىكى تىنچلىق مانجۇ ساقچىلىرىنىڭ قىلىچى ئاستىدا دەرھال ئەسلىگە كەلدى . . .

كۈن پېشىندىن قايرىلغان. چاغدا كۈرەنىڭ ئىچىدىن تۆت ئادەم كۆتۈرگەن تەختىراۋان چىقىپ كەلدى. بۇ ئىلى جاڭجۇنى مىڭرۇي ئولتۇرغان تەختىراۋان ئىدى. بۇ چاغدا ئىلى ھاكىمبېگى مۇساگۇڭ سېپىلنىڭ تېخى تولۇق پۈتمىگەن غەربىي دەرۋازىسىدا دورغا ـ بەگلىرى بىلەن بىللە قول باغلاپ تۇرۇشقانىدى. تەختىراۋان غۇلجا سېپىلىنىڭ غەربىي دەرۋازىسى ئالدىغا يېتىپ كەلدى.

— دارىن، بايا بۇ يەردە نېمە ئىش يۈز بەردى؟ — دەپ سورىدى مىڭرۇي تەختىراۋاندىن چۈشكەندىن كېيىن، — ئاۋۇ يالاڭتۆشلەر نېمىشقا ئىشلىمەي تۇرۇشىدۇ؟

— جاڭجۇن دارىنغا مەلۇم بولغايكى، — دەپ جاۋاب بەردى مۇساگۇڭ بېلىدىكى پوتىسىنىڭ بىر ئۇچىدا پېشانىسىدىكى تەرنى سۈرتۈپ تۇرۇپ، — بايا بىر ئۆلۈمتۈك قېرى ئېھتىياتسىزلىقتىن سېپىل ئۈستىدىن چۈشۈپ كېتىپ ئۆلگەنىدى. بۇ يالاڭتۆشلەر شۇنىڭغا قارىشىپ تۇرۇشىدۇ.

— دارىن، ئىشىڭىز بەك ئاستا، — دېدى ئىلى جاڭجۇنى مىڭرۇي بۇ گەپكە ئېرەڭشىمەي، — ئىشىڭىزنى تېز جىددەللەتمىسىڭىز بولمايدۇ! بوغدا خان بەلگىلەپ بەرگەن سۈرۈك ئىچىدە سېپىل پۈتكۈزۈلمىسە، بوغدا خان ئالدىدا مېنىمۇ گەپكە قويىسىز!

— قۇللۇق، جاڭجۇن دارىن، — دەپ تەزىم بەجا كەلتۈردى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

مۇساگۇك، — هازىر هاشارچىلارنى كېچە - كۈندۈز گېزەكلىشىپ ئىشلەشكە مەجبۇرلاۋاتىمىز. بىراق، تومۇز ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقتىن، ئىشنىڭ سۈرئىتىنى بۇنىڭدىنمۇ تېزلەتكىلى مۇمكىن بولمايۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىش ئېغىر، كىشىلەرنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى ئۆكسۈپ قېلىۋاتقانلىقتىن، تولغاق، بەزگەك، كېزىك تارقاپ كەتتى. كۈنىگە تۆت - بەش ئادەم كېسەلدىن ساقىيالماي ئۆلۈپ كېتىۋاتىدۇ.

— ئۆلگەنلەرنى قانداق قىلدىڭلار؟ كۆمۈۋەتتىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى مىڭرۇي تەرىنى تۈرۈپ، — كېسەل بولغانلىرى ساقلاردىن ئايرىپ تاشلاندىمۇ؟

— ئۆلگەنلەرنىڭ ئۆلۈكلىرىنى سېپىلغا بېسىپ ئاران ئۆلگۈرۈۋاتىمىز، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ ئېرەڭشىمەستىن، بۇ خۇددى بىر ئادەتتىكى ئىشتەك، — كېسەل بولغانلارنى سۆرەپ ئاپىرىپ توپا ئېلىنغان كارىزلارغا تاشلاپ قويدۇق. تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، ئۆلمەي ساق قالغانلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ يەنە هاشارغا سېلىۋاتىمىز. بىراق، ئۆلگەن، كېسەل بولغانلار ھەسسىلەپ كۆپىيىۋاتقانلىقتىن، هاشارغا ئىشلەيدىغانلارنىڭ سانى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ.

— سېپىل هاشارىغا ئادەم كۆپەيتمەي بولمايدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى ئىلى جاڭجۈنى ئۇنىڭغا، — مەن بۇ ئىشنى بوغدا خانغا مەلۇم قىلدىم. بوغدا خان تاغ ئارقىسىدىن يەنە ئۈچ مىڭ تۈتۈن چەنتۈنى ئىلىغا كۆچۈرۈپ چىقىشقا پەرمان بەردى. ئادەمنى شۇ چاغدىلا ئاندىن كۆپەيتكىلى بولىدۇ. بىراق، غۇلجا سېپىلى بەلگىلەنگەن سۈرۈك ئىچىدە پۈتكۈزۈلمىسە، دارىڭ سىز بېشىڭىز بىلەن جاۋاب قىلىسىز!

ئىلى جاڭجۈنىدىن قاتتىق گەپ ئىشىتكەن مۇساگۇك قورققىنىدىن لاغ - لاغ تىترەپ كەتتى:

— قۇللۇق، دا ـ . . . دلـ . . . دارىن، — دېدى كېكەچلەپ تۇرۇپ، ـ چوقۇم، بەلگىلەنگەن سۇ . . . سۇ . . . سۇرۇك ئىچىدە سې . . . سې . . . سېـپىلنـى پـۇتكـۈزد . . . زد ـ . . . پۈتكۈزىمەن!

ئىلى جاڭجۈنى مىڭرۇي ئۇنىڭ بۇ ئەپتىدىن يىرگەنگەندەك بولۇپ، پەشلىرىنى قاققىنىچە تەختىراۋانغا ئولتۇرۇپ كۈرەگە قايتتى . . .

*　　　*　　　*

مىلادى 1763 ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلىگە كەلگەندە غۇلجا سېپىلى ئاران ياساپ پۈتتۈرۈلدى! ئەسلىدىكى پىلان بويىچە ئايلانمىسى ئون ئىككى يېرىم چاقىرىم ئۇزۇنلۇقتا، ئېگىزلىكى يەتتە يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتە، ئاستى بەش مېتىر، ئۈستى تۆت مېتىر كەڭلىكتە مۇستەھكەم بىر سېپىل ئىلى دەرياسىنىـڭ شىمالىي قىرغىقىدا قەد كۆتۈردى! سېپىل ئۈستىگە پىششىق خىش بىلەن ئۆگەك ـ كۇنگۈرە قوپۇرۇلغانىدى. سېپىلنىڭ تۆت بۇرجىكى چوڭ كۆك خىش بىلەن ئىنھاتە ئىچىگە ئېلىنغان بولۇپ، شەرق، جەنۇب، شىمال ۋە غەرب تەرەپلىرىگە پىششىق خىش بىلەن بىردىن چوڭ ئەگمە قوۋۇق ياسالغانىدى. بۇ قوۋۇقلارنىڭ ئۈستىگە بالىخانىلىق راۋاق سېلىنغانىدى. ھەربىي ئىـــشلار تەلپىدىن شەھەر دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغا بىردىن قوۋۇق سېپىلى ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭغا قوش دەرۋازا بېكىتىلگەنىدى.

غۇلجا سېپىلى پۈتكەندىن كېيىن خاقانى چىن چەنلۇڭ ئۆز قەلىمى بىلەن «نىڭيۈەن سېپىلى» دەپ خەت يېزىپ بەردى ھەمدە سېپىلنىڭ شەرق، جەنۇب، شىمال ۋە غەرب تەرەپتىكى تۆت قــوۋۇقــــغا ئايــرىم ـ ئايــرىم ھالدا: «ئەمكەر ـ ئەيىام»، «مەرھابا ـ ئەقسا»، «مۇلاقات ـ ئەبىر»، «مەسرۇر ـ قۇللە»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دەپ ئىسىم قويۇپ بەردى. بىراق، ئۇزاق يىللاردىن كېيىن بۇ نام كىشىلەر تەرىپىدىن ئۇنتۇلۇپ قېلىندى ۋە تارانچىلار تەرىپىدىن قويۇلغان «دەڭ دەرۋازا»، «سۇ دەرۋازا»، «كۇرە دەرۋازا»، «دولان دەرۋازا» دېگەن ناملار بىلەن ئالماشتى...

شۇنداق قىلىپ، ئىلى دىيارىدىكى توققۇز كۇرە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، ئىلى تارانچىلىرىنىڭ قان ـ تەر بەدىلى ۋە جەسەتلىرىنىڭ شاراپىتىدە ئاخىر پۈتۈپ چىقتى!

*　　*　　*

«ئىلى دىيارىدىكى توققۇز كۇرە» دەپ ئاتالغان قەلئەلەر مۇنۇ توققۇز قەلئەنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى:

تەلكە كۇرەسى (塔勒其城). تەلكە كۇرەسى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، مانجۇلار بۇ كۇرەنى مىلادى 1761 ـ يىلى تارانچىلارنىڭ كۈچى بىلەن ئەھيا قىلدۇرغانىدى. كېيىن مىلادى 1802 ـ يىلى ئىككى قېتىم كېڭەيتىپ سالدۇردى. بۇ قەلئە ـ ئىلى ۋادىسىغا ئۆتىدىغان قەدىمكى خەلقئارالىق يول ـ ئالمالىق جىلغىسىنىڭ ئېغىزىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، تارىختا «بىرىنچى ئۆتكەل» دەپ ئاتالدى. بۇ قەلئەنى مانجۇلارنىڭ يېشىل تۇغلۇق قوشۇنلىرى ساقلايتتى.

سۈيدۈڭ كۇرەسى (妥定城). سۈيدۈڭ كۇرەسى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، مانجۇلار بۇ كۇرەنى مىلادى 1762 ـ يىلى تارانچىلارنىڭ كۈچى بىلەن ئەھيا قىلدۇرغانىدى. بۇ كۇرەدە مانجۇ يېشىل تۇغلۇق قوشۇنلىرىنىڭ ئوردۇ قوشى تۇراتتى.

بايانداي كۇرەسى (惠宁城). «خۇيىنىڭ كۇرەسى» دەپمۇ ئاتىلاتتى. باياندا كۇرەسى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، مانجۇلار بۇ كۇرەنى 1763 ـ يىلى

تارانچىلارنىڭ كۆچى بىلەن ئەھيا قىلدۇرغانىدى. مانجۇلارنىڭ ئاغلاقچى ئامبىلى، ئۇزۇق - تۈلۈك ئامبىلى ۋە سەييارە مۇپەتتىشى قاتارلىق ھەربىي - مۈلكىي ئەمەلدارلىرى باياندىكى كۈرەسىدە تۇراتتى.

كۈرە ( 惠远城 ) . «خۇيىۋەن كۈرەسى» دەپمۇ ئاتىلاتتى. كۈرە ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، مانجۇلار مىلادى 1761 - يىلىدىن باشلاپ، تارانچىلارنىڭ كۆچى بىلەن كۈرەنى ئەھيا قىلدۇرۇشقا باشلىغان، مىلادى 1763 - يىلى ئاندىن پۈتتۈرگەنىدى. كۈرە مانجۇ مەمۇرلىرىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەربىي - سىياسىي مەركىزى بولۇپ، بۇ يەردە ئىلى جاڭجۈنى، مەسلىھەتچى ئامبال ۋە تۆت ئاغلاقچى ئامبال باشچىلىقىدىكى مانجۇ قوشۇنى تۇراتتى.

غۇلجا كۈرەسى ( 宁远城 ) . «نىڭيۈەن كۈرەسى» دەپمۇ ئاتىلاتتى. غۇلجا كۈرەسى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، مانجۇلار تارانچىلارغا ئۇدا ئۈچ يىل ھاشار سېلىپ مىلادى 1763 - يىلى كۈزدە پۈتتۈرگەنىدى. دەسلەپتە ئىلى ئۇيغۇرلىرىنى جۇڭقۇرىدىغان «ئىلى ھاكىمبەگ مەھكىمىسى» تۇرۇشلۇق ئورۇنغا ئۆزگەرتىلگەنىدى.

چىڭسىخوزا كۈرەسى ( 瞻德城 ) . چىڭسىخوزا كۈرەسى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، مانجۇلار بۇ كۈرەنى مىلادى 1779 - يىلى ئەھيا قىلدۇردى. بۇ يەرنىڭ ئەسلى ئىسمى «ساغان ئۇسۇن» بولغانلىقتىن، مانجۇلار ئۇ يەرنى «چىڭسىخوزا» دەپمۇ ئاتىدى. بۇ كۈرەدە مانجۇلارنىڭ يېشىل تۇغلۇق قوشۇنىنىڭ ئوڭقول قوشبېگى ۋە باقاۋۇلبېگى باشچىلىقىدىكى مانجۇ قوشۇنلىرى تۇراتتى.

لۇسىگۇڭ كۈرەسى ( 广仁城 ) . لۇسىگۇڭ كۈرەسى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، مانجۇلار بۇ كۈرەنىمۇ مىلادى 1779 - يىلى ئەھيا قىلدۇردى. بۇ يەرنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەسلى ئىسمى «ئوخۇر بۇرسۇن» دەپ ئاتىلاتتى. كېيىن كىشىلەر تەرىپىدىن لوسىگۇڭ دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. بۇ يەردە مانجۇلارنىڭ يېشىل تۇغلۇق قوشۇنىنىڭ سەييارە سانغۇنى باشچىلىقىدىكى چەپقول قوشى تۇراتتى.

چىلپەڭزە كۆرەسى ( 熙春城 ). چىلپەڭزە كۆرەسى ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، غۇلجا كۆرەسى بىلەن باياندايى كۆرەسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقتىن «چىلپەڭزە» دەپ ئاتالغان. مانجۇلار بۇ كۆرەنى مىلادى 1779 ـ يىلى ئەھيا قىلدۇرغانىدى. بۇ كۆرەدە مانجۇلارنىڭ يېشىل تۇغلۇق چىنداۋۇل قوشۇنى تۇراتتى.

قورغاس كۆرەسى ( 拱宸城 ). كونا قورغاس كۆرەسى دەپمۇ ئاتىلاتتى. قورغاس كۆرەسى قورغاس دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، مانجۇلار بۇ كۆرەنى مىلادى 1780 ـ يىلى ئەھيا قىلدۇردى. بۇ يەردە مانجۇلارنىڭ مۇشاۋىر سانغۇنى باشچىلىقىدىكى يېشىل تۇغلۇق قوشۇنى تۇراتتى.

ھۆرمەتلىك كىتابخان، مانجۇلارنىڭ ئىلى دىيارىدا تارانچى ئۇيغۇرلىرىنىڭ قان ـ تەرى ۋە ھايات ـ ماماتى بەدىلىگە ئەھيا قىلدۇرغان توققۇز كۆرەسى ھەققىدە مۇشۇنچىلىك مەلۇمات بەرسەك كۇپايە قىلار. ئەمدى باشتىكى گېپىمىزگە قايتىمىز...

*                    *                    *

بۇ غۇلجا سېپىلى پۈتۈپ ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىنكى بىر كەچ كۈز پەسلى ئىدى. يازچە تارانچىلارنىڭ يەلكىسىنى كۆيدۈرۈپ زەھەردەك چاققان قۇياش نۇرى كەچ كۈز پەسلىدە خېلى ئاجىزلىغانىدى. تەبىئەت خۇددى كەچ كۈزنىڭ سوغۇقىدىن مۇزلىغاندەك تۈگۈلۈشكە باشلىدى. قەۋس ئايلىرىدىكى قويۇق

بۇلۇت تۇمانلىرى ئاستىدا ھەر خىل رەڭلەر ئاستا ـ ئاستا ئۆڭۈشكە باشلىغانىدى. يىراقتىكى ئېرەن قابۇرغا تاغلىرىنىڭ ئېگىز چوققىلىرى دەسلەپتە قارلار بىلەن قاپلاندى. ئىلى دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى تۆپىلىكلەر قويۇق تۇمان ئاستىدا قالدى. نەملەشكەن ئاسمان ئۇن چىقارماي ئاستا يىغلاۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

دەريا ياقىسىدا ئۆسكەن بىر تۈپ ياۋا ئالما شېخىغا قونۇۋالغان بىر قۇش جانغا پاتىدىغان زىمىستان قارا قىشنىڭ پات ئارىدا يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان بولسا كېرەك، مۇڭ ئارىلاش يېقىملىق سايرىماقتا ئىدى.

ئۈستىگە تاشكۆمۈر قاچىلانغان ئېغىر سېۋەتلەر ئارتىلغان ئېشەكلەر، قېچىرلار، تۆگىلەر ۋە ئۆكۈز قوشۇلغان تارانچى ھارۋىلىرى تاشكۆمۈر قاچىلاپ كۆمۈر كان تەرەپتىن غۇلجا شەھىرىگە قاراپ كىرىپ كەلمەكتە ئىدى. ئېشەكچىلەر، قېچىر ھەيدىگەنلەر، تۆگە يېتىلىگەنلەر، ھارۋىكەشلەر بىر ـ بىرى بىلەن ۋارقىرىشىپ سۆزلەشكەن چاغلىرىدىمۇ ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ھايۋانلارنى قامچىلاپ قويۇشنى ئۇنتۇمايتتى.

كەچ كىرىپ كېتىۋاتقانىدى. يەر تېخى سوۋۇپ كېتىشكە ئۈلگۈرمىگەنىدى. غۇر ـ غۇر چىقىۋاتقان كۆزنىڭ سوغۇق شامىلى كەچقۇرۇنلۇقى سالقىن بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. سىم ـ سىم يامغۇردا نەملەشكەن توپا يولدا ئېشەكلىك ئىككى يولۇچى ئالدىراپ كېلىۋاتاتتى.

— شەھەرنىڭ قوۋۇقىنى تاقاشقا ئاز قالدى. قېنى، مەخەتجان بالام، ئېشىكىڭنى ھەيدە، تېز ماڭايلى! — دېدى ساقىلى ئۇچەتەك ئاقارغان بىر بوۋاي يېنىدىكى ئېشەكتە كېتىۋاتقان ياش يىگىتكە.

— ھاسان بوۋا، ئۈلگۈرىمىز، — دېدى ھېلىقى ياش يىگىت ئېشىكىنى دېۋىتكەچ، — باياتىن دەريا ياقىسىدا بۇ چامبۇل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېشەكلەرنى تويغۇزۇۋالىمىز دەپ ھايال بولمىغان بولساق، بۇ كەملەرگىچە ئۆزىمىزنى ساۋۇت دەڭجانىڭ سارىيىدا كۆرگەن بولاتتۇق!

— ساۋۇت دەڭجا ئىنساپ ـ دىيانەتلىك ئادەم، — دېدى ھاسان بوۋاي ئېشىكىنى چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ، — ئاشۇ يىلقى سېپىل ھاشىرىدا مەن كېزىكتىن يىقىلغاندا، ساۋۇت دەڭجا مېنى سارىيىغا ئاپىرىۋالمىغان بولسا، ئۆلۈكۈم كارىزدا قالغان بولمايتتىمۇ؟

— توغرا گەپ قىلدىڭىز ھاسان بوۋا، — دەپ بوۋاينىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى ھېلىقى مەخەتجان دەپ ئاتىلىدىغان ياش يىگىت، — شۇ چاغلاردا ئەگەر ساۋۇت دەڭجا بولمىغان بولسا، نۇرغۇن تارانچىلارنىڭ ئۆلۈكى سېپىلغا بېسىلغان بولاتتى.

— ئوغلۇم مەخەتجان، سەن ساۋۇت دەڭجانىڭ ئەسلى كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ — دەپ سورىدى ھاسان بوۋاي ئەتراپىغا بىر قارىۋېتىپ.

— ياق، — دېدى مەخەتجان تەئەججۇپلەنگەن ھالدا، — شۇ دەڭجا بولماي كىم بولاتتى؟

— مەن ساڭا بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى قەشقەر بەشكېرەملىك مەھرەمبەگ دېگەن بىر باتۇر ھەققىدە سۆزلەپ بەرگەنلىرىم ئېسىڭدىمۇ؟

— ھېلىقى مانجۇ ئامبىلىنىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلىغان شاڭبېگىنى دەمسىز؟

— ھەببەللى، — دېدى ھاسان بوۋاي كېتىۋېتىپ، — ئاشۇ مەھرەمبەگ مانجۇ ئامبىلىنىڭ قارنىنى يېرىپ تاشلىغاندىن كېيىن ئالتىشەھەر تەرەپلىرىدە تۇرالماي تاغ ئارقىسىغا قېچىپ چىقىپ مۇشۇ ئىلى دىيارىدا يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنىدى. كېيىن ئىسمىنى ساۋۇت دەڭجاغا ئۆزگەرتىپ ساراي ئېچىپ، مۇشۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ قالدى. بۇ گەپنى قاتتىق سىر قىلىپ ساقلا جۇمۇ؟

— هاسان بوۋا، خاتىرجەم بول، — دېدى مەخەتجان، — ھېچكىمگە ئېيتمايمەن!

ئۇلار مۇشۇنداق پاراڭلاشقاچ مېڭىپ، شەھەرنىڭ جەنۇبىي قوۋۇقى — «مەرھابا - ئەقسا» دەرۋازىسىغا يېتىپ كەلگەنلىكلىرىنى سەزمەي قېلىشتى. ئۇلار دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندىن كېيىن ئېشەكلىرىدىن چۈشۈشتى. دەرۋازىۋەن ئۇلارغا ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەللىك يارماقتىن يۈز يارماق، ئېشەكلىرىگىمۇ ئەللىك يارماقتىن يۈز يارماق جەمئىي ئىككى يۈز يارماق ئالۋان تۆلەتكۈزگەندىن كېيىن ئاندىن ئۇلارنى شەھەرنىڭ ئىچىگە ئۆتكۈزدى.

شەھەر ئىچىدە شەھەرنىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى — «مەرھابا - ئەقسا» قوۋۇقى بىلەن شىمالىي دەرۋازىسى — «مۇلاقات - ئەبىر» قوۋۇقلىرىنى ۋە شەھەرنىڭ شەرقىي دەرۋازىسى - «ئەمكەر - ئەييام» قوۋۇقى بىلەن غەربىي دەرۋازىسى - «مەسرۇر - قۇللە» قوۋۇقلىرىنى ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تۆت كوچا ئۆزئارا كېسىشكەن جاي چاھارسۇ، دەپ ئاتىلاتتى. يولۇچىلار مۇشۇ چاھارسۇ دوقمۇشىغا كەلگەندە غەرب تەرەپكە قاراپ قايرىلىپ، موللا روزى ئەلەم دېگەن كىشىنىڭ قورۇسىنىڭ يېنىدىكى ساۋۇت دەڭجانىڭ سارىيى جايلاشقان كوچىغا يېتىپ كېلىشتى. بۇ كوچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۆگزىلىرى پەس يېپىلغان لايسۇۋاق تارانچى ئۆيلىرى زىچ جايلاشقانىدى. كوچىنى بويلاپ ئېلىنغان تار ئېرىقتا سۇزۇك سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى. پاكار ئۆگزىلەرنىڭ بۇرجەكلىرىدە ئىستا قارىيىپ چوخچىيىپ تۇرغان موريلاردىن ئىس پۇرقىراپ چىقىپ تۇراتتى. كوچا بويىدىكى بەزى ئۆيلەرنىڭ ئىشىكىدىن ئاغزى كاۋا يۇقى، قورساقلىرى باداڭدەك كۆپۈپ كەتكەن، بويى بەش غېرىچ، بوينى ساپاقتەك، بېشى قاپاقتەك، كۆزلىرىنى چاپاق بېسىپ كەتكەن يېرىم يالىڭاچ باللار باشلىرىنى

چىقىرىشىپ بۇ يولۇچىلارغا قىزىقسىنىپ قارىشىپ تۇرۇشاتتى. كەچكۈزنىڭ بۇ كەچكى پەيتىدە مەشئۇم جىمجىتلىق كوچىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىلكىگە ئالغانىدى. بۇ چاغدا تۇيۇقسىز چىققان بىر غەزەپلىك ئاۋاز بۇ مەشئۇم جىمجىتلىقنى بۇزدى:

— ئىشىكنى ياپمامسەنوي، ئىشتىنىڭ شۇمى! ياپ دەيمەنوي، ئۆيگە سوغۇق كىرىپ كەتتى!

يوغان بىر قول ئىشىكتىن مارىشىپ قارىشىپ تۇرۇشقان بالىلاردىن بىرىنىڭ قۇلىقىدىن سۆرىگىنىچە ئۆينىڭ ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى. «تاراق» قىلىپ ئىشىك يېپىلدى ۋە ئارقىدىنلا ئاچچىق يامان ئاتىسىدىن كاچىتىغا تەستەك يېگەن ھېلىقى بالىنىڭ چىرقىراپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

بۇ ئەتراپ پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆزگىرىپ كەتكەن. نۇرغۇن يېڭى ئۆيلەر قەد كۆتۈرگەن بولۇپ، كوچىلارمۇ كۆزگە باشقىچە كۆرۈنۈۋاتقانىدى. يولۇچىلار بۇ سوقماق كوچىلاردا خېلىغىچە ئادىشىپ يۈرۈپ، ئاخىر تونۇش دەرۋازىنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، قەتئىي يوسۇندا ئىشەكلىرىنىڭ بېشىنى شۇ تەرەپكە قارىتىپ بۇراشتى.

كەچ كۈزنىڭ كۈندۈز كۈنى قىسقا بولىدۇ. كۈن ئاخىر ئولتۇرۇپ كەتتى. گۇگۇم چۈشۈپ، پۈتۈن كوچا ئاستا ـ ئاستا مەشئۇم قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆكۈشكە باشلىدى.

ھاسان بوۋاي بىلەن مەخەتجان ئىككىسى بۇ تونۇش دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېشەكلىرىدىن چۈشۈشتى. بۇ ساۋۇت دەڭجا دېگەن قەشقەرلىق كىشىنىڭ سارىيى ئىدى. دەرۋازا ئېتىك بولۇپ، ھويلا تېمىنىڭ ئارقىسىدىن ھېچقانداق ئاۋازمۇ ئاڭلانمايتتى. ياش يىگىت مەخەتجان دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، يان ئىشىكنىڭ قاغا تۇمشۇقىنىڭ زەنجىرىنى تۇتۇپ ئىككى قېتىم تاقىلداتتى. بۇ چاغدا ساراي ئىچىدىن ئىتنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

پۇتۇنلەي قاراڭغۇ چۈشۈپ، ئەتراپ قازاننىڭ كۈيىسىدەك قاپقاراڭغۇ بولۇپ كەتتى. مەخەتجان ئىشىكنى يەنە تاقىلداتتى. ئاۋۋال ئاستىراق، كېيىن قاتتىقراق تاقىلداتتى. ئەمما، يەنىلا جاۋاب بولمىدى.

— ساۋۇت ئاخۇن، هوي ساۋۇت دەڭجا! — دەپ ۋارقىرىدى هاسان بوۋاي ۋە ئىشىكنى ئۆزى يەنە بىر قېتىم تاقىلداتتى. بۇ چاغدا هويلىنىڭ ئىچىدىن ئاياغ تاۋۇشلىرى ئاڭلىنىپ، بىر كەملەردە دەرۋازىنىڭ يان ئىشىكى ئېچىلدى.

— هوي، بۇ هاسانغۇ؟ تىنچ كەلدىڭلارمۇ تۇغقىنىم؟ — دېدى ساۋۇت دەڭجا. ئۇ هاسان بوۋايىنى دەررۇلا تونۇۋالدى ۋە يان ئىشىكنى ئۇلۇغ ئېچىپ ئۇلارنى هويلىغا كىرگۈزدى، ئاندىن ئىشىكنى ئېتىپ، ئىچىدىن زەنجىرلەپ قويدى.

ساۋۇت دەڭجا ئېشەكلەرنى باغلاپ، ئالدىدىكى ئوقۇرغا بىر باغ سامان تاشلاپ بەرگەندىن كېيىن هاسان بوۋاي بىلەن مەخەتجاننى ئۆيگە باشلىدى. ئوچاقتا ئوت ئۇلۇغ كۆيۈۋاتاتتى. ئوت شولىسىدا ئۆي كۈندۈزدەك يورۇپ كەتكەنىدى.

— هە، تۇغقىنىم، بۇ تەرەپلەرگە ئۆتمەس بولۇپ قالدىڭلارغۇ؟ — دەپ سورىدى ساۋۇت دەڭجا ئۇلارنىڭ ئالدىغا چاي قويۇۋېتىپ، — هال - كۈنۈڭلار قانداقراق؟

— هەي، ساۋۇت ئاخۇن، نېمىسىنى دەيسىلە؟ — دېدى هاسان بوۋاي خورسىنىپ تۇرۇپ، — بۇ كۈن، بۇ ئايلاردا تارانچىلارنىڭ كۈن ئالمىقى تەسلىشىپ كەتتى جۇمۇ! ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسىلا ئامبال: «سەنلەر گەدەنكەش! سەنلەر ئىسيانچى!» دەپ تۇتۇپ باغلاپ چاپقۇزىدۇ ياكى مىس كانغا چەنپەن قىلىپ پالايدۇ. زۇلۇم - سىتەم چېكىدىن ئاشتى! بۇ مانجۇ خان ئادالەتنى بىلمەيدىغان كۆڭلى قارا، تاش يۈرەك بىر پادىشاھ ئوخشايدۇ!

— شۇنى دەڭلا، — دېدى ساۋۇت دەڭجا ئۇلۇغ - كىچىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىنىپ قويۇپ، — زۇلۇم ـ ستەملىك تەقدىر بىز خەقنىڭلا پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بولغىيمىتى؟ بوز ئالۋىڭى، ئۆستەڭ سەيىسى، سېپىل ھاشىرى. . . ئاھ، ساناۋەرسەك، بۇ ئالۋان ـ ياساقلارنىڭ ئايىغى زادىلا تۈگىمەي كەتتىغۇ؟ بۇ زالىملار بىز خەقنى خۇددى ئامبال يامۇلىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ئۇنگەن قارىياغاچنى قىرقىپ تۇرغاندەك، زادىلا بۇلجۇتمايۋاتىدىغۇ؟ !

— مېھرىبان كېرەملىك خۇدا نەدە قالدىكىنە؟ ئادالىتىچۇ؟ — دېدى ھاسان بوۋاي قاچىدىكى چايدىن ئوتلاپ تۇرۇپ، ـ مۇسۇلمانلار: «زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇر! زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇر! » دەپ تىنماستىن نالە ـ پەرياد قىلىپ ئاللاغا، ئاللانىڭ زېمىندىكى ساھىبى بولغان خان ـ پادىشاھ، ئامبال ـ ھاكىمبەگلەرگە يالۋۇرماقتا! كۆككە، كۆكتىكى يۇلتۇزلارغا، زېمىنغا، زېمىندىكى تاغلارغا ۋە كۆل ـ دەريالاردىكى سۇلارغا يالۋۇرماقتا. قېنى، ئۇلار بۇ بىچارىلەرنىڭ ئاھ ـ زارلىرىنى ئاڭلىدىمۇ؟

— مانجۇ خان جىگدە ياغىچىنى كالتەك قىلىپ، ئادالەتسىزلىككە قارشى يېغى قوپقان ئالتىشەھەرلىك قېرىنداشلارنى «جىگدە يېغىلىقىغا قاتناشقان» دەپ ھەممىسىنى دېگۈدەك قىرىپ تۈگەتتى. ئۆلۈمدىن ئاشقانلىرىنى بولسا، تۇتۇپ «ئاق ئۆيلۈك» قىلىپ تاغ ئارقىسىغا پالىدى. بۇ يەردىكى تارانچىلارنىڭ كۈنى ئەسلىدىمۇ خاراب ئىدى. ھالا بۈگۈن، ئالتىشەھەر تەرەپتىن «ئاق ئۆيلۈك» قىلىنغان ئون ئىككى مىڭ تۈتۈن سۈرگۈنلەر ئىلىغا چىققاندىن كېيىن تارانچىلارنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ يامانلاشتى! . . .

هاسان بوۋاي بېشىنى سالغىنىچە شۈكلەپ كەتتى. بۇ چاغدا ساۋۇت دەڭجا ئورنىدىن تۇردى ـ دە، تالاغا چىقىپ ئەتراپنى تىڭشاپ بىردەم قاراپ باققاندىن كېيىن ئىشىكنى يېپىپ، ئورنىغا

قايتىپ كېلىپ ئۆلتۈردى.
— مانا مەن يۇرتۇمدىن ئايرىلىپ تاغ ئارقىسىغا چىققىلى ساقمۇ ساق ئون يىل بوپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ساناپ باقىدىغان بولسام، ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز قېتىم كۈن چىقىپ، ئۈچ مىڭ ئالتە يۈز قېتىم پېتىپتۇ. ئەمما، ھال ـ كۈنۈم يۇرتۇمدىكىدىن بەتتەرلەشسە بەتتەرلەشتىكى، ھەرگىز ياخشىلانمىدى!
— نېمىسىنى دەيسىلە، ھاسان ئاخۇن، — دېدى ساۋۇت دەڭجا، — «سۆزلىسە گەپ بولا، سۆزلىمىسە دەرد بولا» دېگەندەك، سۆزلەپ نېمىمۇ قىلالايمىز؟ سىلە بىلەن بىزنىڭ پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى مۇشۇ ئوخشايدۇ. بۈگۈن كەچ بولۇپ كەتتى، ھاسان ئاخۇن، ھېرىپمۇ قالغانسىلەر، ئۇخلاپ قالامدۇق؟
— مەيلى، — دەپ ھاسان بوۋاي قوللىرىنى دۇئاغا كۆتۈردى، — ئامىن!...
— ھاسان بوۋا، — دەپ سورىدى مەخەتجان، — سىز بايام «خان ـ پادىشاھ، ئامبال ـ ھاكىمبەگلەرنى ئاللانىڭ زېمىندىكى ساھىبى» دېدىڭىز. ئۇنداق بولسا، بېشىغا ئۇزۇن ئۆرۈمە چاچ قويۇۋالغان ھاكىمبەگ مۇسا گۇڭمۇ ئالانىڭ زېمىندىكى ساھىبى ھېسابلىنامدۇ؟
— ھەسىنات، يارايسەن جۇمۇ، ئۆزۈڭ كىچىك بولغان بىلەن ھەممە ئىشقا قىزىقىسەن ـ دە، — دېدى ھاسان بوۋاي كۈلۈپ كېتىپ، — يارايسەن، ھۇششەرە، مۇشۇنداق بولغاندىلا، جىق ئىشنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. ھاكىمبەگ مۇسا گۇڭ ئىلگىرىمۇ ئالانىڭ زېمىندىكى ساھىبى ھېسابلانماس ئىدى. ئەلھال، قاچانكى ئۇ مانجۇلارنى دوراپ بېشىغا ئۆرۈمە چاچ قويدى، شۇنىڭدىن باشلاپ ئىمانىدىن ئايرىلدى، مانجۇلارغا ئوخشاش ئىنككىلا ئالەملىك قارا يۈز كاپىر بولدى...
— بىراق، مۇسا گۇڭمۇ سىزگە ۋە ماڭا ئوخشاش

مۇسۇلمانغۇ؟ — دېدى مەخەتجان ئۇنىڭ سۆزىنى چۈشەنمەي.
— كېپىڭ ئورۇنلۇق. بىراق، ئاللا جەننەتنى ئادەم ئاتىغا بەخشەندە قىلىپ بەرگەندە، يىلانمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. ئەمما، يىلان ئادەم ئاتىنىڭ جەننەتتىن قوغلىنىشىغا سەۋەبچى بولمىدىمۇ؟ مۇسا گۇڭ مۇسۇلمان بولغىنى بىلەن، يىلاندىن تەلىم ئالغان يىلان سۈرەتلىك ئادەملەر قاتارىغا كىرىدۇ. مەخەتجان سىڭلىڭ ئۇيقۇڭ كەلمەيۋاتىدۇ، ھە؟ ئەمىسە، مەن ساڭا «يىلانغا ئالدانغان ئادەمنىڭ ھېكايىسى» نى ئېيتىپ بېرەي. شۇنىڭدىن خەلقىمىزنىڭ نېمە ئۈچۈن يىلان سۈرەتلىك ئادەملەرنى يامان مۇساگۇڭدەك كۆرىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋالساڭ ئەجەب ئەمەس!
مەخەتجان ھاسان بوۋاينىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىماق بولۇپ، ئۇنىڭغا يېقىنراق سۈرۈلۈپ ئولتۇردى.
— بۇرۇنقى زاماندا بىر ئادەم ئۆتكەن ئىكەن، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى ھاسان بوۋاي، — ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە بىر ئوغلى بار ئىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇنىڭ بېغىدا يىلان پەيدا بولۇپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئوغلى باغقا ئوينىغىلى كىرىپ باغدا ئۇخلاپ قاپتۇ. يىلان تۆشۈكتىن چىقىپ ھېلىقى ئوغۇلنى چېقىپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. ئاتا - ئانىسى يىغا - زار قىلىشىپ ئوغلىنى كېپەنلەپ يەرلىكىدە قويۇپتۇ. ھېلىقى ئادەم قولىغا كەتمەننى ئېلىپ يىلاننى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، تۆشۈكنى چاپقىلى تۇرۇپتۇ. بۇ چاغدا يىلان تۆشۈكتىن بېشىنى چىقىرىپ سوراپتۇ:
— ئى ئادەم، نېمە قىلىۋاتىسەن؟
— ئى نابىكار، — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم، — ئوغلۇمنى چېقىپ ئۆلتۈردۈڭ. ئىنتىقامىمنى ئېلىش ئۈچۈن سېنى بۇ كەتمەن بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرمەكچىمەن.
— ئى ئادەم، مېنى كەتمەن بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرگىنىڭ بىلەن ئۆلگەن ئوغلۇڭ تىرىلەرمۇ؟ — دەپتۇ يىلان.
— ئوغلۇمغۇ تىرىلمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى

ئادەم، — بىراق، سېنى ئۆلتۈرسەم، ئىنتىقام ئوتى پەسىيىدۇ!
— ئى نادان، — دەپتۇ يىلان، — مېنىڭ نەسىھىتىمنى ئاڭلاپ قوي، مېنى ئۆلتۈرگىنىڭ بىلەن ئوغلۇڭ ھەرگىز تىرىلمەس. ساڭا مۇڭگۈزۈمنى بېرەي. ئۇنى ساتساڭ ئىقلىم باھاسى خىراجەت بولۇر. ئۇنى ساتساڭ، روزىغارىڭنى قامدىغىلى بولىدىغان پۇلغا ئېرىشمەمسەن؟
ھېلىقى ئادەم يىلاننىڭ بۇ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈپتۇ. يىلان مۇڭگۈزىنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ. ئۇ يىلاننى ئۆلتۈرمەي كېتىپ قاپتۇ.
بىرنەچچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئوغلىنىڭ دەرد - پىراقىدا پۇچۇلىنىپ كېسەل بولۇپ كەتكەن ئانا باغقا سايىدىغىلى كىرىپ بىر گۈلنىڭ ئاستىدا ئۇخلاپ قاپتۇ. يىلان ئۇنىمۇ چېقىپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ. ئوغلى ۋە خوتۇنىدىن ئايرىلىپ قالغان ھېلىقى ئادەم قاتتىق غەزەپلىنىپ، كەتمەن بىلەن يىلاننى چېپىپ ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ تۆشۈك ئالدىغا كېلىپتۇ.
يىلان تۆشۈكتىن بېشىنى چىقىرىپ:
— مېنى ئۆلتۈرسەڭ، ئوغلۇڭ بىلەن خوتۇنۇڭ تىرىلەرمۇ؟ — دەپ سورىغان ئىكەن.
— ياق، تىرىلمەيدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى ئادەم، — لېكىن سېنى ئۆلتۈرسەم، بىرمۇنچە دەردىم چىقىدۇ!
— ئى ئەقىلسىز نادان، — دەپتۇ يىلان ئۇنىڭغا، — ئاللا مېنى جەننەتنىڭ ئىشىكىگە مۇئەككەل قىلىپ قويغاندا، مەن ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قەستىدە شەيتانغا يول بېرىپ، ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزگەندىم. بىلەمسەن، ھەزرىتى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ نەسىھىتى ئوغلى كەنئانغا كار قىلمىغانلىقتىن

دوزاخقا كىرگەن. سەنمۇ مېنىڭ نەسىھىتىمنى ئاڭلىغىن، ئىنتىقام ئېلىش ئويۇڭدىن كەچ. قېرى خوتۇنۇڭ ئۆلگەن بولسا، ياش قىزدىن بىرنى ئال. ئۇنىڭدىن پەرزەنت كۆرسەڭ بولىدۇغۇ، مېنىڭدە بىر زۇمرەت بار، ئۇنى ساڭا بېرەي. بالاڭدىن بالاڭغا قالغۇدەك دەپنى ـ دۇنياغا ئېرىشەلەيسەن!

ھېلىقى ئادەم يەنە يىلاننىڭ سۆزىگە ئالدىنىپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەستىن زۇمرەتنى ئېلىپ كېتىپ قاپتۇ.

بۇ نادان ئادەم خوتۇنى بىلەن ئوغلىنىڭ خۇن پۇلى بەدىلىگە بېيىپ، باشقىلەتىن ئۆيلىنىپتۇ ۋە تاماشا قىلماقچى بولۇپ، ياش خوتۇنى بىلەن باغقا كىرىپتۇ. ئۇلار بىر ـ بىرىگە رىغبەت قىلىپ، كامىدىل ھاسىل قىلىشقاندىن كېيىن ھېلىقى ئادەمنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

بۇ ئادەمنىمۇ چېقىپ ئۆلتۈرۈش كويىدا يۈرگەن ھېلىقى يىلان تۆشۈكتىن چىققان پېتى ھېلىقى ئادەمگە نەشتەر ئۇرۇپتۇ. ھېلىقى ئادەم ئويغىنىپ:

— ئى يىلان، بۇلار ئىش بولدى. ئەمدى زەھەر قايتۇرىدىغان دورىنى بەرگەن بولساڭ، — دەپتىكەن، يىلان دەپتۇكى:

— ئى نادان، يىلاننىڭ زەھىرىگە ھېچنېمىنىڭ كار قىلمايدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ئاۋۋال ئوغلۇڭنى چاقتىم، مېنى ئۆلتۈرمىدىڭ. ئاندىن خوتۇنۇڭنى چاقتىم، يەنە ئۆلتۈرمىدىڭ. ئەگەر شۇ چاغدا مېنى ئۆلتۈرگەن بولساڭ ئىدىڭ، ھازىر بۇ ھالغا قالمىغان بولاتتىڭ. سەن پۇلنى دەپ، خوتۇن ـ بالىلىرىڭنىڭ جېنىنى ساتتىڭ. مەن يىلانغا رەھىم قىلىمەن دەپ، دوزاخنىڭ يولىغا تاش ياتقۇزدۇڭ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ھالاك قىلدىڭ، ئاچ كۆزلۈكۈڭ ئاخىر بېشىڭغا چىقتى. ئەمدى ساڭا ھەزرىتى

ئەزرائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ چاڭگىلى پايدا قىلىدۇ. ئۇ كېلىپ ھەلقۇمىڭدىن ئالغاندا، ھەممىگە تويۇپ، ئاغرىقتىن بىراقلا خالاس بولىسەن! . . .

ھاسان بوۋاي يىلان توغرىسىدىكى ھېكايىسىنى سۆزلەپ بولغاندا، تۈن نىسبى بولغانىدى. مەخەتجان تېخى ئۇخلىمىغانىدى. ئۇ بۇ ھېكايىنىڭ پۈتۈن تەپسىلاتىنى تولۇق يادىغا ئېلىۋېلىش ئۈچۈن ئىچىدە بۇ ھېكايىنى ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىمەكتە ئىدى. . .

نەزمە

پەرىشتە گەر بولسا دىۋىگە ئۇلپەت،
ئۆگەنگەي ۋەھشىيلىك، مىكىر، خىيانەت.
ياماندىن ياخشىلىق ئۆگەنمەس كىشى،
بولالماس بۆرە جۇۋا تىككۈچى[1].

— شەيخ سەئىدى

① بۆرە مالنىڭ تېرىسىنى يىرتقۇچى تۇرسا، قانداقمۇ جۇۋىچى بولالىسۇن؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئون ئۈچىنچى باب

## «ئىلاھىم بەندىلەرنى مۇڭغا سالدى، كۆچۈردى جىگدىلەرنى تۇڭغا سالدى»

«بوينىنى ئەگكەننى ئات قىلىپ مىنىشىدۇ!»

— خاتىرەمدىن

**مىلادى** 1764 - يىلى (مايمۇن يىلى) 3 - ئاينىڭ 21 - كۈنى. بۈگۈن نورۇز كۈنى ئىدى. جايىتاغدا① يىلدىكىدەك نورۇز پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلۈۋاتقانىدى. بۇ شەھەردە قەدىمدىن تارتىپ تا ھازىرغا قەدەر يۇرۇشۇپ كېلىۋاتقان بىر قائىدە بار بولۇپ، ھەر يىلى نورۇز بولغاندا، بۇ شەھەرنىڭ قىز - چوكانلىرىمۇ يىگىتلەردەك ئايەملىك كىيىملىرىنى كىيىشىپ، زىبۇ - زىننەتلىرىنى تاقىشىپ، ئۆزلىرىنى ياساپ - جابدۇپ، نورۇز بەزمىلىرىنى قۇرۇپ سەيلە قىلىشاتتى. بۇنداق ئەھۋال باشقا يۇرتلاردا ئانچە كۆپ ئۇچرىمايتتى. بۇ يىلمۇ نورۇز كەلگەن قۇتلۇق كۈندە ئۇچتۇرپان شەھىرىدىكى ساھىبجامال چوكان، غۇنچە بوي قىزلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك مەست توزدەك ياسىنىشىپ، توشقان دەرياسى بويىغا كېلىشتى. شەھەرنىڭ بوز

① ھازىرقى ئۇچتۇرپاندىكى ئاچىتاغ يېزىسىنىڭ بىر كەنتى. ھەر يىلى نورۇز پائالىيىتى ئۆتكۈزۈلىدىغان جايىنىڭ نامى

يىگىتلىرىمۇ تاماشا قىلىش ئۈچۈن توپ - توپ بولۇشۇپ، بەزمە ئەسۋابلىرىنى تەييارلىشىپ، سازلار چېلىشىپ، ئىشرەت بەزمىلىرىگە تۇتۇندى.

كۈن چاشگاھ بولغان بىر پەيتتە، شەھەر تەرەپتىن تۆت ئات قوشۇلغان سايىۋەنلىك بىر مەپە قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ چىقىپ كەلدى. بۇ مەپىدە خۇرشىد يۈزلۈك ۋە قەمەر سىياق يەتتە قىز چاقچاقلىشىپ، كۈلۈشۈپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنى كۆرگەن ھەرقانداق كىشى: «ئۇلار گۈل بولغان بولسا چوقۇم غۇنچىنىڭ نىقابىدىن چىققان؛ گۆھەر بولسا چوقۇم سەدەپنىڭ قېپىدىن ئۆزىنى نامايان قىلماقچى بولغان. مۇبادا، ئۇن تۆت كۈنلۈك تولۇن ئاي بولسا چوقۇم بۇلۇتلارنىڭ پەردىسىنى يىرتىپ چىققان!» دېيىشىپ، ئەجەبلەنگىنىچە قوللىرىنىڭ دۈمبىسىنى چىشلىشىپ تۇرۇپ قېلىشاتتى. بۇ يەتتە پەرى سۈپەت قىزلارنىڭ ھەر بىرى قەلەمىي ۋە ئەلەمىي ئىشلاردا ماھىر ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ماھىرلىقى ھەربىرىنىڭ ۋۇجۇدىدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ قىزلارنىڭ ھەربىرى گۈزەللىك - لەتاپەت ۋە ئەقىل - پاراسەتتە جانلارغا ئاپەت، بەلكى جاھانغا ئوت - ھارارەت سالسا، گاھى ئەشئارە نەزمىكەشلىكتە بېيىت دەرياسىدىن دۇرلار سۈزەتتى. گاھى كەمەندارچىلىقتا كېيىكنىڭ كۆزلىرىدىن لەئەل ئالاتتى؛ گاھى ئاتا - بوۋىلارنىڭ تارىخىدىن ئەپسانىلە سۆزلەپ، قېرى - ياشنى يىغلاتسا، گاھى مەنتىقە - سۆزمەنلىكتە ھەرقانداق سۆزمەننى يېڭەتتى. ئۇلار گويا پاكلىق پەردىسىدىكى تولۇنئاي، ياق، پەلەك پەردىسىدىكى نۇرلۇق قۇياش ئىدى. ئۇلار بەئەينى گۈزەللىك بۇرجىدىكى پارلاق يۇلتۇز ئىدى. بەس، ئۇلارنىڭ ھەربىرىنىڭ تەرىپ - تۆسىپىنى بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق قىلىشقا توغرا كەلسە، بۇ ئىشقا ھەرقانداق چېچەن سۆز ئۇستىلىرىنىڭمۇ تىلى ئاجىز، قەلىمى چولتا كېلەتتى.

بۇ يەتتە قىزنىڭ سەردارىنىڭ ئىسمى مايسىخان، ئۇنىڭدىن

www.uyghurkitap.com

قالسا، قالغان ئالته قىزنىڭ ئىسىملىرى: تىلى چۈچۈك غۇنچە قىز، شائىرە قىز دىلبەرخان، تاڭ چولپانى زۆھرە گۈل، زىلۋا بويلۇق قەمبەرنىسا، ئاھۇ كۆزلۈك گۈلئايىم، شوخ مىجەزلىك ئەختەرنىسا ئىدى.

جايتاغ ـ دەريانىڭ غەرب تەرىپىدىكى ئېگىز بىر تۆپىلىكنىڭ نامى بولۇپ، باھار پەسلىدە تاغ باغرى ياپيېشىل كۆكىرىشكە باشلايتتى. بۇ يەردە گۈل ۋە رەيھانلار ئېچىلىپ، پۈتۈن ئەتراپ چىمەنزارلىققا پۇركىنەتتى. ھەسەل ھەرىلىرى بۇ يەردە گۈل شىرنىلىرىنى يىغىپ، توقايلىقنىڭ ئىچىنى بال ـ ھەسەلگە توشقۇزۇۋېتەتتى. ھەربىر دەرەخنىڭ كاۋاكلىرىدىن، ھەربىر تاشنىڭ تېگىدىن ھەسەل ئېقىنلىرى خۇددى بۇلاق سۈيىدەك ئاقاتتى. ئادەملەر ئاياغ ئاستىدىن ئېقىۋاتقان ھەسەلگە چاپلىشىپ قالغان ئاياغلىرىنى ناھايىتى تەسلىكتە يۆتكەيتتى. تاغ باغرى چەكسىز كەلگەن دەريا ھاۋزىسى بولۇپ، ئورمانلىق، گۈل ۋە ئوت ـ چۆپلەر بىلەن قاپلىناتتى. بۇ ئورمانزارلىققا تۇتىشىپ تۇرغان ئۈچتۇرپان شەھىرى شۇ قەدەر گۈزەل ۋە ئاۋات ئىدىكى، ئۇنى بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق تەرىپلەشتە قەلەم تىلى كېكەچلەپ قالاتتى.

بۇ ـ توققۇز بۇلاق ساھىلى ئېگىز سېپىل بىلەن ئىھاتە قىلىنىۋېلىنغاندىن كېيىنكى جايتاغدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان ئۈچىنچى قېتىملىق نورۇز پائالىيىتى ئىدى. قائىدە بويىچە نورۇزنىڭ تۇنجى كۈنى سۆزمەن قىز ـ يىگىتلەرنىڭ مۇشائىرە ـ ئېيتىشىشى بولاتتى. ئىككىنچى كۈنىدىن باشلاپ، چەۋگان، ئوغلاق تارتىشىش، قىز قوۋار، چېلىشىش پائالىيەتلىرى بولاتتى. بۈگۈن جايتاغدىكى نورۇز بۇلاق بويىدا قىز ـ يىگىتلەرنىڭ مۇشائىرەسى بولماقچى ئىدى. شۇڭا، تېخى مۇشائىرە باشلانماي تۇرۇپلا، كىشىلەر نورۇز بۇلاق بويىغا كېلىپ جايلىشىپ بولۇشقانىدى.

قىز ـ يىگىتلەرنىڭ مۇشائىرەسى بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا باشلاندى. سۆھبەت قۇرغانلار يەتتە قىز بىر تەرەپ، يەتتە يىگىت بىر تەرەپ بولۇشۇپ، يېكى ـ يېكى ئاجايىپ سۆز ئۇنچىلىرىنى مۇشائىرە داستىخىنىغا چېچىشقا باشلىدى. ھەممىدىن ئاۋۋال مۇشائىرە مەيدانىغا قىزلار تەرەپتىن دىلبەرخان، يىگىتلەر تەرەپتىن ئەمرۇللا دېگەن يىگىت چۈشتى. ئۇلار ئىككىسى سورۇن ئەھلىگە ئېگىلىپ تەزىم قىلىشقاندىن كېيىن ئەمرۇللا:

ئاي مەسەللىك ئايمىدىڭىز،
كۈن مەسەللىك كۈنمىدىڭىز.
ئالتە ئاي بولدى كەلمىدىڭىز،
ئۇچتۇرپاندا يوقمىدىڭىز؟

دەپ بېيىتنى باشلىدى. دىلبەرخان ئۇيالغىنىدىن قىپقىزىل قىزىرىپ كەتتى ۋە يەرگە قاراپ تۇرۇپ:

يارنىڭ بېغى شاپتۇللۇق،
چالما ئېتىپ قاققان يوق.
پۇتۇشكىلى يىل بولدى،
بىرنى سۆيۈپ باققان يوق!

دەپ نازاكەت بىلەن جاۋاب بېرىۋىدى، ئەمرۇللا دەررۇ جاۋاب تاپالماي، ئاخىر سۆز بىلەن دىلبەرخاننى گەپتە ئىلماقچى بولدى ـ دە:

— خېنىم، سىزنىڭ تەرىپ ـ تۆسپىڭىزنى، دانا ـ شائىرەلىقىڭىزنى ئاڭلاپ، ئۆزۈمنى يالغۇز يىگىت چاغلاپ، بىلىمنى كۆلا بىلەن باغلاپ، ئوتىڭىزدا يۈرىكىمنى داغلاپ، سىزنى گەپتە ئىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىۋىدىم، — دېۋىدى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىلبەرخان پىسسىڭگىدە بىر كۈلدى ـ دە:
— ئەي يىگىت، ئىشىنىڭ ئاسىنى شوكى، ئاشىقلىقنى تاشلاپ، گەدىنىڭىزنى قاشلاپ، توۋا قىلىپ كۆزىڭىزنى ياشلاپ، ئىش ـ ئەمەلىڭىزنى باشلاپ، ئۆيىڭىزدە كۈنىڭىزنى ئۆتكۈزۈڭ! — دەپ ئەمرۇللانى ئىغىز ئاچالماس قىلىپ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدى.
سورۇن ئەھلى پاراقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىشتى. قىزىرىپ كەتكەن ئەمرۇللا گەپتە يېڭىلگەنلىكىنى تەن ئېلىپ، مۇشائىرە مەيدانىدىن قايتىپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى.
بۇ چاغدا يىگىتلەردىن بىرى:
— ھەممە سورۇنلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى گۈل ۋە رەيھانلىق باغ! — دېۋىدى، يەنە بىر يىگىت ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا:
— ھەممە كىيىملەرنىڭ ئەڭ ئېسىلى يەكەن خان ئەتلىسى، — دېدى. يەنە بىر يىگىت ئورنىدىن تۇرۇپ، سورۇن ئەھلىگە تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئالدىرىماي، تېنىمەي تۇرۇپ:
— تاجلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى خان تاجى، — دېۋىدى، يەنە بىر يىگىت ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىسى تۈگىمەستىنلا:
— ھەممە شارابلارنىڭ ئېسىلى كونا شارابدۇر، — دەپ لوقما تاشلىدى. يەنە بىر يىگىت كۈلۈپ تۇرۇپ:
— سايىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى تال سايىسى، — دېۋىدى، تەمبۇرنى سازلاۋاتقان سازەندە يىگىت ئورنىدىن چاچراپ تۇردى — دە:
— ئاۋازلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى تەمبۇر نەغمىسى، — دېگەندىن كېيىن ئورنىدا ئولتۇرۇپ، ئۆز سۆزىنى ئىسپاتلىماقچى بولغاندەك قىلىپ، تەمبۇرنى چاڭ كەلتۈرۈپ چېلىشقا باشلىدى.
ئەڭ ئاخىرىدا بىر يىگىت ئورنىدىن تۇردى ـ دە، قىزلار

تەرەپكە قاراپ قويغاندىن كېيىن سورۇن ئەھلىگە بىر تەزىم قىلىۋېتىپ، ئاندىن:

— ھەمسۆھبەت، ھەمنەپەس بولۇشقا ئەڭ چىرايلىق قىز ـ چوكانلار ياخشى، — دېۋىدى، يىگىتلەر پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە ھەممىسى مايىسخان باشلىق قىزلارغا قارىدى:

— قېنى قىزلار، سىزلەرمۇ كۆڭلىڭىزدىكى ئويلىغىنىڭىزلارنى ئېيتىڭىزلار، — دەپ ئۇلارنى ئالدىرىتىشتى. بۇ چاغدا قىزلار مايىسخانغا قارىدى. مايىسخان كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇنىڭغا مېنىڭ جاۋاب بېرىشىم بىھاجەت، غۇنچە قىز جاۋاب بەرسىلا كۇپايە قىلۇر! — دېدى.

غۇنچە قىز ئورنىدىن تۇرۇپ سورۇن ئەھلىگە نازاكەت بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن سۆزىنى باشلىدى. ئۇنىڭ لالە رەڭ پىستىدەك لەۋلىرى ئارىسىدىن:

— ھەممە سورۇنلار ئىچىدە ئەڭ ياخشى سورۇن جەڭگاھتۇر؛ ھەممە كىيىملەر ئىچىدە ئەڭ ئېسىلى زىرىھ ـ ساۋۇتتۇر؛ ھەممە تاجلار ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى پولات دۇبۇلغا؛ ھەممە شارابلار ئىچىدە ئەڭ ئېسىل شاراب دۈشمەننىڭ قېنىدۇر؛ سايىلەرنىڭ ئەڭ ئوبدىنى نەيزە سايىسى؛ ئاۋازلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى جەڭ تۇلپارلىرىنىڭ كىشنىشىدۇر؛ ھەمسۆھبەت ـ ھەمنەپەس بولىدىغانلارنىڭ ئەڭ لايىقراقى جەڭ كۈنىدىكى شىجائەتلىك مەردۇ ـ مەردانىلەردۇر! — دېگەن پاساھەتلىك سۆز ئۇنچىلىرى دۇردانىلەردەك ئارقا ـ ئارقىدىن چېچىلىپ چىقىۋېدى، بوز يىگىتلەر خىجىلچىلىق ئىچىدە ئۆزلىرىنى قويىدىغانغا يەر تاپالماي قېلىشتى. . .

* * *

ئەتىسى، جايتاغ باغرىدىكى كەڭرى كەتكەن توقايلىقتا ئادەت

بويىچە چەۋگان ئويۇنى باشلاندى. بۈگۈنمۇ مەيدانغا ئىككى گۇرۇھ ياشلار چۈشۈشكەن بولۇپ، بۇ قارىمۇ ـ قارشى ئىككى گۇرۇھنىڭ بىر تەرىپى ئىلىخان قەمبەر بېگىمنىڭ «يىگىت» لىرى ئىدى. يەنە بىر تەرىپى ئۈچتۇرپان ھاكىمبېگى ئابدۇللانىڭ يىگىتلىرى ئىدى. بۇ ئىككى گۇرۇھ ياشلارنىڭ ھەممىسى چەۋەندازلاردەك كىيىنىشكەن بولۇپ، ئۇلار باشلىرىنى ياغلىقلىرى بىلەن ئىقابلىۋېلىشقانىدى. ئىلىخان قەمبەر بېگىمنىڭ «يىگىت» لىرى يېشىل ياغلىق بىلەن ئىقابلانغان، ئابدۇللا بەگنىڭ يىگىتلىرى بولسا قارا ياغلىق بىلەن ئىقابلانغانىدى. شۇڭا، مەيدانغا چۈشكەن بۇ ئىككى گۇرۇھ ھېچكىم ھېچكىمنى تونۇمايتتى.

ئاتقا مىنىشكەن بۇ يىگىتلەرنىڭ ھەربىرى قوللىرىدىكى چاۋغا — ئۈچىغا ئۈجمىنىڭ توقۇناق يىلتىزىدىن يونۇپ ئىنچىكە قىلىپ ئىشلەنگەن كىچىك بولقا ئورنىتىلغان ئۇزۇن تاياق بىلەن ئىچىگە دۈگىلەك بۆز يىپ يۆگەلگەن، ئۈستى جەرەن تېرىسى بىلەن قاپلانغان كىچىك توپنى ئۇرۇپ، رەقىبىدىن نېرىراققا ئېلىپ قېچىشقا ھەرىكەت قىلىشاتتى.

بۇ ئىككى گۇرۇھ ياشلار ھەربىر تەرەپتىن مەيدانغا چۈشكەن يەتتىدىن جەمئىي ئون تۆت چەۋەندازدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ھەربىر تەرەپنىڭ ئوردا① ئالدىدا بىردىن قاراۋۇل② قويۇلغان. قالغان قارىمۇ ـ قارشى ئالتە جۈپ ماھىرنىڭ ئىككى جۈپى ئىلغار③، ئىككى جۈپى ھىراۋۇل④، يەنە ئىككى جۈپى چىنداۋۇل⑤ بولۇپ، يەتتىدىن ـ يەتتىدىن بولۇشۇپ ئۆزلىرىنىڭ مەيدانىدا ئورۇن ئىگىلەپ تۇرۇشقانىدى. ھەربىر تەرەپنىڭ ئىچىدە بىردىن

---

① ئوردا — چەۋگان ئويۇنىدا توپنى ئۇرۇپ كىرگۈزىدىغان دەرۋازا.
② قاراۋۇل — بېك. چەۋگان ئويۇنىدا دەرۋازا توسقۇچى.
③ ئىلغار — ھۇجۇمچى. چەۋگان ئويۇنىدا ئالدىنقى قاتاردا ئوينايدىغان ماھىر.
④ ھىراۋۇل — مەركىزىي ھۇجۇمچى. چەۋگان ئويۇنىدا ئوتتۇرىدا تۇرۇپ ئوينايدىغان ماھىر.
⑤ چىنداۋۇل — ھىمايىچى. چەۋگان ئويۇنىدا ئارقا قاتاردا تۇرۇپ ئوينايدىغان ماھىر.

بىساۋۇل[1]بولۇپ، ئۇلار ئايرىم - ئايرىم ئۆز تەرىپىنىڭ چەۋەندازلىرىغا يولباشچىلىق قىلاتتى.
چەۋگان ئويۇنى جەمئىي ئىككى مەيدان ئوينىلاتتى. ھەر مەيداندا ئۈچ توپ، ئىككى مەيداندا جەمئىي ئالتە توپ ھېسابلىنىپ، قايسى تەرەپ قارشى تەرەپنىڭ ئوردىسىغا ئۇدا ئۈچ توپنى ئاۋۋال ئۇرۇپ كىرگۈزەلىسە، شۇ تەرەپ ئۇتقان ھېسابلىناتتى. ئۇتتۇرغان تەرەپ پۈتۈن نورۇز ئەھلىگە قوي سويۇپ، كالا ئۆلتۇرۇپ نورۇز ئېشى ئېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇتتۇرغانلىقىنى ئاشكارا ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى.
بۇ ئويۇن يىگىتلەردىن تولىمۇ چاققانلىقنى ۋە مەرگەنلىكنى تەلەپ قىلاتتى. توپنى ئۆزىنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ قېچىش ئۈچۈن، ئاتنى بىردەم ئۈچقاندەك چاپتۇرۇشقا، بىردەم توختىتىپ، بىر جايدا تۇرۇشقا مەجبۇر قىلىپ، توپنى ئۆز تەرەپ ھەمراھىغا ئۇزىتىپ بېرىشكە، بىردەم قولىدىكى چاۋغا تاياقنى ھەرىكەتلەندۇرۇپ بەرگەن ھالدا، يەرنىڭ ئۈستىدە ئوقتەك ئۇچۇپ دۇگىلەپ كېتىۋاتقان توپنىڭ كەينىدىن قوغلاپ يېتىش ئۈچۈن يەنە ئات چاپتۇرۇشقا توغرا كېلەتتى...

*　　　　*　　　　*

ئەمدى باشتىكى سۆزىمىزگە كېلەيلۇق، چەۋگان ئويۇنى باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، ئېلىخان قەمبەر بېگىمنىڭ «يىگىت» لىرى بۇ ئويۇنغا ئالاھىدە ئىشتىياق بىلەن كىرىشىپ كېتىشتى. «يىگىت»لەر ئىچىدە ئات ئۈستىدە چاققان ئولتۇرغان ئون سەككىز - ئون توققۇز ياشلاردىكى زىلۋا بىر «يىگىت» ھەممە نورۇز ئەھلىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. بۇ زىلۋا

[1] بىساۋۇل — كوماندا باشلىقى. چەۋگان ئويۇنىدا باش ئويۇنچى ماھىر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«يىگىت» ئىلىخان قەمبەر بېگىمنىڭ «يىگىت» لىرىنىڭ بىساۋۇلى بولۇپ، ئۇ ئۆز «يىگىت» لىرىگە قىسقا ئەمما كەسكىن بۇيرۇق بېرىپ تۇراتتى. قالغان «يىگىت» لەرمۇ ئۇنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ھەرىكەت قىلىپ، قوللىرىدىكى چاۋغا تايىقى بىلەن يەردىكى دومىلاپ كېتىۋاتقان توپنى ھېلى چىرنىغار[①]دا ئويناۋاتقان «يىگىت» نىڭ ئالدىغا ئۇرۇپ دومىلىتىۋەتسە، ھېلى بىرنىغار[②]دا ئويناۋاتقان «يىگىت» ئۇچقاندەك دومىلاپ كېتىۋاتقان توپنى چاۋغا بىلەن ئۇرۇپ ئىلغارغا ئۇزىتىپ بېرەتتى. بۇ «يىگىت» لەرنىڭ چەبدەسلىكى پۈتۈن تاماشىبىنلارنى ھەيرانۇ ـ ھەس قالدۇرۇۋاتاتتى.

ئابدۇللا بەگنىڭ يىگىتلىرىدىن بىرى — ھېراۋۇل بولسا كېرەك — ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەلگىنىچە قارشى گۇرۇھنىڭ بىساۋۇلىنىڭ ئالدىنى توغرىسىغا توراپ، ئۇنى ئۇردا تەرەپكە بىر قەدەممۇ بۇلجۇتماي تۇرۇۋالدى.

ئۆز بىساۋۇلىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ توسقۇنلۇققا ئۇچراۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چىنداۋۇللارنىڭ بىرى ئات چاپتۇرغىنىچە كېلىپ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىلىقىدىن بۆسۈپ ئۆتۈپ كەتتى. بىساۋۇل بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئېتىنى بىر سەكرىتىپلا، ئۆزىنىڭ ئالدىنى توراپ تۇرغان قارشى تەرەپ ھېراۋۇلىنى كەينىدە قالدۇرۇپ، ئوردا ئالدىغا قاراپ ئۇچقاندەك ئات چاپتۇرۇپ كەتتى. بۇ چاغدا ئىلغارلاردىن بىرى توپنى قولىدىكى چاۋغا بىلەن يېنىك بىر ئۇرۇپلا ئۇنىڭ ئالدىغا ئۇزىتىپ بېرىۋىدى، ئۇ چاۋغا تايىقىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ توپنى دۈگىلىتىپ ئوردا ئالدىغا ئېلىپ كېلىشىگە، بىر ئىلغار قارشى تەرەپنىڭ ھېراۋۇل ۋە ئىلغارلىرىدىن ھاسىل قىلىنغان توغرا تام ئۈستىدىن ئېتىنى بىر سەكرىتىپلا ئۇچۇپ ئۆتتى ـ دە، قولىدىكى

① چىرنىغار — چەۋگان ئويۇنىدا ئوڭ يان تەرەپتە ئوينايدىغان ماھىر.
② بىرنىغار — چەۋگان ئويۇنىدا سول يان تەرەپتە ئوينايدىغان ماھىر.

چاۋغا بىلەن ھېلىقى توپنى بىر ئۇرۇپلا قارشى تەرەپنىڭ ئوردۇگاھىغا كىرگۈزۈۋەتتى! مەيداندا گۇلدۇرراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى...

* * *

كۈن چىققى چۈش بولدى. چەۋگان ئويۇنىمۇ ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. ئەتىگەندىن بېرى ئېلىخان قەمبەر بەگنىڭ «يىگىت» لىرىگە تولا ئۇتتۇرۇپ، ھېچقانچىلىك نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن ئابدۇللا بەگنىڭ يىگىتلىرى ئەمدى بەللىرىدىن يىگىتلىك كەمىرىنى يېشىپ تاشلىغان — چىدىماسلىق قىلىشقا ئۆتكەنىدى. ئۇلار چەۋگان ئويۇنىدىكى قەدىمدىن تارتىپ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان قائىدىلەرنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇشۇپ، قىپقىزىل مۇتەھەملەرگە — كۆكەمە ئۇششۇقلارغا ئايلانغانىدى!

ئۇلار چەۋگان ئويۇنىدىكى يۈزىنى نىقابلاپ ئوينايدىغان قەدىمكى ئۆرپ - ئادەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، باشلىرىدىكى قارا لاتىنى يۇلۇپ ئېلىۋېتىشكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرىنىڭ يۈزلىرىنى سەپكۈن باسقان بولۇپ، ياپىلاق يۈزى خۇددى سانسىزلىغان تۆشۈك ئېچىلغان كەپكۈرگە ئوخشايتتى. ئۇنىڭ ياڭاق سۆڭەكلىرى كەڭ، كۆزلىرى كىچىك بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ مانجۇ ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇچتۇرپان خان ئامبىلى — سۇچىڭ دارېننىڭ ئەركە ئوغلى — سۇ شويە ئىدى. ئۇ ئاتىسى سۇ چىڭدەكلا دائىم ھىجىيىپ تۇرىدىغان، ھەممە كىشىگە، ھەتتا ئۇنىڭدىن پوچۇق يارماق تۇگۇل، بىرەر چاقىمۇ تىلەپ ئالالمايدىغان تىلەمچىگىمۇ ناھايىتى سىپايە مۇئامىلە قىلىدىغان بىر مۇتەھەم ئىدى! بەزىلەر ئۇنىڭ گېپىگە قاراپ «رايىش شويە» دېسە، يەنە بەزىلەر ئۇنىڭ پوخۇرلۇقىغا قاراپ، «زىناخور شويە» دەيتتى. ئۇنىڭ مۇتەھەملىكىنى كۆرگەنلەر ئۇنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«ساراڭ شويە» دەپ ئاتايتتى. ئۇ بايلىق بىلەن خوتۇنغا شۇنداق ئامراق ئىدىكى، ئۇچتۇرپاندا ئۇنىڭ تايىقىنى يېمىگەن يوقرا، ئۇ پوخۇرلۇق قىلمىغان قىز - چوكان يوق دېيەرلىك ئىدى! ئۇ مۇبادا بىرەر مەرغوپ مالنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلىغاندا ياكى رەڭگىرۇيى جايىدا بىرەر خوتۇن كىشىنى ئۇچراتقاندا، ئۆزى توغقان كۈچۈكىنى تېپىۋالغان چىشى بۆرىدەك ۋە تىرىك ئوزۇق تاپقان يىرتقۇچ يولۋاستەك تىترەپ تۇگۈلۈپ كېتەتتى!

سۇ شويە ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەلگەن پېتى قارشى گۇرۇھنىڭ ئىچىدىكى چىنداۋۇللارنىڭ بىرىنى — بىر زىلۋا «يىگىت» نى ئېتى بىلەن سوقۇۋەتتى. قاتتىق زەربىگە ئۇچرىغان ھېلىقى زىلۋا «يىگىت» ئاتنىڭ ئۇستىدىن يەرگە ئۇچۇپ چۈشۈشكە تاس قالدى. ئۇ چەبدەسلىك بىلەن ئىتنىڭ بويىنىنى قۇچاقلىۋالدى. بىراق، بۇ چاغدا ئۇنىڭ يۈزىنى ئورىۋالغان يېشىل ياغلىقى يېشىلىپ كەتتى - دە، قاپقارا سۇمبۇل چاچلىرى ئۇنىڭ مۈرىسىگە خۇددى مەجنۇنتالنىڭ ئىنچىكە ئەۋرىشىم چىۋىقلىرىدەك يېيىلىپ چۈشتى! ئۇ يەتتە قىزلارنىڭ بىرى — غۇنچە بويلۇق غۇنچە قىز ئىدى!

ئۆز رەقىبىنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى كۆرگەن سۇ شويە بۇ چاغدا خۇددى ئولجىسىغا ئېتىلغان ئاچ بۆرىدەك ئېتىلىپ كەلگەن پېتى غۇنچە قىزنى ئاتنىڭ ئۇستىدىن يۇلۇپ ئالدى - دە، ئۆزىنىڭ ئالدىغا خۇددى ئوغلاقنى باسقاندەك توغرىسىغا بېسىپ ئېلىپ ماڭدى. بۇ چاغدا، نورۇز ئەھلى ئىچىدە چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈلدى:

— ھوي چىدىماس كاپىر! ئويۇندىمۇ چىدىماسلىقىنى كۆرسەتتى! — دەپ ۋارقىراشتى پۈتۈن تاماشىبىنلار.

بۇ چاغدا قارشى تەرەپنىڭ بىساۋۇلى ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ:

— ئەي ئەرلەرنىڭ ئىچىدىكى ھىممەتسىزى، مەردلەر ئىچىدىكى نومۇسسىزى، يىگىتلەرنىڭ ئىچىدىكى تۇتۇرۇقسىزى،

چىدىمىساڭ نېمە قىلىسەن مەيدانغا چۈشۈپ؟! — دېگىنىچە، قولىدىكى چاۋغا تايىقى بىلەن سۇ شوپىنىڭ كاللىسىغا بىر ئۇرۇپلا ئۇنىڭ بېشىنى يېرىپ تاشلىدى. بېشىدىن شۇرقىراپ ئاققان قان بىردەمدىلا ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى قىپقىزىل بوياپ تاشلىدى. سۇ شوپە تاياق ئازابىغا چىدىيالماستىن ئىككى قولى بىلەن بېشىنى چاڭگاللىدى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن قاتارلىشىپ چېپىشىپ كېتىۋاتقان بىساۋۇل غۇنچە قىزنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، لىپپلا قىلىپ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئېتىنىڭ ئارقىسىغا مىندۈرۈۋالدى - دە، ئۆز گۇرۇھىنى باشلاپ مەيداندىن ئات چاپتۇرغىنىچە ئۇچقاندەك چىقىپ كەتتى!...

تاياق يەپ بېشى يېرىلغان سۇ شوپە ئاتتىن پور كۆتەكتەك موللاق ئېتىپ چۈشكىنىچە يەردە سوزايلىنىپ يېتىپ قالدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچىلىك بولغان ئارىلىقتا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەنى كۆرگەن خالايىق پاتىپاراق بولۇشۇپ كېتىشتى...

ئابدۇللا بەگ: «يا قاتىلنى تۇتۇپ بېرىسەن، ياكى بولمىسا ئۆزۈڭ زىنداندا ياتىسەن!» دېگىنىچە دەرھال ئادەملىرىگە ئېلىخان قەمبەر بەگنى تۇتقۇزدى ۋە بېشى يېرىلىپ يەردە ئىڭراپ ياتقان سۇ شوپىنى مەپىگە بېسىپ شەھەرگە قايتىشتى...

*           *           *

ئۇچتۇرپان خان ئامبىلى سۇچىڭ ئۆزىنىڭ خابگاھىدا خاقانى چىن چەنلۇڭدىن كەلگەن گۇڭسا خەتنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. «... سىزلەر بىزگە ئۇرۇش ئەسىرلىرى ئىچىدىن تارتۇق قىلغان چەنتۇ كېنىزىكى، — دېيىلگەنىدى ئۇنىڭدا، — ئاستانىمىزغا — بىزنىڭ ھۇزۇرىمىزغا كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، بىزنىڭ مۇبارەك نەزەرىمىزگە ئېلىنغان بولسىمۇ ئەمما ئۇل كېنىزەك نېمىشقىدۇر بىزگە ئىللىق چىراي ئېچىپ بېقىش

www.uyghurkitap.com

قىلمىدى. بىز بىتاقەت بولۇپ ئۇل كېيىنكىمىزدىن سورىۋىدۇق، ئۇل جانان ئېيتتىكى: «مېنىڭ ۋەتىنىم ئۇچتۇرپان دىياردا مېۋىسى ئالتۇندىن، يوپۇرماقلىرى كۈمۈشتىن، غولى تۆمۈردىن بولغان، يېلىمى مۇشكى - ئىپار پۇرايدىغان بىر ئىلاھىي دەرەخ بار ئىدى. ئۇ دەرەخنىڭ ھىدى بۇرنۇمغا پۇراپ، ئۇنى كۆزۈمگە سۈرتكۈم كېلىپ، كۆڭلۈم مىسكىن، ئۆزۈم بىئارام بولۇپ ئولتۇرۇپتىمەن. گۆھەرشاد بېغىغا ئاشۇ ئىلاھىي دەرەختىن كۆچۈرۈپ كەلتۈرۈلسە، ۋەتىنىمنىڭ خاتىرە - نەمۇنىسىنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم ئۇز - تولا ئېچىلىپ قالارئىدى! » بۇنى ئاڭلاپ، بىزنىڭ مۇبارەك كۆڭلىمىزدە: «ۋاي، بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى! چەنتۇ كېنىزىكىمىزنىڭ كۆڭلىنىڭ خۇشنۇدلۇقى بىزنىڭ ئارزۇيىمىز. ناتىۋان چەنتۇ كېنىزىكىمىزنىڭ مىسكىن كۆڭلىنى رەنجۇ - ئەلەمدىن خالىي قىلماق — بىزنىڭ بۇرچىمىزدۇر! » دېگەن بۈيۈك خىيال زاھىر بولدى. شۇ ۋەجىدىن، مۇشۇ پەرمان يېتىپ بارغان ھامان، دەرھال شۇ ئىلاھىي دەرەختىن يىگىرمە تۆت تۈپىنى ياغاچ تۇڭغا تىگى - يىلتىزى بىلەن ئولتۇرغۇزۇپ تۇتقۇزغايسىز، كېلەر يىلى باھاردا ئاستانىمىزگە تەخىرسىز يەتكۈزۈپ كەلگەيسىز. بۇ ئىلاھىي دەرەخ بىزنىڭ شاھانە بېغىمىزغا لايىق ئىكەن. نامە تامام، گەپ ۋەسسالام! »

سۇچىلىڭ ئامبال خاندىن كەلگەن بۇ گۇڭسا خەتنى ئوقۇپ بولۇپ شىرە ئۈستىگە قويۇپ قويدى ۋە بۇ جىگدە ئالۋىڭنى قانداق پۈتتۈرۈش ئۈچۈن باش قاتۇرۇشقا كىرىشتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قانداقچىسىگە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى ۋە يەنە قانداقچىسىگە شىرە بىلەن ئىشىك ئارىلىقىدا ئۇياققا تۆت داپقۇر، بۇ ياققا تۆت داپقۇر بېرىپ يانغانلىقىنى ئۇقمايلا قالدى. چۈنكى،

چەنلۇڭنىڭ 26 ـ يىلى ئەتىيازدا[1]، خاقانى چىننىڭ پەرمانىغا ئاساسەن مۆلجەر تاغ قەلئەسىنى ياساش ئۈچۈن يۇقىرىلارغا سىپىل ئالۋىڭى سالغاندىن بۇيان، ئالۋان ـ ياساق، ھاشار ـ سېلىق خۇددى ئۆي توشقىنىدەك يىلدىن ـ يىلغا كۆپىيىپ، بەش خىل دېيەك ـ ماتا، زاكات بىجــى ئۈستــگە ئۆستۈرمە زاكات قوشۇلۇۋېرىپ، باج ـ پاراق ئاتمىش تۆت خىلغا يەتكەنىدى! يۇقىرىلارنىڭ نارازىلىقى كۈندىن ـ كۈنگە ئېشىپ بارماقتا ئىدى.

ئۈچتۇرپان باشقا مۇسۇلمان شەھەرلىرىگە ئوخشاش خېلىدىن بېرى تىنچ ئەمەس ئىدى. خوجىلار يېغىلىقى تىنچىتىلغاندىن بېرى، خاقانى چىن چەنتۇلار يۇرتىدا تۇمەنلەپ زور قوشۇن تۇرغۇزدى. ھالبۇكى، بۇ زور قوشۇنغا كۈنىگە تۇمەن سەرلەپ شاراقلاپ تۇرغان ئاق كۈمۈش خىراجەت بولاتتى. خاقانى چىن بۇ خىراجەتلەرنى ئۆزىنىڭ خەزىنە ـ ئىمارىتىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئۆز سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، «ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزىنىڭ يېغىدا قورۇش» چارىسىنى قوللىنىــپ، يەرلــىك چەنتۇ يۇقىرىلىرىنىڭ شىللىسىدىن شىلىپ ئېلىش ئارقىلىــق ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلاتتى. بۇ باج ـ سېلىقلارنى قايسى ئۇسۇل بىلەن چەنتۇ يۇقىرىلىرىدىن يىغىۋېلىش بولسا — خاقانى چىننىڭ ئىشى ئەمەس ئىدى!

شۇڭا، خاقانى چىندىن ھېلى ئۆستۈرمە زاكاتنى تەخىرسىز يىغىش ھەققىدە پەرمان كەلسە، ھېلى سىپىل ســوقــۇش ھەققىدە ســۈرۈكــى قاتتىق يــارلىق چــۈشەتتى. بۇ ئالۋان ـ سېلىقلار ئۈستى ـ ئۈستىگە قوشۇلۇۋەرگەنلىكتىن، ئاخىر يۇقىرىلارنىڭ نارازىلىقىنى قوزغاپ، غەلىيانغا سەۋەبچى بولاتتى ـ دە، خاقانى چىننىڭ يېگىدىن تــەســەررۇپ قىلــىۋېلىنغان بــۇ زېمــىندا تىنچلىق ـ ئاسايىشلىق ئورنىتىش ھەققىدە بەرگەن ۋەدىلىرى

---

[1] مىلادى 1761 ـ يىلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پۇتۇنلەي قۇرۇق گەپ بولۇپ قالاتتى...
خان ئامبال سۇچىڭ مۇشۇلارنى خىيال قىلىپ تۇراتتى، تۇيۇقسىز تالادا كىشىلەرنىڭ ئۇيۇر - تويۇر بولۇشقان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئارقىدىن ھاكىمبەگ ئابدۇللا سۇ شويىنىنى خابگاھ ئىچىگە قولتۇقىدىن يۆلەپ كىردى.
— داد، خان ئامبال دارىن، — دەپ ئەرز قىلدى ئابدۇللا بەگ ئۇنىڭغا، ئۇ مۇشۇ تاپتا تالادا بالىلاردىن تاياق يەپ دادىسىغا دادلاۋاتقان كىچىك بالىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى، — جايناغدىكى نورۇز پائالىيىتىدە گەدەنكەش چەنتۇلار ئۇلۇغلارغا تەپتارتماستىن يېنىپ، سۇ شويىنى ئۇرۇپ، بېشىنى يېرىۋەتتى!
سۇچىڭ دەرھال ئوغلىنى يۆلەپ تۆر تەرەپتىكى مانجۇچە كاتنىڭ ئۇستىگە ياتقۇزۇپ قويغاندىن كېيىن مۇلازىملىرىغا قىرى جۇڭيىنى چاقىرىشنى بۇيرۇدى. بۇ ئىشنى ئاڭلاپ يېتىپ كەلگەن سۇ تەتەي كات ئۇستىدە ۋايجانلاپ ياتقان ئوغلىنى كۆرۈپ: «ۋاي بالام، چىرايلىق بالام، كىم سېنى مۇشۇنداق قىلدى؟!» دېگىنىچە داد - پەرياد كۆتۈردى. بۇ چاغدا مۇلازىمنىڭ كەينىدىن ئالدىراش يېتىپ كەلگەن قىرى جۇڭيى كات ئۇستىدە ئىڭراپ ياتقان سۇ شويىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، يېرىلغان يەرنى سىنچىلاپ كۆرۈپ باقتى، ئاندىن:
— تېرىسى يېرىلىپتۇ. ئۇستىخان زەخىم يېمىگەندەك قىلىدۇ. يارا ئانچە ئېغىر ئەمەس. ئۇنى تىنچ قويۇڭلار. مەن دورا يېزىپ، شىپالىق مەلھەم تەييارلاپ بېرەي، دورىنى ئىچىپ، مەلھەمنى سۈرتۈپ بەرسە، بىر ئايغا قالماي ياخشى بولۇپ كېتىدۇ! — دەپ سۇچىڭ بىلەن تەتەينى خاتىرجەم قىلدى.
سۇچىڭ ئۇلارنى خابگاھ ئىچىدە قالدۇرۇپ، ئابدۇللا بەگنى باشلاپ ياندىكى ھۇجرىغا كىردى. ئۇ كۇرستا ئولتۇرغاندىن كېيىن ئابدۇللا بەگنىمۇ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى ۋە:
— ئابدۇللا بەگ، بۈگۈن جايناغدا زادى نېمە ئىش يۈز

بەردى؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

ئابدۇللا بەگ ئۇنىڭغا بۈگۈنكى بۇ ئىشنىڭ ئۆتمۈشىدىن تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەندىن كېيىن سۇچىك ئۇنىڭدىن:

— قاتىللارنى تۇتتۇڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— پېقىر بۈگۈنكى بۇ ئىشتا ئېلىخان قەمبەر بەگنىڭ قولى بارمىكىن، دەيمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئابدۇللا بەگ، — شۇڭا، ئۇ قېرىنى تۇتۇپ يامۇلغا ئېلىپ كەلدىم. ئامبال دارىن، ئۇنى ياخشى سوراق قىلىپ، بۇ ئىشنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى ئېنىقلاپ چىقماي بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. گەدەنكەش چەنتۇلار ھەدېسىلا ئۇلۇغلارغا يېنىۋەرسە، بۇ يۇرتنى قانداق باشقۇرغۇلۇق ئەمدى؟ . . .

ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرى تۈگىمەي تۇرۇۋىدى، سۇچىك قاتتىق خاپا بولۇپ كەتتى:

— بۇ ئىشىڭىز زادى قامالاشماپتۇ، ھاكىمبەگ دارىن! — دەپ چالۋاقىدى ئۇ، — شويىنىڭ تاياق يېگىنى قانچىلىك ئىش ئىدى؟ لوبەگنى تۇتۇپ كەلگىنىڭىز نېمىسى؟ سىز زادى ئىش بۇزۇپلا يۈرىدىكەنسىز؟ يۇرتتا غەلىيان چىقسا قانداق قىلغۇلۇق ئەمدى؟ ھازىر خاقانى چىن ئالىيدىن پەرمان كەلدى. يۇرتقا جىگدە ئالۋىڭى سالمىساق بولمايدۇ! بۇ ئىشنى ئاشۇ لوبەگنىڭ قولى بىلەن ئورۇندىمىساق سىز بىلەن مەن دېگەنگە بۇ چەنتۇلار ئۇنارمۇ؟ قېنى ئۇ لوبەگ؟ ئۇنى دەرھال ئالدىمغا توغرى قىلىڭ!

— مۇشۇ خابگاھقىلا ئېلىپ كېلەمدىمىنا؟ — دېدى ئۇ ئەزمىلىك قىلىپ. ئامبالدىن دەككىسىنى يېگەن ئابدۇللا بەگ ئۆزىنىڭ قانداقچىسىگە ئىش بۇزغانلىقىنى چۈشەنمەي قالغانىدى.

— ھەئە، ھازىرنىڭ ئۆزىدە مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كېلىڭ!

ئابدۇللا بەگ خان ئامبال سۇچىڭنىڭ ھەقىقەتەن قاتتىق خاپا بولغانلىقىنى سەزدى - دە، دەرھال ئېلىخان قەمبەر بەگنى باشلاپ كېلىش ئۈچۈن خابگاھتىن چىقىپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۈچۈكنىڭ ئۈچتۇرپانغا خان ئامبال بولۇپ تەيىنلەنگەندىن بۇيان، بىر قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى شۈخېدىن تەپتارتسا، يەنە بىرسى، مۇشۇ ئېلىخان قەمبەر بەگ دېگەندىن تەپ تارتاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ بۈگۈن ھاكىمبەگ ئابدۇللاغا: «ئىشنى بۇزۇپسەن!» دەپ كايىپ كېتىشىدە ئۇنىڭ بىر ئۆزگىلا ئايان بولغان مۇنداق بىر سەۋەب بار ئىدى...

* * *

ئەسلىدە مانجۇلار مىلادى 1759 ـ يىلى مۇلكىي قەشقەرىيىنى ئۆز تەسەررۇپىغا ئالغاندا، ئۈچتۇرپان شەھىرىگە خوجەسى ھاكىمبەگ ئىدى. ئەسلى يۇرتى تۇرپاندىن بولغان بۇ خوجەسىنىڭ ئۈچتۇرپاندا ئولتۇراقلىشىپ قېلىش جەريانىنى سۆزلەپ كەلسەك، گەپ ئۇزىراپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ھەقتە قىسقىچىلا توختىلىپ ئۆتىمىز.

مىلادى 1720 ـ يىلى يازدا تۇرپان قارا خوجىلىق فېئودال ئېزىز خوجا جۇڭغارلارغا بېقىنغاندىن كېيىن بىرقانچە مىڭ تۈتۈن تۇرپانلىقنى مەجبۇرى يوسۇندا شۇ چاغدا ئۈچ دەپ ئاتىلىدىغان ئۈچتۇرپانغا يۆتكەپ چىققانىدى.

ئېزىز خوجا تۇرپانلىقلارنى ئۈچنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئولتۇراقلاشتۇردى. ئۇلار ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان يەرلەرنى بۇرۇنقى يۇرتلىرىنىڭ نامى بىلەن قاراخوجا، پىچان، لەمجىن، توقسۇن، لۈكچۈن، سىڭگىم، يانقىر، خاندۇ... دەپ ئاتاشقا باشلىدى. ئېزىز خوجا ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئوغلى خوجەسى ئۇنى ئاقسۇدا يەرلىكتە قويۇپ، ئۆزى ئاتىسىنىڭ ئورنىغا ئۈچتۇرپانغا ھاكىمبەگ بولدى ۋە تۇرپان بېگى دەپ ئاتالدى. ئۈچتۇرپان دېگەن ناممۇ شۇ چاغدىن تارتىپ بارلىققا كەلدى.

بۇ چاغدا كونا تۇرپاندىكى يەنە بىر فېئودال ئىمىن خوجىمۇ

جۇڭغارلارنىڭ زۇلمىغا چىدىيالماي، مىلادى 1725 ـ يىلى ۋە 1732 ـ يىلى ئادەملىرىنى باشلاپ ئىككى قېتىم خاقانى چىنىنىڭ ھۇدۇتلۇقى بولغان سەددىچىن سېپىلىنىڭ ئىچىدىكى تيەنشۇي، ۋۇۋېي دېگەن يەرلەرگە قېچىپ باردى. شۇنداق قىلىپ، تۇرپان ئۇيغۇر جەمئىيىتى پارچىلىنىپ كەتتى.

خوجەسىنىڭ مەنسەپ دەرىجىسى ناھايىتى ئۇستۇن بولسىمۇ لېكىن، ئۇنىڭ ھىممىتى تولىمۇ پەس ئىدى. جۇڭغارلار ئۇنى ئۇچتۇرپانغا ھاكىمبەگ قىلىپ قويغان بولسىمۇ ئەمما جۇڭغارىيە خانى داۋاچى مانجۇلاردىن قېچىپ ئۇچتۇرپانغا پاناھداپ كەلگەندە، خوجەسى ئۆزىگە تۇز بەرگەن بۇ ئۇلۇغىغا ئاسىيلىق قىلىپ، ئۇنى خاقانى چىنغا تۇتۇپ بەرگەندى. كېيىن ئامۇرسەنا خاقانى چىنغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندىمۇ ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلۇغى بولۇشنى كۆزلەپ، ئامۇرسەنا بىلەن بىرلەشكەندى. ئامۇرسەنا مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن خوجەسى يەنە خوجا جاھان تەرىپىگە ئۆتتى ـ دە، خوتەن شەھىرىگە ھاكىمبەگ بولدى. ئەمما، ئۇ خوجا جاھانغىمۇ ئانچە ئىشەنچ قىلالمايتتى. شۇڭا، ئۇ خوجا جاھاننى ھەمىشە خاقانى چىنغا تۇتۇپ بېرىش كويىدا بولۇپ يۈردى. ئۇ مۇشۇنداق بىقارار بىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىمۇ خاقانى چىنغا بەش قولدەك ئايان ئىدى. مىلادى 1758 ـ يىلى، ئۇ يەنە خاقانى چىنغا تەسلىم بولدى ۋە ئۆزىنىڭ خاقانى چىنغا بولغان ساداقىتىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۇچتۇرپان شەھىرىدىكى بەش مىڭ تۇتۇن، يىگىرمە بەش مىڭ ئاھالىنى باشلاپ خاقانى چىنغا ئەل بولدى.

بىراق، خوجەسى خاقانى چىنغا تەسلىم بولغاندىن كېيىن ئۇ ئۇچتۇرپان شەھىرىدىكى ئېلىخان قەمبەر بېگىم باشلىق بارلىق نەسەبىي بەگ ـ تۆرىلەرنىڭ ۋە پۇقرائىي ـ پەقىرلەرنىڭ نەپرىتىگە ئۇچراپ، ئىززەت ـ ئابرۇيى بىراقلا تۆكۈلدى. خاقانى چىن چەنلۇڭنىڭ مىلادى 1760 ـ يىلى 2 ـ ئايدىكى پەرمانىدا

ئېيتىلغان مۇنۇ سۆزلەر بۇنىڭغا شاھىت بولالايدۇ:

«. . . قايسى كۈنى، ئۇچتۇرپانلىق چەنتۇلارنىڭ ھاكىمبەگ خوجەسى ئۇستىدىن قىلغان ئەرز ـ شىكايىتىدە: ‹خوجەسى ئاتا ـ بالا ئىككىسىنىڭ بىز چەنتۇلارغا سالغان جەبىر ـ زۇلۇمى پۈتۈن مۇلكىي قەشقەرىيە مەملىكىتىدە مەشھۇر بولۇپ كەتتى!› دېيىلگەن. ئامباللارمۇ ئۇنى مەنسىپىدىن ئېلىپ تاشلاش ھەققىدە مەلۇمات يوللاپتۇ! بىز ئۇنىڭ سەلتەنىتىمىز ئۈچۈن كۆرسەتكەن خىزمەت ـ تۆھپىسىنى نەزەردە تۇتقانلىقىمىز ئۈچۈن، ئۇنىڭ گۇناھىنى سۈرۈشتە قىلمىدۇق. لېكىن، ئۇلار داۋاملىق شۇ يەردە تۇرۇۋەرسە، ئۇ يەرنىڭ مۇقىملىقىغا تەسىر يېتىدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا، خوجەسى ئاتا ـ بالا ئىككىسىگە يۇقىرى مائاش، ئالىي تەمىنات بېرىپ، ئاستانىگە قايتۇرۇپ كېلىشنى ئويلىدۇق. . . »①

خوجەسىنىڭ ناشايان ئىشلىرى پاش بولۇپ، گۇناھى ئېغىرلاشقاندىن كېيىن خاقانى چىن ئاخىر ئۇنى ئاستانە — بېيجىڭغا قايتۇرۇپ كېلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى. بىراق، خاقانى چىن ئۇچتۇرپانلىق نەسەبىي تۆرە ـ بەگلەرنىڭ خوجەسىنى يەكلەپ، ئۇچتۇرپانلىق خەزىنىچى بەگ سالىنى ئۇچتۇرپانغا ھاكىمبەگ قىلىپ قويۇش ھەققىدىكى تەلىپىنىمۇ ماقۇل كۆرمىدى. ئەمما، ئۇچتۇرپانلىقلارنىڭ غەزىپىنى پەسەيتىش ئۈچۈن ئېلىخان قەمبەر بەگنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، خوجەسىنىڭ ئۇچتۇرپاندىكى يەر ـ زېمىنلىرىدىن ۋە «ئۇنىڭ قولىدىكى ئاشلىقتىن بەش يۈز نەچچە تۈتۈن كۆك نامراتقا ئارىيەت

① «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى»، 85 ـ جىلد، 13 ـ، 14 ـ بەتلەر. «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 606 ـ جىلد، 25 ـ، 26 ـ بەتلەر. چەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى 2ـ ئاينىڭ 6ـ كۈنى. «شاھزادە بەگلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرى»، 116 ـ جىلد، «خوجەسىنىڭ تەرجىمىھالى».

ئېلىپ بېرىش» ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى[①].

بىراق، خاقانى چىنىنىڭ بۇ پەرمانى يېتىپ كېلىشتىن ئىلگىرى بەزىلەر خوجەسىگە: «تاجۇ ـ تەختىڭ قول ـ ئىلكىڭدىن چىقىپ كېتەي دەۋاتىدۇ. قىلغان ناشايان ئىشلىرىڭ خان ئالدىدا ئاشكارا بولۇپ قالدى. ئەلھال، سەن قانداق گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولساڭ، شۇنداق جازاغا تارتىلىسەن!» دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان خوجەسى ھەددىدىن زىيادە ئىزتىراپقا چۈشۈپ قېلىپ، ئىنتايىن پەرىشان بولدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى قايغۇ ـ ھەسرەت چىرمىۋالدى. ئاخىر ئۇ ئېلىخان قەمبەر بەگنى ئىزدەپ كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن:

— بۇ ئىشقا قانداق چارە قىلغايمىز؟ — دەپ مەسلىھەت سورىغان بولدى.

— بۇ ھادىسىنىڭ يۈز بېرىشىگە ئۆزلىرى سەۋەبچى بولدىلا، — دېدى ئېلىخان قەمبەر بېگىم گەپنى ئەگىتمەستىنلا، — سىلى بۇ يەردە بايلىق يىغىشقىلا بېرىلىپ كېتىپ، باشقا ئىشلار بىلەن زىنھار كارىلىرى بولمىدى. يۇرتدارچىلىق ۋە سەلتەنەت نىزاملىرى بۇزۇلۇپ، يۇرت يۇگەنسىز ۋە قائىدىسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. دەردمەن بىچارىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈنمىدى. ئادالەت جارى قىلغۇزۇلمىدى. زالىملار ھەر تەرەپكە جەبىر ـ زۇلۇم قوللىرىنى سۇنۇپ، خالىغىنىنى قىلىشقا باشلىدى. زاكاتچىلار جاي ـ جايلارغا چۈشۈپ، كىشىلەرنىڭ تىرىكچىلىكىنى ۋە بەختىنى قارا قىلدى. قاراقچىلار ھەر تەرەپتىن قول ئۇزارتىپ، يوللارنى قامال قىلدى. هاراقكەشلەرنىڭ غەلۋە ـ غوۋغىلىرى پەلەككە يېتىپ، ئىمام ـ مەزىنلەرنىڭ ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. تەقۋادارلارنىڭ

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن «جۇڭغارلارنى تىنجىتىش چارىسى» نىڭ داۋامى، 1 ـ جىلد، 18 ـ، 19 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا پۈتۈلگەن ئوردا خاتىرىلىرى»، 609 ـ جىلد، 13 ـ، 14 ـ بەتلەر. چەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى www.uyghurkitap.com

ئۈۋرىقلىرى كاساتلىشىپ، شاراب ـ مۇسەللەس كوزىلىرىنىڭ نەرقى ئۆسۈپ كەتتى. بۇۋى ـ مەستۇرىلەرنىڭ ھالى خاراب بولۇپ، جالاپ ـ پاھىشىلەرنىڭ كۈنى تۇغۇلدى. جاڭگال ـ يايلاقلاردا بۆرىلەر قويدەك تولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا قوي ۋە قويچىلار نەق ئولجا، تەييار غىزاغا ئايلاندى. بۇلارنى سىلى تازا ئوبدان بىلىدىلا! ئەلھال، خاقانى چىن ئۆزلىرىنىڭ ئورنىغا قۇمۇللۇق ئابدۇللا بەگنى ئۇچتۇرپانغا ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىمەكچى بولۇۋېتىپتۇ. چۈنكى، ئابدۇللا بەگ خاقانى چىننىڭ خىزمىتىنى قىلىپ شۆھرەت قازاندى. شۇڭا، خان ئۇنى سىلىدىن ئەۋزەل كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمبەگلىك ئورۇنلىرىنى ئۇنىڭغا مۇۋاپىق چاغلاپتۇ. نىھايەت، ئىش مۇشۇ يەرگە بېرىپ يەتكەن ئىكەن، بۇنىڭغا ئەلھۆكمىلىللا دېمەكتىن باشقا يەنە نېمە ئامال بار؟

— . . .

ئېلىخان قەمبەر بېگىمنىڭ دېگەنلىرى ئەينەن راست ئەھۋال بولغانلىقتىن، خوجەسمۇ رەللە بولغىنىچە يەرگە قاراپ جىم ئولتۇردى. . .

* * *

خاقانى چىن خوجەسىنى ئۇچتۇرپاننىڭ ھاكىمبەگلىكىدىن ئېلىپ تاشلاپ، ئاستانە بېيجىڭغا ئالدۇرۇپ كەتكەنلىكى ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ بىر غەلىبىسى ئىدى، شۇنداقلا خاقانى چىننىڭ خوجەسىدەك ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدىغان بىقارار، ئىشەنچسىز ئادەملەرنى مۇھىم جايلارغا مۇئەككەل قىلىپ داۋاملىق ئىشلىتىشىنىڭ مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ يېگىدىن تەسەررۇپ قىلىنىۋېلىنغان بۇ زېمىنىدا خەتەرلىك ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى تونۇپ يەتكەنلىكىنىڭ بىۋاستە نەتىجىسى

ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن مىلادى 1760 ـ يىلى، خاقانى چىن ئۆزى ئىشەنچلىك دەپ قارايدىغان قۇمۇللۇق يۇسۇپ خوجىنىڭ ئۇكىسى ئابدۇللا بەگنى ئۇچتۇرپانغا ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلىدى. . .

* * *

ئۇچتۇرپانلىق نەسەبىي بەگلەردىن بولغان ئىلىخان قەمبەر بېگىم دۆلەتمەن، ھوشيار، يۇرتدارچىلىق قائىدە ـ مىزانىدا ۋە پۇقراپەرۋەرلىك ئەن ـ دەستۇرىدا ئىرادە ـ ئېڭى مۇستەھكەم بىر ئادەم ئىدى. خۇش ـ پېئىل، ئەخلاق ـ مىجەزدە ۋە يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىدا ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۇلۇغلارنىڭ ئەن ـ قائىدىسىگە، خۇلق ـ مىجەزىگە ناھايىتى ئوخشاش ئىدى. ئۇ خاقانى چىنغا تەۋەلىك بىلدۇرگەن ۋە ئىتائەت قىلغان بولسىمۇ ۋە شۇ سەۋەبتىن خاقانى چىن ئۇنىڭغا تۆتىنچى دەرىجىلىك جەركە ـ ئوتىغات بەرگەن بولسىمۇ ئەمما ئۇ خاقانى چىننىڭ مائاش ـ تەمىناتىنى زادىلا قوبۇل قىلمىغانىدى. شۇڭا، خاقانى چىن ئۇنىڭ ئوغلى رەھمىتۇللا بەگنى ئۇچتۇرپانغا تۆتىنچى دەرىجىلىك شاغىبەگ قىلىپ تەيىنلىگەنىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇچتۇرپان ھۇدۇتلۇقىدىكى پۇقرالار يەنىلا ئىلىخان قەمبەر بېگىمنى ھاكىمبەگ قاتارىدا كۆرەتتى. ئۇمۇ شەرىئەتنىڭ ئۆلچىمىسىز ھەرقانداق دەۋا ـ دەستۇرلارغا ئۆز ھۆكۈمىنى جارى قىلدۇرماس ئىدى. ئاللانىڭ شەرىئەت مىزان سىزىقىدىن چىقماي، يۇرتدارچىلىق ئىشىنى ئاشۇ مەقامى مىزانغا مۇۋاپىق يۇرگۈزەر ئىدى. شۇڭا، ئۇ پۇقرائى ـ پەقىرلەر ياكى ئەكابىر ـ ئەشرەبلەر، بەگ ـ بېگاتلار ۋە ياكى ھەقىرلەر ئىچىدە زور ئىناۋەت ۋە ئابرۇي قازانغانىدى. خاقانى چىن مەنسەپدارلىرىدىن خان ئامبال باشلىق ھەممىسىلا ئۇنىڭدىن تەپتارتىپ، ناھايىتى ئېھتىيات قىلاتتى.

خاقانى چىن خوجەسى بەگنى ئۆز ئاستانىسىگە چىللاتقۇزۇپ ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن بۇ ئىش توغرىلىق ئېلىخان قەمبەر بېگىم ئۆزىنىڭ ھەمسۆھبەتلىرىگە مۇنداق بىر ھەق سۆزنى قىلغانىدى:

— خوجەسى بەگ ھىيلە - تەدبىردە زىيادە كىشى ئىدى، — دېگەنىدى ئۇ، — قاچانكى، سەئىدىيە خانلىرىنىڭ دۆلەت چىرىغى ئۆچۈپ، قالماقلارنىڭ ياردىمى ئاستىدا خوجاملارنىڭ دۆلەت چىرىغى ياندى، شۇنىڭدىن باشلاپ خوجەسىدەك ئىچى يامان، شەيتان سىياق ئادەملەر مۇسۇلمانلارنىڭ پۇل ۋە مال - دۇنياسىنى قالماق كاپىرلارغا سويۇپ ئېلىپ بېرىپ ئېرىشكەن بەش كۈنلۈك دۇنياسىغا مەغرۇر بولۇپ ئۆتۈپ كېلىپتۇ. كېيىن ئەلىغا مانجۇ چېرىكلىرىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى ئىشەنچلىك ساناپ پاناھداپ كەلگەن قالماق تۆرىسى داباچىنى ئادەملىرى بىلەن بىللە تۇتۇپ باغلاپ، بېيجىڭ خانغا سوۋغا قىلىپ ئاپىرىپ بەردى. خوجەسىنىڭ بۇ خىزمىتى ئۇلۇغ خاننىڭ كۆڭلىگە ياققانلىقتىن، ئۇنىڭغا ۋاڭلىق مەنسىپىنى جۇلدۇ - جاساق قىلىپ بەردى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ:

تۇتتىلەر داباچىنى تارتۇق قىلىبان خوجەسى،
ئانداغ ئىش قىلغانغا مۇندىن كېيىن كېرەكدۇر جۇلدۇسى!

دېگەندەك بىر ئىش بولدى. خوجەسى پۇقراغا يامان بولغىنى بىلەن، خانغا ياخشى كۆرۈندى. بۇ خۇددى «خىسرەۋ پەرۋىز بىلەن بېلىقچىنىڭ ھېكايىسى» دا پادىشاھغا ياخشى كۆرۈنگەن بېلىقچىغا ئوخشاش بىر ئىش.

قەدىمكى زامان پادىشاھلىرىنىڭ ئارىسىدا، — دەپ ھېكايىسىنى باشلىدى ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ سۆزىنى ئىسپاتلاش

ئۇچۇن، — پەيغەمبەر رەسۇلۇللانىڭ خېتىنى يىرتقان خىسرەۋ پەرۋىز[1] دېگەن بىر كاپىر ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ ھەممە غىزالارنىڭ ئارىسىدا بېلىقنى ياخشى كۆرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ئامراق خوتۇنى شېرىن بىلەن چاھار بېغىدا بەزمە تۈزۈشۈپ ئولتۇرۇپتىكەن، بىر بېلىقچى يوغان بىر تال بېلىقنى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىپ كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. خىسرەۋ پەرۋىز بېلىقنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ، خەزىنىچىسىگە: «بېلىقچىغا دەرھال تۆت مىڭ دەرھەم مۇكاپات بەر!» دەپ بۇيرۇپتۇ.

بېلىقچى پادىشاھ ئىنئام قىلغان تۆت مىڭ دەرھەم پۇلنى ئېلىپ چىقىپ كېتىۋاتسا، شېرىن ئېرىگە قاراپ:

— ئۇنىڭغا شۇنچىۋالا كۆپ پۇلنى ئىنئام قىلىپ ياخشى قىلمىدىڭىز، — دەپتۇ.

— نېمىشقا ئەمدى؟ — دەپ تەئەججۇپلىنىپتۇ خىسرەۋ پەرۋىز.

شېرىن جاۋاب بېرىپتۇكى:

— بۇنىڭدىن كېيىن رەئىيەتكە قانداقتۇر خىزمەتلىرى ئۈچۈن پۇل ئىنئام قىلغۇدەك بولسىڭىز، «پادىشاھ مېنى بېلىقچى قاتارىدا كۆردى» دەپ سىزدىن ئاغرىنىشىدۇ؛ مۇبادا، ئاز بېرىپ قالسىڭىز، «مېنى ئاشۇ بېلىقچىچىلىكمۇ كۆرمىدى» دەپ يەنە سىزدىن ئاغرىنىشى مۇمكىن!

— بۇ گېپىڭىزغۇ ئورۇنلۇق بولدى، بىراق ئىش ئۆتتى. بېلىقچىدىن پۇلنىياندۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ — دە، — دەپتۇ خىسرەۋ پەرۋىز بېشىنى قاشلاپ.

— بۇ ئىشنىڭ چارىسىنى قىلماق ئاسان، — دەپتۇ شېرىنمۇ بوش كەلمەستىن، — بېلىقچىنى دەرھال چاقىرتىسىز — دە،

---

[1] خىسرەۋ پەرۋىز (628 ـ 590) — ئىراندىكى ساسانىيلار سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى. ئۇ نۇشىرۋاننىڭ نەۋرىسى بولۇپ، مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ئۇنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە دەۋەت قىلىپ يازغان خېتىنى يىرتىپ تاشلىغان ئىكەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن: «بېلىقنىڭ ئەركەكمۇ ياكى چىشىمۇ؟» دەپ سورايسىز. مۇبادا ئۇ: «بېلىقىم ئەركەك ئىدى» دېسە، «ماڭ، بېرىپ چىشى بېلىقتىن بىرنى ئەپكەل!» دەپ پۇلنى تارتىۋېلىڭ. مۇبادا ئۇ: «بېلىقىم چىشى ئىدى» دېسە، يەنىلا: «ماڭا ئەركەك بېلىق لازىم ئىدى. ماڭ، ئەركىكىدىن بىرنى ئەپكەل» دەپ پۇلنى تارتىۋېلىڭ!

خىسرەۋ پەرۋىز شىرىننىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن ئوقۇپتۇ ۋە بېلىقچىنى قايتۇرۇپ كېلىپتۇ. لېكىن، بېلىقچى پادىشاھنىڭ نىيىتىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىنى ئاللىقاچان پەملەپ بولغان ئىكەن. پادىشاھ:

— ئېلىپ كەلگەن بېلىقىڭ ئەركەكمۇ، چىشىمۇ؟ — دەپ سوراپتىكەن، ئۇ دەرھال:

— بېلىقىم خۇنسا ئىدى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

خىسرەۋ پەرۋىز بېلىقچىنىڭ بۇ جاۋابىدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولغىنىدىن خەزىنىچىسىنى چاقىرىپ، بېلىقچىغا يەنە تۆت مىڭ دەرھەم ئىنئام بېرىشنى بۇيرۇپتۇ.

بېلىقچى پادىشاھ ئىنئام قىلغان بۇ تۆت مىڭ دەرھەم پۇلنىمۇ ئېلىپ ھەميانىغا سېلىپتۇ — دە، دەرۋازىغا قاراپ مېڭىپتۇ. دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە، بىر دەرھەم پۇل ئۇنىڭ ھەميانىدىن يەرگە چۈشۈپ كېتىپتۇ. بېلىقچى ئۇنى دەرھال يەردىن ئېلىپ سۈرتۈپ ھەميانىغا سېلىۋاپتۇ. بۇ چاغدا خىسرەۋ پەرۋىز بىلەن شىرىن ئۇنى كۆزىتىپ قاراپ تۇرۇۋاتقان ئىكەن، بېلىقچىنىڭ بۇ ئىشىدىن تەئەججۇپلەنگەن شىرىن ئېرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇپتۇ ۋە دەپتۇكى:

— ئۇ تولىمۇ ئاچكۆز ئادەم ئىكەن! بىر بېلىق ئۈچۈن سىزدىن سەككىز مىڭ دەرھەم ئىنئام ئالغان تۇرۇقلۇق، ھەميانىدىن چۈشۈپ قالغان بىر دەرھەمگىمۇ كۆزى قىيماستىن، سۈرتۈپ ھەميانىغا سېلىۋالدى — يا!

بىلىقچىنىڭ بۇ ئىشىغا خىسرەۋ پەرۋىزنىڭمۇ ئاچچىقى كېلىپ تۇرغان ئىكەن، ئۇ دەرھال بېلىقچىنى چاقىرتىپ قايتۇرۇپ كېلىپتۇ - دە:

— تولىمۇ ئاچكۆز ئادەم ئىكەنسەن، بىر بېلىق ئۈچۈن سەككىز مىڭ دەرھەم ئالدىڭ. ئاچكۆزلۈكىڭمۇ چېكى بولىدۇ - دە. چۈشۈپ قالغان بىر دەرھەمگىمۇ كۆز قىيالمىغىنىڭ نېمىسى، ئىنساپ دېگەن بارمۇ سەندە؟ — دەپ دوق قىلىپتۇ.

بېلىقچى پادىشاھنىڭ غەزىپىدىن چۆچۈپمۇ قويماپتۇ ۋە:

— پادىشاھىمىزنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولغاي! — دەپتۇ ئۇ چىرايىنىمۇ ئۆزگەرتمەستىن، — بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مۇشۇ دەرھەمنىڭ بىر يۈزىدە پادىشاھ سىلىنىڭ مۇقەددەس ئىسىملىرى بار ئىكەن. ئارقا تەرىپىدە بولسا ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك ئىسىملىرى خاتەم قىلىپ ئويۇلۇق ئىكەن. بۇ پۇل ئاياغ ئاستى بولغۇدەك بولسا گۇناھقا پاتماي، دەپ ئۇنى يەردىن ئاۋايلاپ ئېلىپ سۈرتۈپ ھەميانىمغا سالدىم!

بېلىقچىنىڭ ساداقىتىدىن تولىمۇ مەمنۇن بولغان خىسرەۋ پەرۋىز دەرھال خەزىنىچىنى چاقىرىپ:

— ئۇنىڭغا يەنە تۆت مىڭ دەرھەم بېرىۋەت! — دەپ بۇيرۇپتۇ...

— شۇڭا، — دېدى ئېلىخان قەمبەر بېگىم ھېكايىسىنى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۈچەتەك ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، — خوجەسى بەگ خەلققە زۇلۇم - ستەم سېلىپ، پۇقرانى يوقسۇل - قاششاق، ئىسمى بىلەن جىسمىنى نابۇت قىلدى. پۇقرانى ئاتتىن، ئاتنى پۇقرادىن يات قىلىپ تاشلىدى. خۇدايىتائالا ئاۋۋال ئىماننى ياراتتى. ئىمان: «ئىلاھ، ماڭا قۇۋۋەت بەرگىن» دېگەندى، ئاللا ئىمانغا خۇشخۇيلۇق ۋە ساخاۋەتتىن قۇۋۋەت بەردى؛ ئاندىن خۇدايىتائالا كۇپۇرنى ياراتتى. ئۇمۇ ئاللادىن قۇۋۋەت تىلىگەندى، بىراق، ئاللا ئۇنىڭغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەتخۇيلۇق، بېخىل، رەھىمسىزلىكتىن قۇۋۋەت بەردى. خوجەسى مانا مۇشۇنداق بەتخۇي، ئىمانسىز ئادەملەردۇر. ھىممەتلىك كىشىلەر بۇنداق بەتخۇي ئادەملەرنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ. ئۇلار مېھرىبانلىق، رەھىمدىللىك ۋە ساخاۋەتتىن قىممەتباھا تون - سەرۇپاي ئېگىن كىيگەن بولىدۇ. بۇنداق ئېگىنىنىڭ ئۆرۈشى — خۇش خۇيلۇق يىپىدۇر. ئارقىقى — مۇلايىملىق يىپىدۇر؛ ھالبۇكى، خوجەسىدەك بەتخۇي كىشىلەرمۇ مىجەز - خۇلقتىن سەرۇپاي - ئېگىن كىيگەن بولىدۇ. بىراق، بۇنداق ئېگىنىنىڭ ئۆرۈشى — ھىممەتسىزلىك يىپىدۇر؛ ئارقىقى بولسا ھەسەتخورلۇق، پەسقى - فۇجۇر يىپىدۇر. دانىشمەنلەر ئېيتقانكى: «ئادالەت — بارچە سۈپەتنىڭ ئەڭ ياخشىسى؛ زۇلۇم — ھەممە نىيەتلەرنىڭ شۇمراقىدۇر!» چۈنكى ئادالەتلىكنىڭ نەتىجىسى — دۆلەت خەزىنىسىنىڭ مەمۇرچىلىقىغا ۋە ئەل - يۇرتنىڭ ئاۋاتلىشىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. زۇلۇم - ستەم بىلەن دۆلەت زاۋال تاپىدۇ!

* * *

ئۇچتۇرپان خان ئامبىلى سۇچىڭ بىلەن ھاكىمبەگ ئابدۇللالار خاقانى چىندىن سېپىل سوقۇش ھەققىدە چۈشۈرۈلگەن پەرمانىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن دەرھال قەلئە سالغۇزىدىغان مۇۋاپىق ئورۇننى دىتلاشقا كىرىشىپ كەتتى.

سۇچىڭ ئامبال قەلئە سالىدىغان مۇۋاپىق يەرنى ئىزدەپ بىرقانچە يەرنى تەركە قىلىپ كۆردى. بىر كۈنى ئۇ مۆلجەر تاغنىڭ باغرىدىكى ئۇيغۇرلار تارىختىن بۇيان نورۇز پائالىيىتى ئۆتكۈزىدىغان توققۇز بۇلاق ئالدىغا كەلگەندە، بۇ يەرنىڭ ھەددىدىن تاشقىرى گۈزەل ۋە سۈيى ئەلۋەك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ھەيرانۇ - ھەس بولۇپ، بارمىقىنى چىشلەپ تۇرۇپ قالدى.

گۈزەل مەنزىرىلەر ئۇنىڭ بايلىققا ھېرىسمەن كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇپ، خىرەلەشتۇرۇپ قويۇۋاتاتتى. ئاخىر، سۇچىڭ خان ئامبال تۇرىدىغان ئامبال مەھكىمىسىنى، مۇشۇ يەرگە ـ مۆلجەر تاغ باغرىدىكى توققۇز بۇلاق ساھىلىغا قورۇشنى قارار قىلدى ۋە بۇ ئويىنى مەكتۇپ قىلىپ پۈتۈن خاقانى چىنغا يوللىدى.

خان ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى تېزلا تەستىقلاپ چۈشۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ مەنزىرىسى ياخشى، ھاۋالىق بولغان توققۇز بۇلاق ئەتراپلىرىنى تەپسىلىي تەكشۈرۈپ، ئەستايىدىل ئۆلچەپ چىققاندىن كېيىن مۆلجەر تاغنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا ئايلانمىسى ئىككى مىڭ بەش يۈز مېتىر كېلىدىغان دائىرىگە ھەيۋەتلىك، مۇستەھكەم سېپىل سوقتۇرۇپ، كەلگۈسىدە خان ئامبال تۇرىدىغان ئامبال مەھكىمىسىنى ئىھاتە ئىچىگە ئالماقچى بولدى...

*                    *                    *

مىلادى 1761 ـ يىلى ياز. بۇ يىلقى روزا ئىيى ياز چىللىسىگە توغرا كەلدى. خان ئامبال سۇچىڭنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئۈچتۇرپاندىكى ھەربىر تۈتۈندىن بىردىن ئادەم سېپىل ھاشىرىغا ئىشلەيدىغان بولدى. ھەممە يۇرت ـ ئايماقلاردا، مەھەللە ـ چاقارلاردا جارچىلارنىڭ كىشىلەرنى سېپىل ھاشىرىغا ھەيدەپ جار سالغان ئاۋازلىرى بىلەن پۇقرالارنىڭ يىغا ـ زار قىلغان سادالىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى:

«... ھەممە يۇرت ئەھلىگە مەلۇم بولغايكى، بىر ئۆيدىن بىر كىشى ئامبال دارىننىڭ پەرمانىغا بىنائەن مۆلجەر تاغ باغرىغا ـ سېپىل ھاشىرىغا ماڭسۇن! مۇشۇ پەرماننى ئاڭلىغاندىن كېيىن يۇقىرىقى ئادەملەر قوللىرىغا بىردىن كەتمەن، بىردىن زەمبىل، بىردىن قاپ، بىردىن ساپ، ئوزۇق ـ تالقان، قىلىچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

ـ قالقان، چويۇن داشقان ئېلىپ، سېپىل ھاشىرىغا ئىشلەپ قايتقاي، مۇبادا، بۇ ئىشقا گىرىپىلىك قىلىپ، ھايال بولغۇچىلار كۆرۈلسە، قاتتىق جازالانغاي، ھەرگىز رەھىم قىلىنمىغاي. ئەيىۇھەنناس، ئىشىتىڭلار ئامۇ ـ خاس!»

شۇ چاغلاردا ئۇچتۇرپان بەش مىڭ تۇتۇنلۇك، يىگىرمە بەش مىڭ ئاھالىلىك يۇرت ھېسابلىناتتى. ئۇچتۇرپانلىقلار ئامبال سۇچىڭنىڭ پەرمانىغا ئاساسەن ھەربىر تۇتۇندىن بىردىن جەمئىي بەش مىڭ ھاشارچى بېرىشكە مەجبۇر بولۇشتى. بۇ ھاشارچىلار چېرىك ـ يايىلارنىڭ نازارىتىدە سېپىل سوقۇلىدىغان جاي ـ مۆلجەر تاغ ئالدىغا ھەيدەپ كېلىنگەندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇق ـ ئايماق، مەھەللە ـ چاقارلىرى بويىچە يۈزدىن ـ يۈزدىن، جەمئىي ئەللىك توپقا ئايرىپ تاشلاندى. ھەربىر توپقا بىردىن يۈز بېگى ۋە بىردىن بوتۇڭ قويۇلدى. ھەربىر يۈزلۈك ئۆز ئارىسىدىن يەنە ئون توپقا ئايرىۋېتىلدى. ھەربىر توپقا بىردىن ئون بېگى قويۇلدى.

بوتۇڭلار يالقاۋلىق قىلىپ ئىشلىمەي تۇرۇۋالغان، قېچىپ كەتكەن ھاشارچىلارنى تەركە قىلىشقا ۋە تۇتۇپ كېلىشكە مەسئۇل بولغاندىن سىرت يەنە چامنى ئۆلچەپ تەقسىم قىلىپ بېرىشكىمۇ مەسئۇل ئىدى.

پۇتۇن تەييارلىقلار پۇتكۈزۈلگەندىن كېيىن روزىنىڭ 10ـ كۈنى، شەرق، غەربىي ـ شىمال ۋە جەنۇبتىن بىرلا ۋاقىت ئىچىدە سېپىل سوقۇش باشلىنىپ كەتتى!

ياز چىللىسىدىكى ئاتەش كۈننىڭ زەھەردەك ئاپتىپى ئاستىدا ھاشارچىلار يالىڭاچ بولۇپ تاغار، زەمبىللەردە توپا توشۇشقا كىرىشىپ كەتتى. ئادەملەرنىڭ كۆزلىرى كۈننىڭ كۆزنى قاماشتۇرغۇچى يورۇقىدا ئۆز ـ ئۆزىدىن يۇمۇلۇپ كېتەتتى. ئەتراپنىڭ ھەممىسى خۇددى ئادەم كېسەل بولغان ۋاقىتتا چۈشىدە كۆرۈنىدىغان مەنزىرىگە ئوخشاش ئىدى. ئىسسىق، ئاچلىق،

ماغدۇرسىزلىق ۋە يەلكىسىنى بېسىپ تۇرغان قاپتىكى ئېغىر نەم توپا ھاشارچىلارنىڭ قەددىنى تېزلا پۈكۈپ تاشلىغانىدى. ئۇلار ھارغىن قەدەملىرىنى تولىمۇ ئاستىلىق بىلەن يۆتكىشەتتى. بىر ئاز يۈرگەندىن كېيىن دېمىنى سەل ئېلىۋېلىش ئۈچۈن توختىشاتتى. بۇنداق چاغدا يايى - دورغىلار قوللىرىدىكى سىنىم قامچىلىرى بىلەن ئۇلارغا قىلچىمۇ رەھىم قىلماستىن قاتتىق ئۇرۇشقا باشلايتتى. كىشىلەر چىدىيالماي نالە - پەرياد كۆتۈرۈشەتتى ۋە ماغدۇرسىزلانغان ئاياغلىرىنى يەنە ھەرىكەتكە كەلتۈرۈشكە مەجبۇر بولۇشاتتى...

سېپىل يەر يۈزىدىن بىر - بىر گەزدىن ئېگىزگە ئۆرلەپ كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ئەمما، ئېغىر مېھنەت، قاتتىق ئىسسىق، ئاچلىق ۋە ماغدۇرسىزلىق - ھاشارچىلارنىڭ كۈچىنى تېزلا خورىتىپ تاشلىدى. ھاشارچىلار ھۆل توپا ئۇسۇلغان ئېغىر قاپلارنى يەلكىسىدە، زەمبىلدە كۆتۈرۈپ كېتىۋېتىشىپ، جايىغىلا يىقىلىپ چۈشۈشەتتى. بۇنداقلارنىڭ كەينىدىكىلەرگە ھالاقىت بەرمەسلىك ئۈچۈن، ۋەھشىي يايىلار ئۇلارنىڭ پۇتىدىن تۇتۇپ سۆرىگىنىچە يولنىڭ چېتىدىكى گوداڭلارغا ئاپىرىپ تاشلىشاتتى. بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھوشىغا كېلىشكەنلىرى سەل نېرىراقتىكى بۇلاق بويىغا ئۆمىلىشىپ كېلىشەتتى ۋە تالنىڭ سايىسىدا بىردەم ئارام ئېلىپ يېتىپ ئەسلىگە كېلىشكەندىن كېيىن يەنە قوپۇپ ئىشلەشكە باشلايتتى. ھوشىغا كېلەلمىگەنلىرى بولسا شۇ ياتقىنىچە مەڭگۈ يېتىپ قالاتتى - دە، كەچتە كىشىلەر ئۇلارنىڭ ئىككىنى چېتىپ قەبرىستانلىققا ئاپىرىپ يەرلىكىدە قويۇپ قايتىشاتتى...

سېپىلنىڭ غەربىي جەنۇبى بۆلۈكى تاغ ئۈستىگە توغرا كېلىپ قالغانلىقتىن، بۇ يەردىكى مېھنەت سېپىلنىڭ باشقا بۆلەكلىرىدىكىگە قارىغاندا تۆت - بەش ھەسسە دېگۈدەك مۇشەققەتلىك ئىدى.

www.uyghurkitap.com

بىر كۈنى بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان ئاچىتاغلىق مەتقاسىم ساقال دېگەن بىر كىشىنى ئىسسىق ئېلىپ كەتتى. ئۇ ئىشلەۋاتقان يېرىدىلا يىقىلىپ يېتىپ قالدى. سېپىلنىڭ مۇشۇ بۆلۈكىدە نازارەتچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان بىر بەشاڭ[1] يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە قولىدىكى سىم قامچىسى بىلەن ئۇنى ئۇرۇپ كەتتى:

— ھەي سىڭكۇ، سەندە ھۇرۇنلۇق قىلىدۇ، مەندە قامچا ئۇرىدۇ — شۇ!

بەشاڭ ھەر ئۇرغىنىدا ئۇنى بىر تىللاپ قوياتتى. يالىڭاچ تېنىگە يامغۇردەك تارسىلداپ تېگىۋاتقان سىم قامچىنىڭ زەربىسىدە مەتقاسىم ساقال خۇددى ئوتقا چۈشكەن قىلدەك تولغىنىپ، زار - زار قاقشاپ، نالە - پەرياد كۆتۈردى.

بۇ چاغدا بىرمۇنچە يايى - دورغىلىرىنى كەينىگە سېلىپ سۇچىڭ ئامبال بىلەن ئابدۇللا بەگلەر بۇ ئىشنىڭ ئۈستىگە كېلىپ قالدى.

— توختا! — دەپ ۋارقىرىدى سۇچىڭ ھاشارچىنى ھەدەپ ئۇرۇۋاتقان بەشاڭغا، — خان ئامبال ئۆز پۇقرالىرىنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتكە قېلىشىغا يول قويمايدۇ! ۋاي شورۇم قۇرۇسۇن مېنىڭ، شۇرۇم قۇرۇسۇن! نېمىشقا ئۇرىسىلەر ئۇنى؟

بەشاڭ دەرھال ئۆزىنى يەرگە تاشلىدى. ئۇ يەردە يېتىپ تۇرۇپ شۇنداق تىترەپ كەتتىكى، قورققىنىدىن بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلالمىدى. سۇچىڭ ئۇنىڭغا مۇغەمبەرلىك بىلەن بىر ئالايدى — دە، كۈلۈۋەتتى:

— سەن نېمە، بۇ يەرگە تىترەش ئۈچۈن كەلدىڭمۇ؟ سۆزلە! — دېدى.

ئەمما بەشاڭ سۆز قىلالمىدى.

— مۇنۇنى يۆلەپ ئاپىرىپ ئاۋۇ تالنىڭ سايىسىگە ياتقۇزۇپ

---

① بەشاڭ - باش دورغا.

قويۇڭلار. ھالسىزلىنىپ كېتىپتۇ. شۇنىمۇ كۆرمىدىڭلارمۇ؟

— لەببەي! — دېيىشتى يايـلار. ئاندىن يەردە ياتقان مەتقاسىم ساقالنى يۆلەپ تۇرغۇزغاندىن كېيىن ھېلىقـى تال سۆگەتنىڭ ئاستىغا ئاپىرىپ، شۇ يەردە يېتىشقانلارنىڭ قاتارىغا ياتقۇزۇپ قويدى.

سۇچىلىك ھالسىزلىنىپ ياتقان بۇ ھاشارچىلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلارغا بىرمۇ - بىر سەپسېلىپ قاراپ چىقتى، ئاندىن بەشاڭغا:

— ئۇلارنىڭ ھەممىسـىـگە تاماق بېرىڭلار! — دېدى پەرۋاسىزلىق بىلەن ۋە:

— سىلەر بەك چارچاپ كېتىپسىلەر، — دېدى مەتقاسىم ساقالغا كۆيۈنگەن بولۇپ، — شۇڭا، سىلەر ئۆيۈڭلارغا قايتىپ كېتىپ دەم ئېلىڭلار. مەن سىلەرگە يايى قوشاي، ئۇلار سىلەرنى ئۆيۈڭلارغا يەتكۈزۈپ قويۇشسۇن، ئورنۇڭلارغا باشقا ئادەم كەلمىسىمۇ بولىدۇ.

— رەھمەت ئامبال دارىن، — دېدى مەتقاسىم ساقال ئورنىدىن تىرەجەپ تۇرۇپ، — ھىممەتلىرىگە كۆپ رەھمەت. بىز سەل دېمىمىزنى ئېلىۋالساقلا، تېزلا ئەسلىمىزگە كېلىۋالالايمىز. شۇڭا، بىزگە يايى قوشمەن دەپ بەك ئاۋارە بولمىسىلامۇ بولىدۇ. ئۆزىمىز كېتىۋېرىمىز!...

— تولا ۋالاقلىماي يولۇڭغا ماڭمامسەن ئەبگا؟! ئامبال دارىن كەت، دېگەندىكىن تېز يولۇڭغا ماڭ! — دەپ چالۋاقىدى ئابدۇللا بەگ قەھرىنى چېچىپ تۇرۇپ...

مەتقاسىم ساقال باشلىق بەش ھاشارچى كۇدە - كۆرپىسىنى يۇدۇشۇپ، بىر - بىرىنى يۆلىشىپ شەھەردىن چىقىشتى. سۇچىلىك ئامبالنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن بەش - ئوندەك يايىمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن مېڭىشتى.

مەتقاسىم ساقال باشلىق بەش ھاشارچى ۋە ئۇلارنى ئۇزىتىپ

كېتىۋاتقان ئون يايى كۆۋرۈكنىڭ بويىغا كەلگەندە گۈگۈم چۈشۈپ كەتتى. مەتقاسىم ساقال يايىلارغا:
— بەشاك دارىن، ھەرقايسىلىرى قايتىپ قېلىشسىلا، بىز ئەمدى ئۆزىمىزمۇ مېڭىپ كېتەلەيمىز، بىزنى ئۈزىتىمىز دەپ بەك ئاۋارە بولۇشۇپ كېتىشمىسىلە! — دېدى.
— كىم سەن گەدەنكەش چەنتۇلارنى ئۈزىتىپ چىقىپتۇ؟ بىلەمسەن، سۇچىلىك دارىننىڭ پەرمانىغا بىنائەن سەنلەرنى جەھەننەمگە ئۇزاتقىلى چىققان بىز! ھى، ھى!... — دەپ سوغۇق كۈلدى بەشاك.
بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىشارىتى بىلەن ھېلىقى ئون يايى بۇ بەش نىمجان ھاشارچىنىڭ ئۈستىگە خۇددى يىرتقۇچتەك تاشلىنىشتى — دە، قوللىرىدىكى كالتەك بىلەن ئۇلارنىڭ پاچاقلىرىغا ئۇرۇپ سۇندۇرۇۋەتقاندىن كېيىن، ئۇلارنى پۇتىدىن تۇتۇپ بىر يارلىقنىڭ لېۋىگە سۆرەپ ئېلىپ كېلىشتى.
ئۆزلىرىنى ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن بۇ بەش ھاشارچى:
— ئامبال دارىن بىزلەرگە: «ئۆيۈڭلارغا كېتىپ دەم ئېلىڭلار!» دەپ لەۋزە قىلغان! ئۇنىڭ لەۋزى كۈچتىن قالغانمىدۇ؟! — دەپ ۋارقىراشتى جان ئاچچىقىدا.
— سىلەر بەك ئاجىزلاپ كەتكەنسىلەر، شۇڭا ئۆيۈڭلارغا بارساڭلارمۇ سىلەرنى بەرىبىر ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. خان ئامبال قان تۆكمەسكە ۋەدە بەرگەن. شۇڭا، سىلەرنى بۇ گوداڭغا تىرىك كۆمۈۋېتىمىز! — دېدى بەشاك رەھىمسىزلىك بىلەن ۋە يايىلارغا: «بولىمامسىلەر، تېز!» دەپ ۋارقىرىدى.
يايىلار ماغدۇرىدىن ئاللىقاچان كېتىپ بولغان بۇ بەش نىمجان بىچارىلەرنىڭ كاللىسىغا كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئايلاندۇرۇپ قويۇشقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ لاكاسلاپ تۇرغان گەۋدىلىرىنى خۇددى ئۆلۈك ئىتنى تاشلىغاندەك گوداڭغا



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇلاقتۇرۇپ تاشلاشتى — دە، ئۇستىگە يارنى غۇلتىۋەتتى. بۇ نىمجان بىچارە هاشارچىلار هەتتا ئىڭراشقىمۇ ئۇلگۇرەلمەستىن يارنىڭ ئاستىدا مىجىلىپ جان بېرىشتى. . .

*　　　*　　　*

هاشارچىلارنىڭ ئىككى يىللىق قان - تەرى ۋە هايات - ماماتى بەدىلىگە توققۇز بۇلاق ئۇستىدە ئۇلىنىڭ كەڭلىكى سەككىز مېتىر، ئۇستىنىڭ كەڭلىكى تۆت مېتىر، ئېگىزلىكى ئون ئىككى مېتىر، ئايلانمىسى ئىككى مىڭ بەش يۈز مېتىر كېلىدىغان هەيۋەتلىك، مۇستەهكەم سېپىل قەد كۆتۈردى! بۇ سېپىل خان ئائىلىنىڭ خابگاهى، داتاڭ، ئەسكەرخانا، زىندان، ئىستراهەتخانا ۋە پۈتۈن جەنۇبتىكى سەككىز مۇسۇلمان شەهەرلىرىدىكى مانجۇ قوشۇنلىرىنى ئوق - دورا، قورال - ياراق بىلەن تەمىنلەيدىغان جەبخانە قاتارلىق مۇهىم ئىنشائاتلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. تاغنىڭ ئۇستىدە هەيۋەتلىك قوختا - پوتەي قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى! شۇڭا، بۇ سېپىل مۆلجەر تاغنىڭ نامى بىلەن «مۆلجەر تاغ قەلئەسى» دەپمۇ ئاتالدى!

*　　　*　　　*

هۆرمەتلىك كىتابخان، بىز ئەمدى مۆلجەر تاغ قەلئەسى هەققىدىكى سۆزىمىزنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ، باشتىكى سۆزىمىزگە قايتىپ كېلىمىز.

نىهايەت، سۇچېلىڭ جايتاغدىكى چەۋگان ۋەقەسىدە ئۇچتۇرپاننىڭ تۆتىنچى دەرىجىلىك شاغىبېگى رەهمىتۇللا بەگ بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسى ئەسمىتۇللا بەگلەرنىڭ هېچكىمنىڭ كۆزىگە چېلىقمىغانلىقىغا قاراپ، ئۇلاردىن شۇبهىلىنىپ قالغانىدى.

چۇنكى، ئېلىخان قەمبەر بەگ مال ـ مۈلكى كۆپ بولسىمۇ، ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرى رەھمىتۇللا بەگ بىلەن ئەسمىتۇللا بەگلەرنىڭ ياۋاشلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان مۆمىن پۇقرالاردىن بولۇشى ناتايىن ئىدى. ئۇنداق ئەمەس ئىدى، دېگەن تەقدىردىمۇ، ئۇلارنى چەنتۇلار يۇرتىدا خاقانى چىنىنىڭ ئەن ـ قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىپ يۈرگەن تۈرلۈك خۇپىي گۇرۇھلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قويۇق بولغان ۋە ياكى سىرلىق مۇناسىۋەتكە ئىگە كۈچلۈك شەخسلەر ئەمەس دېيىش مۇمكىنمۇ؟ ھەتتا ئۇلار مەلۇم خەۋپلىك قارا گېزەندىلەر گۇرۇھىنىڭ كاتتىۋاشلىرىدىن بولۇشلىرى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ ئادەتتىكى چاغلاردا پۇقرالارغا ئانچە ـ مۇنچە ئىلتىپات كۆرسىتىپ قويۇشىمۇ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ باشقا كارامەتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قوللىنىۋاتقان نەيرەڭۋازلىقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇلارنىڭ يەنە قولچوماقلىرى، شېرىكلىرى بولۇشى مۇمكىن. شۇڭا، ئېلىخاننى بەك بالدۇر قولغا ئالغاندا، بۇ — «ئالتۇن تۇخۇم تۇغىدىغان توخۇ»لارنى بەك بالدۇر بوغۇزلىغۇەتكەن بىلەن باراۋەردۇر. ئۇ چاغدا، ئۇنىڭ گۇرۇھىدىكى قالغان ھەمشېرىكلىرى ئاشكارىلانماي قالىدۇ! شۇڭا، يەنىمۇ كۆزىتىپ باقسا بولارمىكىن؟ بىراق، خاقانى چىن: «چەنتۇلار ئارىسىدا ئىسيان شەپىسى سېزىلگەن ھامان، ‹ياقسام پىشارمىكىن، كۆمسەم پىشارمىكىن› دەپ دىلىغۇل بولۇپ ئولتۇرماي، ئاپەتنىڭ يىلتىزىنى بىخ ھالىتىدىلا يۇلۇپ تاشلاش كېرەك! بۇنىڭدا ئاۋۋال كاللىسىنى ئېلىپ، ئاندىن مەلۇم قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا تامامەن بولىدۇ!» دەپ، ئادەم ئۆلتۈرۈش چوڭ ھوقۇقىنى ھەرقايسى جايلاردىكى خان ئامباللارغا بەرگەن...

ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاۋېتىپ، ئۇستەل ئۈستىدە تۇرغان گۆشسا پەرمانغا كۆزى چۈشتى ـ دە، دەرھال ئېلىخان قەمبەر بەگ ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنى يوقىتىدىغان بىر زەھەرلىك پىلان ئۇنىڭ

كاللىسىدا تەييارلىنىشقا باشلىدى: «شاغىبەگ رەھمىتۇللانى مۇشۇ جىگدىلەر بىلەن بىللە ئاستانە — بېيجىڭغا — بارسا كەلمەس يولغا سېلىش لازىم. بەلكى، ئۇنىڭ قولىغا ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنىمۇ يېزىپ تۇتقۇزۇپ قويۇش كېرەك! ئۇ — خانلىق باغقا كۆچۈرۈلىدىغان شاھانە جىگدىلەرنى بېيجىڭغا ئېلىپ بارغاندا ئۆزىنىڭ ئۆلۈم خېتىنىمۇ بىللە ئېلىپ بارسۇن. خان ئالىيلىرى مەن يېزىپ بەرگەن خەتنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ گەدەنكەش ئىسيانچى ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تاپىدۇ - دە، ئۇنى ئاشۇ يەردىلا كاللىسىنى ئېلىشقا بۇيرۇيدۇ! جىگدىلەرنى ئېلىپ ئۇچتۇرپان ھۇدۇتلۇقىدىن چىقىپ كېتىشى بىلەن تەڭ، مەنمۇ بۇ يەردە ئېلىخان قەمبەر بەگكە قول سالىمەن — دە، بۇ قارا گۇرۇھنى پاك - پاكىزە تازىلاپ، جەنۇبنىڭ تىنچ - ئاسايىشلىقىغا ھەسسە قوشىمەن. خان مېنىڭ مانجۇ سەلتەنىتىگە سادىق ئىكەنلىكىمنى ئاڭلىسا، مېنى قەشقەرنىڭ مەسلىھەتچى ئامباللىقىغا ۋە بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ بىر دەرىجە يۇقىرى بولغان ئىلى جاڭجۇنلۇقىغا تەيىنلەپ پەرمان چۈشۈرسە ئەجەب ئەمەس!»

ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاۋاتقاندا، ئۇنىڭ چىرايىنى زەھەرلىك تەبەسسۇم قاپلاپ، پۈتۈن ئۇزايىدا قورقۇنچلۇق بىر ھالەت زاھىر بولدى. ئەمما، ئۇ ئىشىكتىن كىرىۋاتقان ئېلىخان قەمبەر بەگنى كۆرۈپ، دەرھال ئەسلىگە كەلدى - دە، كۈلۈمسىرىگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا تېز بېرىپ قولتۇقىدىن يۆلىدى ۋە:

— ۋاي لوبىگىم، ئوبدان تۇردىلامۇ؟ مۇبارەك تەنلىرى تازىمۇ؟ قېنى يۇقىرى ئۆتسىلە، يۇقىرى ئۆتسىلە، ھاي، قايسىڭ بار، مېھمانغا چاي كەلتۈرۈڭلار! — دەپ مۇبارەكبادلىق قىلغان بولدى.

ئېلىخان قەمبەر بەگ ئۇنىڭغا چىرايىنىمۇ ئاچماستىن تۆردىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردى ۋە:

— دارىن، مېنى نېمە ۋەجىدىن تۇتتۇڭلار؟ — دەپ سورىدى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

سۇچىنىڭدىن.

— يوغۇسۇ، يوغۇسۇ، نەدىمۇ ئۇنداق بىھۆرمەتلىك ئىش بولسۇن؟ — دېدى سۇچىلىك مۇغەمبەرلىك قىلىپ، — ئەسلىدە مەن يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا ئائىت بەزى قىيىن مەسىلە ـ مەسائىللەردە سىلى لوبەگ دارىبىدىن كۆرسەتمە ئالايمىكىن دەپ خابگاھىمغا چىللاتقۇزغانمەن. كىم بىلسۇن، ئابدۇللا بەگ مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ قاملاشتۇرالماپتۇ. مەن تېخى باياتىنلا ئۇنىڭغا كايىپ ئولتۇرغانىدىم.

— چىللاتقۇزغان بولسىلا، مېنى چىرايلىق تەكلىپ بىلەن ئەپكەلمەي تۇتقۇزۇپ كەلگەنلىرى نېمىسى؟ — دېدى ئىلىخان قەمبەر بەگ ئۇنىڭ دېگەنلىرىگە ئانچە قايىل بولماي.

— ھەددىمۇ مېنىڭ سىلىنى قولغا ئالدىغانغا؟! ھەرنە ھۆرمەتسىزلىك بولغان بولسا مەن ناماقۇل، مەن ناماقۇل، — دەپ ئۆزرە ـ خاھالىق بىلدۈردى سۇچىلىك كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سىلى بۇنداق دەپ تۇرۇۋالغاندىكىن، مەن يەنە نېمە دەي؟ — دېدى ئىلىخان قەمبەر بەگ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ، — سۇ دارىبىن، مېنى ھۇزۇرلىرىغا نېمە ۋەجىدىن چىللاتقۇزغانتىلە؟

— باشقا ئىش ئەمەس ئىدى، — دېدى سۇچىلىك ئامبال بەگنىڭ ئاچچىقى بېسىلغانلىقىنى كۆرۈپ، — مانا خاقانى چىندىن گۇڭسا پەرمان كەلدى. خاننىڭ ئاستانىدىكى شاھانە باغچىسىغا قويۇش ئۈچۈن يىگىرمە تۆت تۇپ جىگدە دەرىخى لازىم ئىكەن. بۇ دەرەخلەرنى تۇپى بىلەن تۇڭغا ئولتۇرغۇزۇپ تۇتقۇزغاندىن كېيىن كېلەر يىلى ئەتىيازدا ئاستانە ـ بېيجىڭغا يەتكۈزۈپ بېرىش لازىم ئىمىش. مەن ئويلىدىمكى، بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى شاغىبەگ رەھمىتۇللا دارىبىنىڭ بېجىرىشىگە تاپشۇرساق، ئۇ ئاستانىگە يەتكۈزۈلىدىغان بۇ يىگىرمە تۆت تۇپ شاھانە جىگدىنى ئۆزى كۆچەت قىلىپ بېيجىڭغا يەتكۈزۈپ، ئۇلۇغ خاندىن

ئىلتىپات كۆرۈپ يانسا.

— مەن بۇنىڭغا نېمە دېيەلىشىم مۇمكىن؟ — دېدى ئېلىخان قەمبەر بەگ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، — خانىنىڭ پەرمانىنى تۇتماقلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ۋاجىپتۇر. چۈنكى، «پادىشاھلار ئاللانىڭ زېمىندىكى سايىسىدۇر!» پادىشاھلارنىڭ خىزمىتىگە بەلگىلەنگەن ئادەم خۇددى ئۆتمەس پىچاق بىلەن بوغۇزلىنىۋاتقان ھايۋان تارتىۋاتقان ئازابنى تارتىدۇ! مەنمۇ بۇ چاغقىچە پۇقرالارغا ھامىي بولۇپ كەلگەنىدىم. ئەمدى بۇ ئىشنى تەرك ئەتتىم. سىلەر بىردەم «دېيەك ـ ماتا»، بىردەم «ئۆستۈرمە زاكات» بىردەم «جان پۇتۇكى»، بىردەم «چوقا پۇتۇكى»، بىردەم «خان پۇلى»، بىردەم «پۇقرالىق پۇلى»، بىردەم «چېرىك پۇلى»، بىردەم «مىرابلىق»، بىردەم «پالە»، بىردەم «تاپان ھەققى»، بىردەم «چاي پۇلى»، ... ۋاي ـ ۋۇي، ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئالۋان ـ ياساقلارنى بېرىسەن، بېرىسەن! دەپلا پۇقرانىڭ ھەلقۇمىدىن بوغۇۋاتىسىلەر! قاراپ باقسام، سىلەرنىڭ بۇ دىياردا ئالىدىغان تۇرلۇك زاكات ـ باجلىرىڭلار ئاتمىش تۆت خىلغا يېتىپتۇ! جۇڭغارلار ھۆكۈم سۈرگەن چاغلاردىمۇ بۇنچىلىك كۆپ دېيەك ـ ماتا ئالمىغانىدى! بىچارە پۇقرالار سېپىل ھاشىرىنى تېخى ئەمدى تۈگىتىپ ئۇھ دە ـ دېمەستىنلا، جېگدە ئالۋىڭىغا تۇتۇلغان بولسا، بۇنىڭغا يەنە نېمە دېگۈلۈك؟ ئۇنىڭدىن كۆرە، پۇقرالارنى ئۆي ـ ماكانلىرىدىن بىر يولىلا قوغلاپ چىقىرىپ، گاڭسا ـ جىسا قىلىپ قويساڭلار، ئۆزۈڭلارمۇ، پۇقرالارمۇ بىراقلا ئارام تاپقان بولمايتتىمۇ؟!

— بۇنداق قىلساق قانداق بولۇر، ھۆرمەتلىك لوبەگ دارىن، — دېدى سۇچىڭ قىلچىمۇ ئويالماستىن، — بىزگە مەئىشەت ـ خىراجەت، مائاش ـ كۆلياڭ بېرىدىغان پۇقرا بولمىسا قانداق بولىدۇ؟ خاقانى چىننىڭ خىزمەتلىرىنى قانداق جابىجا كەلتۈرگەيمىز؟

— شۇنداق، سىزلەرنىڭ ۋە بىزلەرنىڭ مەئىشەت — خىراجەت، مائاش - كۈلياڭلىرىمىز پۇقرالارنىڭ زىرائەت ۋە كەسىپ - تىجارەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن ھاسىل بولاتتى. ئەلھال، ئۇلار ئىككى يىل ئۇدا سىپىل ھاشىرىغا ئىشلەپ قەددى پۈكۈلدى، ماغدۇرىدىن كەتتى. ئەمدى ئۇلار سىزلەرگە بېرىدىغان دېيەك - ماتا، زاكات - باجنى بېرەلمىسە، سىلەر خەلقتىن يىغىۋالغان نەرسىلەرنى يەپ تۈگەتكەندىن كېيىن قانداق قىلىسىزلەر؟

— ھا، ھا! . . . - دەپ سەت كۈلدى سۇچىلىڭ ھاياسىزلىق بىلەن، — بۇنى تېخى ئويلاشمىدۇق. لوبەگ دارىن، بۇگۈنچە سۆھبىتىمىز مۇشۇ يەرگىچىلىك بولۇپ تۇرسۇن. جىڭدە ئالۋڭنى ھەققىدىكى خاندىن كەلگەن پەرمانىنى رەھمىتۇللا بەگكە مەن ئۆزۈم يەتكۈزىمەن! ھاي، قايسىڭ بار؟ لوبەگ دارىننى ئۇزىتىپ قويۇڭلار! . . .

— تۇزۇت قىلمىغايلا، ئامبال دارىن، — دېدى ئىبلىخان قەمبەر بەگ سۇچىڭنىڭ خابگاھىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، — ئۆزۈم كېتىۋېرىمەن، ئۇزىتىش بىھاجەت، بىھاجەت! . . .

* * *

جىگدىلىك① ئاقتوقاي تۆپىلىكىنىڭ باغرىغا جايلاشقان پىنھان بىر قورۇق ئىدى. قورۇقنىڭ سوقما تېمىنىڭ ئەتراپىدىكى نەچچە يۈز تۈپ ئۆرۈك خۇددى تاڭ شەپىقىدەك ئاپئاق چېچەكلەپ ئېچىلىپ كەتكەنىدى. قورۇق ئىچىدە بىرمۇنچە ئۆيلەر بار ئىدى. ئازادە سەينا ئىچىدە سۆگەت پوتلىلىرى مەيىن شامالدا لەرزان ئۈچۈشۈپ يۈرۈشەتتى. ھويلىدىكى سۆگەت ۋە قاپاق تېرەكنىڭ

① جىگدىلىك - ئۈچتۇرپان ناھىيىسىنىڭ ئاقتوقاي يېزىسىدىكى بىر كەنتنىڭ نامى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

شاخلىرىغا قونۇشۇۋالغان ئەنجان پاختەكلىرى گۇگۇلدىشىپ سايراشماقتا ئىدى. زېمىنغا باھار ئاستا يېتىپ كەلدى. ئىللىق باھار شامىلىدا تىترىگەن يالىڭاچ دەرەخلەر دەسلەپتە پوتلا چىقىرىشتى. ئېرىق ياقىسىدىكى خازاڭ بولغان دەرەخ يوپۇرماقلىرى چىرىمەكتە ئىدى. سېرىق ئېچىلغان مامكاپلار نەم، ئەمما چىرىگەن دەرەخ يوپۇرماقلىرى ئاستىدىن باشلىرىنى چىقىرىشىپ مارىشىپ تۇرۇشاتتى. پۇتكۇل دالىدا، قورۇقتا، نەملەشكەن ئېتىزلاردا، ھەممە يەردە نەم ۋە ئاچچىق پۇراق دىماغقا ئۇرۇلاتتى. قوڭۇر پاتقاق تۇپىلار ئىچىدىن ئۆسۈپ چىققان سان ـ ساناقسىز يۇمران كۆك مايسىلار قۇياش ئىللىتقان دالىدا پارقىراپ تۇراتتى.

جىگدىلىكتە بىر توپ كىشىلەر ياش جىگدىلەرنى يىلتىزىدىن توپىسى بىلەن بىللە قومۇرۇۋاتاتتى. يەنە بىر توپ كىشىلەر قومۇرۇلغان جىگدىلەرنى سىلىق ياسالغان ياغاچ تۇڭلارغا ئاۋايلاپ ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇستىدىن سۇ قۇيۇشۇۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا قوللىرىغا قامچا تۇتۇشقان دورغا ـ يايىلار كىشىلەرنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتىنىڭ سەل سۇسلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرسىلا قوللىرىدىكى قامچىسى بىلەن ئۇلارنى رەھىمسىزلەرچە ئۇرۇپ، تېز ـ تېز ئىشلەشكە مەجبۇرلايتتى.

جىگدە ئالۋىڭى ئۈچۈن يۈزلىگەن دېھقانلار ھەيدەپ كېلىنگەنىدى. ئۇلار ئۆتكەنكى سېپىل ھاشىرىغا ئىشلەيمىز، دەپ ھوسۇل يىغىۋالالمىغانلىقتىن، بالا ـ چاقىلىرى ئاچ ـ يالىڭاچ قېلىپ، كوچىلاردا سەرسان بولدى. قەلەندەرچىلىك قىلىشقا، ھەتتا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇشتى. بۇنى ئاز دەپ ئەمدى ئۇلارنىڭ بېشىغا جىگدە ئالۋىڭى چۈشكەنىدى. . .

* * *

ئابدۇللا بەگ بۈگۈن ئۆزىنىڭ شېرىپ دورغا، ساۋۇت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاقساقال ۋە داۋۇت مىرزا دېگەن دوزاخ يۇتقۇر دورغىلىرىنى سېلىق يىغىپ، ئالۋان سوْيلەش ئۈچۈن يۇرت - يۇرتلارغا ئەۋەتمەكچى بولۇپ ئالدىغا چاقىرتتى.

— ئامبال دارىن ئېيتتى، جىگدە ئالۋىڭىنى تېز تۈگىتىشىمىز لازىم ئىكەن، — دېدى ئابدۇللا بەگ ئۇلارغا خىزمەت تاپشۇرۇۋېتىپ، — شۇنىڭ بىلەن خان چېرىكلىرىنىڭ خىراجەتلىرىگە سەرپ قىلىنىدىغان دېيەك - ماتا، زاكات - باجلارنىمۇ يىغىۋېلىش كېرەك. مۇشۇ كۈن، مۇشۇ ئايلاردا سېپىل سوقىمىز، شەھەر سالىمىز، دەپ خەزىنە قۇرۇپ قالدى. شۇڭا، چېرىكلەر داقا - دۇمباقلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، يامۇلنىڭ ئالدىغا دەۋرەپ كېلىشىۋېلىپ: «بىزنىڭ بەنسى كۆلەنلىرىمىزنى بەرسە بەرسۇن، بولمىسا يۇرتلىرىمىزغا قايتىپ كېتىمىز ياكى مەنسەپدارلارنىڭ ئۆي - تەئەللۇقاتلىرىنى بۇلاپ - تالاپ ئالىمىز!» دەپ غەلۋە قىلىپ، ھېچ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ. بىزلەر ئامالسىزلىقتىن: «ھەرقانداق ئادەم چېرىكلەرگە كۆمۈش جىنلە[1] قىلسا ئۇنىڭغا مەنسەپ بېرىمىز» دەپ كوچا - كويلاردا ئېلان چاپلاپ، جاكارچى چىقىرىپ جاكارلاتقان بولساقمۇ، پەقەت سىزلەر باشلىق بىرنەچچە ئادەملەردىن باشقا ھېچكىممۇ بۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇشمىدى. بىز ئاقچىغا تولىمۇ موھتاج بولۇپ تۇرۇۋېتىمىز. ئىلاج بولسا، بۈگۈندىن باشلاپ بەزى سېلىقلارنى يىغىشقا كىرىشسەڭلار!

— بېگىم، سېلىقلارنى ئاۋۋالقى بېكىتىلگىنى بويىچە يىغامدۇق؟ — دەپ سورىدى شىرىپ دورغا ئۇنىڭ گېپىنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمەي.

ئابدۇللا بەگ خاقانى چىنىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىدە يولغا قويغان يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىنىڭ تۈرلۈك شەكىللىرىنى،

---

[1] بۇ يەردە «بەرسە» دېگەن مەنىدە.

بۇلارنىڭ سېلىق ـ ھاشارلار بىلەن بولغان ئۆز مۇناسىۋەتلىرىنى ھەمدە ئادەتتىكى چاغلاردا پۇقرالاردىن يىغىلىدىغان دېيەك ـ ماتا، زاكات ـ باج قاتارلىق ئاتمىش تۆت خىل سېلىق ھەققىدە تولۇق سۆزلەپ چۈشەندۈرگەندىن كېيىن:

— كېچە بىز خان ئامبال سۇچېڭ دارىن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ھازىرقى پەسىل يەرگە قوش سالىدىغان پەسىل بولغانلىقتىن، ئۇچتۇرپان خەلقىدىن يەنە «قوش سېلىقى» نىمۇ كۆپەيتىپ يىغىۋېلىش پەيتى بولدى، دەپ قارىدۇق. شۇڭا، سىلەر يۇرتلارغا زاكاتچى دورغىلارنى ئەۋەتىپ، ھازىردىن باشلاپ بۇ سېلىقلارنى يىغىشقا تۇتۇش قىلمىقىڭلار زۆرۈردۇر. بولمىسا، قالغان ئاتمىش تۆت خىل سېلىقنى يىل توشقىچە يىغىۋالغىلى بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.

— چۈشەندۇق، سىلىنىڭ دېگەنلىرىدەك بولىدۇ! ئەمدى ماڭساق بولامدۇ؟ — دېدى شېرىپ دورغا ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

— بولىدۇ، بىراق، سىلەر سېلىق يىغىشنى نەدىن باشلىماقچى؟ — دەپ سورىدى ئابدۇللا بەگ ئۇنىڭدىن.

— بۇ ئىشنى كۈنچىقىشتىكى يۇرت ـ ئايماقلاردىن باشلايلىمىكىن دەيمىنا!

— مەيلى بولمىسا، ئۇچتۇرپانلىقلار سايدىكى تۈلكىنى يۈگدىۋالىدىغان كاززاپ خەق. سېلىقنى شۇ تەرەپتىن باشلاپ يىغقىنىڭلار ياخشى بولۇپتۇ. شۇنداق بولغاندا، ئۇچتۇرپانلىقلار قول ئىلىكىدىكى ۋەج ـ بىساتلىرىنى ئاقسۇ تەرەپكە يۆتكەپ كېتەلمەيدۇ، — دېدى ھاكىمبەگ ئابدۇللا دورغىلارنى ئۇزىتىپ چىققاچ.

دورغىلار ئۇچتۇرپان ھاكىمبېگىنىڭ يامۇلىدىن چىقىپ توقۇپ تەييار قىلىپ قويۇلغان ئاتلىرىغا مىنىشتى — دە، ئاقسۇ چوڭ يولىغا چۈشۈپ، ئاتلىرىنى يورغىلاتقىنىچە كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ يۈرۈپ كېتىشتى...

* * *

ئاقيار ئېرىقىنىڭ قايرىلىدىغان يېرىدە يوغان بىر توپ قارا ئۆجمە ئەتراپقا قاپقارا سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئۆجمە سايىسىنىڭ بىر چېتىدە لايسۇۋاق پاكار بىر ۋەيرانە ئۆي بار ئىدى. شارقىراپ ئېقىۋاتقان ئېرىق ياقىسىدا بىر موماي ئالدىغا چاقىنى قويۇۋېلىپ يىپ ئىگىرىپ ئولتۇراتتى. چىڭقى چۈشنىڭ ئىسسىقىدا ھېرىپ - ئېچىپ ھالى قالمىغان شېرىپ دورغا ئۆجمە سايىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئاتتىن چۈشتى — دە، تەرلەپ قارا تەرگە چۆمۈلۈپ كۆپۈك باسقان ئاتنى ئۆجمىگە باغلاپ قويغاندىن كېيىن ھېلىقى قارا ئۆجمە سايىسىدە يىپ ئىگىرىپ ئولتۇرغان مومايىنىڭ يېنىغا كەلدى.

— تىنچ تۇردىلامۇ چوڭ ئانا! — دەپ سالام قىلدى ئۇ. ئەمما، مومايىنىڭ قولىقى ئېغىر بولغاچقا، شېرىپ دورغىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي ئالدىدىكى چاقىغا قاراپ ئولتۇرۇۋەردى.

شېرىپ دورغا قولىدىكى ئات قامچىسى بىلەن مومايىنىڭ بىر خىل ئاۋاز بىلەن زارلىنىپ ئايلىنىۋاتقان چاقىنى بېسىپ ئايلانغىلى قويمىدى، موماي جاپا - مۇشەققەتتە قورۇلۇپ، يىكتەك بولۇپ قالغان ئورۇق گەۋدىسى بىلەن بىردىنلا ئارقىسىغا قاراپ نۇرى قاچقان خىرە كۆزلىرى بىلەن ئۇنى كۆردى ۋە:

— ھارماي - ئاچماي كەلدىڭمۇ بەگ بالام؟ ساڭا نېمە كېرەك؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن، موماي بەك قېرىپ كەتكەن بولغاچقىمۇ ئۇنى تىترەپ چىقىۋاتاتتى.

— ھەي موماي، مۇزدەك قىتىق بولسا دۈغ قىلىپ بىر قاچا ئەپچىق! بوله تېز! بەگ خوجاڭ بەك چاڭقاپ كەتتى! — دەپ توڭ تەگدى شېرىپ دورغا ئۇنىڭغا.

موماي دورغىنىڭ ئەلپازىدىن چۆچۈدى — يۇ، ئەمما

ئورنىدىن قىمىرلىمىدى ۋە:

— هاي، گۈلھەسەل، قېنى سەن قارغىش تەگكۈر، بولە، تېز، بەگ ئاكاڭغا بىر قاچا دوغاپ ئەپچىق! — دەپ ۋارقىرىدى.

بۇ چاغدا پاكار هويلا تېمىنىڭ ئارقىسىدىن بىر قىزنىڭ:

— ماقۇل ئانا، مانا هازىرلا ئەپچىقىمەن! — دېگەن قوڭغۇراقتەك ئاۋازى ئاڭلاندى. ئانچە هايال بولمايلا، هويلا ئىچىدىن ئون ئالتە - ئون يەتتە ياشلاردا بىر قىز يۈگۈرۈپ چىقتى — يۇ، ئەمما بۇ ناتونۇش ئادەمنى كۆرۈپ ئۆيالغىنىدىن ئۆيگە قايتىپ كىرىپ كەتمەكچى بولۇپ كەينىگە بۇرالدى.

— هاي چىرايلىق قىز، تارتىنماڭ، مەن سىزنىڭ بەگ ئاكىڭىز بولىمەن، — دېدى شېرىپ دورغا هاياسىزلارچە خىرقىراپ كۈلۈپ تۇرۇپ، — بەگ ئاكىڭىزغا ئۆز قولىڭىز بىلەن بىر قاچا مۇزدەك دوغاپ ئەپچىقىپ بەرگۈڭىز يوقمۇ؟ سىزدەك ئاپئاق قىزنىڭ قولىدىن بىر قاچا مۇزدەك دوغاپ ئىچىدىغان بولسام، يۈرەكلىرىم ياشىرىپ كەتكەن بولاتتى، خىخ، خىخ! . . .

گۈلھەسەل ھەقىقەتەنمۇ زىلۋا بويلۇق، خۇشپىچىم، ئاپئاق يۈزلۈك، قەلەم قاشلىق، خۇمار كۆزلۈك گۈزەل بىر قىز ئىدى.

«ھەسسىنات، كېيىكنىڭ ئۆزىغۇ بۇ، — دەپ ئويلىدى شېرىپ دورغا قىزغا يەۋەتكۈدەك قاراپ، — مۇشۇنداق گۈزەللەر بىلەن ئۆمۈر بويى مەشغۇل بولساڭ، ئۆمرۈڭنى بىكارغا ئۆتكۈزمىگەن بولىسەن — دە! . . .»

ئۇ قىزنىڭ قولىدىن دوغاپ قۇيۇلغان قاچىنى ئالدى — دە، دوغاپنى تېزلا ئىچىپ، قاچىنى بىكارلاپ قىزغا قايتۇرۇپ بەردى ۋە:

— ئاپئاق قىز، ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە قانداق بارغىلى بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

— تالاغا چىقىپ باقمىغان تۇرسا ئۇ بىلەمدۇ؟ — دېدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

موماي ۋە:

— مۇشۇ ئېرىقنى بويلاپ يۇقىرىقى تەرەپكە قاراپ ماڭسىڭىز ئاقساقالنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارالايسىز بەگ يىگىت!

— خوش ئەمىسە، چوڭ ئانا، مەن يەنە كېلىمەن! — دېدى شېرىپ دورغا گۈلهەسەلگە يېقۇەتكۇدەك بىر تىكىلىپ قاراپ قويغاندىن كېيىن.

گۈلهەسەل ئىچىدە: «ئىلاهىم، كەلمەي بويىنۇڭ قاتلىنىشىپ ئۆلەرسەن!» دەپ قارغىدى ئۇنى.

— ئىلاھىم، يامانىنىڭ كۆزىدىن، ئاچىنىڭ ئوتىدىن ساقلىغايسەن! — دەپ موماي ياغاچتەك ئورۇق قوللىرىنى دۇئاغا ئېگىز كۆتۈردى...

* * *

سۇچىڭ ئابدۇللا بەگنىڭ ئۆيىگە گۈلهەسەل ئىسىملىك بىر ساھىبجامال چەنتۇ قىزنىڭ كەلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدى. شۇڭا، ئوغلى سۇ شوپىنى ئابدۇللا بەگنىڭ قېشىغا بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلىشقا ئەۋەتتى.

ئابدۇللا نائىلاج سۇ شوپىنى گۈلهەسەل تۇرۇۋاتقان پىنهان بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى.

— بۇ قىز ئەسلىدە خاننىڭ ھەرىمىنى بېزەيدىغان پەرىلەر گۈلخانىسىنىڭ گۈزەل گۈلى ئىكەندۇق، — دېدى سۇ شويە گۈلهەسەلگە يەۋەتكۇدەك تىكىلىپ تۇرۇپ، — ئادەم بۇنداق چىرايلىقلار بىلەن سۆھبەت قۇرىدىغان بولسا، بۇ دۇنيادىن ئارزۇ - ئارمانسىز كېتىدۇ — دە! بىراق، ۋاقىتسىز خازان قىلىپسىز بۇ قىزنىڭ باھارىنى!

— ياق، ياق! سۇ شويە، تېخى قولىنىڭ ئۇچىنىمۇ تۇتۇپ باقمىدۇق، — دېدى ئابدۇللا خوجا خۇشامەت قىلىپ

تۇرۇپ، — ئۆزىمۇ تامچە ئۆتمىگەن ئۆگزە، قوزۇق قاقمىغان تامدەك باكىر قىزدۇر بۇ! مۇبادا، ئامبال دارىننىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان بولسا، مەن ئۇنىڭ مەرىدىن كېچەي، سىز ئۇنى سۇ دارىنغا ئالغاچ كېتىڭ.

— قېنى ئويلاپ كۆرەيلۇك، سوۋغات بەرمەكمۇ، سوۋغات قوبۇل قىلماقمۇ كىشىنى چەكسىز ساۋاپقا ئىگە قىلىدۇ! بىراق، بۇ ئىشنى ھازىرچە دارىن ئاتامدىن سىر ساقلىمىقىمىز لازىمدۇر. بىز ئالدى بىلەن تېتىپ كۆرەيلى ـ دە. بولمىسا، دارىن ئاتام دېگەن قېرى قاقباش بۇنداق شېرىن لوقمىغا تەنھا ئۆزىلا ئىگە بولۇۋېلىپ، بىزنى ھەرگىزمۇ يېقىن يولاتمايدۇ! شۇڭا، مەن بۇگۈن كەچتە بۇ گۈزەل چەنتۇ قىزنى ئېلىپ كەتكىلى كېلەي!

— ۋاي شۇنداق بولمامدىغان، كەمىنىلىرىنىڭ شويەگە قىلغان ئەرزىمەس كىچىككىنە بىر سوۋغىتىدۇر بۇ، — دېدى ئابدۇللا بەگ كۇچۇكلىنىپ تۇرۇپ.

— مەن سىزنىڭ بۇ تۆھپىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسمەن. ئامبال ئاتامنىڭ ئالدىدا سىزنىڭ ياخشى گېپىڭىزنى قىلىمەن! — دېدى سۇ شويە ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

— يوغۇسۇ، يوغۇسۇ، بۇ قانچىلىك تۆھپە بولغاي؟ چەنتۇلار يۇرتىدا تۆت پۇتلۇق ياككاتاخ① تېپىلمىغىنى بىلەن، ئىككى پۇتلۇق چەنتۇ قىزلىرى دېگەن تۆكمە بولۇپ كەتكەن! شويە، مۇبادا ئىچلىرى پۇشسا، مېنىڭكىگە كېلىۋەرسىلە، تىرناقتا توختىغۇدەك ساھىبجامال چەنتۇ قىزلىرىنى تېپىپ ئەپكېلىپ بېرىمەن! ھى، ھى!...

ئابدۇللا بەگ سۇ شويىگە ئارقا ـ ئارقىدىن خۇشامەت قىلىپ ئۈلگۈرەلمىگەنلىكتىن كاماك ئېغىزىنى يۇمالماي قالغانىدى...

---

① ياككاتاخ ـ سەلتەنەت سىمۋولى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇنىڭ مۈڭگۈزى بۇغىغا، شەكلى ئەجدىھاغا، قۇيرۇقى بېلىقنىڭكىگە ئوخشايمىش.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

*　　　　*　　　　*

خاقانى چىن ئامۇرسەنا يېغىلىقى بىلەن خوجا جاھان ـ خوجا بۇرھاندىن يېغىلىقىنى باستۇرۇش يۈزىسىدىن ئۇدا بەش يىل ئېلىپ بارغان مىلىتارىستلار ئۇرۇشى كەڭ ئۇيغۇر مېھنەتكەشلىرىنىڭ بېشىغا ئىنتايىن ئېغىر كۈلپەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. بولۇپمۇ بۇ ئۇرۇشنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسىدە ئۇچتۇرپان خەلقى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ ئۇيغۇرلارغا قارىغاندا تېخىمۇ ئېغىر مىللىي زۇلۇم ۋە ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيىگە دۇچ كەلدى. ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، مانجۇ مەمۇرلىرى بىلەن ئۇيغۇر بەگلىرى كەيپ ـ ساپاغا بېرىلدى. ھەشەمەتلىك تۇرمۇش ئۆتكۈزۈپ، ئىنتايىن چىرىكلەشتى. پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك ئەۋج ئېلىپ كەتتى. مەسىلەن، قۇمۇل ۋاڭى يۈسۈپ خوجىنىڭ ئىنىسى ئابدۇللا بەگ مىلادى 1760 ـ يىلى ئۇچتۇرپانغا ھاكىمبەگ بولغاندىن كېيىن خەلقنى ئىنتايىن دەھشەتلىك ئەزدى. ئۇنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ۋە ئۇچتۇرپاننىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرغان غالچىلىرىنىڭ پۇقرالارغا سالغان زۇلۇمى تېخىمۇ دەھشەتلىك بولدى. ئۇلار مانجۇلار بىلەن بىرلىشىۋېلىپ، «ئامبالغا بېرىمىز!» دەپ ئالۋان ـ ياساقنى خالىغىنىچە كۆپەيتىشتى. شۇ چاغلاردا ھەر دەرىجىلىك مەمۇرلارغا ھۆكۈمەتتىن يىللىق مائاش ـ كۆلىياڭ راسخوتى بېكىتىپ بېرىلگەن بولسىمۇ، يەرلىك بەگلەر ھۆكۈمەتتىن تولۇق مائاش ـ كۆلىياڭ ئالمىغانلىقتىن، ئۆزلىرىنىڭ ئىش ھەققىنىڭ كەم قىسمىنى پۇقرالارغا ئالۋان سېلىش ئارقىلىق يىغىۋالاتتى. مەسىلەن، ئۈچىنچى دەرىجىلىك بەگ بولغان ھاكىمبەگ ئابدۇللانىڭ يىللىق مائاشى بەش يۈز سەر ئاق كۈمۈش ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ئۇنىڭ يەنە بىر يۈز ئەللىك

پاتمانلىق[1] تېرىلغۇ يېرى، سەكسەن تۇتۇن قوشى تامغىلىق ئورتاقچىسى بار ئىدى؛ ئالتىنچى دەرىجىلىك بەگلەرنىڭ يىللىق ئىش ھەققى بەش مىڭ يارماق بولغاندىن سىرت، يەنە ئوتتۇز پاتمانلىق يېرى، تۆت تۇتۇن قوشى تامغىلىق ئورتاقچىسى بار ئىدى.

بەگلەر ۋە بەگلەرنىڭ ئۇرۇق ـ جەمەتلىرى، يېقىن ـ يورۇقلىرى ھېچقاچان ئالۋان ـ ياساق تۆلىمەيتتى. ئۇلارنىڭ تۆلەشكە تېگىشلىك ئالۋان ـ ياساقلىرى باشقا پۇقرالارنىڭ بېشىغا چېچىلاتتى.

شۇ چاغلاردا ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ مانجۇ مەمۇرلىرىغا تۆلەيدىغان يىللىق دېيەك ـ ماتا، زاكات ـ بېجى ئەسلىدىكى بەش خىلدىن كۆپىيىۋېرىپ، مىلادى 1765 ـ يىلىغا كەلگەندە ئاتمىش بەش خىلغا يەتتى. ئەسلىدىكىدىن ئون ئىككى ھەسسە ئېشىپ كەتتى!

بۇ ئاتمىش بەش خىل زاكات ـ باج: «جان پۇتۇكى»، «چوققا پۇتۇكى»، «خان پۇلى»، «پۇقرالىق پۇلى»، «ئوتۇن پۇلى»، «سامان پۇلى»، «ئۆتەڭ پۇلى»، «يول پۇلى»، «جام ـ رابات پۇلى»، «چېرىك پۇلى»، «مىراپ پۇلى»، «يەر پۇلى»، «دېيەك ـ پاراق»، «خام بېجى»، «قان بېجى»، «تۇياق بېجى»، «قوتان پۇلى»، «پالە»، «تاپان ھەققى»، «چاي پۇلى»، «چىراغ ھەققى»، «كۆك بېجى»، «كەپسەن»، «قۇشقاچ ھەققى»، «ساڭ پۇلى»، «قوۋۇق ھەققى»، «قوش سېلىقى»، «بوغۇز ھەققى»، «خوراش ھەققى»... ۋەھاكازالارنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى[2].

سۇچىڭ ئۇچتۇرپاندا ئامبال بولۇپ تۇرغان بەش يىل

---

① بىر پاتمان ئۇچتۇرپان چارىكىدە ئۈچ يېرىم چارەككە توغرا كېلەتتى. ھالبۇكى، ئۇچتۇرپاندا بىر چارەك ئوتتۇز ئىككى جىڭ ھېسابلىناتتى.

② بۇ ھەققىنىكى تەپسىلاتلار ئۇچۇن مەھمۇت ئەلەم خوتەنى يازغان: «خوتەن تەزكىرىسى»گە قارالسۇن (قولىيازما).

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىچىدە هاكىمبەگ ئابدۇللاغا ئوخشاشلا خەلققە ئېغىر زۇلۇم ـ سىتەملەرنى سالدى. ئۇيغۇرلارنى كۆزگە ئىلمىدى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى خالىغىنىچە قول قىلىپ ئىشلىتىپ، ھەققىنى بەرمەي قوغلاپ چىقىراتتى. ئۇ ئۇچتۇرپان خەلقى ئارىسىدا خۇپىيە ـ جاسۇسلارنى ئىشقا سېلىپ، قاتتىق تەقىپ تۈزۈمىنى يولغا قويدى. ئۇ سەللا كۆزىگە سىغمىغان ئادەملەرگە «قارا گۇرۇھنىڭ غولللۇق ئادىمى» دېگەن بەتنامنى چاپلاپلا، قولچوماقلىرى ئارقىلىق تامغا باستۇرۇپ، قۇدۇققا تاشلاپ، قىل ئارغامچىدا بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ يوقىتاتتى. سۇچىڭنىڭ پەرمانى بويىچە مەخپىي ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئىككى يۈز ئادەمدىن ئېشىپ كەتكەنىدى!

سۇچىڭ ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سۇ شويە چىرايلىق ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنى ئۆز ئىختىيارىچە يامۇلغا ئەپكىرىۋېلىپ، زورلۇق قىلىپ، ئىپپەت ـ نومۇسىغا تېگەتتى. ئاتا ـ بالا ئىككىسى ھەتتا ئادەمگەرچىلىكتىكى ئەقەللىي ئەخلاق ـ ئەردەم دېگەننى قايرىپ قويۇشۇپ، خوتۇن ـ قىزلارغا بىرلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلىشاتتى! ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇپ بولۇشقاندىن كېيىن يەنە بۇ خوتۇن ـ قىزلارنى باشقىلارنىڭ نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلىشىغا بېرىپ، ئۆزلىرى تاماشا كۆرەتتى. ئۇلار ئۇيغۇر خوتۇن ـ قىزلىرىنى يامۇلغا بىر ئەپكىرىۋالغىنىچە يىگىرمە ـ ئوتتۇز كۈن خوتۇن قىلىپ، ئويناپ زېرىككەندىن كېيىن ئاندىن يامۇلدىن قوغلاپ چىقىراتتى. ئۇچتۇرپانلىقلار دەردىنى ئىچىگە يۇتۇشۇپ پۇرسەت كۈتۈپ يۈرۈشتى①. ئۇچتۇرپان خان ئامبىلى سۇچىڭ ۋە ھاكىمبەگ ئابدۇللا ۋەكىللىكىدىكى مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ ئۇيغۇر

---

① يۇقىرىقىلارنىڭ تەپسىلاتى ئۈچۈن، زېڭ ۋېنۋۇ يازغان «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى، ئۇچتۇرپان يىغىلىقىنىڭ ئۇتمۇشى»گە قارالسۇن. بۇ كىتاب شاڭخەي نەشرىياتى تەرىپىدىن 1936 ـ يىلى 11 ـ ئايدا نەشر قىلىنغان.

خەلقى ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك زۇلۇمى خەلقنىڭ غەزىپىنى تېخىمۇ قاتتىق، تېخىمۇ كەڭ كۆلەمدە قوزغاشقا سەۋەبچى بولدى ۋە گۈزەل مۇلكى قەشقەرىيە دىيارىنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا قەدەر بولغان ھەممىلا يەرنى خەلقنىڭ غەزەپ - نەپرىتىدىن ئىبارەت قۇرۇق ئوتۇن بىلەن تولدۇردى. بۇ ئوتۇنلارنىڭ چاراسلاپ يېنىپ پۈتۈن ئۆلكىنى قاپلىغان چوڭ يانغىنىغا ئايلىنىشى ئۈچۈن تۇتۇرۇق بولىدىغان پۇرسەتلا كەم ئىدى! ئەلھال، بۇ پۇرسەت ئاخىر يېتىپ كەلدى. جىگدە ئالۋىنى ۋە ئېلىخان قەمبەر بەگنىڭ تۇيۇقسىز ئۆلتۈرۈلۈشى — دۇنيا تارىخىدا «جىگدە يىغىلىقى» دەپ يېگانە نام ئالغان مەشھۇر ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىنىڭ پارتلىشىغا تۇتۇرۇق بولدى!

نەزمە

ئىلاھىم بەندىلەرنى مۇڭغا سالدى،
كۆچۈردى جىگدىلەرنى تۇڭغا سالدى.
تېگىپ باشقا ھەمىشە تاياق - توقماق،
يېرىپ تەننى تۆمۈر دەررە بىلەن چوقماق!
زۇلۇم ئاشتى ھاشار - ئالۋان كېلىپ تېز،
ئاياغ - ئاستى قىلىندى كۆپ خوتۇن - قىز!
تۈگەپ تاقەت ئۇنىڭغا سەۋر - ئىمكان،
دېدۇق بولسۇن پىدا بۇ جان، تۆكۈپ قان!

— ئۇيغۇر خەلق تارىخى ناخشىلىرىدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئون تۆتىنچى باب

## ئۆچتۇرپاندا قوزغىلاڭ

«قاراقچىلار ۋە ئوغرىلار پەيدا بولغان مەملى-
كەتتە، سەلتەنەت خۇددى مەستۇرە بولۇۋالغان
پاھىشەنىڭ يۈزىدىكى چۈمپەردىگە ئوخشاپ
قالىدۇ!»

— شەيخ سەئىدى

**مىلادى** 1765 ـ يىلى (توخۇ يىلى) ئەتىياز پەسلى.

خاقانى چىنىنىڭ جەنۇبىتىكى سەككىز مۇسۇلمان شەھىرىلىرىدە پۇقرالاردىن بەش خىل دىيەك ـ ماتا ۋە ئۆستۈرمە زاكاتتىن باشقا باج ـ پاراق ئالماسلىق ھەققىدىكى ۋەدىلىرى ئەمەلگە ئاشمىدى. خاقانى چىن بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى ئەلگە يارلىق چۈشۈرۈپ ئاشكارا جاكارلىغان بەش خىل دىيەك ـ ماتا مانا ئەمدى خۇددى شاخقا قونغان قۇشقاچتەك بىرىگە بىرى قوشۇلۇۋېرىپ، ئاتمىش بەش خىلغا يەتتى! نارازىلىق بارغانسېرى كۈچەيدى. خاقانى چىنىنىڭ مانجۇ سەلتەنىتى جەنۇبىتىكى مۇسۇلمان شەھەرلىرىدە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئۇنۇملۇك يۈرگۈزۈشنى ماددىي جەھەتتە كاپالەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، يەرلىك پۇقرالاردىن كۆپلەپ پۇل تەلەپ قىلاتتى. بىراق، خاقانى چىن چەنلۇڭ بۇ

پۇلنى قايسى يول بىلەن تېپىش توغرىسىدا بولسا ئاز ئويلايتتى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىنىڭ جەنۇبىتىكى ھەرقايسى مۇسۇلمان شەھەرلىرىدە تۇرۇۋاتقان مەمۇرلىرىغا پەرمان چۈشۈرۈشلا كۇپايە قىلىدۇ، دەپ ھېسابلايتتى. خاقانى چىنىنىڭ جۇڭغارىيە بىلەن مۇلكى قەشقەرىيىنى بويسۇندۇرۇش يۈزىسىدىن ئېلىپ بارغان ئىستىلاچىلىق ئۇرۇشلىرى ئەلنى خاراب قىلغان، پۇقرانىڭ يىلىكىنى قۇرۇتقان بولسا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا ئۇلىنىپ كەلگەن سېپىل ھاشىرى پۇقرالارنىڭ ھالىنى كەتكۈزۈپ، قەددىنى پۈكۈپ تاشلىغانىدى. ئەمما، خاقانى چىنىنىڭ ئاچكۆز ئەمەلدارلىرى بۇنىڭلىق بىلەن ھېچكىمنى ئاياپ قويۇشقىنى يوق. دېھقانلار، چارۋىچىلار، شەھەرلەردىكى سودىگەرلەر ۋە مىسكەرلەر، قويمىچىلار، تۆمۈرچىلەر، ياغاچچىلار، ناۋايلار، قاسساپلار، باپكارلار، شوتىگەرلەر، كۆنچىلەر، ئىلمەدۇز ـ خىمەگەرلەر قاتارلىق ھۇنەرۋەن ـ كاسىپلاردىن تەركىب تاپقان كەڭ پۇقرالار تەبىقىسى ئۆزلىرىنىڭ يانچۇقلىرىدىكى ئەڭ ئاخىرقى تەڭگىلىرى بىلەن نەپسانىيەتچى بالاخور ئەمەلدارلارنىڭ تېگى يوق چۆنتەكلىرىنى تولدۇرۇشلىرى لازىم ئىدى. بۇ ئەمەلدارلار بولسا پۇقرالار ئۈستىدىن خاقانى چىن نامىدىن ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزەتتى. ھالبۇكى بۇ ئەمەلدارلارنىڭ بۇنداق خىلمۇ ـ خىل تەرتىپسىزلىكلىرى ئەل ئىچىدە تۈرلۈك بىسەرەمجانلىقلارغا سەۋەبچى بولاتتى!

نىھايەت، ئۇچتۇرپان خان ئامبىلى سۇچىڭ بىلەن ھاكىمبەگ ئابدۇللالارنىڭ خاقانى چىن نامىدىن ئۇچتۇرپان ئاھالىسىگە سالغان جىگدە ئالۋىنى بىردىنلا پۈتۈن جەنۇبىتىكى مۇسۇلمان شەھەرلىرىنى قاپلىغان مۇشۇنداق چوڭ بىر بىسەرەمجانلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى!

* * *

مىلادى 1765 ـ يىلى ماھى سەپەرنىڭ 14 ـ كۈنى. شاغىبەگ رەھمىتۇللا پەرمان بويىچە ئىككى يۈز قىرىق ھاشارچىغا بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى تېگى — يىلتىزى بىلەن تۈڭغا ئۆلتۈرغۇزۇپ تۇتقۇزۇلغان يىگىرمە تۆت تۈپ جىگدىنى كۆتۈرگۈزۈپ ئاستانە ـ بېيجىڭغا ئېلىپ ماڭدى. ھاشارچىلارغا بۇ جىگدىلەردىن باشقا يەنە ئۈچتۇرپان خان ئامبىلى سۇچىڭنىڭ ئۆز يۇرتىغا ماڭغۇزغان ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرى بىلەن باشقا مەرغۇپ ماللىرىنى بىللە كۆتۈرۈپ مېڭىش ۋەزىپىسىمۇ يۈكلەنگەنىدى. بۇ ئېرىغ ماللارنى سۇچىڭنىڭ ئۆكتەم ئوغلى — سۇ شويە يالاپ ئېلىپ ماڭغانىدى. ئۇلار ئېلىقىش دۆڭ[1] دېگەن يەرگە ئون چاقىرىم قالغاندا سۇچىڭنىڭ مال ـ دۇنياسىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان مەتياقۇپ دېگەن بىر ھاشارچىنىڭ پۇتى مىتكوت كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى.

سۇ شويە:

— ھەي ئۆلۈمتۈك چەنتۇ! يۇرتۇڭدىن چىقا ـ چىقمايلا يالقاۋلىق قىلغىلى تۇردۇڭمۇ! — دەپ ئاچچىقلاپ كەلگەن پېتى تاياق بىلەن مەتياقۇپنىڭ كاللا ـ باشلىرىغا ئۇرۇپلا كەتتى.

تاياقنىڭ زەربىسىدە جېنى قاقشاپ كەتكەن مەتياقۇپ:

— ھەي ساراڭ شويە، نېمىشقا ئۇرىسەن مېنى؟ — دەپ ئۇنىڭغا ياندى. ھاشارچىنىڭ ئۆزگە يېنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ غەزەپلەنگەن سۇ شويىنىڭ راستىنلا ساراڭلىقى تۇتتى. ئۇ قىلچىنى قىنىدىن شارت قىلىپ سوغۇرۇپ ئالدى ـ دە، مەتياقۇپنىڭ يەلكىسىگە غەزەپ بىلەن بىر قىلىچ چاپتى. مەتياقۇپنىڭ سول قولى يەلكىسى بىلەن قوشۇلۇپ يەرگە ئۈزۈلۈپ

---

① ھازىرقى ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىكى يار كۆۋرۈك ئېلىكتىر ئىستانسىسى جايلاشقان ئورۇن.

چۈشتى. ئۇ «ۋاي!» دېگىنىچە ئېچىنىشلىق بىرلا ۋارقىرىدى-كېيىن ئۇنى بىراقلا ئۆچتى...

بۇ پاجىئەنى كۆرگەن هاشارچىلار غەزەپلەنگەن بولسىمۇ ئەمما قارا چېرىكلەرنىڭ قولىلىرىدىكى نەيزە - قىلىچلاردىن ئەيمىنىپ، ئاچچىقلىرىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولۇشتى.

— لەنىتى قارا چېرىكلەر بىزنى خاراب قىلىدىغان بولدى، — دېدى هاشارچىلارنىڭ ئارىسىدىكى بايمۇرات دېگەن بىرى، — ئۆيلىرىمىزگە تىرىكمىز كېلىشنى ياكى ئۆلۈكمىز كېلىشنى بىر ئاللادىن باشقا هېچكىم بىلمەيدۇ!

— ئۆلۈمىمىزنى مۇشۇنداق كۈتۈپ تۇرامدۇق؟!...

بۇ ۋاقىتتا ۋەقە يۈز بەرگەن يەردىكى شاۋقۇن - سۈرەننى ئاڭلاپ قارا چېرىكلەر يېتىپ كېلىشتى. ئۇلار كىشىلەرنىڭ ۋارقىراشقان ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ، هاشارچىلارنىڭ سۇ شويىگە دوق قىلىشىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىشتى ۋە قولىلىرىدىكى قامچا بىلەن ئۇرۇپ ئۇلارنى تارقىتىۋەتتى...

— بېگىم، هاي رەھمىتۇللا بېگىم! — دەپ توۋلىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ شاغىبەگ رەھمىتۇللا ئارقىسىغا قارىدى. بىرسى دۆڭنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ ھەدەپ ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلىۋاتاتتى.

— ھە نېمە ئىش؟ — دېدى رەھمىتۇللا بەگ ھېلىقى كىشىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ توقىلەك دورغا ئىكەنلىكىنى تونۇدى، — توقىلەك قارى، بۇ يەردە نېمىش قىلىپ يۈرىسىلە؟ ئەجەب ئۆڭسىلىڭلار ئۆچۈپلا كېتىپتىغۇ؟

— ۋاي بېگىم، بولمىدى!... — توقىلەك قارىنىڭ تىلى ئاغزىغا تىقىلىپ سۆزلىيەلمەي قېلىۋاتاتتى.

— ھە نېمە ئىش بولدى؟ ئادەمنى ئۇنداق تەقەززا قىلمىساڭلا! — دېدى رەھمىتۇللا بەگ تىت - تىت بولغىنىدىن تېرىكىپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

— بېگىم، سىلى ھاشارچىلارنى ئېلىپ ماڭغاندىن كېيىن سۇ دارىنى قارا چېرىكلىرىنى ئەۋەتىپ ئېلىخان بېگىمنى تۇتۇپ كەتتى. يەنە، يەنە...

— يەنە نېمە ئىش يۈز بەردى؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى ئۇنىڭدىن رەھمىتۇللا بەگ ئەنسىرەپ.

— يەنە مەيە ئەۋەتىپ ئاغىچا خېنىمىنىمۇ يامۇلغا ئالدۇرۇپ كەتتى!

— ئاتامنى نېمىشقا تۇتۇپتۇ؟!

— ئېلىخان بېگىمنى نېمە ئۈچۈن تۇتقانلىقىنى بىلمىدىم، بىراق، — دېدى توقىلەك قارى ئەتراپىغا ئالاق - جالاق بولۇپ قاراپ قويغاندىن كېيىن، — شېرىپ دورغىنىڭ ئېيتىشىچە، ئاتىلىرىنى قارا گورۇھنىڭ باش سەردارى دەپ قارىلاپ تۇتقان ئوخشايدۇ.

«سۇچىلىك ئاخىر قول سالپتۇ — دە! — دەپ ئويلىدى رەھمىتۇللا بەگ، — كۆرىمىزغۇ تېخى، كىمنى كىم تۇتۇپ ئۆلتۈرىدۇ؟ ھېسابى بار دۇنيا بۇ!...»

— ئاتام ھازىر نەدىكەن؟ — دەپ سورىدى رەھمىتۇللا بەگ ئۇنىڭدىن.

— سۇ دارىنىڭ يامۇلىدا سىيە بولۇپ ئىشلەيدىغان مۇنىرىدىن دورغىدىن سورۇشتە قىلدۇق. ئۇمۇ ئېلىخان بېگىمنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئۇقمايدىكەن. ئەمما، ئۇ بېگىمنى «سۇ دارىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىمىكىن» دەيدۇ.

— نېمە؟! — رەھمىتۇللا بەگنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. چۈنكى ئۇ سۇچىڭنىڭ ئارقا ھويلىسىدا مەخسۇس مەخپىي ئۆلتۈرۈلىدىغانلار تاشلىنىدىغان تېگى يوق بىر زىندان بار ئىمىش، دەپ ئاڭلىغانىدى. شۇڭا:

— خەپ سۇچىڭ، سەن ئاخىر مېنى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قىستىدىڭ — ھە! — دەپ چىشىنى غۇچۇرلاتتى رەھمىتۇللا

بەگ. ئاندىن توقلەك قارىنى ئۆكسى ئەسمەتۇللا بەگكە ئۆز ئادەملىرىنى ئېلىپ ئېلىقش دۆڭگە دەرھال يېتىپ كېلىش ھەققىدە خەۋەر يەتكۈزۈشكە ماڭدۇردى. . .

ماھى سەپەرنىڭ 14 ـ كۈنى كېچىسى، ئېلىقش دۆڭ ئەتراپىغا غەزەپلەنگەن ئادەملەر ئارقا ـ ئارقىدىن توپلىنىشقا باشلىدى. دۆڭنىڭ ئۈستىدە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان گۈلخان دۆڭنىڭ ئەتراپىنى كۈندۈزدەك يوپيورۇق يورۇتۇۋەتكەنىدى. مەيداندا ئادەملەر سانجاق ـ سانجاق بولۇپ تۇرۇپ كېتىشكەن. كىشىلەرنىڭ ئاياغ ئاستىلىرىدا ياغاچ تۇڭنىڭ پارچىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. دۆڭنىڭ ئۈستىدە بىرنەچچە ئادەم تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئوتتۇرا بويلۇق، ئەللىكنىڭ قارىسىنى ئالغان تەمبەل بىر ئادەم جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن ۋارقىراپ سۆزلىمەكتە ئىدى. ئۇ تۆتىنچى دەرىجىلىك شاغىبەگە رەھمەتۇللا ئىدى. يېنىدا تۇرغانلارنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئىنىسى ئەسمەتۇللا بەگ ئىدى. يەنە بىرى ئۇنىڭ جىيەنى، لەمجىنلىك[1] بەشىنچى دەرىجىلىك بەگ ئەمرۇللا ئىدى. قالغانلار يار مەھەللىلىك[2] بەشىنچى دەرىجىلىك قازىبەگ غوپۇر، بەشىنچى دەرىجىلىك مىراپبەگ ھوشۇر، شاغىبەگ مۇھەممەت رىھىملار ئىدى. ئەسمەتۇللا بەگنىڭ يېنىدا تۇرغان ئېگىز بويلۇق قىران يىگىتنىڭ ئىسمى تاھىر بەگ بولۇپ، ئۇ رەھمەتۇللا بەگنىڭ كۈيئوغلى ئىدى.

— قېرىنداشلار! — دەيتتى رەھمەتۇللا بەگ، — جەۋرى ـ زۇلۇم ھەددىدىن ئاشتى. پىچاق سۆڭەككە بېرىپ يەتتى. بەس، ئەمدى سەۋرىمىز تاشتى! بۇ دارىنلار نېمە قىلغانغا بىزنى مۇشۇنچىۋالا خورلايدۇ؟ يۈرەك پارىلىرىمىزنى قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ ئۆلتۈرگەننى ئاز دەپ، نېمىشقا خوتۇن ـ قىزلىرىمىزنى ئاياغ ئاستى قىلىدۇ؟ بىزمۇ ئىنسانغۇ؟ ھەدىستە:

[1] [2] ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىكى يەرناملىرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

«ئىنسانلار تاغاقنىڭ چىشىدەك باپ ـ باراۋەر» دېيىلگەن. ئەمما، قېنى ئۇ باراۋەرلىك؟! بىزنى ئاللا ئىنسان دەپ ياراتقان! ئالدىغا بېدە بىلەن سامان تاشلاپ بېرىپ قوتانغا سولاپ قويسا بولۇۋېرىدىغان هايۋان ئەمەس ـ تە بىز! قېرىنداشلار، قولىمىزغا تاياق ـ توقماق ئېلىپ، بۇ لەنىتى مەنچىڭلارنى سۈرۈپ ـ توقاي قىلايلى! دەپسەندە قىلىنغان نومۇسىمىزنى ئاقلايلى! قېنى، قېرىنداشلار، ئارقامدىن مېڭىڭلار! قانخورلارنىڭ ئۇۋىسى بولغان مۆلجەر تاغ قەلئەسىنى چۇۋۇپ تاشلايلى!

— ئالغا! قېرىنداشلار، يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم! جانغا ـ جان، قانغا ـ قان!...

هاياجانلانغان، غەزەپلەنگەن خەلق رەھمىتۇللا بەگلەرنىڭ كەينىدىن قارا كالتەك بولۇشۇپ، ئارا ـ گۇرجەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ گۈرررىدە مېڭىشتى. ئۇلار قىشلاس ـ چۇقان ئىچىدە تاغنى تالقان قىلغۇدەك كۈچ ـ شىجائەت بىلەن ئۇدۇل سۈچىڭنىڭ ئامبال يامۇلىغا — مۆلجەر تاغ قەلئەسىگە قاراپ ئاتلاندى...

* * *

قاسىم خوجا ئېلىقىش دۆڭدە غەلىيان چىققانلىقىنى يامۇلغا خەۋەر قىلغىلى كەلگەندە، هاكىمبەگ ئابدۇللا بىرنەچچە مەيخور هەمتاۋاقلىرى بىلەن كېچىچە ئىچكۈۋازلىق قىلىشىپ تۈننى بىدار ئۆتكۈزۈشكەنىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرنەچچىسى «چېكىسى ئوڭدا» چۈشۈپ، كات ئۈستىدە ئوڭدا ـ دۈمدە يېتىشاتتى.

قاسىم خوجا قاق سەھەردىلا ئىشىكتىن ئۈسۈپ كىردى ۋە:

— ئى بەگ جانابلىرى، بولمىدى، ئىش چاتاق! — دەپ ۋايساپ كەتتى. بۇ چاغدا كېچىچە ئىچكەن ئۆتكۈر شارابنىڭ كۈچىدىن شىركەيپ بولغان هاكىمبەگ ئابدۇللا ئۇنىڭ بۇ گېپىگە پىسەنتمۇ قىلماستىن قولىغا ئېلىۋالغان جامدىكى شارابنى بىر

كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەتتى. ئاندىن:
— ھاكىمىيەت كىچىسىنىڭ ئەمىنلىك چىرىغى ئۆچۈپتىمۇ ياكى دۆلەت زەنجىرى باغلاقتىن ئۈزۈلۈپتىمۇ؟ زادى نېمە ئىش بولۇپتۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.
— ئى بەگ جانابلىرى، — دېدى قاسىم خوجا ھاسىراپ تۇرۇپ، — بۈگۈن كېچە رەھمىتۇللا بەگ ھاشارچىلارنى قوترىتىپ ئېلىقىش دۆڭدە غەلىيان كۆتۈردى. غەلىيانچىلار سۇ دارىنىنىڭ شويىسى بىلەن قارا چېرىكلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈشتى. بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ، ھوش شارابىم بېشىم جامىدىن تۆكۈلۈپ، جانابلىرىغا خەۋەر يەتكۈزىمەن دەپ پالاقلاپ يۈرۈپ ھېچ ھالىم قالمىدى. مۇبادا، بۇ ئىشنى سۇدارىن بىلەن سىلى بەگ ئاتامغا مەلۇم قىلىشنى كېچىكتۈرسەم غەزەپكە قالارمەنمىكىن، دەپ قورقتۇم. شۇڭا، كېچىلەپ يېتىپ كەلدىم.
ئابدۇللا بەگ بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال سەگەكلەشتى، شېرىپ دورغىنى يېنىغا چاقىردى ۋە:
— نۆۋكەرلەردىن دەرھال بىرنەچچىسىنى جەم قىلىپ، ئول ئەجىلى توشقان گەدەنكەشلەرنى ھازىرنىڭ ئۆزىدە تۇتۇپ كېلىڭلار - دە، پۇت - قوللىرىنى باغلاپ زىندانغا تاشلاڭلار! ھەر كۈنى بىردىن تارتىپ چىقىرىپ چەكسىز ئازاب - ئوقۇبەتلەر بىلەن قىيناپ ئۆلتۈرۈڭلار. قېنى، قالغان گەدەنكەشلەرنىڭ بۇنىڭدىن قاتتىق ئىبرەت ئالمىغىنىنى بىر كۆرەي! — دەپ ئەمىر قىلدى.
— قۇللۇق، تەخسىر، ئەمرىڭىزگە پەرمانبەردارمەن! — دېدى شېرىپ دورغا شىركەيىپ ئابدۇللا بەگكە تەزىم قىلىپ تۇرۇپ.
— سەن دەرھال ئىشىڭغا ماڭ! — دېدى ئابدۇللا بەگ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ شىركەيىپلىكى پۈتۈنلەي يېشىلىپ كەتكەنىدى، — قاسىم خوجا، سىز مېنىڭ بىلەن بىللە سۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دارىنىڭ يامۇلغا بارىسىز.

ئۇ كات ئۈستىدە يېتىشقان مەستلەرنى تۈرتتى:

— بولۇڭلار، تېز ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار! ھوي يارىماسلار، مەن سىلەرگە دەۋاتىمەن! — دەپ قەھىر قىلدى ئۇ.

— رەھىم قىلىڭ بېگىم. بىر نۆۋەت ئۆتۈپ كەتسۇن! — دەپ غۇدۇرىدى مەستلەردىن بىرى، نېمىش بولغانلىقىنى ئۇقالماي.

مەستلەرگە گەپ ئۇقتۇرىمەن، دەپ ئۆزىنى ئاۋارە قىلىشنى خالىمىغان ئابدۇللا بەگ ئۇلارنى تاشلاپ قويۇپ چىقىپ كەتتى...

* * *

قوزغىلاڭچىلار ئازغىنە چېرىكى بىلەن يامۇل ئىچىگە بېكىنىۋالغان ئۇچتۇرپان خان ئامبىلى سۇچېڭنى مۆلچەر تاغ قەلئەسىگە سولىۋالدى.

شۇ كۈنى ئەتىگەندىلا ئۇچتۇرپان شەھىرى ھەددىدىن تاشقىرى مەنزىرىگە كىرگەنىدى. ئادەملەر نۇرغۇن بولۇپ، دۇكانلار تاقاقلىق ئىدى. ئادەملەر توپ ـ توپ، گۇرۇھ ـ گۇرۇھ بولۇشۇپ چاھارسۇغا توپلانماقتا ئىدى. ھەممىلا يەردە ھاياجانلانغان، غەزەپلەنگەن چىرايلار كۆرۈنەتتى. گويا ئاسماندىن ئادالەت تەلەپ قىلىۋاتقاندەك سان ـ ساناقسىز قوللار غەزەپ سادالىرى بىلەن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. خەلقنىڭ غەزەپ سادالىرى ئىچىدە رەھمەتۇللا بەگنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ياڭرايتتى:

— يۇرتىمىزدا ئادالەت يوق! ھەممىلا يەردە تەڭسىزلىك، قانۇنسىزلىق، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، چىرىكلىك ھۆكۈم سۈرمەكتە. ئەمەلدارلار خۇددى ئوغرى ـ قاراقچىلاردەكلا پۇقرانى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشماقتا. ئوغرى ـ قاراقچىلار ھۆكۈم سۈرگەن

بۇ مەملىكەتتە سەلتەنەت خۇددى مەستۇرە بولۇۋالغان پاھىشە خوتۇننىڭ يۈزىدىكى چۈمپەردىگە ئوخشاپ قالدى. خاقانى چىن پارىخورلۇقنى يىلتىزىدىن قۇرۇتالمىغانلىقتىن، ئەل ئاسايىشلىق تاپالمىدى. ئەلدە خىيانەتچىلىك ئەۋج ئالغانلىقتىن، يۇرتدارچىلىق ئىشى روناق تاپالمىدى. شۇڭا، تەڭسىزلىك، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك ۋە چىرىكلىكنى تۈگىتەلمىگەن بۇنداق سەلتەنەتنىڭ قانداقمۇ ئابرۇيى بولسۇن؟! ئاللا تائالا بىز بەندىلىرىنى زۇلۇم ـ ستەم ئاستىدا ياشىسۇن دەپ ياراتقان ئەمەس! بىراق، بۇ يۇرتىمىز زۇلۇم دۇنياسىغا ئايلاندى. ئاللا بۇنداق بولۇشنى ھەرگىز راۋا كۆرمەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ راۋا كۆرمەيدۇ! بىرلىرى يېيىشىۋاتىدۇ، مىڭلىرى ئۇلارنى بېقىشىۋاتىدۇ. ئاللا بۇنى ھەرگىز راۋا كۆرمەيدۇ! قۇرئان كەرىمدە ئۇلۇغ ئاللا شۇنداق دېگەن: «زۇلۇم ـ ستەم سالغۇچىلار كاپىردۇر؛ زۇلۇمغا ئۇچراپ تۇرۇپمۇ قارشى چىقمىغۇچىلار، باشقىلارنىڭ ئۆزلىرىنى بۇلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئۆزىنى بۇلاشقا يول قويغۇچىلار، ئاچلىقنىڭ ئازابىنى تېتىپ تۇرۇپمۇ قارشى تۇرمىغانلار، ئۆلۈملىرىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ شۈكرى ـ قانائەت قىلغانلار ھەم كاپىردۇر! زۇلۇمنى تاماشا قىلغۇچى بىپەرۋالار ۋە زۇلۇمغا بويسۇنغانلارنىڭ ھەممىسى كاپىردۇر!» جەننەت زۇلۇمغا، يامانلىقلارغا قارشى تۇرغۇچىلارنىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇ. يېتەر ئەمدى! لەنتى مەنچىڭلارنىڭ ئۆز بىشىمچىچى مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنىڭ زۇلۇمغا يەنە قاچانغىچە تاقەت قىلىپ تۇرىمىز؟!

رەھمىتۇللا بەگنىڭ ئاددىي ئەمما مەنىسى چوڭقۇر سۆزلىرى قۇلاق سالغۇچىلارنى تېزلا ئويغىتىپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى غەزەپ يالقۇنىنىڭ ئۆرلىشىگە سەۋەبچى بولدى. خالايىق داد ـ پەرياد كۆتۈردى. ئۇلارنىڭ ئاۋازلىرى مۆلجەر تاغ ئۈستىدىن

www.uyghurkitap.com

ئېشىپ ئۆتۈپ، يىراق ـ يىراقلارغا ئاڭلاندى. گويا يانغىننى كۈچلەندۈرگۈچى ئۇچقۇنلاردەك كۆكتە ياڭرىدى.

خەلق دەرھال نېرى ـ بېرىدىنلا نەيزە، تاياق ـ توقماق، تاش، خىش پارچىلىرى بىلەن قوراللىنىشتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە قەتئىيلىك خۇددى يالقۇندەك چاقناپ تۇرماقتا ئىدى. بۇ ھېچكىممۇ ئۆچۈرەلمەيدىغان يالقۇن ئىدى. غەزەپلەنگەن خەلق رەھمىتۇللا بەگنىڭ كەينىدىن ئامبال يامۇلىغا قاراپ سۇدەك ئېقىشتى. ئۇلارغا يامانسۇ، ئالاساي، جىگدىلىك، قوم ـ بۇلۇڭ، ئاقيار، ئوت بېشى، جايتاغ، دۇلدۇل ئوقۇر، ئەنجان مەھەللىسى، قوشتېغى، ماچاڭ ۋە قارا باغ قاتارلىق ئەتراپتىكى يېزا ـ مەھەللىلەرنىڭ ئاھالىسىمۇ كېلىپ قوشۇلۇشتى. ئۇلارنىڭ كۆپلىرىنىڭ شەھەردە نېمىدۇر تەييارلىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋىرى بار ئىدى، شۇڭا ئۇلار ھەممىدىن ئاۋۋال قوزغىلاڭغا قوشۇلۇشقا قارار قىلىشىپ قويۇشقانىدى.

خەلق ئامبال يامۇلىنىڭ ئالدىغا توپلىنىپ ۋارقىراشقا باشلىدى:

— ھاي، سۇچىڭ دېگەن زالىم، بۇياققا چىق! قېنى سەن، ئابدۇللا دېگەن ئۆلگۈر دوزاخ ئىتى! چىقمامسەن؟

بىر كەمدە سېپىل ئۈستىدىكى ئۆگەكنىڭ كەينىدىن سۇچىڭ بىلەن ئابدۇللانىڭ بېشى كۆرۈندى.

— ئەي نادان چەنتۇلار، — دېدى ئۇچتۇرپان ھاكىمبېگى ئابدۇللا، — سىلەر رەھمىتۇللا بەگكە ئەگەشمەڭلار. يامان پەيلىڭلاردىن يېنىڭلار! بۇ دۇنيا نۇرلۇق ھەم قاباھەتلىك، چۆل ھەم ئاۋات، ئۇ گوياكى بەڭگىلەرنىڭ تۇتۇرۇقسىز خىيالىغىلا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭغا گىرىپتار بولغانلار نادامەتتىن باشقا ھوسۇل ئالالمايدۇ. بۇ دۇنيانىڭ ھادىسىلىرى ھەر ۋاقىت يۈز خىل نەيرەڭلەرنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، سىلەر بۇ دۇنياغا ئالدانماي، غەپلەت ئۇيقۇڭلاردىن ئويغىنىڭلار! بولمىسا، بالا ـ قازانىڭ

ئۆكۈزنى پاراغەت خامىنىڭلارغا باغلىغان، ئۆز قولۇڭلار بىلەن ئۆز پۇتۇڭلارغا پالتا چاپقان بولىسىلەر. تولىمۇ ساددىلىق بىلەن دارنىڭ ئاستىغا ئۆز پۇتۇڭلار بىلەن كەلگەنلىكىڭلارنى تۇيمايلا قالىسىلەر. خاقانى چىننىڭ سەلتەنىتىگە قارشى چىققانلىقىڭلار جانان چىنىدەك ھىم ياسالغان ئىستىھكامغا تاش ئاتقىنىڭلار بىلەن باراۋەردۇر! شۇڭا، شۈكرى قىلىڭلار!

— ئى لەنتى ئابدۇللا! — دەپ ۋارقىرىدى رەھمىتۇللا بەگ، — ھەي زالىم! ئىمانىڭ سۇس بولغانلىقىڭ ئۈچۈن بەندىلەرنىڭ شۈكرى قىلماقلىقىنىڭ ئۆزى ئازادلىق ئۈچۈن بولىدىغانلىقىنى بىلمەيسەن! ئاللا تائالا: «ۋەقەلەد زەنەگەن ۋەسسەر دۇنيا بىنا ساھىبىيە ۋە جەھەننامە...»[①] دېگەن. بۇ زېمىندىكى مەزلۇملارنىڭ ئاھۇ - زارلىرى، كۆزلىرىدىن ئاققان قان - ياشلىرى ئۇتلۇق مالامەت تاشلىرىغا ئايلىنىپ، زۇلۇمنىڭ ئىگىسى بولغان سىلەرنىڭ بېشىڭلارغا تەگمەكتە. زۇلمەتتىن كېيىن چوقۇم كۈن چىقىدۇ! بىز بۇ قۇياشنى تاقەت بىلەن كۈتمەكتىمىز. چۈنكى، ئاتا - بوۋىلىرىمىز: «تاقەت قىلىش - قارشىلىق قىلىش بىلەن باراۋەردۇر!» دەپ ئۆگىتىشكەن! سەنلەر مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ ئىستىھكاملىرىنى جانان چىنىدەك ھىم، پۇختا قىلىپ ياسالغان دەپ ئويلاشما، بىزنىڭ مۇشتۇمىمىزنى قۇرام تاش دەپ بىل. شۇنداق ئىكەن، خاقانى چىننىڭ جانان چىنىسى بىلەن خەلقىمىزنىڭ غەزەپ - نەپرىتىدىن ھاسىل بولغان قۇرام تاشنى بىر - بىرىگە ئۇرسا، چىنە قانداقمۇ تاشقا تەڭ كېلەلىسۇن؟!

— ...

خان ئامبال سۇچىڭ مۆلجەر تاغ قەلئەسىنىڭ مۇستەھكەملىكىگە ئىشىنىپ قەلئەنىڭ قوۋۇقلىرىنى چىڭ تاقاپ،

---

① «بىز دۇنيا ئۈستىدىكى ئاسماننى يۇلتۇز چىراغلىرى بىلەن بېزىدۇق ۋە ئۇلارنى شەيتانلارغا ئاتىدىغان تاش قىلىپ ياراتتۇق...»

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاقسۇدىن كېلىدىغان ياردەمنى كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئەمما، ئۇرغۇن خەلقنىڭ سىقىشقا نېمە بەرداشلىق بېرەلىسۇن؟! كىشىلەر يوغان لىم ياغاچلارنى كۆتۈرۈشۈپ كېلىشىپ، قەلئە دەرۋازىلىرىغا قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى. ئاخىر، مۆلجەر تاغ قەلئەسى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن يىمىرىپ تاشلاندى. قەلئە ئاخىر رەھمىتۇللا بەگ باشچىلىقىدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى تەرىپىدىن تارتىۋېلىندى!

ئالامان چىقىپ تاشلانغان قوۋۇقتىن ئامبال يامۇلىنىڭ ئىچىگە تاشقىن سۇدەك ئېقىشقا باشلىدى. يامۇلنىڭ سەيناسىغا بىرىنچى بولۇپ بېسىپ كىرگەنلەر يۈزىگە چۈمبەل تارتىۋالغان ئېگىز بويلۇق بىر «ئايال»نى كۆرۈپ قېلىشتى. ئەمما، ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى ئايال كىشىگە ئوخشىمىغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۇنىڭ بېشىدىكى پەرەنجىسىنى يۇلۇپ ئېلىپ قارىۋىدى، كۆردىكى، ئۇ ئايالچە ياسىنىۋالغان ھاكىمبەگ ئابدۇللا ئىكەن!

— ئۇرۇڭلار، كاپىرغا يان باسقان بۇ نەپرەتلىك چايانىنى دەسسەپ مىجىقىنى چىقىرايلۇق!

كىشىلەر ئابدۇللا بەگنىڭ ئۇچىسىدىكى ئايالچە كىيىملىرىنى يۇلۇپ سالدۇرۇۋالغاندىن كېيىن قوللىرىدىكى خىش بىلەن ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇشتى ۋە ئۇنى سۆرەپ ئېلىپ كېتىشتى...

باشقا قوزغىلاڭچىلار خان ئامبال سۇچىڭنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن قەلئەنىڭ ئىچىگە يۈگۈرۈشتى. بۇ چاغدا ئىككى قولى ئۇچتۇرپانلىقلارنىڭ ئىسسىق قانلىرى بىلەن بويالغان خان ئامبال سۇچىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى مىنۇتلىرى يېتىپ كەلگەنلىكىنى تۇيدى. بىراق، ئۇ ئاسمانغا چىقىپ كېتەي دېسە ئاسمان يىراق، يەرگە كىرىۋالاي دېسە يەر قاتتىق، ئاخىر قەلئە ئىچىدىكى بىر تۈپ جىگدىگە ئۆزىنى ئېسىپ ئۆلۈۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. قوزغىلاڭچىلار ئۇنى تاپقاندا، تېنى تېخى سوۋۇشقا

ئۆلگۈرمىگەندى. . .

* * *

ئاقسۇ خان ئامبىلى بېيەن تاخەي ئۇچتۇرپاندا غەلىيان چىققانلىقىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن دەرھال بەش يۈز چېرىك بىلەن ئون - يىگىرمە توپنى كۆتەرتىپ ئۇچتۇرپانغا يېتىپ كەلدى ۋە رەھمىتۇللا بەگ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلارغا ھەيۋە كۆرسىتىش ئۈچۈن سېپىل سىرتىدىكى بىر دۆڭدە بارگاھ تىكىپ، توپ - زەمبىرەكلىرىنى قۇرغۇزۇپ تەييار قىلغاندىن كېيىن سېپىل ئاستىغا ئات سېلىپ كەلدى ۋە سېپىل ئۈستىدە جەڭچىلىرىنى سەپراس - چەپراس قىلىپ تەق تۇرغان رەھمىتۇللا بەگكە: «ھەي غەلىيانچى، خاقانى چىننىڭ مائاش - كۆلىياڭىنى يەپ تۇرۇقلۇق، يەنە ئىسيان كۆتۈرۈشكە قانداق پېتىندىڭ؟ ھازىرنىڭ ئۆزىدە تېز تەسلىم بولساڭ بولدۇڭ، بولمىسا شەھەرنى توپقا تۇتقۇزۇپ، قېرى - ياش دېمەي ھەممەڭنى ئۆلتۈرگۈزگەيمەن! شەھەرنى كۆيدۈرۈپ تۈپتالاس قىلىۋەتمىگۈچە ھەرگىز توختىمايمەن!» دەپ ۋارقىراپ تەھدىت سالدى.

بۇ چاغدا رەھمىتۇللا بەگ:

— ئى دوزاخ يۇتقۇر بېيەن تاخەي، سۆزۈمگە قۇلاق سال! سەنلەر بىزدەك گۇناھسىز مەزلۇم پۇقرالارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ھەممىدىن ئاۋۋال قىلىچ سېلىشتىڭ! — دەپ جاۋاب بەردى قىلچىمۇ ھولۇقماستىن، — بىزدەك گۇناھسىزلارنىڭ قېنىنى تۆككىنىڭلار خۇددى ئۆز ئېلىڭلاردىكى قوشۇننى قىرغىنىڭلارغا ئوخشاشتۇر! مۇبادا، بۇ سۆزۈمگە ئىشەنمىسەڭ، تەڭرىتائالانىڭ قۇدرىتىنى تاماشا قىلىپ كۆرگەيسەنكى، ھازىر بېشىڭدىكى دۇبۇلغاڭ ئۇچۇپ كېتۇر! مانا بۇ تاش بىلەن سەنلەرگە خەۋەر يەتكۈزدۇم. تۇغۇڭنىڭ شەددىسىگە قارىغايسەن! — دېگىنىچە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

قولىدىكى سالغىسىغا ئىككى تال تاشنى سېلىپ چۆرۈپ ـ چۆرۈپ بىر ئېتىۋىدى، سالغىدىن غۇيۇلداپ ئۇچۇپ چىققان تاشلار مانجۇلارنىڭ شامالدا لەپىلدەپ تۇرغان ئەجدىھا سۈرەتلىك سېرىق تۇغىنىڭ شەددىسىنى ۋە بيەن تاخەينىڭ بېشىدىكى دۇبۇلغىسىنى ئۇچۇرۇۋەتتى.

رەھمىتۇللا بەگ كۈچلۈك قوللىرى بىلەن تاش ئېتىپ، تىل خەنجىرى بىلەن شۇنداق سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن بيەن تاخەينىڭ تېنىگە تىترەك ئولىشىپ، قول ـ پۇتلىرى قولاشماي قالدى. ئاخىر ئۇ سىپىل ئاستىدىن بارگاھىغا قايتىشقا مەجبۇر بولۇپ، توپچى چېرىكلىرىگە شەھەرنى توپقا تۇتۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. ئۇستىدىن ئىككى ھارۋا قاتار مېڭىش مۇمكىن بولغان بۇ ئۇچتۇرپان سىپىلى مەزمۇت بولغاچقا، ھېلىغۇ ئون ـ يىگىرمە توپ ئىكەن، پۈتۈن بىر تاغنىڭ تېشى ئېتىلغان تەقدىردىمۇ قىمىرلىمايدىغاندەك قىلاتتى.

سىپىل ئۈستىدىكىلەرمۇ بوش كەلمىدى. ئۇلار يۇقىرىدا تۇرۇپ پوتەي ـ ئۆگەكلەرنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋېلىپ، سىپىل ئاستىدا تۇرۇشقان بيەن تاخەينىڭ قارا چېرىكلىرىگە قىلىن ئوق ياغدۇرۇپ تۇرۇشتى. گاھىدا ئۇلار ئاتقان ئوقلار شۇنچە ئۇزاققا كېتەتتىكى، يىراقتىكى بىرەر چېرىككە ياكى ئاتقا تېگىپ، مانجۇلارنى ساراسىمىگە سالاتتى. قوزغىلاڭچىلار بەزىدە سىپىل ئۈستىدىن تۆۋەنگە كۆيۈۋاتقان ئوت تاشلاپ، قايناق موملارنى تۆكۈپ، قارا چېرىكلەرنى سىپىل تۈۋىدىن يىراققا قوغلايتتى.

بيەن تاخەينىڭ «ئالداش، دوق قىلىش ھىيلىسى» كارغا كەلمىگەنلىكتىن، ئۇ ئۆزىنىڭ «ھەيۋە كۆرسىتىپ، ئىندەككە كەلتۈرۈش» تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، «شەھەرنى شىددەت بىلەن توپقا تۇتۇپ، غەلىيانچىلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ تاشلاش» ئۈچۈن توپچى چېرىكلىرىگە بۇگۈن تاڭ سۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى شەھەرنى ئۇدۇلدىن شىددەت بىلەن توپقا تۇتۇشقا بۇيرۇق

چۈشۈردى.

ئەڭ دەسلەپكى پەيت ھەقىقەتەن قورقۇنچلۇق ئىدى. شەھەر ئىچىدىكى قوزغىلاڭچىلار توپ ئوقلىرىنىڭ دەھشەتلىك پارتلاش سادالىرى ئىچىدە مەڭدەپ، ئالاقزادە بولۇپ كېتىشتى. قورقۇپ خۇدىنى يوقاتقان بەزى كىشىلەر پارتلاش سادالىرى ئىچىدە نېمە قىلىشىنى بىلمەي، بېشى قايغان تەرەپكە ئۆزلىرىنى ئېتىشاتتى. كىشىلەر بىر - بىرىنىڭ ئىسىملىرىنى ئاتىشىپ چاقىرىشاتتى. ۋىڭىلداپ ئۇچۇپ كېلىۋاتقان زەمبىرەك ئوقلىرى كوچىلارغا، ئۆيلەرنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ، ۋاللىدە نۇر چاقنىتىپ قاراڭغۇلۇقنى يورۇتاتتى - دە، غايەت زور ئاۋاز چىقىرىپ گۈلدۈرلەپ پارتلايتتى. شەھەرنىڭ ھەممىلا جايى ئىس - تۈتەك ۋە قالايمىقانچىلىقلار بىلەن تولغان، ئاتلار ئۈركۈشۈپ سەكرىشەتتى. ساق كىشىلەر ياردار بولۇپ يىقىلغانلارنى دەسسەپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈشەتتى. بىراق، تاڭ سۈزۈلۈشكە ئەگىشىپ ئالاقزادە بولۇپ يۈرۈشكەن بۇ كىشىلەر ئاخىر ئۆزلىرىنى تۇتۇۋېلىشتى. ئۇلار توپ ئوقلىرىنىڭ پارتلاش سادالىرىغا كۆنۈپ قېلىشتى. يەرگە چۈشۈپ پارتلاۋاتقان توپ ئوقلىرىنىڭ قۇلاق - مېڭىنى يەپ كېتىدىغان دەھشەتلىك پارتلاش سادالىرى ئەمدى ئۇلار ئۈچۈن قورقۇنچلۇق تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالدى. بيەن تاخەينىڭ شەھەردىكى غەلىيانچىلارنىڭ يۈرىكىنى مۇجۇپ تاشلاش يۈزىسىدىن شەھەرنى شىددەت بىلەن توپقا تۇتۇشى ئارقىسىدا، قوزغىلاڭچىلار تېخىمۇ قەيسەرلىشىپ، تېخىمۇ جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. ھەتتا ئىككى مىڭدىن ئارتۇق قوزغىلاڭچى شەھەر ئىچىدىن ئات سېلىپ چىقىشىپ، بيەن تاخەينىڭ بەش يۈز چېرىكىنىڭ ۋەتۋەرىكىنى چىقىرىۋەتتى. مەغلۇپ بولغان بيەن تاخەي شۇ قاچقانچە ئاقسۇغا كېلىپ،

سېپىلنى تاقىۋالغاندىن كېيىن ئاندىن يۇرتقا كىرگۈزۈپ ئۆز ئورنىغا چۈشتى![1]

ئاشۇ دەۋردىن بىر قەرنە كېيىن ياشاپ، بۇ ۋەقەلەرنى ئۆز قۇلىقى بىلەن ئاڭلاشقا مۇيەسسەر بولغان شائىر، تارىخشۇناس موللا شاكىر ئۆزىنىڭ «زەپەرنامە» دېگەن داستانىدا شۇ قېتىمقى ئۇرۇش توغرىسىدا مۇنداق دەپ يازغانىدى:

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

شوتا بىرلە يۈكۈردى تامام،
بۇ مۆلجەر تەرەپتىن ھەممە خاسۇ ـ ئام.
بۇ مەنچىڭلار مۆلجەر تەرەپتىن قاچىپ،
شەھەرگە ياغى كەلدى، دەپ قىچقىرىپ.
سۇرەن بىرلە قىقاس مەغلۇبەسى،
ئوت ئالماي پىلتىدىن دارىسى.

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

بۇلار ئالدىراپ ئاغزىدىن ئوت ياقىپ،
قۇيۇپ ئەردىلەر نەچچە تۈلۈك دارى.
ئو ئالدى تەيپو جاڭجۈك پورى،
بىراق گۈركىرەپ تەۋرىدى يەر ـ جاھان،
تۈتۈن بىلەن ئوت پۈرقىرار ئاسمان.
بۇ مەنچىڭلاردىن قالمىدى ھېچ ئەسەر،
ھەممە جەھەننەمگە قىلدى سەپەر.
چىقىپ ئاسمانغا بولۇتتەك تۈتۈن،
چۈشەر پارە ـ پارە، ئەمەس بىر پۈتۈن.
ھاۋادىن چۈشەر نەچچىسى نىمجان،

---

[1] بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى» نىڭ داۋامى، 29 ـ جىلد 27 ـ بەت. چەنلۇڭنىڭ 30 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى خان يارلىقىغا ۋە زىلى ۋېنۋۇ يازغان «جۇڭگونىڭ غەربىي يۇرتنى ئىدارە قىلىش تارىخى» دېگەن كىتابىنىڭ «ئۇچتۇرپان يىغىلىقىنىڭ ئۆتمۈشى» دېگەن قىسمىغا قاراڭ. بۇ كىتاب 1936 ـ يىلى 11 ـ ئايدا شاڭخەي نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

بۇيان قوشتېغى①، مەھەللە ئەنجان②،
بۇ دۇلدۇل ئوقۇر③ بەزىسى تاش ئارا.
پۇتى يوق، قولى يوق سۆكەنلەر تولا،
بۇ ماچاڭ④ تەرەپتە قارا باغ يولى⑤.
ياتۇر دۈمبىسى بىرلە ئىككى قولى.

قوزغىلاڭ بارغانسېرى كېڭىيىپ، ئىسيان يانغىنى ھەممە يەرنى قاپلىغىلى تۇردى. رەھمىتۇللا بەگ رەھبەرلىكىدىكى ئۇچتۇرپان قوزغىلاڭچىلىرى ئاقسۇ ئامبىلى بيەن تاخەي ۋە كۇچا خان ئامبىلى ئاباۋ قوماندانلىقىدىكى مانجۇ قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمىنى ئارقا - ئارقىدىن مەغلۇپ قىلدى.

ئۇچتۇرپاندا غەلىيان چىققاندا خاقانى چىن چەنلۇڭ كۇڭزىنىڭ توپا بېشىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن سەندۇڭ ئۆلكىسىدىكى چۈيفۇ دېگەن يەرگە كەتكەنىدى. ئۇ غەلىيان خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال سەندۇڭدىن ئاستانىدىكى ئوردىسىغا قايتىپ كەلدى ۋە ئۇچتۇرپان يېغىلىقىنى قانداق بېسىقتۇرۇش ھەققىدە قارا دىۋان ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. بىراق، خاقانى چىن چەنلۇڭ بۇ غەلىيانچىلارنىڭ ئۇۋۇسىغا ياغاچ تىقسا پىتىراپ كېتىدىغان چۈمۈلە ئەمەسلىكىدىن خېلى ئوبدانلا خەۋىرى بار ئىدى. شۇڭا، ئۇ دەرھال قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى ناشتۇڭنى قوشۇن باشلاپ كېلىپ، بيەن تاخەي بىلەن ئاباۋغا ياردەم قىلىشقا بۇيرۇدى ھەمدە ئىلى جاڭجۈنى مىڭرۇي بىلەن مۇشاۋىر سانغۇن ئاگۇيلارغا لاۋ - لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ ئۇچتۇرپاننى دەرھال قورشاپ، كېچە - كۈندۈز ھۇجۇم قىلىپ، شەھەرنى غەلىيانچىلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش ھەققىدە ئىجراسى قاتتىق، سۈرۈكى ئېنىق پەرمان

① ②③④⑤مەھەللىلەرنىڭ نامى. ھەممىسى مۇلجەر تاغنىڭ ئەتراپىدا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۈشۈردى . . .

*　　　*　　　*

چەنلۇڭنىڭ بۇنداق تېز قارارغا كېلىشىگە نېمە سەۋەبچى بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن گەپنى باشتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

قارا دىۋان ۋەزىرى خېشېن قولىدىكى خوراز قاناتلىق جىددىي مەلۇماتقا قاراپ نېمە قىلىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. بۇ ئالتە يۈز چاقىرىملىق جىددىي مەلۇمات پەرۋانچى، ياندىش باشبۇغ، قەشقەر ياردەمچى خان ئامبىلى بەيكۇندىن كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى ئۇچتۇرپان دېگەن مۇسۇلمان شەھىرىدە مانجۇ سەلتەنىتىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن ئىسيان ھەققىدە مۇپەسسەل مەلۇمات بېرىلگەنىدى:

«. . . چەنلۇڭنىڭ 30 - يىلى كەبىسە قەمەرىيە 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى[1] كېچە ئۈچ جېسىڭ بولغان مەھەلدە، ئۇچتۇرپان شاغىبېگى رەھمەتۇللا قاتارلىقلار گەدەنكەش چەنتۇلارنى باشلاپ كېلىپ، خان ئامبال يامۇلىنى كۆيدۈرۈۋەتكەن. ئىسيانچىلار سۇ دارىن باشلىق ھۆكۈمەت لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكەن. ھاكىمبەگ ئابدۇللانى قاماپ قويغان. بۇ ئىشنىڭ سەۋەبى ئەسلىدە مۇنداق ئىكەن: قەمەرىيە 2 - ئاينىڭ 14 - كۈنى جىگدە ئالۋىڭىغا تۇتۇلغان ئىككى يۈز قىرىق ھاشارچى يىگىرمە تۆت تۇلۇڭ جىگدىنى كۆتۈرۈپ يولغا چىقماقچى بولغان. شاغىبەگ رەھمەتۇللا ئۆزىنىڭ بىر يايىسىنى ھاكىمبەگ ئابدۇللانىڭ قېشىغا جىگدىلەرنى قەيەرگىچە يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى سوراپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىكەن. ھاكىمبەگ

[1] مىلادى 1765 - يىلى 5 - ئاينىڭ 5 - كۈنى.

ئابدۇللا: «مۇشۇنچىلىك ئىشقىمۇ مېنى ئاۋارە قىلامسەن؟» دەپ ھېلىقى يايىنى ئوتتۇز قامچا ئۇرغۇزغان. بۇ چەنتۇ يايى نائىلاج گۇمرۇك ـ تەمتەكخانىنىڭ زەڭگىسىدىن يولىيورۇق سورىغاندا، بۇ زەڭگىمۇ «سوراشقا تېگىشلىك بولمىغان ئىشنى مېنىڭدىن سورامسەن» دەپ، ئۇنى يەنە ئوتتۇز كالتەك ئۇرغۇزغان. شۇنىڭ بىلەن ھاشارچى چەنتۇلار دىلىغۇل بولۇشۇپ غەلىيان كۆتۈرمەكچى بولۇشقان. شاغىبەگ رەھمىتۇللا ئاغلاقچى قاسىم خوجا بىلەن غەلىيان كۆتۈرۈشنى مەسلىھەتلەشكەن. قاسىم خوجا ھاكىمبەگ ئابدۇللاغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزگەن ۋە ئۇنىڭدىن بۇ ئىشنى سۇ دارىنغا خەۋەر قىلىپ قويۇشنى ھاۋالە قىلغان. بۇ چاغدا رەھمىتۇللا بەگ قاتارلىقلار غەلىيانچى ئالامىنى باشلاپ كېلىپ ھاكىمبەگ ئابدۇللانى تۇتۇۋالغان ۋە شەھەردىكى چەنتۇلارنى مانجۇ سەلتەنىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇتراتقان. ئۇلار: «... ھازىر قالماق تۆرىسى ئامۇرسەنا ۋە خان خوجام خوجا جاھان بىلەن بۇرھانىدىن خوجاملار لاۋ ـ لەشكەرلەرنى باشلاپ كېلىۋاتىدۇ. بىزگە: لەنىتى مەنچىڭلارنى قىرىڭلار، دەپ ئەمىر قىلدى!» دەپ ئۆسەك سۆز تارقاتقان. چەنتۇلار تۇشمۇ ـ تۇشتىن قوزغىلىپ ھۆكۈمەت خادىملىرى بولغانلىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى تۇتۇپ كېلىپ ئۆلتۈرۈپ تۈگەتكەن. خان ئامبال سۇچىڭ ئۆزىنى دەرەخكە ئېسىپ ئۆلتۈرۈۋالغان. غەلىيانچىلار يېزا ـ قىشلاقلاردىكى چەنتۇلارنىڭ ھەممىسىنى شەھەرگە ھەيدەپ ئەكىرىۋالغان!...»

جەنۇبتىكى مۇسۇلمانلار يۇرتىدا ئىسيان يالقۇنى كۆتۈرۈلگەنلىك خەۋىرى بىردەمدىلا خاقانى چىن ئوردىسىنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. بىراق، بۇ چاغدا خاقانى چىن چەنلۇڭ دارۇ سەلتەنەت بېيجىڭدا ئەمەس ئىدى. ئۇ كۇڭزىنىڭ تۇپراق بېشىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن چۈيفۇ دېگەن يەرگە كەتكەنىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەسلىدە، چەنلوڭنىڭ گۇلۇن خېجىك دېگەن خانىكەسىدىن تۇغۇلغان بىر ئامراق قىزى بار ئىدى. بۇ قىز تۇغۇلغاندا ئوردا رەسەتبېگى يۇلتۇزلارغا قاراپ پال بېقىپ، «خان بۇ مەلىكىسىنى نەسەب ۋە ھەسەبتە ئۆزىدىنمۇ ئۈستۈنرەك مەرتىۋىگە ئىگە بولغان بىرەر خانىدانىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلغاندا، ئاندىن بۇ مەلىكە خېيىمخەتەردىن خالىي بولالايدىكەن» دېگەنىدى. رەسەتبېگىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلىغان چەنلوڭ بۇ مەملىكەتتە نەسەب ۋە ھەسەبتە كۇڭزى جەمەتىدىن باشقا ئۆزىدىنمۇ ئۈستۈن مەرتىۋىگە ئىگە بىرەر خانىدانىنىڭ يوقلۇقىنى ئېسىگە ئالدى. چۈنكى، خاقانى چىن چەنلوڭ مۇشۇ سۇلالە ۋە مۇشۇ دەۋراندا مەملىكەت بويىچە ئەڭ ئاقسۆڭەك ھېسابلىناتتى. ھالبۇكى، كۇڭزى جەمەتى بولسا تارىختىن بۇيانقى ھەر قايسى سۇلالىلەر ۋە ھەرقايسى دەۋرانلار بويىچە نەسەب ۋە ھەسەبتە ھەممىدىن چوڭ ئاقسۆڭەك ھېسابلىناتتى. خان كۇڭزىنىڭ تۇپراق بېشىنى تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن ھەر قېتىم چۈيفۇغا كەلگەندە، كۇڭزىنىڭ بۇتى ئالدىدا تەزىم قىلاتتى. ۋەھالەنكى، بۇنداق شان ـ شەرەپتىن بىر خان، بىر كۇڭزىلا بەھرىمەن بولالايتتى. شۇڭا، خاقانى چىن چەنلوڭ ئۆزىنىڭ ئامراق قىزىنى كۇڭزىنىڭ يەتمىش ئىككىنچى ئەۋلاد نەۋرىسى بولغان كۇڭ شەنپېيگە ياتلىق قىلماقچى بولدى. بىراق، شۇ چاغلاردا بۇ مەملىكەتتە مانجۇلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىشى مەنئى قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن، چەنلوڭ قىزىنى دارىلئولۇمنىڭ يانداش مىرزىسى، تۇتۇن ـ سېلىق پىرقىسىنىڭ دىۋانبېگى يۇمىڭجۇڭغا «ئاتاق قىز» بولۇشقا ئەمىر قىلدى، ئاندىن يۇ خانىدانىنىڭ قىزى سۈپىتىدە بۇ مەلىكىسىنى كۇڭ جەمەتىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلدى.

مەلىكە ياتلىق قىلىنغاندا، ئۇنىڭ تويلۇق مېلى بېسىلغان نەچچە يۈز ھارۋا ئۈچ ئايغىچە ئاستانە بېيجىڭدىن چۈيفۇغىچە ھەر كۈنى دېگۈدەك باپكارنىڭ موكىسىدەك توختىماي قاتناپ تۇردى.

مەلىكىنىڭ كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەتلىرى قاچىلانغان ساندۇقلا نەچچە مىڭغا يەتكەندى. ھەر خىل مەرغۇپ تاشلاردىن ياسالغان ئېسىل مەنزىرە، دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلار، مارجانلار ھەمدە قاشتېشى، پىل چىشىدىن ياسالغان ئۆي جاھازلىرى؛ ئادەمگىيا- مېھرىگىياھ قاتارلىق ئالەمدىكى تۈرلۈك - تۈمەن بىباھا دەپىنى - دۇنيالارنىڭ ھەددى - ھېسابى يوق ئىدى!

مەلىكە كۆكزى جەمەتىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلىنغاندا، ھەرەمبەگلىرىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەندى. خاقانى چىن چەنلۇڭ يەنە يەتتە يېزا، سەككىز قىشلاق، ئون ئىككى جاگىرنى قىز مېلى سۈپىتىدە تېرىپ - ئېكىپ يېيىشى ئۈچۈن مەلىكىگە سوۋغات قىلىپ بېرىۋەتكەندى! بۇ يېزا - قىشلاق، بازار - گۇزەرلەردىن كىرىدىغان كىرىملەرنىڭ ھەممىسى مەلىكىنىڭ خۇسۇسىي دارامىتى بولۇپ، چاكار - غالچىلارنىڭ تەمىناتىغا سەرپ قىلىناتتى.

مەلىكە كۆكزى جەمەتىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىن خاقانى چىن چەنلۇڭ، خانىكە گۈلۈن خېجىك خېنىم ۋە شاھ سانىيە شاۋشيەن ئايىملار ھەمىشە چۇيفۇغا خان قىزىنى كۆرگىلى كېلىپ تۇرىدىغان بولدى. ئوردا تۇرمۇشىدىن زېرىككەن چەنلۇڭ بۇ قېتىممۇ كۆكزىنىڭ تۇپراق بېشىنى تاۋاپ قىلغاچ، ئامراق قىزىنى يوقلاپ چۇيفۇغا كەتكەنلىكتىن، قارا دىۋان ۋەزىرى ئالتە يۈز چاقىرىملىق جىددىي مەلۇماتنى كۆتۈرۈپ شاھ سانىيە شياۋشيەن ئايىم تۇرۇشلۇق پىنھانىي شاپائەت ھەرىمىگە قاراپ ماڭدى.

«سىنىڭگۇڭ» دەپ ئاتالغان بۇ پىنھانىي شاپائەت ھەرىمى مىڭ سۇلالىسىنىڭ خۇڭۋۇ يىللىرى[1] ياسالغان بولۇپ، ئەسلىدە

① مىڭ تەيزۇ - جۇيۈەنجاڭنىڭ سەلتەنەت يىلنامى، مىلادى 1368 - يىلىدىن 1398 - يىلىغىچە جەمئىي 31 يىل داۋام قىلغان.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىككى ئىشىكلىك، ئىككى گۈمبەزلىك بىر قەسىرە ئىدى. خېشىن ھەرەم ئەتراپىدا بىردەم كۈتۈپ تۇرۇپ، شاھ سانىيەنىڭ باش كېنىزىكى بىلەن روبىرو كېلىشكە مۇۋەپپەق بولالىدى. كېنىزەك مەلۇم قىلغىلى ھەرەم ئىچىگە كىرىپ كېتىپ بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ھېچكىم يوق بىر يۆلەك بىلەن ئۇنى باشلاپ ماڭدى. خېشىن كېنىزەكنىڭ ئارقىسىدىن پۇسۇرلاپ مېڭىپ، چۆرە قىزلار ئۆرە تۇرۇشقان زالنى بېسىپ ئۆتتى ۋە ياغاق ياغىچىدىن ياسالغان يۆلەنچۈكلۈك كۇرسىلار قويۇلغان تولىمۇ گۈزەل، ياسىداق بىر بۆلمىگە كىردى. ئۇ كۆردىكى، تۆردىكى شاھ سۇپىنىڭ كەينىگە دالچىن ياغىچىدىن ئويما نەقىش ئىشلەپ ياسالغان بىر شىرما قويۇلغان، شىرمىنىڭ ئالدىدا پىل چىشىدىن ياسالغان يوغان بىر مانجۇچە كات قويۇقلۇق ئىدى. بۆلمىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئەينەكلىك يوغان دېرىزىلەر ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەن. دېرىزىلەرگە تارتىقلىق دەرپەردىلەر سالقىن شامالدا مەيىن لەپىلدەپ تۇراتتى. تۆردىكى مانجۇچە كات ئۈستىدە قاتمۇ قات شايى كۆرپىلەر ئۈستىدە ياشانغان بىر ئايال — شاھ سانىيە شاۋشيەن ئايىم يانپاشلاپ ياتاتتى. يەتمىش ـ سەكسەنلەرگە كىرىپ قالغان بۇ موماينىڭ قەددى ـ قامىتىدىن، سوزۇنچاق يۈزىدىن، ھەتتا كىيىنىشلىرىدىنمۇ بىر خىل يوشۇرۇن گۈزەللىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزى ۋىجىككىنە بولسىمۇ ئەمما زوۋۇلىسى پىششىق، كۆزلىرى ئۆتكۈر چاقناپ تۇراتتى.

خېشىن شاھ سانىيەگە كۆزى چۈشۈشى بىلەنلا ئىككى پۈكۈلۈپ تەزىم بەجا كەلتۈردى. شاھ سانىيە ئۇنىڭ تەزىمنى ئىلىك ئالغاندەك قىلىپ ئورنىدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ قويدى ۋە ئولتۇرۇشقا ئىجازەت بەردى.

ئالدىنقى قېتىم خېشىن ئىپارخانىنىڭ سەۋەبىدىن ئاچىسى شاھ سانىيە شياۋ شيەن ئايىمدىن دەككىسىنى ئىشىتكەندىن بېرى، ئۇنىڭدىن خېلىلا تەپتارتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا،

شاھ سانىيەنىڭ سۆز باشلىشىنى كۈتۈپ، ھودۇقۇپ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىم ئولتۇردى.

— خېشىن، مېنى ئىزدىشىڭ نېمە ۋەجىدىن؟ — دەپ سورىدى شاھ سانىيە چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ.

— جانابىي شاھ سانىيە ئالىيلىرىنىڭ مۇبارەك تەنلىرى ساق، دىللىرى شادمىكىن؟ — دەپ مۇراجىئەت قىلدى خېشىن ئاچىسى شياۋ شيەن ئايىمغا.

— ئاسمان تەڭرىسىگە مىڭ قەترە شۈكرى، — دېدى شاھ سانىيە ئۇزۇن ئالتۇن تىرناق بىلەن قاپلانغان بارماقلىرى بىلەن چاچلىرىنى تۈزىتىپ تۇرۇپ، — خان تېخى چۈيفۇدىن ئوردىغا قايتمىغاندۇ؟

— ئانھەزرىتىمگە مەلۇم بولغايكى، پۇشتىپاناھ تېخى چۈيفۇدىن ئوردىغا قايتمىدى، — دېدى خېشىن ئالدىراپ جاۋاب بېرىپ، — پېقىر قۇللىرى خېشىن جانابىي ئۇلۇغ خېنىم ئالىيلىرىنى بىمەھەل ئاۋارە قىلغانلىقىم ئۈچۈن ئۆلۈمگە مەھكۇممەن. بىراق، بۇ ئىش مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ چېگرا ـ ھۇدۇتلۇقىنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكىگە مۇناسىۋەتلىك زور ئىش بولغانلىقتىن، سىلىنى ئاۋارە قىلماي تۇرالمىدىم. كەچۈرگەيلا، شاھ سانىيە ئالىيلىرى، ياشىغايلا، ياشىغايلا، مىڭ يىل ياشىغايلا!

— قارا سېنى، شۇنچە ھولۇقۇپ كەتكىنىڭدىن قارىغاندا، بۇ چوڭ ئىش بولسا كېرەك؟ — دېدى شاھ سانىيە ئورنىدىن تۈزلىنىپ.

شاھ سانىيە ئۆزىنى مانجۇ سەلتەنىتى ۋە ئىسسىنگورۇلار خاندانى ئۈچۈن قايغۇ يەيدىغان بىر ئىستىبداتلىق مەلىكە قىلىپ كۆرسىتىشنى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا، بۇگۇنمۇ شۇ ئادىتى بويىچە ئەلدىكى ئەھۋال توغرىسىدا سورىدى.

— ئادالەتتە يېگانە بولغان پۇشتىپاناھ ۋە سىلىدەك ئەقىلدە كامالەتكە يەتكەن شاھ سانىيەنىڭ شاراپىتىدە پۈتكۈل ئەلدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پەرۋانىچىلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە. بۆرە بىلەن قوي بىر ئېرىقتا بىللە سۇ ئىچمەكتە. كەپتەر بىلەن قۇرغۇي بىر كۆۋۈكتا بىللە بالا چىقارماقتا! . . .

مەككار خېشىن خاقانى چىن چەنلۇڭ بىلەن شاھ سانىيە شياۋشيەن ئايىمنى چىرايلىق سۆزلەر بىلەن ماختاۋاتقاندا، جايى كەلگەندە بۇ يولدا كۆرسەتكەن ئۆزىنىڭ خىزمەت ـ تۆھپىلىرىنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈشنى ئۇنتۇپ قالمىدى. شاھ سانىيە بىردەم بېزەكلىرى ۋە چاچلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇپ، بىردەم دېرىزىدىن جىمجىت باغۇ ـ ئېرەمگە قاراپ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى پەرىشانلىق بىلەن تىڭشاپ ئولتۇردى.

— مەلىكەم، ئاڭلىدىلىمىكىن، — دېدى خېشىن سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — جەنۇبتىكى يېكەندىن تەسەررۇپ قىلىنىۋېلىنغان مۇسۇلمان چەنتۇلار يۇرتىدا ئىسيان يالقۇنى كۆتۈرۈلۈپتۇ! ئۇچتۇرپان دېگەن يۇرتتا غەلىيان كۆتۈرگەن چەنتۇلار ئامبالنى ئۆلتۈرۈپ، شەھەرنى تارتىۋاپتۇ ـ دەك!

— غەلىيان چىقىشىغا نېمە سەۋەب بولغانلىقىنى بىلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى شاھ سانىيە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ.

— قۇللىرىغا مەلۇم بولۇشىچە، — دېدى خېشىن ئالاق ـ جالاق بولۇپ ئەتراپىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن، — غەلىيانغا جىگدە ئالۋىنى بىۋاستە سەۋەب بولغاندەك قىلىدۇ!

— جىگدە ئالۋىنى دېگەن نېمە ئۇ؟! . . .

— جانابىي شاھ سانىيە ئالىيلىرى، بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى پۇشتىپاناھ چەنتۇلار ئېلىدىن كەلتۈرۈلگەن بىر ئۇرۇش ئەسىرەسىنى ئۆز ھەرىمىگە ئالدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ خاس كېنىزەكلىرى قاتارىدىن ئورۇن بەرگەنلىكى مۇبارەك ئەسلىرىدە بارمىكىن؟ — دېدى خېشىن ئەيمىنىپىرەك.

— ھېلىقى «ئىپارخان» دېگەن چەنتۇ كېنىزىكىنى

دەمسەن؟ !
— ھەببەللى، ئاپىرىن، شاھ سانىيەنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن!
— ھە، ئىپارخان نېمە بوپتۇ؟ ئەزمەڭنىي ئەزمەي، بولمامسەن تېز!
— قۇللۇق، ئانھەزرىتىم، پۇشتىپاناھ ئالىيلىرى ئاشۇ چەنتۇ كېنىزىكىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇش ئۈچۈن، ئۆتكەن يىلى ئۇنىڭ ئۆز يۇرتى بولغان ئۇچتۇرپان شەھىرىنىڭ خان ئامبىلى سۇچېڭغا يىگىرمە تۆت تۇپ جىگدىنى تېگى بىلەن تۇڭغا ئولتۇرغۇزۇپ تۇتقۇزغاندىن كېيىن بۇ يىل ئەتىيازدا ئاستانىمىز بېيجىڭغا يەتكۈزۇپ كېلىش ھەققىدە پەرمان چۈشۈرگەنىدى. ھالا بۈگۈن، ئول گەدەنكەش چەنتۇلار مانجۇ خانىنىڭ بۇ پەرمانىغا بويسۇنۇشتىن باش تارتىپ غەلىيان كۆتۈرۈپتۇ!
— مەن ئۆز ۋاقتىدا «بۇ چەنتۇ كېنىزىكنىي دەرھال يوقىتىڭلار. بولمىسا قەدىمكى زاماندىكى ساھىبجامال شىشىدەك، تاجۇ ـ تەختىمىزگە زامىن بولىدۇ!» دەپ ئېيتماپمىدىم؟ ! قارا، دېگىنىمدەك بولمىدىمۇ؟
— قۇللىرىنىڭ بىلىشىچە، . . . — دەپ خېشىن دۇدۇقلاپ توختاپ قالدى شاھ سانىيەنىڭ ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ.
— سۆزلىمەي نېمىگە دۇدۇقلايسەن؟ سۆزلە، يەنە نېمە گەپ بار؟ !
— قۇللۇق، قۇللىرىنىڭ بىلىشىچە، بۇ قېتىمقى غەلىيانغا سەۋەبچى بولغان جىگدە ئالۋىنىدىن سىرت يەنە باشقا سەۋەبمۇ باردەك قىلىدۇ.
شاھ سانىيە كۆزىنى ئالايتتى — دە، ئۇنىڭ سۆزلىشىنى كۈتۈپ جىم تۇردى.
— قۇمۇللۇق ھاكىمبەگ ئابدۇللا پۇقرالارغا زادىلا كۆيۈنمەيدىكەن، — دېدى خېشىن شاھ سانىيەنىڭ ئۇندىمىگەنلىكىنى كۆرۈپ، — ساپلا قوتۇر بايتال، ئورۇق

www.uyghurkitap.com

ئىنەك، چىچقاق قوزىلارنى چەنتۈلارغا تۆمۈر مال قىلىپ بېرىپ، ئوتتۇرىدىن پايدا ئالىدىكەن. خان ئامبال سۇچېلىڭ دارىن ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرىنى سۈرۈشتە قىلماق تۇگۇل، ئۆزىمۇ، ئۇنىڭ ئوغلىمۇ چەنتۈلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنى ئوردىسىغا ئەپكىرىۋېلىپ خوتۇن قىلىپ كۆڭۈل ئاچىدىكەن. قارا چېرىكلەرمۇ ھە دېسىلا چەنتۈلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىغا چېقىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ بۇ ناشايان ئىشلىرىمۇ بۇ قېتىمقى غەلىيانىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان ئىشلارنىڭ بىرى ئىكەن[1]. ئۇنىڭدىن باشقا، ھۆكۈمەت ئىشخانىلىرىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ مائاش - كۇلىياگى ھەر قېتىم تولۇق بېرىلمەي تۇتۇپ قېلىنغانلىقتىن، ئۇلار بۇ پۇللارنى چەنتۈلارنىڭ ئۈستىگە چېچىپ، ئالۋان سېلىپ يىغىۋالىدىكەن. بولۇپمۇ، قارا چېرىكلەر چەنتۈلارنى بەك ئانىي تاپىدىكەن، چەنتۈلار ئۇلار بىلەن زاكۇنلىشىشقا جۈرئەت قىلالماي دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، خەپ دەپ يۈرۈشىدىكەن. سۇچېلىڭ ئاتا - بالا ئىككىسىمۇ بەك ھەددىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ. . . ئۇلار خالىغىنىچە چەنتۈلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىنىڭ نومۇسىغا تېگىدىكەن. بەگلەرنىڭ خوتۇنلىرى ئارىسىدا رەڭگىرويى سەل جايىدا، ياشراقلىرىنى كۆرۈپ قالسىلا، دەرھال ئوردىسىغا چاقىرتىپ قوندۇرۇۋالىدىكەن. بۇ قېتىم جىگدە ئالۋىنىدا، سۇچېلىڭ ئېرىغ ماللىرىنى ئوغلى بىلەن قوشۇپ يۇرتىغا ماڭغۇزماقچى بولۇپ، پۇتۇن يۈك - تاقلىرىنى ھاشارچى چەنتۈلارغا كۆتۈرتۈپ ماڭغۇزۇپتۇ. بۇ ھاشارچىلارغا شاغىبەگە رەھمەتۇللانى باش قىلىپتۇ. ئۇلار يولغا چىقىشى بىلەن تەڭلا، سۇچېلىڭ رەھمەتۇللا بەگنىڭ چوكىنىنى ئوردىسىدا قوندۇرۇۋاپتۇ. بۇ غەلىيان مۇشۇ ۋەجىدىن چىققان غەلىيان

---

[1] «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى» نىڭ داۋامى، 30 - جىلد 7 - بەت. چەنلۇڭنىڭ 30 - يىلى 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، بەيكۈن يوللىغان قاتلاق مەكتۇپقا قارالسۇن.

ئىكەن! [1]

— قارا دىۋان ئابدۇللا دېگەن چەنتۇ ھاكىمبېگىنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ئىنقىلاپ باقتىمۇ؟ — دەپ سورىدى خېنىمىدىن، ئىشىنىڭ ھەرگىزمۇ ئۆزى ئويلىغاندەك ئاددىي ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغان شاھ سانىيە.

— قۇللىرىنىڭ بىلىشىچە، — دېدى خېنىم دەرھال، گەپنىڭ جىگىدە ئالۋىنىدىن باشقا تەرەپكە يۆتكەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، — قولغا چۈشكەن بىر غەلىيانچىنىڭ ئىقرار قىلىشىچە، ئىلگىرى ئىلىغا بوز ئىچىشقا ئەۋەتىلىدىغان چەنتۇلارغا ئات - ئۇلاغ ۋە ئوزۇق - تۈلۈكلەر سېتىپ بېرىلىدىغان چاغدا باھاغا سۈندۇرۇلمايدىكەندۇق. شۇڭا، ئابدۇللا بەگ تۆت يۈز تۇياق ئورۇق - ئۇششاق، چىچقاق قوزىلارنى چەنتۇلارغا ھەر بىرىنى تۆت سەر كۈمۈشكە ھېسابلاپ مەجبۇرىي سېتىپ بېرىپتۇ. بۇنىڭدىن كىرگەن پايدىنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئۆلگۈر قۇمۇللۇقلارنىڭ چۆنتىكىگە كىرىپ كېتىپتۇ! ھېلىقى غەلىيانچى يەنە مۇنداق دەپتۇدەك: «بىز خاقانى چىنغا ئەل بولغىلى ئۇزاق زامان بولدى. ھۆكۈمەتكە قارشى غەلىيان كۆتۈرۈشكە ھەددىمىزمۇ بىزنىڭ؟ بىراق، ئاشۇ ئۆلگۈر قۇمۇللۇقلار بىزنى تولا ئانىي تېپىپ كەتكەنلىكتىن، نائىلاج بۇ ئېغىر گۇناھلىق ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق. بىزدە نېمە ئامال بولسۇن؟» [2]

— مەلۇمكى، ئانا دېگەننىڭ كۆڭلى ئۈچۈن ئۆز پەرزەنتىنىڭ بەختى - سائادىتىدىن ئۆزگە ھېچقانداق شادلىق ۋە راھەت بولمايدۇ! — دېدى شاھ سانىيە ئويلىنىپ تۇرۇپ، — ئۇنداق بولغاندىكىن، خان ئوغلۇم ئۈچۈن ئايال بېشىمغا

---

[1] «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى» نىڭ داۋامى، 29 - جىلد، 26 -، 27 - بەت. چەنلۇڭنىڭ 30 - يىلى 3 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، يارلىق.

[2] «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى» نىڭ داۋامى، 28 - جىلد، 23 -، 24 - بەتلەرگە قارالسۇن؛ «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 731 - جىلد، 10 - بەت. چەنلۇڭنىڭ 30 - يىلى كەبىسە 2 - ئاينىڭ 8 - كۈنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قايغۇرمىسام بولماس ئىكەن. بۇ ئىش سەلتەنىتىمىزنىڭ چىگرا ـ ھۇدۇتلۇقىنىڭ ئەمىنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك زور ئىش ئىكەن. شۇڭا، قارا دىۋان دەرھال پۇشتىپاناھقا خەۋەر يەتكۈزسۇن ۋە جانابىي ئالىينى دەرھال ئاستانىگە ـ ئوردىغا قايتىشنى تەۋسىيە قىلسۇن! مېنىڭ پىكرىم ئۆزۈڭگە ئۇقۇشلۇق بولدىمۇ؟ — دەپ شاھ سانىيە قايغۇلۇق نەزەرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدى ۋە:

— بىراق، بۇ غەلىيانغا سەۋەبچى بولغان ئىپارخان دېگەن چەنتۇ كېنىزىكىنى كۆزدىن نېرى قىلماي بولمايدىغاندەك قىلىدۇ! خېشىن، سېنىڭچە مۇشۇنداق قىلساق بولارمۇ؟

— قۇللۇق، شاھ سانىيە جانابىي ئالىيلىرىنىڭ دانا پىكىرلىرى قۇللىرىنىڭ كۆڭلىگە ئاپتاپتەك روشەندۇر!، — دېدى خېشىن دەرھال تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، — سىلىنىڭ بىر جۈملىسى مىڭ تىللاغا ئەرزىيدىغان بۇ سۆزلىرى مەنتىقە ئىگىلىرى ئۈچۈن بىباھا سۆز دۇردانىلىرىدۇر! ئەقىل ـ پاراسەتلىرى ئاقىل ـ دانالار ئىدرىكىنىڭ مەرغۇپ گۆھەرلىرىدۇر! قايىلدۇرمەن، ھەقىقەتەن قايىلدۇرمەن! پەقىر پۇشتىپاناھ ھەزرەتلىرىگە قانداق قۇل بولغان بولسام، سىلى شاھ سانىيە ھەزرىتىمگىمۇ شۇنداق قۇلدۇرمەن! مەن دەرھال قۇش بولۇپ ئۇچۇپ، ئىت بولۇپ يۈگۈرۈپ، شاھ سانىيە ئالىيلىرىغا پەرمانبەردار بولغايمەن! ياشىغايلا، ياشىغايلا، مىڭ يىل ياشىغايلا!

— بۇ گېپىڭ خېلى ئورۇنلۇق بولدى. بىز ھەممىمىز مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكى ۋە ئىسىنگورو خانىدانىنىڭ مەڭگۈ سەلتەنەت سۈرۈشى ئۈچۈن تىرىشىمىقىمىز لازىمدۇر! مەن ئەمدى ئارام ئالاي. سەن قايتساڭ بولىدۇ، — دەپ شاھ سانىيە قولىنى سىلكىدى.

خېشىن تەزىم قىلىپ خوشلاشتى.

*　　　*　　　*

خان ئوغلى چەنلۇڭنىڭ تېخى چۇيفۇدىن ئاستانىگە قايتمىغانلىقىدىن خەۋەر تاپقان شاھ سانىيە دەرھال كېنىزەكلەرگە:

— خاس ئۆينى ئالاھىدە گىلەم - كېچەك، زىبۇ - زىننەتلەر بىلەن بېزەڭلار. ناھايىتى ئوخشىتىپ مۇسۇلمانچە غىزا تەييارلاڭلار! — دەپ بۇيرۇدى. كېنىزەكلەر ھەش - پەش دېگۈچە شاھ سانىيەنىڭ پەرمانىنى ئادا كەلتۈرۈشتى. جىمى تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن شاھ سانىيە ئۆزىنىڭ يېقىن كېنىزەكلىرىدىن بىرىنى ئىپارخانىنى ئۆزىنىڭ خابگاھى - پىنھانى شاپائەت ھەرىمىگە زىياپەتكە تەكلىپ قىلىشقا ئەۋەتتى. بارغان كېنىزەك:

— شاھ سانىيەنىڭ مىجەزى يوق. ئۇ سىنىڭ كىشىنىڭ كۆڭلىگە ئارام بەرگۈدەك خۇش پۇراق تېنىڭنىڭ تەرىپىنى ئاڭلىغان ئىكەن. شۇڭا، بىر كۆرۈش ئىستىكىدە سىنى ئۆزىنىڭ خابگاھىغا چايغا چىللايدۇ! — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

باغۇ - ئىرەمدىكى ئۆز خانىسىدا مۇڭلىنىپ يالغۇز ئولتۇرغان ئىپارخان بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال كۆڭلى بىرنېمىنى تۇيغاندەك بولدى ۋە ئورنىدىن تۇرغىنىچە بۇگلۇك ئالدىغا باردى — دە، ياستۇقى ئاستىغا تىقىپ قويغان يىلان بېشى، كەكلىك قېشى، سۆڭەك دەستىلىك بىر يىڭىسار خەنجىرىنى ھېلىقى چۆرە قىزغا كۆرسەتمەستىن ئىتتىك يېڭى ئىچىگە يوشۇردى. ئۇ ئىشىكتىن چىقىدىغان چاغدا ئۆزى بەش يىلدىن بېرى تۇرۇۋاتقان بۇ ئۆيگە كۆز قىيالماسلىق نەزەرى بىلەن بىر قاراپ چىقتى - دە، قەيسەرلىك بىلەن بېشىنى تىك كۆتۈرگەن ھالدا ھېلىقى چۆرە قىز بىلەن خانىدىن چىقىپ پىنھانى شاپائەت ھەرىمىگە قاراپ ماڭدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىپارخان شاھ سانىيەنىڭ خابگاھىغا كىرگەندىن كېيىن دەرھال شاھ سانىيەگە تىزلىنىپ تەزىم ـ بەجا كەلتۈردى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەسسالام، ئۇلۇغ مەرتىۋىلەرنىڭ ئىگىسى، بىگانىلەرنىڭ كىرىشى مەنئى قىلىنغان دەرگاھنىڭ ساھىبى، پەغپۇرچىنىنىڭ ئانىسى بولغان ئالىيجاناب شاھ سانىيە، خۇدا سىزنىڭ بەخت ـ ئىقبالىڭىزنى مەڭگۈ بەرقارار قىلسۇن! يىللار بويى ئالتۇن تېنىڭىزگە سالامەتلىك ئاتا قىلسۇن! — دېدى. ئاندىن كېيىن ئارقىچىلاپ يېنىپ ئۆرە تۇرۇشقان كېنىزەكلەر قاتارىغا كېلىپ تۇردى.

بۇ چاغدا شاھ سانىيە خان ئوغلى چەنلۇڭنىڭ مەيلىنى ئۆزىگە خۇددى ئاھىرەبادەك[1] تارتىۋالغان بۇ چەتتۇ كېنىزىكى — ئاي يۈزلۈك، ئاھۇ كۆزلۈك، ئاپتاپ تەلەت، كىرپىكلىرى سۇلۇق نەشتەردەك، قاپاقلىرى كەڭ، ئاغزى گويا بادامدەك، كىيگەن لىباسلىرى سۆز بىلەن سۈپەتلەپ چىققۇسىز دەرىجىدە يارىشىملىق ئىپارخاننىڭ لاتاپەتلىك نازىنىن ھۆسن ـ جامالىنى كۆرۈپ كۆزلىرى جىمىرلاپ، ئەقلى لال بولۇپ، ھوش ـ كاللىسىدىن كېتىشتىن ئۆزىنى زورىغا بېسىۋالدى. «ھەر كىم كۆرسە جەزمەن ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقۇدەك دەرىجىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ساھىبجامال ئىكەنغۇ بۇ؟!» دەپ ئويلىدى شاھ سانىيە ئۆز ئىچىدە ۋە مۇشۇنداق كەمكۆتىسىز ساھىبجامالنى يارانقان ئاسمان تەڭرىسىگە ھەمدۇ ـ سانالار ئوقۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ تۇيمايلا قالدى.

— ھەي ئىپارخان، — دېدى شاھ سانىيە ئۇنىڭ ھۆسنى ـ زىباسىنى تاماشا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، — مەرھابا، خۇش كەپسەن. قېنى، ئولتۇرغىن، ماھارىتىڭ ۋە ياخشى تۆسىپ ـ سۈپەتلىرىڭ بىلەن بىزنى خۇرسەن قىل!

---

[1] ماگنىت تېشى.

— باش ئۈستىگە! — دېدى ئىپارخان ئۆزىگە ئىنئام قىلىنغان كۈرس ئۈستىدىن تۇرۇپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن.

— ھەي ئىپارخان، ھۆسن - جامال بابىدا يەتتە ئىقلىمدا ھەقىقەتەن سېنىڭدەك ساھىبجامال يوق! ئاڭلىسام، باھادىرلىق، كەمەندازلىق، شەمشەرۋازلىق، چەۋەندازلىق، نەيزىۋازلىق ۋە سىپاھبازلىق بابىدىمۇ زاماننىڭ يېگانىسىدۇركەنسەن. بىراق، خاننىڭ ھەرىمىگە كەلتۈرۈلگەندىن بۇيان، سەرگەشتىلىك قىلىپ بويۇن ئەگمەي كېلىپتۇرسەن. بۇ بىئەدەبلىكىڭنىڭ سەۋەبى نېمىدۇر؟ سەن ئۆلۈمدىن قورقمامسەن؟

— ئى بىلقىس ئۇزما، مەھدى ئۇليا، رەھىم قىل، زۇلۇم قىلما! مەن سېنىڭ قۇلۇڭدۇرمەن. مېنىڭ مۇنچە بىئەدەبلىك قىلمىقىمنىڭ سەۋەبى ئۆز ئىمانىمنىڭ پاكلىقىنى ساقلاشقا بەل باغلىغىنىمدىن بولغان. بولمىسا، مېنىڭدەك بىر چۈمۈلىنىڭ پەغپۇرچىندەك شىرغا سەرگەشتىلىك قىلىپ، بويۇن تولغىشى ھەددىمۇ؟ نىھايەت، بۇنىڭ سەۋەبىنى مېنىڭدىن سورىغان ئىكەنسەن، مېنىڭ ساڭا دەيدىغان بىر ھاجىتىم بار، شۇ ھاجىتىمدىن چىقىشقا ياردەم قىلغايسەن. ئەگەر ھاجىتىمنى راۋا قىلماي ئۆلۈپ كەتسەم، داغۇ - ھىجراندا كەتكەيمەن!

— قېنى ئېيتقىنچۇ، بىز ئاڭلاپ بېقىپ ئاندىن بىرنەرسە دېگەيمىز! — دېدى شاھ سانىيە ئىپارخاننىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىغا قىزىقىپ.

— خاقانى چىننىڭ قان كەچكۈچى لەشكەرلىرى ۋەتىنىم مۇلكي قەشقەرىيىنى پايمال قىلىپ، خەلقىمنى قىردى. ۋەللاھۇ ئەئلەم، خەلقىمدىن خىراجەت تەلەپ قىلىپ، ئۆزىگە ئاداۋەت پەيدا قىلدى. ئەپسۇسكى، مەن مۇرەببىم بىلەن خاقانى چىن قوشۇنلىرىغا قارشى جەڭ قىلىپ، خەلقىمنى مۇشۇنداق زۇلۇم - سىتەم ۋە تەشۋىشكە گىرىپتار قىلدىم. ئەلھال، ۋەتەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ماڭا ئات بولغان بولسىمۇ ئەمما مەن ۋەتەنگە يات بولدۇم. ئەمدى مەن ئۇچۇن ياشاش ھارامدۇر! نىھايەت، مۇسۇلمانچىلىق ئۇدۇمىدا جان ئىمان بىلەن بىللە ئاللا تائالا تەرىپىدىن بىز بەندىسىگە ئاتا قىلىنغان، دەپ قارىلىدۇ. شۇڭا، مېنى ئىمان بىلەن خۇدانىڭ دەرگاھىغا كەتكەي دېسەڭ، جانىمنى ئېلىشنى ساڭا تاپشۇردۇم!

— ئى ئىپارخان، بۇ سۆزۈڭ راستمۇ؟

— بىر خۇدا تۇرۇپتۇ، بىر ئىمان تۇرۇپتۇ. ئەلھەمدۇلىللاھى مۇسۇلماندۇرمەن. بۇ سۆزۈمنىڭ راستلىقى ئۈچۈن مۇنۇ خەنجەرنىمۇ ساڭا تاپشۇرىمەن! — دېدى ئىپارخان ۋە يەڭ ئىچىدىن ھېلىقى خەنجەرنى چىقىرىپ يەرگە تاشلىدى.

— نىھايەت، سېنىڭ ئارزۇيۇڭمۇ شۇ ئىكەن. بىزنىڭ كۆزلىگەن مەقسىتىمىزمۇ ھەم شۇ ئىدى. بىز سېنىڭ تەلىپىڭنى بەجا كەلتۈرگەيمىز.

— رەھمەت ساڭا! مېنىڭ مەقسىتىم ھەم شۇ ئىدى. چۈنكى، مۇبادا مەن سەن كاپىرنىڭ قولىدا ئۆلسەم، شېھىتلىك مەقامىغا يېتىپ ئۆلگەن بولىمەن، مۇسۇلمان ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئالىي شۆھرەت يوق بولسا كېرەك! ئۇ چاغدا روھىم جەننەتۇل فىردەۋستە مۆرەبىم خان خوجام بىلەن بىللە پەرۋاز قىلۇر!

— قايسىڭلار بار؟ — دەپ ئەمىر قىلدى شاھ سانىيە شياۋشيەن ئايىم، — ئول چەنتۇ كېنىزىكىنى زەڭگەر شايى پوتا بىلەن بوغۇپ ئۆلتۈرۈشكە ئىجازەت قىلدىم! — دېدى.

ئىككى بەستلىك ھەرەمئاغىسى ئىشىكتە پەيدا بولدى. شاھ سانىيە كۆز قىيالماسلىق نەزىرى بىلەن ئىپارخانغا قارىدى ۋە:

— ئىپارخان، سەن ھەقىقەتەنمۇ ئۆز ئەقىدەڭگە سادىق، تىللاردا داستان بولغۇدەك ئېسىل پەزىلەت ئىگىسى، ئىپپەت - نومۇسلۇق چەنتۇ قىزى ئىكەنسەن! — دېدى - دە، تەتۈر قاراپ قولىنى شىلتىدى.

بۇ چاغدا ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇشقان ھېلىقى بەستلىك ئىككى ھەرەمئاغىسى: «پەرمانبەردارمىز، شاھ سانىيە جانابىي ئالىيلىرى!» دېيىشكىنىچە يېتىپ كېلىپ، ئىپارخاننى قولىدىن تۇتۇپ يان ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كەتتى...

ئىپارخان ئۆلتۈرۈلۈپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن خاقانى چىن چەنلۇڭ چۈيفۇدىن ئاستانە — بېيجىڭدىكى ئوردىسىغا قايتىپ كەلدى ۋە دەرھال ئىپارخاننى كۆرمەك بولۇپ باغۇ - ئېرەمگە كىردى. كۆردىكى، قەشقەر ئۇسلۇبىدا ياسالغان بۇ ھەشەمەتلىك كاشانە ئىمارەت جىمجىت بولۇپ، ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى. ئىپارخاننىڭ ناخشا - كۈلكە قايناپ تۇرىدىغان خانىسىدا ئەمدى بوران ئۇچۇپ تۇراتتى. ئۆيدىكى ھەشەمەتلىك جابدۇق - مەنقۇلاتلارنى توپا - چاڭ باسقان بولۇپ، خانا ئىچىدە بىر خىل غېرىبلىق ھۆكۈم سۈرۈپ تۇراتتى.

چەنلۇڭ دەرھال ئىپارخاننىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان ھەرەمئاغىسىنى ئالدىغا چاقىرتىپ سورىۋىدى، ھەرەمئاغىسى دەرھال ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، ئىپارخاننىڭ شاھ سانىيە تەرىپىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى خانغا مەلۇم قىلدى.

ئىپارخاننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ چەنلۇڭ يۈرىكىنىڭ بىر يېرى ئاچچىق ئېچىشقاندەك بولدى - يۇ، ئەمما قىلچە چاندۇرمىدى. «تەڭرىم ئىپارخاننى بىزگە نېسىپ قىلمىغانىكەن!» دېگىنىچە بۇ ھەقىقەتنى تەن ئېلىشقا مەجبۇر بولدى...

* * *

ئەتىسى، شاھىنشىندا ئۆتكۈزۈلگەن ئوردا كېڭىشىدە قارا دىۋاندىكىلەر خاقانى چىن چەنلۇڭغا ئۇچتۇرپاندا كۆتۈرۈلگەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

غەلىيان توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات بەردى.

— پۈشتىپاناھىمغا مەلۇم بولغاندەك، — دېدى خېشىن چەنلۇڭنىڭ ئىجازىتىنى ئالغاندىن كېيىن، — ئۇچتۇرپان ھاكىمبېگى ئابدۇللا قۇمۇللۇق بولغانلىقتىن، ساپلا قۇمۇللۇقلاردىن ئىشقا قويغان ئىكەن، ئۇلار ئۇچتۇرپانلىق چەنتۇلارنى ئالبات - قۇللاردەك ئىشلىتىپ، ئات - ئېشەك ئورنىدا خالىغانچە ئىشقا سېلىپ كەپتۇ. يەرلىك چەنتۇلارمۇ ئۇلارغا بىر نەرسە دېيەلمەيدىكەن. مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى باشقا شەھەرلەردە بۇنداق ئىش يوق بولغاچقا، ئۇ يەرگە ئەمەلدار بولۇپ تەيىنلەنگەنلەر يەرلىك چەنتۇلارنى ئۆز قوۋمى دەپ ھېسابلايدىكەن. ئابدۇللا بەگنىڭ مىجەزى ئوسال، ئۆزى مۇتىھەم بولغاچقا، يەرلىك پۇقرالارغا زۇلۇم - سىتەم قىلىشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋاپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۇ مال - دۇنياغا ھېرىسمەن، بالاخور، نەپسانىيەتچى بىر ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرىمۇ ھەددىدىن بەك ئېشىپ كېتىپتۇ. ئۇچتۇرپانلىق چەنتۇلار مۇشۇ كەمگىچە لېۋىنى چىشلەپ، تاقەت قىلىپ كېلىپتۇ. خان ئامبال سۇچېڭ ئۆزى ھاماقەت، پاھىشىۋاز بىر ئادەم ئىكەن. ئۇنىڭ ئوغلى ئاتىسىدىن ئېشىپ چۈشەر پوخۇر بىرنەرسە ئىكەن. شۇڭا ئۇچتۇرپانلىقلار ئۇزاقتىن بېرى ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ قېنىنى ئىچسەك، دەپ يۈرگەن ئىكەن[1].

— غەلىيان كۆتۈرگەنلەر قانداق ئادەملەر ئىكەن؟ — دەپ سورىدى تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان چەنلۇڭ تەرىنى تۈرۈپ.

— مەلۇماتلاردىن قارىغاندا غەلىيانچىلار جەمئىي ئىككى مىڭ ئالتە يۈز ئادەم ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىككى مىڭى يىگىت، ئالتە يۈزى سەرۋاز ئىكەن. ئۇلارغا لۈكچۈنلۈك تۆتىنچى دەرىجىلىك شاغىبەگ رەھمىتۇللا، لەمجىنلىك بەشىنچى دەرىجىلىك بەگ

---

① «غەربىي يۇرتتا كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم»، 5 - جىلىد: «ئۇچتۇرپان يېغىلىقىدىن قىسقىچە مەلۇمات»

ئەمرۇللا، يار مەھەللىسىدىن بەشىنچى دەرىجىلىك قازىبەگ غوپۇر، بەشىنچى دەرىجىلىك مىراپبەگ ھوشۇر، شاغىبەگ مۇھەممەت رېيىملار باش ئىكەن[1].

— بۇ قانداق گەپ! ئەجەبا، بىزنىڭ جەنۇبتىكى مۇسۇلمانلار يۇرتىدا تۇرۇۋاتقان قان كەچكۈچى قۇدرەتلىك قوشۇنلىرىمىز ئۇچتۇرپاندىكى ئاشۇ ئىككى توكتوك غەلىيانچى چەنتۇلارغا تەڭ كېلەلمىسە ـ ھە؟! — دەپ چالۋاقاپ كەتتى چەنلۇڭ قارا دىۋان ۋەزىرى خېشىننىڭ مەلۇماتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، — مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ تەسەررۇپىدىكى مۇسۇلمان يۇرتلىرىدا تۇرۇۋاتقان لەشكەرلىرىمىزلا بىر تۇمەندىن ئېشىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭغا يەنە تۇردى گۈڭنىڭ نەچچە مىڭ كىشىلىك «مەشۇرۇتىيىتى ئىشقىيە» ساقچى قىسىملىرىنى قوشساق، ئىككى تۇمەندىن ئارتۇق چېرىك بار دېگەن گەپ!...

— غەلىيان كۆتۈرۈلگەن دەسلەپكى چاغلاردا ئاقسۇ خان ئامبىلى بيەن تاخەي بىر جازالاش قوشۇنىنى باشلاپ ئۇچتۇرپانغا تېگىش قىلغان بولسىمۇ ئەمما تېرىپىرەن بولۇپ چېكىنىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. ئاخىر، قەشقەر خان ئامبىلى ناشتۇڭ ئۈچ مىڭدەك قوشۇن بىلەن ئۇنىڭغا ياردەمگە كەلگەن بولسىمۇ ئەمما كارغا كەلمەپتۇ!...

— ئىلى جاڭجۇنى مىڭرۇي بىلەن ئاگۇيلارچۇ؟ ئۇلار نېمە ئىش قىلىپ يۈرىدۇ؟ ھوي، بىز لەشكەر دېگەننى مۇشۇنداق چاغدا ئىشلەتمەي يەنە قاچان ئىشلىتىمىز؟ سەلتەنىتىمىزنىڭ ئۇلارغا مائاش ـ كۆلىياڭ بېرىپ بېقىشتىن مەقسىتى ھەرگىزمۇ قىغ چۇشۇرۇش ئەمەسقۇ؟ — دەپ قايىندى چەنلۇڭ خاپا بولۇپ.

— پۇشتىپاناھىمغا مەلۇم بولغايكى، مىڭرۇي دارېن بىلەن ئاگۇي دارېن ئىككىسى بىر تۇمەندىن ئارتۇقراق لەشكەرنى باشلاپ

[1] «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى» نىڭ داۋامى. 30 ـ جىلد، 21 ـ بەت. چەنلۇڭنىڭ 30 ـ يىلى كەبىسە 2 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۈچتۇرپان ئالدىنقى سىپىگە يېتىپ بېرىپتۇ ۋە ئول غەلىيانچىلارنى قاتمۇ قات قورشىۋاپتۇ.

بۇ ھەقىقەتەن چەنلۇڭنىڭ قۇلىقىغا خۇشياقىدىغان سۆز ئىدى. شۇڭا، ئاچچىقىدا قايناۋاتقان چەنلۇڭ بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال پەسكويغا چۈشتى — ۋە:

— غەلىيانچىلار يوقىتىلىپتىمۇ؟ — دەپ سورىدى مەلۇمات بېرىۋاتقان خېششىندىن.

— ئانھەزرىتىمگە مەلۇم بولغايكى، — دېدى خېششىن قۇللۇق بىلدۇرۇپ، — غەلىيانچىلار تېخى يوقىتىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ئاشلىقى ئۈكسۈپ، شەھەردە قەھەتچىلىك يۈز بېرىپتۇ. شەھەردە ئەسلىدىكى ئاھالە ۋە ھەر قايسى يېزا - كەنتلەردىن غەلىيان كۆتۈرۈپ شەھەرگە كىرىۋالغان ئاھالە قوشۇلۇپ تۆت مىڭ تۈتۈن ئاھالە بار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۆلتۈرۈلگىنى، ياردار ۋە كېسەل بولۇپ ئۆلگەنلىرى ئىككى مىڭدىن ئاشىدىكەن. قالغانلىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ ئوزۇق - تۈلۈكى ئۈكسۈپ قاپتۇ. غەلىيانچىلارنىڭ كاتتىۋېشى رەھمىتۇللا بەگ: «جەڭگە قاتناشقانلارغىلا ئاشلىق بېرىلىدۇ، جەڭگە قاتناشمىغانلارغا ئاشلىق بېرىلمەيدۇ» دەپ ئېلان قىلىپتۇ①.

— بۇ غەلىيانچىلار مۇشۇنداق ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان تۇرۇقلۇق، يەنىلا قارشىلىق بىلدۈرگىنى نېمىسى؟ — دەپ سورىدى چەنلۇڭ ھەسرەت بىلەن.

— پۇشتىپاناھىمغا مەلۇم بولغايكى، — دېدى خېششىن قۇللۇق بىلدۈرۈپ تۇرۇپ، — ئەئيانلىرى بۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلغاندا مەلۇم بولدىكى، بۇ غەلىيانچىلار: «تەسلىم بولساقمۇ بەرىبىر بىزگە ياخشى كۈن يوق، خوتۇن - بالىلىرىمىزنى ساق قويمايدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۆلگۈچە جان تىكىپ ئېلىشقىنىمىز

① «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى» نىڭ داۋامى، 31 - جىلد، 6 - بەت، چەنلۇڭنىڭ 30 - يىلى 6 - ئاينىڭ 10 - كۈندىكى يارلىقتا قارالسۇن.

ئېلىشقان!» دەپ جاھىللىق قىلىۋېتىپتۇدەك!

— دەسلەپتىغۇ غەلىيانچىلار قەلئەنىڭ مۇستەھكەملىكىگە، قولىدىكى ئاشلىقنىڭ كۆپلۈكىگە تايىنىپ قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسۇن، — دېدى چەنلۇڭ شاھ سۇپا ئۈستىدە قول شىلتىپ تۇرۇپ، — ئەلھال، تەڭرى قوشۇنلىرىمىزنىڭ قاتتىق زەربىسىدە ئۇلار ئادىمىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك تالاپەت بەرگەن ھەم ئاشلىقى ئۆكسۈپ قالغان مۇشۇنداق قىيىن شارائىتتىمۇ يەنە پەيلىدىن يانمىغىنىنى كۆرۈڭ![1] چەنتۇلارنىڭ خوتۇن-قىزلىرىدىن تارتىپ قارشىلىق بىلدۈرگەنگە قارىغاندا، ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ جاھىل خەلق ئىكەن![2]

— پۇشتىپاناھ، ھەق گەپ قىلدىلا، لەنتى گەدەنكەش چەنتۇلار ھەقىقەتەن ئۆلۈمگە مەھكۇمدۇر! — دەپ گۆركىرەشتى شاھىنشىندىكىلەر تەڭلا.

— بۇ قېتىم ئۇچتۇرپاندا غەلىيان كۆتۈرگەن بۇ چەنتۇلار گەرچە بىر توپ ئالامان بولسىمۇ ئەمما ئۇلارنىڭ خۇي-پەيلى ئوسال بولغانلىقتىن، ئۇلارنى ئىنساپقا چاقىرىپ بولماق بەسى قىيىندۇر!... ئۆتكەندە سەلتەنىتىمىز توپىلاڭچى جۇڭغارلار بىلەن ئىسيانچى خوجىلارنى تىنچىتقاندىمۇ بۇنىڭدەك قارشىلىققا دۇچ كەلمىگەنىدۇق!...[3]

چەنلۇڭ ئىسيانچى خوجىلار ھەققىدە سۆزلەۋېتىپ، دەرھال ئىپارخان ئېسىگە چۈشۈپ قالدى-دە، يۈرىكىنىڭ بىر يېرى

---

① «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 734-جىلد، 8-بەت، چەنلۇڭنىڭ 30-يىلى 4-ئاينىڭ 10-كۈنىدىكى يارلىققا قارالسۇن.

② «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 740-جىلد، 13-بەت، چەنلۇڭنىڭ 30-يىلى 7-ئاينىڭ 10-كۈنىدىكى يارلىققا ۋە 741-جىلد، 8-بەت، چەنلۇڭنىڭ 30-يىلى 7-ئاينىڭ 28-كۈنىدىكى يارلىققا قارالسۇن.

③ «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 741-جىلد، 8-بەت، چەنلۇڭنىڭ 30-يىلى 7-ئاينىڭ 28-كۈنىدىكى يارلىققا ۋە 736-جىلد، 6-بەت، چەنلۇڭنىڭ 30-يىلى 5-ئاينىڭ 17-كۈنىدىكى يارلىققا قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېچىشقاندەك بولۇپ تولغىنىپ كەتتى:

— شۇڭا، — دېدى ئۇ ياۋۇزلۇق بىلەن چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ، — تەڭرى قوشۇنلىرىمىز ئۈچتۇرپاننى پەتهى قىلغاندىن كېيىن بۇ ئىسيانچى چەنتۇلارنى بىرىنىمۇ قويماي قىرىپ تاشلىشى كېرەك. ئۈچتۇرپاندا ئادەمنىڭ ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇش لازىم!...①

— پۇشتىپاناھىمىز دانادۇر! ياشىغايلا، ياشىغايلا! تۈمەن مىڭ يىللار ياشىغايلا! — دەپ تەنتەنە قىلىشتى ئوردا ئەھلىلىرى خاقانى چىن چەنلۇڭنىڭ بۇ پەرمانىغا.

* * *

قەشقەر خان ئامبىلى ناشتۇڭ مانجۇ چېرىكلىرىنى باشلاپ ئۈچتۇرپانغا كەتكەندىن بېرى، قەشقەرنى ساقلاپ قالغان ئاغلاقچى ئامبال بەيكۇن دەككە ـ دۈككىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭغا گويا قەشقەردىمۇ غەلىيان كۆتۈرۈلىدىغاندەكلا تۇيۇلاتتى. شۇڭا، ئۇ بۇگۈن ئۆزىنىڭ سەردارلىرىغا قەشقەر گۇلباغ سېپىلىنىڭ قوۋۇقلىرىنى بالدۇرراق تاقاپ، هوشيار تۇرۇشنى تاپىلاپ بولۇپ، خابگاھىغا كىرىپ ئولتۇراتتى. ئىشىك ئېچىلىپ ئۆيگە ياش بىر چېرىك كىرىپ كەلدى:

— دارېن، بۇرۇت قىرغىزلىرىنىڭ چېرىكچىسى ياساۋۇل ئەۋەتىپتۇ. ئۇلار: «ناھايىتى مۇھىم ئىش بىلەن كەلگەندۇق، ئامبال بىلەن كۆرۈشمىسەك زادى بولمايدۇ!» دەپ سىلىدىن كىرىشكە ئىجازەت سورايدۇ! — دەپ مەلۇم قىلدى.

— بۇرۇت قىرغىزلىرىمۇ پاراكەندە قوۋۇم، —دېدى ئاغلاقچى

---

① «بۇيۇك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 736 ـ جىلد، 6 ـ بەت، چەنلۇڭنىڭ 30 ـ يىلى 5 ـ ئەينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى يارلىققا قارالسۇن.

ئامبال بەيكوْن ئۆزىچە غوْدوْراپ، — ئوْلارغا بەك ئىشىنىپ كەتكىلى بولمايدوْ. قىرلىرىدا مىلىنى بىقىپ جىم يوْرمەي، ئۆلكىگە ياساۋوْل ئەۋەتكىنى نىمىسى؟ ئوْلارنىڭ باشقىچە غەرەزلىرى بولوْپ يوْرمىسوْن يەنە؟ هەرقايسى قوۋوْقلارغا دەرهال قوش قاراۋوْل قويوْلسوْن، داتاڭنىڭ سىرتىدا قارا چىرىكلەر تەييار بولوْپ توْرسوْن، ئاندىن سەن بوْروْتلارنى موْشوْ يەرگە باشلاپ كەل.

— قوْللوْق، دارىن، — دىدى هىلىقى ياش چىرىك ۋە تالاغا چىقىپ كىتىپ بىر هازادىن كىيىن بوْروْت قىرغىزلىرىنىڭ ياساۋوْللىرىنى باشلاپ كىردى. بوْ ياساۋوْللار بويوْنلىرى گۆشلوْك، ئۆزى بەستلىك، قارامتوْل كوْچتوْنگىر ئادەملەر ئىدى. ئوْلار ئاغلاقچى ئامبال بەيكوْنگە باشلىرىنى ئىگىپ سالام قىلىشتى.

— هە، باهادىرلار هارمىغايسىلەر، ئولتوْروْڭلار، — دىدى بەيكوْن كوْرسىنى كۆرسىتىپ، — ئەلهال، غەلىيانچى چەنتوْلار ئىسيان كۆتوْروْپ، بىشىمىزنى ئوچاق ئىتىۋەتتى. بەلكىم ئاقساقىلىڭلار سىلەرنى بىرەر خوْش خەۋەر بىلەن ئەۋەتتىغوْ دەيمەن؟

— شوْنداق، — دىدى ياساۋوْللاردىن بىرى، — بىز سارتلارنىڭ ئىككى ئادىمىنى توْتوْۋالغاندوْق!

— ئەهە! — دەپ قاقىلىپ كەتتى بەيكوْن، — نىمىشقا توْتوْۋالدىڭلار؟

— ئوْلار سارتلارنىڭ ئايغاقچىسى ئوخشايدوْ. سوراق قىلساق كۆپ نەرسىنى دىگىلى ئوْنىمىدى.

— هەي، قىيناپ سوراق قىلىشنى بىلمەيسىلەر ـ دە، مەن بولسام ئوْلار بىلەن قانداق سۆزلىشىدىكەنمەن! — دىدى بەيكوْن كۆرەڭلەپ.

هىلىقى باش ياساۋوْل:

— چېرىكچىبەگنىڭ پەرمانىغا بىنائەن، بۇ ئىككى سارتنى سىلىنىڭ ئالدىلىرىغا ئېلىپ كەلدۇق. دارىن، بىز ئۇلارنىڭ يېنىنى ئاختۇرغاندۇق، ئېرىغ مال چىقتى، — دېگىنىچە خۇرجىنىدىن ئون توققۇز يامبۇنى چىقىرىپ شىرە ئۇستىگە قويدى. بۇ يامبۇلارنىڭ ھەربىرى ئەللىك سەرلىك يامبۇ ئىدى.

— قېنى ئۇلار؟ ئۇلارنى داتاڭغا ئېلىپ كىرىڭلار! — دېدى ئاغلاقچى ئامبال بەيكۇن.

مانجۇ چېرىكلىرى بۇ ئىككى تۇتقۇننى دەرھال داتاڭغا ئېلىپ كىرىشتى. بۇ تۇتقۇنلارنىڭ قوللىرى خام تاسما بىلەن كەينىگە قايرىپ باغلانغان بولۇپ، بىرى ئېگىز، ئاۋاق كەلگەن بىر ئۇيغۇر بولۇپ، ئۇستىگە چەكمەندىن ئۇزۇن چاپان كىيگەن، ئايىغىدا ئۆتۈك بار ئىدى. ئۇنىڭ ئالىيىپ تۇرغان كۆزلىرىدىن ئۆزىنىڭ تۇتقۇن قىلىنغىنىغا تەن بەرمىگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. تۇتقۇنلارنىڭ يەنە بىرى قېرى بىر ئادەم ئىدى. بەيكۇن بۇ قېرى تۇتقۇننىڭ يېنىغا كەلدى.

— قېنى، ئېيت، ئات - جۇنۇڭ نېمە؟

تۇتقۇن ئۇنىڭغا بىر ئالايدى - دە، تەتۇر قاراپ تۇرۇۋالدى.

— ئەگەر راستىڭنى دېمەيدىغان بولساڭ، قايناق سۇغا باسىمىز!

— مەيلى بولمىسا، جاۋاب بېرەي.

— كىم بولىسەن، مۇنۇنىڭ ئىسمىچۇ؟

— بىز ئۇچتۇرپانلىق سودىگەرلەر بولىمىز. مېنىڭ ئىسمىم باۋۇدۇن توختى، مۇنۇ ھەمراھىمنىڭ ئىسمى مۇھەممەت ئابدۇللا، — دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى قېرى تۇتقۇن.

— نەگە، نېمە ئىشقا ماڭغاندىڭلار؟

— بىز سودا قىلىش ئۇچۇن ئەنجانغا كېتىۋاتقاندۇق، يولدا قارا قىرغىزلارنىڭ چېرىكچىبەگ دېگەن ئاقساقىلىنىڭ ئادەملىرى ماللىرىمىزنى ئولجا قىلىپ، ئۆزىمىزنى تۇتقۇن قىلىۋالدى.

— گېپىڭ تۈگىدىمۇ؟ يەنە دەيدىغان گېپىڭ يوقمۇ؟

— . . .

باۋۇدۇن توختى ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب بەرمەي يۈزىنى ئۆرۈپ تەتۈر قاراپ تۇرۇۋالدى.

— هى، هى! . . . — بەيكۇن زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى ـ دە، قارا چېرىكلىرىگە: — گاڭزىغا بېسىڭلار، قېنى شۇ چاغدا دېگەن ـ دېمىگىنىنى كۆرىمىز، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. قارا چېرىكلەر ھەش ـ پەش دېگۈچە گاڭزا دەپ ئاتىلىدىغان ئىككى تال بادىرنى كۆتۈرۈپ كىرىشتى ـ دە، يەرگە تاشلاپ قويۇپ، باۋۇدۇن توختى بىلەن مۇھەممەت ئابدۇللا ئىككىسىنى چەمبەرچاس باغلاپ، ئۇلارنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئۆتۈپ، مۈرىسىدىن تۇتۇپ تۇردى. بەيكۇن: «باس!» دەپ پەرمان چۈشۈرۈشى بىلەن تەڭلا، قارا چېرىكلەر ھېلىقى گاڭزىلارنى بۇ ئىككىسىنىڭ پاقالچىكىنىڭ ئۈستىگە توغرا قويۇپ، ئىككى تەرەپتىن بۇ گاڭزىلارنىڭ ئۈستىگە دەسسەشكە باشلىدى. گاڭزا بۇ ئىككى تۇتقۇننىڭ پاقالچىكىنى يانجىپ تاشلىغانلىقتىن، تۇتقۇنلار ئازابقا چىدىماستىن قاتتىق نالە ـ پەرياد كۆتۈرۈشتى.

— ئېيتە، ئەنجانغا زادى نېمە ئىشقا بارماقچى بولۇشتۇڭ؟ — دەپ سورىدى بەيكۇن ئۇلارنى قىيىن قىستاققا ئېلىپ تۇرۇپ.

— . . . تۇتقۇنلار جاۋاب بەرمىدى.

— ئۇلارنىڭ تىزىنىڭ ئاستىغا قىرلىق تاش قويۇڭلار. گاڭزىنىڭ ئۈستىگە يەنە ئىككىدىن ئادەم چىقسۇن! — دەپ بۇيرۇق بەردى بەيكۇن قەھرى بىلەن.

بۇ چاغدا باۋۇدۇن توختى:

— ۋايجان، زادى چىدىيالمىدىم! — دېگىنىچە ھوشىدىن كېتىپ يىقىلدى.

قارا چېرىكلەر ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بېشىغا بىر تۇڭ سۇنى شارقىرىتىپ قۇيدى. ئۇ ھوشىغا كەلدى.
— جېنىم قاقشىمىسۇن، دېسەڭ، مەن سورىغان سوئالغا جاۋاب بەر! — دېدى بەيكۇن ئۇنىڭغا ۋارقىراپ.
— بىز رەھمىتۇللا بەگنىڭ قوقان خانى ئالدىغا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرى بولىمىز، — دەپ ئىقرار قىلىشقا باشلىدى باۋۇدۇن توختى قىيىن - قىستاققا چىدىماي، — قوقان خانى ئېردەنبەگنىڭ ھوزۇرىغا ياردەم سوراپ كېتىۋاتاتتۇق...
— ئەنجانغا قاراپ ماڭماقچى بولساڭلار، ئۇدۇل ئوشقا قاراپ ماڭماي، بەدەخشان تەرەپتە نېمە ئىش قىلىسىلەر؟ راست گەپ قىل! — دېدى بەيكۇن، — مەن سېنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىڭنى بىلمەمدىمەن!؟ تىرنىقىنىڭ ئاستىغا بىگىز تىقىڭلار. تاكى راستىنى دېگۈچە قىيناڭلار!
چېرىكلەر ئۇنىڭ تىرناقلىرىنىڭ ئاستىغا بىگىز تىقىشقا باشلىدى. باۋۇدۇن توختىنىڭ قولىنىڭ ئۈچىدىن تارقالغان ئاغرىق ئۇنىڭ يۈرىكىگە زىخ سانجىلغاندەك تەسىر قىلىۋىدى، زادىلا چىدىيالمىدى، ئۇ:
— ۋايجان، مەن راستىمنى ئېيتاي، مېنى قىيىنىماڭلار، جېنىم بەك قاقشاپ كەتتى! — دەپ نالە - پەرياد كۆتۈردى.
بەيكۇن قارا چېرىكلەرگە قولىنى شىلتىدى ۋە:
— قېنى ئېيتە، راست گەپ قىل! — دەپ قەھىر قىلدى.
— بىز ئەسلىدە بەدەخشان تەرەپتىن كېلىۋاتاتتۇق...
— بەدەخشانغا نېمىشقا بارغانىدىڭلار؟! — بەيكۇن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ تاشلىدى.
— رەھمىتۇللار بەگ بىزلەرنى بەدەخشانغا ئافغانىستان پادىشاھى ئەھمەد شاھ دۇرانىيدىن ياردەم تەلەپ قىلىشقا ئەۋەتكەنىدى، — دەپ ئىقرار قىلدى باۋۇدۇن توختى.
— ئەھمەد شاھ بىلەن كۆرۈشەلىدىڭلارمۇ؟

— ياق، بىز بارغاندا، ئەھمەد شاھ شىكلار ئۈستىدىن غازات قىلىش ئۈچۈن پىشاۋۇرغا لەشكەر باشلاپ كېتىپتۇ. نائىلاج، قىرغىز - قىپچاق ئاغىنىلەردىن يارده‌مگە لەشكەر چاقىرماقچى بولۇپ، بۇرۇتلارنىڭ چېرىكچىبەگ دېگەن ئاقساقىلىنىڭ ئالدىغا كەلسەك، بىزنى تۇتۇۋېلىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى...

— يەنچۇ؟ يەنە نېمە ئىش بار؟

— بىز بىلىدىغان ئىش مۇشۇنچىلىق ئىدى. ئامبال دارىن، رەھىم قىلىپ پۈتىمىزدىكى گاڭزىنى ئالدۇرۇۋەتسىڭىز! جېنىمىز بەك قاقشاپ كەتتى... — دېدى باۋۇدۇن توختى يېلىنىپ تۇرۇپ.

ئەمدى سوراق قىلىۋەرسە، بۇنىڭدىنمۇ جىق نەتىجە چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئاغلاقچى ئامبال بەيكۇن قولىنى سىلكىدى — دە:

— ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار! — دەپ قارا چېرىكلىرىگە بۇيرۇق قىلدى.

شۇ كۈنى ئاخشىمى، بەيكۇن سوراق نەتىجىسىنى پۈتۈپ چىققاندىن كېيىن خاقانى چىنغا بۇ ئەھۋاللار توغرىسىدا تەپسىلىي مەلۇمات يوللىدى①.

* * *

خاقانى چىنمۇ «ئۈچتۇرپان توپىلاڭچىلىرىنىڭ قوقاندىكى

---

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى» نىڭ داۋامى، 30 - جىلد، 7 -، 8 - بەت، چەنلۇڭنىڭ 30 - يىلى 4 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىكى بەيكۇننىڭ مەلۇماتىغا قارالسۇن. يەنە، «مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ ئومۇمىي تەزكىراتى»، 5 - جىلد، 11 -، 12 - بەتتىكى: «گادايمەتنىڭ تەرجىمىھالى»، «سالىنىڭ تەرجىمىھالى» ۋە «غەربىي چېگرىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىغا ئائىت قىسقىچە خاتىرىلەر»، 5 - جىلد: «بۇرۇت قىرغىزلىرىنىڭ تارىخى» غا قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېردەنبەگنىڭ ھىمايىسىگە قېچىپ كېتىشى» دىن[①] بەكمۇ ئەنسىرەيتتى. شۇڭا، ئۇ قەشقەر ئاغلاقچى ئامبىلى بەيكۇننىڭ مەلۇماتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن جەنۇبتىكى مانجۇ قىسىملىرىغا غەلىيانچىلارنىڭ ئەتراپتىكى مۇسۇلمان ئەللىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈۋالماسلىقى ئۈچۈن، مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ چېگرا ـ ھۇدۇتلۇقىنى قاتتىق ساقلاش ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى.

*　　　*　　　*

ئۇچتۇرپان خەلقى مانجۇ ئىستىبداتىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەندە، رەھمىتۇللا بەگ ئەتراپتىكى قوقان، ئافغانىستان، بەدەخشان ۋە كەشمىر قاتارلىق مۇسۇلمان ئەللىرىنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلغانىدى. بىراق، ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەتۇرىسىچە، بۇ چاغدا ئافغانىستاندىكى دۇررانىيلار سۇلالىسى ھىندىستاندىكى شىكلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقتىن، ئۇچتۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىغا لەشكەر چىقىرىپ ياردەم بېرەلمىدى؛ قوقاندىكى ئېردەنىبەگ گەرچە ئۇچتۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىغا ياردەم بېرىمىز دەپ ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، ئەمما خاقانى چىنىنىڭ ئۆچ ئېلىشىدىن قورقۇپ، لەۋزىدە تۇرالمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، جەنۇبتىكى كەڭ مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ پايانسىز چۆل ـ باياۋانلار ئارقىلىق سان ـ ساناقسىز پارچە ـ پارچە بوستانلىقلارغا بۆلۈپ تاشلانغانلىقتەك ئەپسىز

① «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى» نىڭ داۋامى، 28 ـ جىلد، 19 ـ بەت، «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 730 ـ جىلد، 21 ـ بەت، چەنلۇڭنىڭ 30 ـ يىلى، كەبىسە 2 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى.

جۇغراپىيىلىك شارائىتى ئۈچتۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنى باشقا يۇرت ـ ئايماقلاردىكى كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ زۆرۈر ياردەملىرىدىن مەھرۇم قالدۇردى. خاقانى چىن چەنلوڭنىڭ ئۆزىنىڭ يارلىقلىرىدا: «مانجۇ مەمۇرلىرىنىڭ ۋە قومۇللۇق ھاكىمبەگلەرنىڭ دەھشەتلىك زۇلۇم ـ ستەملىرىگە قارشىلىق بىلدۇرۇش يۈزىسىدىن قوزغالغان»① دەپ ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئۈچتۇرپان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك قوزغىلىڭى ئالتە ئايدىن كېيىن چىش ـ تىرنىقىغىچە قوراللانغان ۋە ئۆزلىرىدىن ئون ـ يىگىرمە ھەسسە كۆپ بولغان قۇدرەتلىك مانجۇ ئارمىيىسىنىڭ قانلىق قىرغىنچىلىقى ئاستىدا مەغلۇپ بولۇشتەك ئېچىنىشلىق قىسمەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى...

### نەزمە

يامانلىقنى تېرىپ كۈتسەڭ ياخشىلىقنى،
باغلىنارسەن قۇرۇق ئۈمىد، خام ـ خىيالغا.
قولىقىڭدىن ئال پاختىنى، خەلقنى تىڭشا،
تىڭشىمىساڭ، بىر كۈن كېلىپ بېرەر جازا.

— شەيخ سەئدى

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى» دېگەن كىتاب بىلەن «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئوردا خاتىرىلىرى» دېگەن كىتابقا قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكىتى ئادرېسى

# ئون بەشىنچى باب

## «يەتتە قىزلىرىم»

«كىشىلەرنىڭ ئاجىزلارنى مەدھىيىلىشى كۈچلۈكلەرنى مەدھىيىلىشىدىن كۆپ ئېشىپ كېتىدۇ. شۇڭا، ئاجىزلارنىڭ مەغلۇبىيىتى تارىختىن بۇيان سەلتەنەتلىك ئىشلار قاتارىدا كىشىلەر تەرىپىدىن مەڭگۈ يادلىنىپ كېلىنمەكتە!»

— خاتىرەمدىن

**مىلادى** 1767 ـ يىلى قەمەرىيە 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى. رەھمىتۇللا بەگ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار تەرىپىدىن ئالتە ئايدىن بېرى قاتتىق مۇداپىئە قىلىنىۋاتقان ئۇچتۇرپان شەھىرى مانجۇلارنىڭ شىددەتلىك توپ ئوقلىرىنىڭ زەربىسىدە ئاخىر تەلتۆكۈس ۋەيران قىلىپ تاشلاندى!

* * *

مانجۇلار ئالتە ئايدىن بۇيان، مۇلكىي قەشقەرىيەدىكى ۋە ئىلى ئەتراپلىرىدىكى لاۋ ـ لەشكەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۇچتۇرپان شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا توپلىدى. ئىلى جاڭجۇنى

مىڭرۇي، يانداش ئىلى جاڭجۈنى ئاگۇي ۋە ئىلى ھاكىمبېگى مۇساگۇڭلار باشچىلىقىدىكى مانجۇ ياردەمچى قوشۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ قۇدرەتلىك لاۋ ـ لەشكەرلەر شەھەرنىڭ سىرتىغا بارگاھ تىكىپ سەپ تارتىپ تۇرۇشقانىدى. ئىلى جاڭجۈنى مىڭرۇي ۋە ئاگۇيلار بۇ دىيارنىڭ خەلقىگە زالىملىق قىلىش ئۈچۈن ئۈچتۇرپان قەلئەسىگە قاراپ زۇلۇم ئېتىنى سۈردى. ئۇلار ئاسمان قورغىنىغا سىرتماق سالماقچى بولغاندەك، گۇرۇھ ـ گۇرۇھ قارا چېرىكلىرى بىلەن شۇ تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. گوياكى چېرىك دەرياسى سەل سۈيىدەك چايقالدى. مانجۇلارنىڭ ھەيۋەتلىك قوشۇنلىرى خۇددى مەشىق دەپتىرىنى قارا سىياھ بىلەن بويىغاندەك ۋە رويى ـ زېمىننى قاپلاپ ئۈچۈپ كېلىۋاتقان چېكەتكىدەك يەر يۈزىنى قاپلىدى. قارا چېرىكلەر ئۈچتۇرپان قەلئەسىنى قاتمۇ قات قورشاش ئۈچۈن تۇشمۇ ـ تۇشتىن نەچچە دايقۇر يۈرۈش قىلدى. ئۇلار قەلئە ئەتراپىغا يېقىنلىشىپ، شاۋقۇن ـ سۈرەن سېلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ غوۋغالىرىنىڭ سۈرى خۇددى جەددالىنىڭ ئېشكىنىڭ ئاۋازىغا، بەلكى قىيامەتنىڭ غوۋغاسىغا ئوخشايتتى.

تاڭ ئاتماقتا ئىدى. ئىمام قىبلىگە قاراپ بامدات نامىزىنى ئوقۇۋاتاتتى. سېپىل ئۈستىدە ناماز ئوقۇۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ مەنزىرىسى تەنتەنىلىك ۋە دەھشەتلىك ئىدى. ناماز قىسقىلا ئوقۇلدى. بامدات نامىزى تۈگەپ، مىڭلىغان جەڭچىلەر ئورنىدىن تۇرۇشقان چاغدا، گوياكى شامال چىققاندەك شاۋۇلدىغان ئاۋاز چىقتى. ئەتىگەنلىك ئالدىراش ئىشلار باشلاندى. جەڭچىلەر قورال ـ ياراقلىرىدىكى قان داغلىرىنى ۋە توپا ـ چاڭلارنى سۈرتۈپ تازىلاشتى. ئوقيا ئوقلىرىغا پەيلەرنى باغلاشتى.

دەل مۇشۇ چاغدا مانجۇلار پۈتۈن لاۋ ـ لەشكەرلىرىنى شەھەر ئەتراپىغا توپلاپ، يەر ـ جاھاننى توپا ـ توزانغا كۆمۈپ يەتتىنچى دايقۇر ئومۇمىي ھۇجۇمغا ئۆتتى! دەھشەتلىك جەڭ باشلىنىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەتتى. دۈشمەن لەشكىرى كۆپ ھەم خىل ئىدى. رەھمىتۇللا بەگنىڭ لەشكەرلىرى مانجۇلارنىڭ شىددەتلىك توپ ئوقلىرىدا كۆپ ئۆلۈپ كەتتى.

ئەسلىدە قوزغىلاڭچىلار ئىگىلىۋالغان ئۈچتۇرپان قەلئەسىنى بىر ھۇجۇم بىلەنلا ئاسان ئالىمىز، دەپ ئويلاشقان مانجۇلار ئالتە كۈندىن بېرى شەھەرگە قوزغىغان ئالدىنقى ئالتە داپقۇرلۇق ھۇجۇمىدا قەلئە تۈۋىدە دۆۋە ـ دۆۋە ئۆلۈكلىرىنى قالدۇرۇپ كېتىشتىن باشقا، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەنىدى. قەلئەدىكى قوزغىلاڭچىلار ئۆزلىرىنى ۋە خوتۇن ـ بالىۋاقلىرىنى جان تىكىپ ھىمايە قىلىشماقتا ئىدى.

بۇ سەرەتان ئۆتۈپ، ئەسەد ئېيى كىرىپ قالغان بىر مەزگىل ئىدى. ئۈچتۇرپان شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى باغلاردا مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى پىشىپ يېتىلگەن ھوسۇلدىن ئېگىلىپ، يەرگە سالام بېرىشكە باشلىدى. شەھەر ئىچىدىمۇ مېۋىلىك دەرەخلەر، ئۈزۈم بىدىشلىرى كۆپ ئىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھېلىتىن سىپسىدام بولۇپ قالغان، تېخى سارغايمىغان كۆپكۆك شاخلار ئارىسىدا بىرەر تال ئالما، بىرەر تال شاپتۇل، بىرەر شىڭگىل ئۈزۈم قالمىغان. ئالتە ئايدىن بېرى، قامال ئازاۋىنى يەتكۈدەك تارتقان ئۈچتۇرپان خەلقى بارلىق مېۋىلەرنى پىشار ـ پىشمايلا يەپ تۈگىتىشكەنىدى! قەلئەنىڭ ھەممە قوۋۇق ـ دەرۋازىلىرى ئېتىك، شەھەر ئەتراپىنى بولسا مانجۇلار قورشاپ ياتقان، ئىچكىرىسىدىن ھېچكىمنىمۇ چىقارمايدۇ، سىرتتىن ياردەم بەرمەكچى بولغانلارنىڭ يولىنىمۇ توسۇپ تاشلانغانىدى!

مانجۇلار ئالتە ئايدىن بېرى پۇقرالارغا ئېغىر ھاشار سېلىپ، ئۈچتۇرپان شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا ئۇزۇنلۇقى بەش چاقىرىم كېلىدىغان چوڭقۇر خەندەكلەرنى قازدۇرغانىدى. بۇ خەندەكلەردىن چىققان توپىلارنى ئېگىز قىلىپ دۆۋىلىتىپ،

ئۈستىگە نۇرغۇن هارۋىلارنى ئىككى قاتار قىلىپ تىزىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياغاچ ياتقۇزۇپ، هارۋىلارنى بىر - بىرىگە چېتىپ مىخلاپ ئېگىز شەببە تەييارلارتقۇزغانىدى. ئۇنىڭ ئارقىسىغا ئوقياچى ۋە مىلتىقچىلارنى ئورۇنلاشتۇرغان، خەندەك ئەتراپىغا قويۇق ئۆسكەن پىچاندەك قىلىپ ئېگىز قوزۇقلارنى قېقىپ توساق هاسىل قىلغانىدى!

* * *

مانجۇلار ئۈچتۇرپان سېپىلىغا قاراتقان هۇجۇمىنى قانچىكى جىددىيلەشتۇرگەنسېرى، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئوق - دورىلىرى، ئوزۇق - تۈلۈكى شۇنچە تېز خوراپ تۈگەشكە باشلىدى! ياردار بولۇۋاتقانلار كۆپىيىپ، ئۆلۈۋاتقانلارنىڭ سانى كۈندىن - كۈنگە ئېشىۋاتاتتى. ساق قالغان قوزغىلاڭچىلار — قېرى - ياش، ئۇششاق - چوڭ، ئەر - ئاياللارنىڭ هەممىسى سېپىل ئۈستىگە چىقىپ جان تىكىپ جەڭ قىلىشماقتا ئىدى! قەلئەدىكى خوتۇن - قىزلار مايسىخان باشچىلىقىدىكى يەتتە قىزغا ئىتائەت قىلىشىپ، ئۆز ئاتىلىرى، ئەرلىرى ۋە ئاكا - ئۇكىلىرى بىلەن يانمۇ يان تۇرۇپ جەڭ قىلىشماقتا ئىدى. رەهمىتۇللا بەگنىڭ ئاي - كۈنى يېقىنلىشىپ قالغان قىزى ئاسىمخانمۇ سېپىل ئۈستىدە پىداكارلىق كۆرسىتىپ، ئوق تېگىپ يىقىلغان ئەرلەرنىڭ يارىسىنى تېڭىپ، يەنە ئوق تەگمىسۇن دەپ، دەرهال ئۇنىڭ ئالدىغا خىش - كېسەك پارچىلىرىدىن تام قوپۇرۇپ ئىهاتە قىلىپ قويۇۋاتاتتى. ئوق تېگىپ يىقىلغانلار كۆپەيمەكتە ئىدى. ئۈگەكلەرنىڭ كەينىدە ياردار بولغانلار ياتاتتى. قېرى بىر جەرراھ بىلىكىگە ئوق تېگىپ يىقىلغان بىر ياردار جەڭچىنى داۋالاپ، جەرراھ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تېخى يېڭىلا تەگكەن ئوقيا ئوقىنى تارتىپ چىقىرىۋاتقانىدى. ئەمما، ئوقنىڭ باشىقى ئۇنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلىكىنىڭ گۆشىگە كىرىپ كەتكەنىدى. ئوقنىڭ ئىلگىكى ئوق باشقىنى گۆشتىن تارتىپ چىقىرىۋېلىشقا كاشىلا قىلىۋاتاتتى. شۇڭا، ھېلىقى ياردار جەڭچى جېنىغا پاتقان ئاغرىق ئازابىدىن قاقشاپ ـ قاقشاپ، ئوتقا تاشلانغان قىلدەك تولغىناتتى. جەرراھ چاققانلىق ۋە ئۇستىلىق بىلەن ئۇچى گۆشتىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئوقنى بىر مىس نەيچىنى كىرگۈزدى ـ دە، ئۇنى ئوق تەرەپكە بۇراپ تۇرۇپ، ئېھتىياتلىق بىلەن ئوق باشقىغا قوشۇپ تۇرۇپ سىرتقا تارتتى. بۇ چاغدا ياردارنىڭ بېشىغا ئىنتايىن ئاچچىق ئاغرىق كىرىپ كەتتى ـ دە، قاتتىق ئىڭراپ كەتتى. لېكىن، باشاق جەرراھنىڭ قولىدىكى ھېلىقى مىس نەيچە بىلەن تەڭ ھەرىكەت قىلىپ، بىلەكنىڭ گۆشىدىن سۇغۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئۇستىگە شىپالىق مەلھەمى سۈرتۈلگەن مىس نەيچە سىيلىق بولغانلىقتىن، ئوقنىڭ تۈۋىنى بەدەندىن ئاجراتقان ھالدا قاپلاپ، ئىلگەكنى گۆشتىن ئاجراتتى. جەرراھ كۆپ ئۇرۇنۇپ ئاخىر باشاقنى گۆشتىن چىقىرىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. ياردەمچى جەرراھ يارىنىڭ ئاغزىغا شىپالىق مەلھەمنى سۈرتۈپ، ئۈستىنى تۇز سۈيىگە چىلانغان يېڭى خام بىلەن مەھكەم باغلىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى ياردارنىڭ يۈرىكىگە پاتقان ئوق يارىسىنىڭ ئازابىمۇ شاپپىدە توختىدى. جەڭچى ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، جەرراھ:

— ياق، ئاستا ـ ئاستا ياخشى بولۇپ كېتىسەن!... تېۋىپ ياراڭنى ھازىرلا پۈتتۈرىدىغان خۇدا ئەمەس. ئۇ ياراڭنى داۋالاپ ساقايتىدۇ. ئەمما، دەررۇ ئەمەس! — دېدى ئۇنىڭغا كايىپ تۇرۇپ.

بىراق ھېلىقى جەڭچى جەرراھنىڭ توسقىنىغىمۇ ئۇنىماستىن سەكرەپ تۇردى ـ دە، ئۆگەكنىڭ نېرىسىدىن بېشى كۆرۈنگەن بىر قارا چېرىككە قاراپ ئېتىلدى!...

سەككىز شوتا قوزغىلاڭچىلارنىڭ جەڭ قىلىشىغا قوماندانلىق

قىلىۋاتقان رەھمىتۇللا بەگكە قاراپ يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ تۆۋەندە شوتىلارنىڭ قويۇلۇشىنى كۈتۈپ سېپىل ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىپ چىقماقچى بولۇپ تەييارلىنىپ تۇرۇشقان بىر توپ قارا چېرىكلەرنى كۆردى ـ دە، جەڭچىلەرگە دەرھال تۆۋەنگە تاش دومىلىتىشنى بۇيرۇدى. مۇداپىئەچىلەر يوغان ـ يوغان تاشلارنى تۆۋەنگە قارىتىپ دومىلاتتى.

بۇ چاغدا، رەھمىتۇللا بەگ شوتىدىن سېپىل ئۈستىگە سەكرىمەكچى بولغان بىر مانجۇ سەردارىنى كۆرۈپ قالدى — دە، «يا ھەزرىتى ئەلى شاھىمەردان!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە شەمشادتەك چوڭ گۈرزىسىنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ ھېلىقى مانجۇ سەردارىنىڭ كاللىسىغا ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ رەت ئۇرۇۋىدى، مانجۇ سەردارى دەرھال بېشىغا قالقان تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ قېتىملىق ھۇجۇمىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ رەت قايتۇردى. گۈرزە ساداسىنىڭ گۇلدۇر ـ گۇلدۇرى زېمىن قۇلىقىنى گاس قىلىپ، گۈرزە ـ قالقان ئارىسىدىن چاقنىغان ئوت ئالەم كۆزىنى قارىغۇ قىلدى. ھېلىقى مانجۇ سەردارى نۆۋەتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، بۆرە چىشلىق ئۇمۇتنى ئېلىپ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ ئۇردى. رەھمىتۇللا بەگ قولىدىكى گۈرزىنى تاشلاپ، پولات نەيزە بىلەن ھېلىقى مانجۇ سەردارىنىڭ كۆكرىكىگە ئۇردى. مانجۇ سەردارى چەبدەسلىك بىلەن ئۇمۇتنى تاشلاپ، قالقانني يۈزىگە تۇتتى ۋە رەھمىتۇللا بەگكە شەمشەر ئۇرماقچى بولۇپ شەمشىرىنى كۆتۈردى. رەھمىتۇللا بەگ مانجۇ سەردارىنىڭ قولىنى كۆتۈرگىنىدىن پايدىلىنىپ قولىدىكى نەيزىسىنى چۆرۈپ تاشلىدى ـ دە، يېنىدىن شەمشىرىنى سۇغۇرۇپلا شۇنداق ئۇردىكى، شەمشەر مانجۇ سەردارىنىڭ سول بىقىنىدىن ئوڭ قولتۇقىغىچە سانجىلىپ، ئۇنى ئىككى ھەسسە قىلىپ تاشلىدى. مانجۇ سەردارى شوتا ئۈستىدىن خۇددى ئېگىز پور كۆتەكتەك يىقىلدى ۋە جېنى جەھەننەمگە كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكەت ئادرېسى

* * *

سەركەردىسىنىڭ پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن جەڭچىلەر شوتا بىلەن تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئۆمىلەپ چىقىۋاتقان قارا چېرىكلەرنى قەيسەرلىك بىلەن پەسكە ئۇرۇپ چۈشۈردى. ئەمدى، سېپىلنىڭ رەھمىتۇللا بەگ تۇرغان بۆلىكىنىڭ ئوڭ - سول تەرەپلىرىدىمۇ بىرنەچچە شوتا پەيدا بولدى، ئۇزاق ئۆتمەي، مانجۇلار سېپىل ئۈستىگە چىقىشىپ، ئاندىن سېپىلدىن سەكرەپ چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلار كوچىلاردا بىر - بىرىگە يول بېرىشمەي، ئۆتۈپ كېتىشكە تىرىشاتتى. شەھەر ئىچىدىكى سودىگەرلەر ۋە بايلارنىڭ ئۆيلىرى، ئامبارلىرى، مال - قورۇلىرى تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك چاپاتتى. ئۇدۇل كەلگەن ئۆيلەرگە بېسىپ كىرىپ، كۆزىگە كۆرۈنگەن ئادەمنى ئۆلتۈرەتتى.

شەھەر ئىچىدە مانجۇلار بىر مەھەللىدىن كېيىن ئىككىنچى مەھەللىنى ئىشغال قىلىشماقتا ئىدى. كەڭ مەيداندا ئاتلىق جەڭ قىلىشقا ئۆگەنگەن بۇ مانجۇ چېرىكلىرى تار كوچىلاردىن ۋە ئۆرۈلۈپ چۈشكەن ئۆيلەرنىڭ ئارقىسىدىن ئۆتۈپ، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا قارىماي، توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەپ، قاتتىق ھۇجۇم قىلاتتى ۋە دەريا تەرەپكە قاراپ چېكىنىۋاتقان قوزغىلاڭچىلارنى ئوق بوران قىلماقتا ئىدى.

رەھمىتۇللا بەگ ئەسمىتۇللا بەگ، جىيەنى ئەمرۇللا بەگ ۋە كۇيئوغلى تاھىر بەگلەر باشلىق بىر بۆلۈك قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ مانجۇلار بىلەن ئېتىشىپ - ئېتىشىپ، سېپىلنىڭ دەريا بىلەن تۇتىشىدىغان يېرىگە قاراپ سىلجىدى. ئۇلار ئۈچ مەھەللە يېنىغا كەلگەندە، رەھمىتۇللا بەگ يىقىلدى، ئۇنىڭغا ئوق تەگكەنىدى! ئۇ «ئاكا!» دەپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئىنىسى ئەسمىتۇللا بەگكە ۋە «ئاتا، نېمە بولدىلا!؟» دەپ

چۇرقىرىشىۋاتقان جېيەنى ئەمرۇللا بەگ، كۈيئوغلى تاھىر بەگلەرگە قاراپ ئاغزىنى ئۈمچەيتىپ، نېمىلەرنىدۇر پىچىرلىغاندەك قىلدى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ بېشى شىلىققىدە قىلىپ يانغا ساڭگىلاپ چۈشتى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىكى ئوت شولىسى لاپپىدە يانغاندەك بولدىيۇ ئەمما ئاستا ـ ئاستا ئۆچۈپ، خىرەلىشىپ قالدى...

* * *

ئەسمەتۇللا بەگ باشچىلىقىدىكى بىر گۇرۇھ قوزغىلاڭچىلار قوۋۇق يېنىغا كېلىشكەندە، بۇ يەرمۇ ئاللىقاچان مانجۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەنىدى! مانجۇلار كىشىلەرنى تۇتقان يېرىدىلا قىلىچلاپ سويۇپ تاشلىشىۋاتاتتى. شېرىپ دورغا، ساۋۇت بەگ ۋە داۋۇت مىرزا دېگەن خائىنلار مانجۇلارنى باشلاپ قوزغىلاڭچىلارنى تونۇپ بېرىۋاتاتتى. ئۇلار كىمنى قوزغىلاڭچى دېسە، مانجۇلار شۇ كىشىنى قىلچىمۇ ئاياپ ئولتۇرماستىن، «مانا ئىسيان كۆتۈرگەننىڭ جاجىسى!» دەپ رەھىمسىزلەرچە چېپىپ تاشلىشاتتى. ئەسمەتۇللا بەگ باشچىلىقىدىكى ھېلىقى بىر گۇرۇھ ئادەملەر قىلىچلىرىنى كۆتۈرۈشكەن پېتى مانجۇلارغا ئېتىلدى. بۇ چاغدا، ساۋۇت بەگنىڭ: «ئىسيانچىلارنىڭ كاتتىۋېشى ئەسمەتۇللا بەگ دېگەن ئەنە شۇ!» دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭلىغان مانجۇلار قوۋۇقنى تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يوپۇرۇلۇپ كېلىشكەن پېتى قوزغىلاڭچىلارنى چاپ ـ چاپ قىلدى. كۈچتۈنگىر بىر مانجۇ قولىدىكى بۆرە چىشلىق ئۇمۇتى بىلەن بىر ئۇرۇپلا ئەسمەتۇللا بەگنىڭ قولىدىكى نەيزىسىنى قېقىپ چۈشۈرۈۋەتتى. ئەسمەتۇللا بەگ شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ قولىغا ئېلىپ بولغىچىلىك ئارىلىقتا تۆت ـ بەش مانجۇ چېرىكى ئۇنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى ـ دە، ئۇنى تۇتۇۋالدى. ئەسمەتۇللا بەگنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

مانجۇلار قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ مايسخان: «ئاكا!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈۋىدى، ئەسمىتۇللا بەگ ئۇنىڭغا: «مېنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، دەرھال قوۋۇقتىن بۆسۈپ چىقىپ كېتىڭلار!» دەپ قاتتىق قەھىر قىلدى. ئائىلاج مايسخان بايمۇرات پالۋان دېگەن يەنە بىر سەردار بىلەن بىللە مۇشۇ پاتىپاراقچىلىقتا قالغان قىزلارنى ۋە بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ قوۋۇقتىن مۇھاسىرىنى يېرىپ قېچىپ چىقىپ كېتىشكە مۇۋەپپەق بولدى. يەنە بىر بۆلۈك قوزغىلاڭچىلار قوۋۇق يېنىدا ئەسمىتۇللا بەگدىن ئايرىلىپ قېلىشقاندىن كېيىن، ئەمرۇللا بەگ بىلەن تاھىر بەگلەرنىڭ باشچىلىقىدا مانجۇلار بىلەن قەيسەرلەرچە قانلىق ئېلىشىپ يۈرۈپ دەرۋازا ئالدى جامەسىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى ۋە جامەنىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋېلىشتى. قالغان بىر بۆلۈك خوتۇن - قىزلار بەختكە قارشى مانجۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تاھىر بەگنىڭ ئېغىر ئاياغ خوتۇنى ئاسىمخانمۇ بار ئىدى.

مانجۇ سەردارى، ئاقسۇ خان ئامبىلى بيەن تاخەي ئېتىنى دىۋىتىپ چاپتۇرۇپ كېلىپ، جامە ئالدىدىكى مەيداندا توختىدى ۋە جامەنىڭ سەيناسىغا سەپسىلىپ قارىدى - دە، ئەتراپىتىكى قارا چېرىكلەرگە:

— ئالغا، باتۇرلىرىم! چەنتۇلار بۇتخانىسىدىكى ئاشۇ بىر توپ ئىسيانچىلارنى تىرىك تۇتساڭلارلا، مۇنۇ چەنتۇلارنىڭ پاقلاندەك ئوماق، پاختىدەك يۇمشاق خوتۇن - قىزلىرى سىلەرنىڭ بولىدۇ! قولۇڭلارغا چىققان ئولجىلارنىڭ ھەممىسى سىلەرنىڭ بولىدۇ! مىگرۇي دارىن شەھەرنى ئۈچ كۈن بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشقا رۇخسەت قىلدى! — دەپ ۋارقىرىدى. قارا چېرىكلەر خۇشاللىقىدىن: «ئۇر، چاپ، تۇت، بۇلا، باس!» دەپ چۇقان سېلىشىپ، جامەگە ئۆزلىرىنى پەرۋانىدەك ئېتىشتى.

جامە ئىچىگە بېسىپ كىرىشكە تەقەززا بولغان قارا چېرىكلەر

ئىنتايىن كۆپ ئىدى. ئۇلار بىردەمدىلا ئىشىككە قاپسىلىپ قېلىشتى. ئەمرۇللا بەگ بىلەن تاھىر بەگ بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىشىپ قوللىرىدىكى ئايپالتىلىرىنى بىر - بىرىگە يول بېرىشمەي قىستىلىشىپ كەلگەن مانجۇلارنىڭ بېشىدا ئويناتتى. جامە ئىچىگە بېسىپ كىرگەنلىكى قارا چېرىك بېشىغا پالتا تېگىپ ئۇدۇللۇق يەر چىشلەپ يىقىلىۋەردى. ئۈستى - ئۈستىگە يىقىلغان جەسەتلەر دۆۋىسى مانجۇلارنىڭ ئولجا ئۈچۈن ماڭىدىغان يولىنى توسۇپ قويۇشتى.

— ئوت قويۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى بيەن تاخەي. قارا چېرىكلەر دەرھال جامە ئەتراپىدىكى ئۆيلەرنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرىنى بۇزۇپ، ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىلىرىنى ئېچىپ نۇرغۇن ياغاچلارنى توشۇپ كېلىشتى - دە، جامەنىڭ ئەتراپىغا دۆۋىلەپ ئوت قويۇشتى. لاۋۇلداپ كۆيگەن ئوتنىڭ يالقۇنى پەلەككە كۆتۈرۈلدى. جامەنىڭ ئىشىكىدىن كىرگەن كۈچلۈك ئوت يالقۇنى ياغاچتىن نەقىش ئويۇلغان پەنجىرلەرنى يالاپ قاپقارا تۈتۈن بىلەن جامەنىڭ ئىشىك - تۈڭلۈكىدىن تۈرۈلۈپ - تۈرۈلۈپ چىقتى. جامە ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ قاتتىق تىلللىغان، چىرقىرىغان، قاغىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ پاجىئەنى كۆرۈپ چىدىيالمىغان ئەسىرەلەر ئارىسىدىكى ئاسىمخان ئېچىنىشلىق بىر ۋارقىرىدى - دە، ھوشىدىن كېتىپ يەرگە يىقىلدى.

بىر ھازادىن كېيىن ۋارقىرىغان ئاۋازلارمۇ تۈگەپ، جامە ئىچىدىن يېگانە بىر ئادەمنىڭ زارلانغان ئاۋازى چىقتى - دە، توختىدى. ئەمدىلىكتە گۈلخان ئىچىدە يېنىۋاتقان جامەنىڭ تاختاي پوللىرىنىڭ چارسىلداپ كۆيۈشىلا جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.

مانجۇلار بۇ ئەسىرەلەرنى پۈتۈنلەي يېشىندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى ئولجا ئېلىشقاندىن كېيىن ئۆزلىرىنىڭ ھايۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن كۈپكۈندۈزدىلا ئۇلارغا زورلۇق قىلىشتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ ئەمچەكلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كېسىپ، ئىچ ـ باغرىنى يېرىپ تاشلاشتى.
قارا چېرىكلەر يەردە بىھوش ياتقان، ئېغىر بوي ئاسمىخاننى ئۇزۇن قارا چىچىدىن تۇتۇپ سۆرىگەن پېتى، بيەن تاخەينىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ تاشلاشتى. بۇ چاغدا بيەن تاخەيگە تۇڭچىلىق قىلىپ بېرىۋاتقان شېرىپ دورغا بۇ چىرايلىق چوكاننىڭ رەھمىتۇللا بەگنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا مەلۇم قىلدى. ئاڭغىچىلىك، قارا چېرىكلەر ئاسمىخاننىڭ ئۇستىدىكى يىپەك كۆڭلىكىنى سالدۇرۇۋالغانىدى. ئاندىن ئۇنىڭ بوينىدىكى كەھرىۋا مارجىنىنى ئۈزۈپ ئېلىپ، قۇلىقىدىكى ئالتۇن زىرىسىنى چىقىرىۋېلىشتى ۋە پۇتىدىكى قىزىل سەختىيان ئۆتۈكىنى، ئەتلەس ئىشتىنىنى سالدۇرۇۋېلىپ، ئۇنى سويغان پىيازدەك قىلىپ قويۇشتى. بيەن تاخەي چىرايىنى قىلچىمۇ ئۆزگەرتمەستىن، بۇ مەنزىرىنى تاماشا قىلىپ تۇراتتى. بىر هازادىن كېيىن ئۇ:
— ها! ها! ها! . . . بۇ چەنتۇ خوتۇن كىمگە كېرەك؟ ماڭا كېرەك ئەمەس! سىلەرنىڭ ئۇنىڭ لەززىتىنى تېتىشىڭلارغا رۇخسەت! — دېدى.
— ئەلۋەتتە ئۇنى ئامبال ناشتۇڭ ئالىدۇ — دە! — دېيىشتى مانجۇلار پاراققىدە كۈلۈشۈپ، — ناشتۇڭ ئەزەلدىن چەنتۇ خوتۇنلارنىڭ تەمىنى تېتىپ ئۆگىنىپ قالغان! . . .
— ناشتۇڭ، قارىغىنا، ئۇنىڭ كۆكسىگە! جانۋارنىڭ ئىككى كۆكسى بەئەينى يۇرتۇڭلارنىڭ ئالمىسىكەنغۇ؟!
بۇ چاغدا، قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى ناشتۇڭ ئېتىنى دېۋەتكىنىچە ئاندىن تۇغما هالەتتە، هېچقانداق هىمايىسىز هالدا هوشسىز ياتقان ئاسمىخاننىڭ بۇلماقتەك يۇمران تەنلىرىنى كۆرۈپ بىردەم هوزۇر قىلماقچى بولۇپ مېڭىۋىدى، ئۇنىڭ ئاستىدىكى جەدە ئات بېشىنى يۇلقۇپ، پۇشقۇرۇپ كەينىگە داجىدى. ناشتۇڭ ئاتتىن چۈشۈپ، يەردە ياتقان ئاسمىخاننىڭ

يېنىغا كەلدى. بىرنەچچە مانجۇ سەردارى ئاغزىدىن سېرىق سۇيىنى ئاققۇزۇپ، نەپسىنى يىغالمايلا قېلىشتى. ئۇلار ناشتۇڭدىن كېيىن بۇ قەدىرلىك ئولجىغا ئىگە بولۇشنى ئويلاپ، ھىمايىسىز ئايالنىڭ يېنىغا ئولاشتى.

بىرئازدىن كېيىن ئاسىمخان ھوشىغا كەلدى. . . بىراق، ئۇ ۋارقىرىمىدى، يىغلىمىدى. پەقەت ئۇيالغىنىدىن قىپقىزىل بولۇپ كەتتى. قوللىرى بىلەن كۆكسى ۋە ئۇياتلىق يېرىنى يېپىپ، تۇگۇلۇپ تۇرۇۋالدى.

خورلۇققا زادىلا چىدىيالماي قېلىۋاتقان ئاسىمخان يېنىغا شالىنى ئېقىتىپ كېلىۋاتقان بۇ تەنبەل مانجۇغا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى.

ناشتۇڭ ئۇنىڭ كۆكسىنى سىلاي دەپ سول قولىنى ئۇزىتىشىغا، ئاسىمخان ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى ـ دە، بەش بارمىقىنى ئاغزىغا سېلىپ گاچچىدە چىشلەپ ئۈزۈپ تاشلىدى، ئاندىن سۇنغان چىشلىرى بىلەن قوشۇپ قان ئارىلاش بۇ بارماقلارنى يەرگە تۈكۈردى. بارماقلار يەردە لىك ـ لىك قىلىپ سەكرەپ جىم تۇرمايۋاتاتتى. ناشتۇڭ ئاغرىق ئازابىغا چىدىيالماستىن، توڭگۇزدەك چىرقىراپ تاقلاپ كەتتى ۋە قىلچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ، ئېغىربوي ئاسىمخاننىڭ قورسىقىغا دەستىسىگىچە تىقىۋەتتى. بۇ چاغدا ئاسىمخاننىڭ ئاغزىدىن قان ئۇتەك ئېتىلىپ چىقىپ، ئۇنىڭ ئاپئاق كۆكسىنى قىپقىزىل بوياپ تاشلىدى.

ئاسىمخان:

— بىزگىمۇ ئاللانىڭ يورۇق كۈنلىرى كېلىدۇ. بۇ قىساس ئېلىنماي قالمايدۇ — دەپ ئېچىنىشلىق بىر ئىڭرىدى ـ دە، نەپەستىن قالدى. . .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

* * *

مانجۇلار شەھەر ئىچىدە ئۈچ كۈنگىچە دەھشەتلىك قەتلىئام يۈرگۈزدى. ئۇلار يەتتە ياشتىن ـ يەتمىش ياشقىچە بولغان ھەممە ئادەمنى «ئىسيانچىلارغا بولۇشقان» دېگەن نام بىلەن قىرىپ تاشلىدى. قېچىپ چىقىپ قەتلىئامدىن ساق قالغان ئاز ساندىكى ئادەملەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۈچ كۈنگىچە داۋام قىلغان بۇ قەتلىئامدا ئىككى مىڭ ئۈچ يۈزدىن ئارتۇق ئۈچتۇرپانلىق مانجۇلارنىڭ قانلىق قىلىچى بىلەن ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈلدى[1]. ئۈچىنچى كۈنى كەچكە يېقىن، شەھەرنىڭ ئىچىدە بىرمۇ تىرىك جان قالمىدى.

بۇ ھەقتە شائىر، تارىخشۇناس موللا شاكىر: «مانجۇلارنىڭ قانلىق قىلىچى بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئۈچتۇرپانلىق ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن ھازا ئېچىپ يىغلايدىغان بالا، باللار ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىدىغان ئاتا ـ ئانا، تۇغقانلار ئۈچۈن قايغۇرىدىغان ئۇرۇق ـ تۇغقان قالمىغان، خەلقنىڭ ھەممىسى پۈتۈنلەي قىرىلىپ تۈگىگەندى!» دەپ يازغانىدى...

* * *

ئۈچتۇرپان پەتھى قىلىنىپ ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن مانجۇلار شەھەردىن چېكىنىپ چىققان بىر بۆلۈك قوزغىلاڭچىلارنى دۆلدۆل ئوقۇر[2] ئەتراپىدا قورشىۋېلىپ كۆپ قىسمىنى قىرىپ تاشلىدى. قىرغىندىن ئېشىپ قالغان ئاز بىر

[1] بۇ ھەقتە «جوڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى» نىڭ داۋامى، 30 ـ جىلد، 15 ـ، 17 ـ بەتلەرگە ۋە «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 763 ـ جىلد، 4 ـ بەت، چەنلۇڭنىڭ 30 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىكى «خان يارلىقى» غا قارالسۇن.

[2] ئۈچتۇرپاندىكى جاي ئىسمى. رىۋايەتلەردە، ھەزرىتى ئەلى ئۆزىنىڭ تۇلپارىنى مۇشۇ يەرگە باغلىغان ئىمىش، دېيىلىدۇ.

قىسىم قوزغىلاڭچىلار مايىسخان ۋە بايمۇرات پالۋان قاتارلىق سەركەردىلەرنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۇرۇشا ـ ئۇرۇشا، مۆلجەر تاغ ئۇستىگە چېكىنىپ چىقىۋېلىشقا مەجبۇر بولۇشتى. ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغىدىن بۇ غەلىيانچىلارنى تىرىك تۇتۇش ھەققىدە ئىجراسى قاتتىق كۆرسەتمە ئېلىشقان قارا چېرىكلەر مۆلجەر تاغنى قاتمۇقات قورشىۋالدى ۋە مۇھاسىرە چەمبىرىكىنى بارغانسېرى تارايتىپ باردى.

كېچىلىرى تاغنىڭ ئەتراپىدا مانجۇلار ياققان گۇلخانلار كېچىنىڭ تۇن قاراڭغۇلۇقىنى خۇددى كۇندۇزدىكى ئاپتاپتەك يورۇتۇۋەتكەنىدى. چوقچىيىپ تۇرغان مۆلجەر تېغى خۇددى ئاسماندا ئەركىن پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن قارلىغاچتەك يىراقتىن قارىيىپ كۆرۈنەتتى. قارا چېرىكلەر گۇلخان يورۇقىدا قورال ـ ياراقلىرىنى جاراقشىتىپ تاغنىڭ ئەتراپىنى چارلاپ يۈرۈشەتتى. ئوت يورۇقىدا تاغنىڭ قىياپىتى تولىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. مۆلجەر تېغىنىڭ بىر ئۇچى توققۇز بۇلاق ئەتراپىغا كەلگەندە خۇددى پالتا بىلەن كېسىپ تاراشلىغاندەك بىردىنلا تىك ھاڭغا ئۆزگىرەتتى. بۇ ھاڭ تاغنىڭ ئەڭ ئېگىز تەرىپىدە بولۇپ، تاپىنىدىن تاكى چوققىسىغىچە قاپقارا قىيا تاشلار بىلەن قاپلانغانىدى. بۇ قىيالىقنىڭ بەزى جايلىرى كۆپۈپ چىققان بولۇپ، ھازىرلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك كۆرۈنسە، يەنە بەزى جايلىرى ئىچىگە يىمىرىلىپ كىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئىچىدە خۇددى تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان ئۆڭكۈرلەر باردەك بىلىنەتتى. قىيا تاشلارنىڭ ئۇستى ۋە ئاستىدىكى ئاراشلاردا خۇددى ئېگىز بويلۇق كۇچتۇڭگۇر ئادەمنىڭ بەدىنىدە ئۆسكەن يىرىك موي ـ تۇكلەرگە ئوخشاش ئىرماش ـ چىرماش ياۋا ئوت ـ چۆپلەر ئۈنگەنىدى. بۇنىڭغا كېچىنىڭ مەشئۇملۇقى قوشۇلۇپ، كىشىگە بىر خىل ۋەھىمىلىك ۋە قورقۇنچلۇق بولۇپ تۇيۇلاتتى.

مايىسخان بۇ كېچىنى مانجۇلار مۇھاسىرىسىنى قانداق

بۇزۇپ چىقىپ كېتىش ھەققىدە ئويلاپ بىدار ئۆتكۈزدى ۋە ئاخىر بىر قارارغا كەلدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ قارارىنى سەردار بايمۇرات پالۋانغا ئىيتماقچى بولۇپ، زۆھرەگۈلگە ئۇنى چاقىرىشنى بۇيرۇدى.

— بۈگۈن تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ، مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىمىز، — دېدى مايسىخان كۆپچىلىككە پىچىرلاپ تۇرۇپ، — مەن بىر بۆلۈك ئادەملەرنى ئېلىپ شەبخۇن ئۇرۇپ، مانجۇلارنى پاراكەندە قىلاي، سىلەر بايمۇرات سەردار باشلىق قالغانلىرىڭلار يارىدارلارنى ئېلىپ تاغدىن چۈشۈڭلار ـ دە، ۋادا تەرەپكە چېكىنىڭلار!

زۆھرەگۈل ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتى:

— بىز سىزدىن ئايرىلمايمىز! — دېدى ئۇ، — سىز نەدە بولسىڭىز بىزمۇ شۇ يەردە جان پىدالىق كۆرسەتكەيمىز!

— بىز سىز بىلەن ھايات ـ ماماتتا بىللە بولىمىز، — دەپ قەسەم قىلغانمىز! — دەپ چۇرقىراشتى قالغان قىزلارمۇ تەڭلا.

بۇ چاغدا سەردار بايمۇرات پالۋان قولىنى كۆتۈردى ۋە:

— جانابىي سەركەردەم، ئاللا تائالا جەڭنى ئايالللار ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەرلەر ئۈچۈن ياراتقان! — دېدى ئىشەنچ بىلەن سۆزلەپ تۇرۇپ، — بىز ئەرلەر بار يەردە، سىز ھەمشىرىلىرىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرەلمەيمىز! بولمىسا، مەھشەر كۈنى مۇرەببىمىزگە قايسى يۈزىمىز بىلەن قارايمىز؟

— شۇنداق، مۇرەببىمىز ئالدىدا يۈزىمىز قارا بولمامدۇ؟ ئەۋلادلىرىمىز ئۇ ئالەمدە بىزلەردىن «موملىرىمىزنى نىمىشقا خەتەرلىك جايغا ئەۋەتكەنىدىڭلار؟» دەپ سورىسا، نىمە دەپ جاۋاب بېرىمىز؟ — دېيىشتى قالغان سەردارلارمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا، — ئۇنىڭدىن كۆرە، مانجۇلارغا بىز شەبخۇن ئۇرايلى، سەركەردە خېنىم، سىز قالغان ھەمشىرىلىرىمىزنى ۋە سەپداشلىرىمىزنى باشلاپ چېكىنىڭلار.

— تىنچ، ئاستا گەپ قىلىڭلار. مانجۇلارنى چۆچۈتۈپ قويماڭلار! — دېدى مايسىخان. ئۇ سەل ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— مەن كېچىچە بۇ ئىشنى ھەر تەرەپلەردىن ئاسماقچىلاپ مولجالىلىدىم. بىز تاغنىڭ ئۈستىدە تۇرۇۋۋەرسەك، مانجۇلارنىڭ قولىدا ئۆلمىگەن تەقدىردىمۇ، ئاچلىق، ئۇسسۇزلۇق ھەممىمىزنى ئاخىر ھالاكەتكە دۇچار قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كۆرە، بىز ئاز بىر قىسىم ئادەمنىڭ ھاياتى بەدىلىگە كۆپ قىسىم ئادەملەرنى مۇھاسىرە ئىچىدىن ئېلىپ چىقىپ كېتەلىسەك، بۇ بىزنىڭ غەلىبىمىز بولغان بولىدۇ!

— ئۇنىڭدىن كۆرە، لەنىتى مەنچىڭلارغا ھەممىمىز بىراقلا ھۇجۇم قىلايلۇق، — دېدى غۇنچە قىز چۇڭقۇلداپ سۆزلەپ، — ئۆلسەكمۇ بىللە ئۆلەيلى، قالساقمۇ بىللە ھايات قالايلى!

— بولدى، تالاشماڭلار. ھەممىمىز بىراق ھۇجۇم قىلساق ئۆزىمىزنى ھالاكەتكە تۇتۇپ بېرىدىغان تەۋەككۇلچىلىك قىلغان بولىمىز. ئۇنىڭدىن كۆرە، بىز يەتتە قىز شەبخۇن ئۇرۇشقا بارايلۇق، ئادەم ئاز بولسا، كېچىدە شەپىمۇ ئاز بولىدۇ. دۇشمەننى قايمۇقتۇرۇشقىمۇ ئوڭاي بولىدۇ. مەن ھەم دۇشمەننى تالاپەتكە ئۇچرىتىدىغان، ھەم ئۆزىمىزنى ساقلاپ قالغىلى بولىدىغان بىر ئەپلىك چارىنى قىلىپ قويدۇم.

مايسىخان ئورنىدىن تۇرۇپ تاغنىڭ كەينىدىكى يانتۇ قىيالىق لېۋىگە كېلىپ توختىدى ۋە تۆۋەنگە سىنچىلاپ قارىدى. ئاندىن:

— بۇ يانتۇ قىيالىقنى كۆرۈۋاتامسىلەر؟ — دېدى ئالدى تەرەپنى كۆرسىتىپ، — مانجۇلار بىزگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قوزغىسا، دەل مۇشۇ يانتۇ قىيالىقتىن تاغنىڭ ئۈستىگە چىقالىشى مۇمكىن. ئەنە ئاۋۇ شەرق تەرەپتە قارىيىپ كۆرۈنگەن قارا سايە مانجۇلار مۆلجەر تاغ قەلئەسىنى سالدۇرغاندا، تاغنىڭ ئۈستىگە ئەھيا قىلدۇرغان پوتەيدۇر. بىراق، بۇ پوتەي تەرەپتىن

مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى مانجۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئوردۇگاھىنى دەل ئاشۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرغان. شۇڭا، ئۇلار بىزنى بۇ يەردىن چۇشەلمەيدۇ، دەپ ھېسابلاپ، بۇ يەردە كۆپ لەشكەر قويمىغان، بەلكى ئاساسلىق كۈچىنى تاغنىڭ يانتۇ قىيالىق تەرىپىگە يۆتكەپ كەتكەن. شۇڭا، بىز پوتەيگە ئوت قويۇپ، شۇ تەرەپتىن مانجۇلارنىڭ ئوردىگاھىغا تۇيۇقسىز شەبخۇن ئۇرساق، مانجۇلارنى جەزمەن تەمتىرىتىپ قويغىلى بولىدۇ. مانجۇلار بىزنى ئاشۇ يەردىن مۇھاسىرىنى بۇزۇپ قاچمىدىغان بولدى، دەپ قاراپ، يانتۇ قىيالىق تەرەپكە قاراتقان كۈچىنى بۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىشكە مەجبۇر بولىدۇ. سىلەر شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قالغاچ تاغ تەرەپتىن مۇھاسىرىنى يېرىپ ئۆتۈڭلار ـ دە، ۋادا تەرەپكە چېكىنىڭلار.

— بىراق، مەن ئاشۇ ئېگىزلىكنىڭ كەينىدە ياكى ۋادا تەرەپتە مانجۇلارنىڭ يوشۇرۇنغان لەشكەرلىرى بارمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلىمەن، — دېدى ئادەتتە ئىشنى ئىنچىكە ئويلايدىغان گۇلئايىم.

— بىراق، مانجۇلار بىزنى بۇنداق قالتىس يول بىلەن كېلىدۇ ياكى ئۇ يەرگە چۈشىدۇ، دەپ خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈشمەيدۇ!

— ھۇجۇمنى قاچان باشلايمىز؟ — دەپ سورىدى دىلبەر قىز.

مايسىخان ئاسمانغا قارىدى ۋە:

— ھازىر ئاي قاراڭغۇسى بولغان ياخشى پەيت. شۇڭا، سىز بايمۇرات پالۋان دەرھال جايىڭىزغا بېرىپ چېكىنىشكە تەييارلىنىڭ! بىز پوتەيگە ئوت قويۇشىمىز بىلەن تەڭ سىلەرمۇ يانتۇ قىيالىق تەرەپكە قاراپ چېكىنىڭلار!

بايمۇرات:



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى www.uyghurkitap.com

- قوللۇق، سەركەردەم! — دېدى — دە، دەرھال ئادەملىرىنى باشلاپ چېكىنىشكە تەييارلىق كۆرۈشكە باشلىدى.

* * *

كېچە ئاسمىنى خۇددى قازاننىڭ كۈيىسىدەك قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئەتراپنى تۈن زۇلمىتى قاپلىغانىدى. قولىدا ياندۇرۇلمىغان بىر ئوتقاشنى تۇتۇۋالغان مايىسخان قىزلارنى باشلاپ تاغ ئۈستىدە پوتەي تەرەپكە قاراپ ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە. قىزلار ئۇنىڭ كەينىدە سەپ تارتىپ ئاستا كېلىشمەكتە ئىدى.

ئارىلاپ - ئارىلاپ مايىسخاننىڭ پىچىرلاپ ئېيتقان:

— يېتىشىپ مېڭىڭلار قىزلار، تېزرەك مېڭىڭلار! — دېگەن ئاۋازى ئاستا ئاڭلىناتتى.

ئۇلار تاغ ئۈستىدىكى پوتەينىڭ يېنىغا كەلگەندە، بىردەم تىڭ - تىڭشىلاپ تۇرۇشتى - دە: «پوتەيدە ئادەم بار ئىكەن» دەپ جەزم قىلىشتى.

مايىسخان قولىنى شىلتىدى:

— يېقىنراق كېلىڭلار! — دەپ پىچىرلىدى، — مېنىڭ قېشىمغا يىغىلىڭلار!

پوتەينىڭ ئىچىدىن غۇۋا چىراغ نۇرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بىر ئايال كىشىنىڭ ئېچىنىشلىق زارلىنىشى ۋە قارا چېرىكلەرنىڭ ھاياسىزلارچە كۈلۈشكەن كۈلكىسى ئاڭلىنىۋاتاتتى.

مايىسخانلار تىۋىش چىقارماي پوتەينىڭ تۈۋىگە كەلدى. پوتەينىڭ ئىشىك تەرىپىدە بىر قارا چېرىك تاشقا يۆلەنگەن ھالدا ئۈگدەپ ئولتۇراتتى. مايىسخان ئۇقتەك ئېتىلىپ بارغان پېتى قولىدىكى خەنجەر بىلەن كۆزەتچىنىڭ كارنىيىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. ئۇ قوللىرىنى ئۇيان - بۇيانغا پۇلاڭلاتتى - دە، ۋارقىراشقىمۇ ئۈلگۈرمەستىنلا يېنىغا قىڭغىيىپ قالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىن ئادرېسى

پوتەينىڭ ئاستى تەرپىدە، كېيىملىرى سالدۇرۋېلىنغان ئادەم ئۆلۈكلىرى كۆپ ئىدى. بۇ ئۆلۈكلەرنىڭ تەگدىن تولىسى قىپيالىڭاچ خوتۇن ـ قىزلار بولۇپ، قارا چېرىكلەر ئۇلارنىڭ نومۇسىغا تەگكەندىن كېيىن ھەممىسىنى ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈرۈپ تاشلىغانىدى.

— يارەببىم! بۇ نېمىدېگەن ۋەھشىيلىك! — دېدى دىلبەر قىز بۇ ئۆلۈكلەرگە قاراشقا پېتىنالماي.

— يۇرۇڭلار! پوتەي ئىچىدىكىلەرنى يىغىشتۇرۇۋېتەيلى! — دەپ پىچىرلىدى مايسىخان ۋە قولىدىكى ئوتقاشنى ياندۇرۇپ پوتەي ئىچىگە تاشلىدى. كۆيۈۋاتقان ئوتقاش دەل بىر تۇڭ پورۇخنىڭ ئۈستىگە چۈشكەنىدى! قىزىل ئوت يالقۇنى پوتەينىڭ ئىچىنى لاپ قىلىپ قاپلاپ، ئارقىدىن دەھشەتلىك پارتلاش ساداسى ئاڭلاندى ـ دە، ئىچىدىكى ئادەملىرى بىلەن قوشۇلۇپ چۇل ـ چۇل بولغان پوتەي بىراقلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. قاتتىق پارتلاش ئاۋازى پۈتۈن مۆلجەر تاغنى زىلزىلىگە سالدى. تۆۋەندىن قارا چېرىكلەرنىڭ:

— ۋاي بولمىدى، ئىسيانچىلار ئوردۇگاھقا ھۇجۇم قىلدى! ۋاي، بولۇڭلار تېز! — دەپ ئالاقزادە بولۇپ ۋارقىراشقان ئاۋازلىرى ئاڭلانماقتا ئىدى.

— قىزلار، ئالغا! ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنى ئۆلتۈرگەن، ئەرلىرىمىزنى قىرغان، ھەمشىرىلىرىمىزنى ئاياغ ـ ئاستى قىلىپ خورلىغان لەنتى مەنچىڭلارنى ئايىماستىن قىرىڭلار!

مايسىخان قولىدىكى قىلىچى بىلەن نەيزىسىنى كۆتۈرۈپ سانجىماق بولۇپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقان بىر قارا چېرىكنى چېپىپ تاشلىدى. بۇ چاغدا يارىلانغان سول قولىنى تېڭىپ بويىنىغا ئېسىۋالغان بىر تەمبەل مانجۇ سەردارى جۇغى كىچىك غۇنچە قىزنى بوزەك تاپقاندەك قىلىپ ئۇنىڭغا چىرمىشىۋالدى. غۇنچە قىز ئۇنىڭغا نەچچە داپقۇر قىلىچ ئۇرغان بولسىمۇ ئەمما ئۇ

ھەممىسىنىلا قولىدىكى قىلىچى بىلەن رەت قىلىپ تاشلاپ، ھەملە قىلىپ ئۇنى تاغ تەرەپكە قىستاپ سۈرۈپ كېلىشكە باشلىدى ۋە قولىدىكى قىلىچى بىلەن ئۇنى چاپماقچى بولۇپ شىلتىۋىدى، غۇنچە قىز كېيىكتەك چاققانلىق بىلەن يانغا داجىپ ئۆتۈۋالدى. مانجۇنىڭ قىلىچى بوشقا كەتتى - دە، ئالدىغا دەلدۈگۈنۈپ كەتتى. بۇ چاغدا دىلبەر قىز بىر قىلىچ سىلىپلا ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىۋالغان سول قولىنى مۈرىسى بىلەن قوشۇپ چېپىپ تاشلىدى. ئۇنىڭ مۈرىسى بەش بارمىقى يوق ياردار قولى بىلەن بىللە خۇددى بوراندا يېرىلغان دەرەخنىڭ شېخىدەك ساڭگىلاپ قالدى. غۇنچە قىز يەنە بىر قىلىچ ئۇرۇپ بۇ تەمبەل مانجۇ سەردارنىڭ بېشىنى توڭ سويمىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈپ چۈشۈردى.

بۇ چاغدا، مانجۇلار ئارىسىدا بىردىنلا: «ۋاي يامان بولدى! خان ئامبال ناشتوڭنى چېپىپ تاشلىدى! . . .» دېگەن ۋەھىمىلىك سادالار كۆتۈرۈلۈپ، پۈتۈن مۆلجەر تاغ باغرىنى چاڭ كەلتۈردى. ئىككى قولى ئۇچتۇرپان خەلقىنىڭ ئىسسىق قېنى بىلەن بويالغان، ئاسمخاننى خورلاپ، بەش بارمىقىدىن ئايرىلىپ قالغان بۇ جاللات ئاخىر مۆلجەر تاغ باغرىدا ئۇچتۇرپانلىق باھادىر قىز — غۇنچەم تەرىپىدىن چېپىپ تاشلاندى![1] . . .

قالغان قىزلارمۇ ھەر تەرەپتە مانجۇلار بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىشىپ باتۇرلارچە جەڭ قىلىشماقتا ئىدى. . .

---

① ناشتوڭ (1765 - ؟) — باركۆل نازىر بېگى، ئاقسۇ يانداش خان ئامبىلى، كۇچا خان ئامبىلى، قاراشەھەر خان ئامبىلى قاتارلىق مەنسەپلەردە ئولتۇرغان. جەنۇبتىن ئىلىغا تارانچىلارنى يۆتكەش ئىشىنىڭ ئاساسلىق پىلانلىغۇچىلىرىدىن بىرى ئىدى، كېيىن يەنە قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلىمۇ بولغان. ئۇ ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىنى باستۇرغان جاللاتلارنىڭ بىرى ئىدى. بەزى مەنبەلەردە، ئۇ «ئۇچتۇرپان پېغىلىقىنى باستۇرالمىغان، دېگەن گۇناھ بىلەن ئىلى جاڭجۇنى مىڭرۇي تەرىپىدىن مۆلجەر تاغ ئالدىدا چاپتۇرۇۋېتىلگەن» مۇ دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

*　　　*　　　*

پوتەي ئاستىدىكى مانجۇلار مايىسخانىلارنىڭ شەبخۇنىدا مەغدەپ تۇرۇپ قېلىشقان بولسىمۇ ئەمما تېزلىكتە ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋېلىشتى ۋە دەرھال تەشكىللىك ئاساستا دادىللىق بىلەن ئۇرۇشۇشقا باشلىدى. ئاخىر مايىسخانىلارنى تاغ تەرەپكە چېكىندۇرۇشكە مۇۋەپپەق بولالىدى. ئىش ئەمدى تەتۈرىسىگە قاراپ مېڭىۋاتاتتى. . . بايمۇرات پالۋان تاغ ئۈستىدە قاپسىلىپ قالغان قوزغىلاڭچىلارنى باشلاپ، ياربدارلىرىنى ئېلىپ يانتۇ قىيالىق تەرەپكە تېزلىك بىلەن چېكىندى. ئۇلار سويۇتقا بولاق دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە، ئاقسۇ خان ئامبىلى بيەن تاخەينىڭ چارلىغۇچىلىرىغا دۈچ كېلىپ قېلىشتى. «چەنتۇلار! چەنتۇلار كەلدى!» دېگەن سادا بىلەن مانجۇلار دەرھال ئوپۇر - توپۇر بولۇپ كېتىشتى. چارلىغۇچىلار جەزلىرىنى جاراڭلىتىپ جاڭ ئۇرماقتا ئىدى. بۇ چاغدا، بيەن تاخەي چېدىر ئىچىدە ئالدىغا ئولجا ئالغان خىلمۇ خىل مەرغۇپ تاشلاردىن ۋە ئالتۇن - كۈمۈشلەردىن ياسالغان بىلەزۈك، ئالتۇن قاداق، ھالقا، سىرغا، سۆكە، ئۈزۈك، ئالتۇن زۇننار ۋە ئۈنچە - مەرۋايىتلاردىن گۈل چېكىپ ئىشلەنگەن يىپەك ياغلىقلارنى قويۇۋېلىپ قاراپ ئولتۇرغانىدى. چېرىكلەرنىڭ ۋەھىملىك ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا تۇتۇلۇپ، رەڭگى ئۆزگىرىپ، ئالدىدا يېيىلىپ تۇرغان ئولجىلارنى دەرھال سىيپاپ يىغىۋېلىپ خالتىسىغا سالدى - دە، خالتىنى قوينىغا تىقىپ، قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ، چېدىر سىرتىغا يۈگۈرۈپ چىقتى.

بەستلىك بايمۇرات پالۋان چېدىرنىڭ ئىچىدىن يۈگۈرۈپ چىققان بيەن تاخەي دېگەن بۇ ئاۋاق مانجۇ سەردارى بىلەن روبىرو كېلىپ قالدى. بيەن تاخەي بارلىق كۈچىنى يىغىپ قولىدىكى قىلىچنى بايمۇرات پالۋاننىڭ كۆكرىكىگە ئۇرماقچى بولۇپ

تەمشىلىشىگە، بايمۇرات پالۋان قولىدىكى گۇرزە بىلەن ئۇنىڭ قىلىچىنى قېقىپ چۈشۈرۈۋەتتى ـ دە، قولىنى ئۈزۈۋېتىپلا ھېلىقى بېيەن تاخەينىڭ گېلىنى بوغۇۋالدى ۋە خۇددى قامىقاقنى كۆتۈرگەندەك دەس كۆتۈرۈپلا ئاندىن يەرگە ئۇلاقتۇرۇۋېتىپ بىر ئېتىۋىدى، بېيەن تاخەينىڭ بېشى يەردە چوقچىيىپ تۇرغان قارا تاشقا تېگىپ پىقىش ـ پىقىش بولۇپ كەتتى[1].

قارا چېرىكلەر سەردارىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى كۆرۈپ، چۇقان كۆتۈرۈشكىنىچە، خۇددى ئۇۋىسى بۇزۇلغان چاشقاندەك تەرەپ ـ تەرەپكە پىتىراپ قېچىشقا باشلىدى. دەل مۇشۇ چاغدا بىر توپ مانجۇ ئاتلىقلىرى قىلىچلىرىنى باش ئۈستىدە ئوينىتىپ ھۇيقۇتقىنىچە چېپىپ كېلىشتى ۋە پىيادە قوزغىلاڭچىلارنى قوغلاپ يۈرۈپ بىردەمدىلا ھەممىسىنى قىلىچلاپ تاشلىدى. . .

* * *

تاڭ ئېتىپ، يەر ـ جاھان يورۇشقا باشلىدى. ئاسمان شۇنچە سۈزۈك بولۇپ، غۇبارسىز كۆكتە بىرمۇ بۇلۇت يوق ئىدى. ئەتراپ بۇ يەردە ئەزەلدىن جەڭ بولۇپ باقمىغاندەك جىمجىت بولۇپ قالغانىدى. ئەمدى مۆلجەر تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغان مايسىخان قاتارلىق يەتتە قىزدىن باشقا بۇ ئەتراپتا ھېچقانداق تىرىك قوزغىلاڭچى قالمىدى. تاغ باغرىدا ئۇ يەر ـ بۇ يەردە چېپىپ تاشلانغان قوزغىلاڭچىلارنىڭ جەسەتلىرى ياتاتتى. شەھەردە ئىشىكلىرى ھاڭگىرقاي ئوچۇق، شامال ھوۋۇلىغان خارابە

---

① بېيەن تاخەي (1765 ـ ؟) — ئاقسۇ خان ئامبىلى، قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى قاتارلىق مەنسەپلەردە ئولتۇرغان. ئۇ ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىنى باستۇرغان جاللاتلارنىڭ بىرى. بەزى مەنبەلەردە ئۇ: «ئۇچتۇرپان ئىسيانىنى باستۇرالماي مەغلۇپ بولغانلىقتىن، ئىلى جاڭجۈنى مىڭرۇي تەرىپىدىن مۆلجەر تاغ ئالدىدا چاپتۇرۇۋېتىلگەن» دېيىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

ئۆيلەرنى ماكان تۇتقان لالما ئىتلاردىن باشقا بىرمۇ تىرىك جان كۆرۈنمەيتتى. ئۆلۈكلەرنىڭ ھەددىنى ئالغان قاغا ـ قۇزغۇنلار تاغ باغرىغا توپ ـ توپى بىلەن ئۇچۇپ كېلىشمەكتە ئىدى! . . .

*　　　*　　　*

مايسىخان باشلىق يەتتە قىز مانجۇلارنىڭ قولىغا تىرىك چۈشمەسلىك ئۈچۈن قايتىدىن مۆلجەر تاغ ئۈستىگە چېقىنىشىپتى. مانجۇلار بولسا خۇددى تىللىرىنى ساڭگىلىتىپ، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ ئۆلجىسىغا قاراپ تۇرۇشقان بىر توپ غالجىر ئىتلاردەك تاغنىڭ چوققىسىغا چېقىنىشقان يەتتە قىزغا قارىشىپ تۇرۇشاتتى.

مانجۇلار بىردىنلا ئىككىگە بۆلۈنۈپ، ئالچاڭلاپ كېلىۋاتقان بىر ئۇلۇغىغا يول بېرىشتى. ئۇ تاغنىڭ ئاستىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن تاغ ئۈستىدىكى يەتتە قىزغا قولىنى پولاڭلاتتى:

— ھەي چەنتۇ ياتۇ! سەنلەر مېنى تونۇيدۇ ـ مۇ؟ مەن شۇ ئىلى جاڭجۇنى مىڭرۇي دارېن بولىدۇ! بېيشىڭگە[1] مەندە ئىچى ئاغرىيدۇ! — دېدى ئۇ چالا بىلىدىغان ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەپ كۆرەڭلەپ تۇرۇپ، — سەندە تاغدىن چۈشسە بولىدۇ، مەن جاڭجۇن دارېن ساڭغا تولا ـ تولا شاڭ[2] بېرىدۇ! چۈشمىسە، دارېن تاشلاڭ[3] دەيدۇ!

— سەن كىمگە شاڭ بەرمەكچى ئىدىڭ؟! بىزگە شاڭ بېرەمسەن تېخى؟! بىزنىڭ ھەمشىرىلىرىمىزنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىغا تېگىپ، ئاياغ ـ ئاستى قىلغان كىم؟ ئۇلارنى

① بېيشىڭ — لاۋبەيشىڭ، پۇقرا، دېگەن مەنىدە.
② مۇكاپات، ئىنئام دېگەن مەنىدە.
③ تاشلاڭ — ئۆلتۈرۈۋېتىش دېگەن مەنىدە.

ئۆلتۈرۈۋېتىپ، ئۆلۈكنى قىپيالىڭاچ قىلىپ تاشلاپ قويغان كىم؟ بىزنىڭ قىزلىرىمىزنىڭ سىرغىلىرىنى قۇلىقى بىلەن بىللە كېسىپ ئېلىۋالغان كىم؟ ئاتا - ئانىلىرىمىزنى، بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىمىزنى ئۆلتۈرگەن كىم؟ بۇ ۋەھشىيلىكلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلغان زادى كىم؟ ھەي مىڭرۇي دېگەن ئىتنىڭ بالىسى، سېنىڭ بىزگە راستىنلا ئىچىڭ ئاغرىغان بولسا، مۇشۇ ياۋۇزلۇقلارنى قىلارمىدىڭ؟!

مايسىخان ئارقا - ئارقىدىن سۆزلەپ، ئىلى جاڭجۇنى مىڭرۇينى ئېغىز ئاچالماس قىلىپ قويدى.

مىڭرۇي بېشىنى چايقاپ قويدى - دە، قولىنى كۆتۈرۈپ «باشلاڭلار!» دېگەندەك قاتتىق سىلكىدى. بۇ چاغدا مانجۇلار تۇشمۇ تۇشتىن مۆلجەر تاغقا ياماشقىلى تۇردى. مايسىخان تاغقا يامىشىپ چىقىۋاتقان مانجۇلارنى كۆرۈپ قىزلارغا تاش دومىلىتىشنى بۇيرۇدى. قىزلار دومىلاتقان يوغان - يوغان تاشلار گۈلدۈرلەپ دومىلاپ كېلىپ، مانجۇلارنىڭ باشلىرىنى مىجىپ ئۆتۈپ كېتىشتى. بىراق، بۇ ئۆلگەن مانجۇلارنىڭ ئورنىغا يېڭىلىرى پەيدا بولۇشاتتى. ئۇلارمۇ ئالدىنقىلىرىدەكلا جاھىللىق بىلەن تاغنىڭ چوققىسىغا قاراپ يامىشاتتى.

ئاخىر تاغ ئۈستىدە دومىلاتقۇدەك تاش قالمىدى. مانجۇلار تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىشقاندىن كېيىن يەتتە قىزنى تۆت ئەتراپتىن قورشاپ كەلدى.

قىزلار مانجۇلار بىلەن قىلىچۋازلىق قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار چېكىنە - چېكىنە تىك قىيانىڭ لېۋىگە كېلىپ توختىدى. ئەمدى يول پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەنىدى. كەينىدە ئەجەل مۇئەككەللىرى بولغان مانجۇلار شىپقاپ كېلىۋاتاتتى. ئالدىدا بولسا نەچچە تېرەك بويى كېلىدىغان تىك ھاڭ - ئۆلۈم ئۇلارنى كۈتۈپ تۇراتتى!

بىر مانجۇ قولىدىكى ئۇزۇن ساپلىق كوتمەك قىلىچى بىلەن مايسىخاننى چاپماق بولۇپ قىلىچ چۆرۈۋىدى، مايسىخان ئۆزىنى

www.uyghurkitap.com

ھىمايە قىلىش ئۈچۈن قىلىچنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى. قىلىچ قىلىچقا تېگىپ «جاڭ!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يېشىل ئۈچقۇن چاچراپ چىقتى ـ دە، مايىسخاننىڭ قولىدىكى قىلىچ سۇنۇپ ئىككى نىمتە بولۇپ كەتتى. مانجۇنىڭ قولىدىكى كوتمەك قىلىچنىڭ ئۇچى مايىسخاننىڭ قولىغا تېگىپ كېتىپ، بىلىكىنى كېسىپ چۈشتى! ئۆز سەركەردىسىنىڭ يارىلانغانلىقىنى كۆرگەن باشقا ئالتە قىز دەرھال مايىسخاننى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، ئۇنى تېنى بىلەن ھىمايە قىلىپ تۇرۇشتى!

بۇ چاغدا، تاغۇ ـ تاشلارنى تىترىتىپ، مۆلجەر تاغ ئۈستىدە مايىسخاننىڭ ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى:

— ئەلۋىدا، ئانا يۇرت! ئەلۋىدا جەننەتۇل ۋەتەن! بىز مەڭگۈ ئەل ـ ۋەتەن بىلەن بىللە!

قىزلار قوللىرىدىكى سۇنۇق قىلىچلىرىنى ئۆزلىرىنى تۇتماقچى بولۇپ شىپقاپ كېلىشىۋاتقان بۇ بەتبەشىرە مانجۇلارنىڭ بېشىغا ئاخىرقى قېتىم چاپتى! مانجۇلار دەررۇ ئارقىغا داجىشتى. بۇ چاغدا قىزلار ياربدار سەركەردە مايىسخاننى يۆلىشىپ، پىچاق قىرىدەك تىك يار ئۈستىدىن ئۆزلىرىنى پەسكە تاشلاشتى. ئىلى جاڭجۈنى مىڭرۇينىڭ كۆزىگە تاغدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقان بۇ يەتتە قىز خۇددى كۆكتىن ئولجىسىغا قاراپ ئېتىلىپ چۈشۈۋاتقان يەتتە شۇڭقاردەك كۆرۈنۈپ كەتتى! . . .

ئىلى جاڭجۈنى مىڭرۇي بۇ پاجىئەگە زادىلا چىداپ تۇرالمىغاندەك قىلىپ پەسكە قاراپ تۇرۇۋالدى. بىراق، ئۇ كۆزىگە ئىشەنمەي قېلىۋاتقانىدى. توۋا، مۇنۇ مىدىراۋاتقان نىمىدۇ؟ ئەنە ئاۋۇ كۆيۈپ چۈچۈلگە ئايلانغان ياغاچلارنىڭ ئاستىدىن بىرنەرسە مىدىرلىدى. ماۋۇ ئۆرۈلۈپ ۋەيران بولغان يۇچۇق تامنىڭ تېگىدىن ئادەمنىڭ بېشىغا ئوخشايدىغان بىرنەرسە قىمىرلاپ كۆتۈرۈلدى. ياق، ئۇ ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ

بېشى ـ تىرىك ئادەم ئادەمنىڭ بېشى ئىكەن! ئەنە ئۇ تىرىشىپ ـ تىرمىشىپ يۈرۈپ، مىڭ مۇشەققەتتە ئورنىدىن تىك تۇردى. ئەنە ئاۋۇ ئۆرۈلگەن تامنىڭ ئاستىدىنمۇ ئىككىنچى، ئۈچىنچى. . . ئادەمنىڭ بېشى كۆرۈندى. مانا ماۋۇ توپا مىدىرلىغاندەك بولۇپ، ئاستىدىن بىر ياردار ئادەم ئۆمىلەپ چىقتى. ئەنە ئاۋۇ ئورنىنىڭ ئاغزىدىنمۇ بىر ئادەمنىڭ قولى كۆرۈندى. . . شۇنداق قىلىپ، تەرەپ ـ تەرەپلەردىن، كارىز ـ گوداڭلارنىڭ تېگىدىن، ئادەملەر بىلمەيدىغان يەر ئاستىدىكى گەمە ـ گېرەملەردىن ئۇستۋاشلىرى توپا ـ كۆيە بولۇپ كېتىشكەن قوزغىلاڭچىلار، قېرىلار، ئاياللار، نارەسىدە باللار سۆرىلىپ چىقىۋەردى. ئۇلار ئاچلىقتىن تىترەپ تۇرۇشقان ئاياغلىرىنى ئاران يۆتكىشىپ دەلدۇگۇنۇپ كېلىشمەكتە ئىدى. ئۆرە تۇرۇشقا ماجالى قالمىغانلىرى بولسا پۇت ـ قوللىرى بىلەن ئۆمىلەپ، ھەتتا ئىڭەكلىرىنى يەرگە تىرەپ بولسىمۇ سۆرىلىپ كېلىشمەكتە ئىدى.

ئەلھال، دەھشەتلىك جەڭلەرنى تولا كۆرۈپ سۆڭىكى قاتقان، مەزلۇم ئەلنىڭ قېنىنى تۆكۈپ يۈرىكى مۇزلىغان ئىلى جاڭجۇنى مىڭرۇيمۇ بۇ دەھشەتنى كۆرۈپ زادىلا چىدىيالماي قالغانىدى. ئۇ مۇشۇ تاپتا پۇشايمان ئىلكىدە ئىزتىراپقا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنى يىغلىۋېتىشتىن ئاران ـ ئارانلا تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇزاق يىللاردىن بېرى ھاياتىنى جۇڭغارىيە ۋە مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى جەڭ مەيدانلىرىدا ئۆتكۈزگەن بۇ مانجۇ سەركەردىسى ئادەم ئۆلتۈرۈۋېرىپ خوردا بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قىلىچى باشقا مانجۇ سەركەردىلىرىنىڭكىدىن ئالاھىدە ئىدى. ئۇ قورال ـ ياراغ ئۇستىسىغا بۇيرۇتۇپ، قىلىچنىڭ

① قىلىچ قولى — قىلىچ بىسىنىڭ كەينىدىكى ئىككى تال ياكى بىر تال نوكەش سىزىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قولىغا[1] سىماب قۇيدۇرغاندى. بۇ قىلىچنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن باشقا ھەرقانداق ئادەم يەردىن ئۈزۈپ كۆتۈرەلمەيتتى. قىلىچ كۆتۈرۈلگەندە سىماب قىلىچ قولنى بويلاپ تۆۋەنگە دومىلاپ كېلەتتى، قىلىچنى ئادەمگە چاپقاندا سىماب قىلىچ قولىنى بويلاپ قىلىچنىڭ ئۇچىغا دومىلاپ باراتتى ـ دە، قىلىچ ئېغىر بېسىم بىلەن چېپىپ چۈشۈپ، ھەرقانداق ئادەمنى بىر چېپىشتىلا ئىككى نىمتە قىلىپ تاشلىغىلى بولاتتى.

— غەلىيانچى چەنتۇلارنى يۈرەكلىك چېپىۋەر! ئادەم دېگەن ھۆل نېمە، قىلىچ ھۆل نەرسىگە ئاسان ئۆتىدۇ! ئادەم دېگەن خېمىردەك يۇمشاق نېمە، نەرىنى چەنلەپ چاپساڭ، شۇ يېرىنى بىر چېپىشتىلا ئۈزۈپ تاشلا! — دەيتتى ئۇ قول ئاستىدىكىلىرىگە، — ھەرگىز رەھىم قىلما، ھەتتا نېمىشقا؟ قانداق؟ دەپ ئويلاپمۇ ئولتۇرما. سەن بوغدا خاننىڭ سەردارىسەن! سېنىڭ ۋەزىپەڭ — غەلىيانچىلارنى يوقىتىش. ئۇرۇشتا غەلىيانچىلارنى يوقىتىشتىن مۇقەددەس ئىش بولمايدۇ! . . .

ئادەتتە ئۇ ئۆزىمۇ بۇ قىلىچى بىلەن ئادەم چاپقاندا كۆزىنى مەست قىلىپ قويماي ئىشتىياق بىلەن چېپىۋېرەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قىلىچ قولىغا سىماب قۇيدۇرغان بۇ قىلىچى بىلەن ماختىناتتى. مانا ئەمدى، ئۇ ئۇچتۇرپان دىيارىدىكى مۆلجەر تاغ باغرىدا تۇنجى قېتىم ئۆز ـ ئۆزىدىن نەپرەتلىنىشكە باشلىدى. ئۇ يىغلاپ تاشلاشتىن ئۆزىنى شۇنچە تۇتقان بولسىمۇ ئەمما قانغا تولغان كۆزلىرىدىن ياش ئىختىيارسىز تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتاتتى.

مانجۇلار ئۆزلىرىگە قارشى مېڭىپ كېلىۋاتقان بۇ تىرىك ئادەملەرنى كۆرۈپ قىلىچلىرىغا قول ئۇزاتتى. بىراق، ئېلى جاڭجۇنى مىڭرۇي ئۇلارنى توسۇپ قويدى:

— ياق، كارىڭلار بولمىسۇن! ئۆلۈمدىن قورقمايدىغان ئەلنى قىلىچ بىلەن قورقىتىش مۇمكىنمۇ؟ — دېدى ئۇ ھەسرەت بىلەن، — ئۇلار ئاللىقاچان بىر قېتىم ئۆلۈپ بولغان. ئەمدى ئۇلارنى يەنە ئۆلۈم بىلەن قورقىتىمەن دېسەڭلار، بىھۇدە ئاۋارە بولغان بولمامسىلەر؟!...

مانجۇلارنىڭ دەھشەتلىك قەتلىئامىدا ئۆلگەن بۇ شەھەرگە باشقىلەتىن جان كىرگەندەك بولدى. بۇ ئادەملەر غەزەپ ئوتى يالقۇنلاۋاتقان كۆزلىرى بىلەن ئۇدۇل قاراشقان پېتى مانجۇلارغا قارشى كېلىشمەكتە ئىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ سانى ساناقلىقلا دەرىجىدە ئاز بولسىمۇ ئەمما ئۇلار ئۇچتۇرپانلىقلار ئىدى! ئۇلار ـ ئۇيغۇرلار ئىدى!...

نەزمە

«ۋەتەن ئۇچۇن سەن ئەمەس،
جان بېرىدۇ خۇدالار.
يەتتە قىزغا ئۆكسۈمەس،
خەلقىمىزدىن دۇئالار!
يەتتە دېگەن ساناقنى،
مىليون بارماق سانايدۇ!
ھەر ساناقتا يەتتە قىز،
بارماقلاردىن مارايدۇ!
ئۆلگەن ئەمەس يەتتە قىز،
يەتتە مىڭ بوپ تارالغان.
يەتتە قىزنىڭ قېنىدىن،
ئويغاق ئۇيغۇر يارالغان!»

— باتۇر روزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئون ئالتىنچى باب

# قانلىق ئىزلار

«غالىبلار ئۈستىدىن شىكايەت قىلغان كىشىنىڭلا غالىبلارنى سوتلاش ھوقۇقى بولىدۇ!»

— ۋىكتور گيوگو: «خارلانغانلار»

**مىلادى** 1768 ـ يىلى (چاشقان يىلى) قەمەرىيە 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى. جارچىلار ناغرا ـ سۇنايلىرىنى چېلىشىپ، ھەرە كۆنىكىدەك غۇيۇلداپ تۇرغان ئاقسۇنىڭ چوڭ ـ كىچىك كوچىلىرىنى ئارىلاپ: «ئەيىيۇھەنناس، ئىشىتىڭلار ئامۇ ـ خاس! خاقانى چىننىڭ پەرمانى بۇدۇر! قۇلاق سال ھەممىڭ تىمتاس! ئەي ھۈنەرۋەن، رەۋەندە، ئۇن تاسقىغان جەۋەندە، ھاممال، مەشكاپ، شۇستىگەر، چاھار بازارچى ـ سودىگەر، ياش ـ قېرى، ئەر ـ ئايال، يىگىت ـ قىز، چوكان ـ سىڭىلەك! مۆتىۋەر بەگ ـ بېگاتلار، زەردار بىلەن پۇلدارلار، لەشكەر ـ چېرىك، ئەمەلدار ـ مەنسەپدار، ئۇلۇغ ـ ئۇششاق ھەممىڭ بار! بۈگۈن كۈن پېشىندىن قايرىلغاندا، كونىشەھەر دەرۋازا تامان بارغايسىز! ئەسمىتۇللا بېگىمنى، شېرىپ دورغا ناكەسنى ۋە قالغان قىرىق ئۈچ ئادەمنى دار مۇئەللەقتە كۆرگەيسىز! ئىسيانچىنىڭ شۇدۇر

جاجىسى، ئاق ئۆيلۈك بولۇپتۇ قېرى دادىسى! . . . ئەييۇھەنناس، ئىشتىڭلار ئامۇ ـ خاس! » دەپ جار سېلىپ يۇرۇشەتتى.

بۇ چاغدا قارا چېرىكلەر ئىلى ھاكىمبېگى مۇسا گۇڭنىڭ باشچىلىقىدا ئۇچتۇرپان تەرەپتىن ئىلىغا ئاق ئۆيلۈك قىلىنىپ سۈرگۈن قىلىنغان بىر توپ تۇتقۇنلارنى ھەيدەپ كەلدى.

بۇ ئادەملەر خاقانى چىننىڭ پەرمانىغا ئاساسەن «ئاسىيلار تاۋابىئاتلىرى» دېگەن گۇناھ بىلەن ئىلىغا پالانغان ئۇچتۇرپانلىق ئادەملەر ئىدى. بۇ ئادەملەرنىڭ كۆپى ئاغرىق ـ سىيلاق، قېرى ـ چۆرە، نارەسىدە باللار ئىدى[1]. بۇ تۇتقۇنلار شەھەرگە كىرىشى بىلەن تەڭلا، ئۇلارنى ھەيدەپ ئېلىپ كېتىۋاتقان قارا چېرىكلەر چەتتە دەلدۈگۈنۈپ ئاران كېتىۋاتقانلارنى ئاتنىڭ كوكسى بىلەن ئۇرۇپ ـ ئىتتىرىپ سىقىشقا باشلىدى. كۆزى قانغا تولغان بىر مانجۇ بىر چەتتە دەلدۈگۈنۈپ ئاران مېڭىپ كېتىۋاتقان بىر نىمجان بوۋاينى ھېچبىر سەۋەبسىزلا قولىدىكى قامچا بىلەن بىرنى سالدى. قامچىنىڭ ئۇچى ھېلىقى بوۋاينىڭ مەڭزىنى تىلىپ تاشلىدى. ئۇ مۇشتىنى تۈگۈپ، ئارقىسىغا بۇرۇلىۋىدى، ئەمما ئىككىنچى قېتىم ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىقراق تەگكەن قامچا زەربىسى ئۇنى توپنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىشقا مەجبۇر قىلدى. چۈنكى، دەھشەتلىك قانلىق قەتلىئامدىن ئېشىپ قالغان بۇ ئادەملەردە ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزىنى ھىمايە قىلىش جەھەتتىكى تۇيغۇ ۋە ياشاش ئارزۇسى كۈچلۈك ئىدى.

قارا چېرىكلەر ئۆزلىرى ھەيدەپ ئېلىپ كېتىۋاتقان بۇ قېرى ـ چۆرە، ئاغرىق ـ سىيلاق ئادەملەرنى، ھەتتا مەسۇم

---

[1] ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن مانجۇلارنىڭ جازا ئەترەتلىرى ئۇچتۇرپاننىڭ يېزا ـ قىشلاقلىرىدا قىرغىندىن ئېشىپ قالغان بىر تۈمەندەك ئادەمنى تۇتقۇن قىلغان ۋە ئۇلارنى ئاق ئۆيلۈك قىلىپ ئىلىغا پالىغانىدى. بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1 ـ توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 478 ـ، 479 ـ ۋە 480 ـ بەتلەرگە قارالسۇن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 ـ يىل نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كىچىك باللارنىمۇ قىلچە ئاياپ ئولتۇرۇشماستىن ئېگەردىن ئېغىشىپ قامچا بىلەن، قىلىچىنىڭ قىرى بىلەن قاتتىق ئۇرۇشاتتى. تاياققا ئۇچرىغانلار نائىلاج سەپنىڭ ئوتتۇرىسىغا سىقىلىپ كىرىۋېلىشقا تىرىشىپ تىقما - تىقما بولۇشۇپ كېتىشەتتى. تىقىنچىلىق باشلاندى. داد - پەرياد كۆتۈرۈلدى!

— ئۆلتۈرىدىغان بولساڭلار، بىر يولىلا ئۆلتۈرۈڭلار!... بىزنى نېمىشقا مۇنداق خورلايسىلەر؟! — دەپ ۋارقىرىدى ئاق ئۆيلۈك قىلىنغانلارنىڭ ئارىسىدا بىرى.

— ئالدىرىمىساڭمۇ بۇ ئارزۇيۇڭغا يېتىسەن، ھۇ گەدەنكەش ئىسيانچى، — دېدى ئىلى ھاكىمبېگى مۇسا گۆڭ زەھەرخەندىلىك بىلەن، — ئىپلاس گېزەندە، بىر قوشۇق قېنىڭنى تىلىمگىنىڭنى كۆرىمىزغۇ!...

ئاق ئۆيلۈك قىلىنغانلار تىنچىپ قالدى. ئۇلاردىن بىرى يېنىدىكى قارا چېرىكتىن «بىزنى نەگە ھەيدەپ كېتىۋاتىسىلەر؟» دەپ سورىۋىدى. ھېلىقى قارا چېرىك بۇ تۇتقۇنلارنىڭ ھالىغا ئىچى ئاغرىغان بولسا كېرەك، ئاستا ئاۋاز بىلەن جاۋاب بەردى:

— سىلەر ئىلىخوغا بارىدۇ - شۇ! خاندىن گۇڭسا - خەت بار. سىلەرنى ئۆلتۈرمەيدۇ، پاڭشىك بولسۇن - شۇ!

كۇن پېشىندىن قايرىلدى. قارا چېرىكلەر تۇتقۇنلارنى ئاقسۇنىڭ كۆنىشەھەر دەرۋازىسى ئالدىغا ھەيدەپ كېلىشتى.

ئاقسۇ كۆنىشەھەر دەرۋازىسى ئالدىدا ئادەملەر مىغىلداپ كەتكەنىدى. دەرۋازا ئالدىدا قاتار قىلىپ دار ياغىچى قادالغان بولۇپ، دارنىڭ توغرا ياغىچىدا بىلەكتەك توملۇقتا چىگىدىن ئېشىلگەن قىرىق بەش تال سىرتماق ساڭگىلاپ تۇراتتى. شەھەردە بىر خىل مەشئۇملۇق، ۋەھىمىلىك ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. جازا مەيدانىنىڭ ئەتراپىنى قوللىرىغا نەيزە - قىلىچ، مىلتىق - تۇفەك ئېلىشقان قارا چېرىكلەر قاتمۇ قات

قورشىۋېلىشقان بولۇپ، چاھار سۇدىكى مەيداننىڭ تاغ تەرىپىگە ياغاچتىن ئېگىز سۇپا ياسالغان، ياغاچ سۇپىنىڭ ئۈستىگە مانجۇچە يوغان بىر چېدىر تىكىلگەنىدى.

چېدىر ئىچىدە تۆر تەرەپكە قويۇلغان قارا شىرەنىڭ كەينىدە بېشىغا ئۈچىنچى دەرىجىلىك ئوتىغات مۇنچاقلىق دىڭ قالپاق ـ خىتايى، ئۈچىسىغا قېنىق زەڭگەر رەڭلىك يىپەكتىن ئۈدۈلىغا ئىزمىلىنىدىغان ئۇزۇن مانجۇچە ئەمەلدارلىق تونى كىيگەن ئىلى جاڭجۇنى ئاگۇي دارغا ئېسىش جازاسىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا نازارەتچىلىك قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كەينى تەرىپىنىڭ ئوڭ ـ سول تەرىپىگە ئىككى قاتار قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلاردا قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى خەيمىڭ باشلىق ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ خان ئامباللىرى، ئاغلاقچى ئامباللىرى ۋە تۇرپاننىڭ ھاكىمبېگى ئىمىن خوجا، قۇمۇلنىڭ ھاكىمبېگى يۇسۇپ خوجا، ئىلىنىڭ ھاكىمبېگى مۇساگۇڭ، يەكەننىڭ ھاكىمبېگى ئوداي خوجا، خوتەننىڭ ھاكىمبېگى گادايمەت خوجا ۋە باشقا ئۇيغۇر، قىرغىز مەنسەپدارلىرى قاتار ئولتۇرۇشقانىدى.

بۇ چاغدا كۇچا خان ئامبىلى ئاباۋ چېرىكلىرىگە ئىلىغا ئاق ئۆيلۈك قىلىنغان بىر تۇمەن تۇتقۇننى مەيداندا قاتار تۇرغۇزۇشقا بۇيرۇق بەردى. ئىلى جاڭجۇنى ئاگۇي بۇ تۇتقۇنلارغا بىرگەنگەندەك قىلىپ بىر قاراپ چىققاندىن كېيىن ياساۋۇلغا خىرىلداپ تۇرۇپ بۇيرۇق بەردى:

— ئاباۋغا مېنىڭ پەرمانىمنى يەتكۈز! پۇقرالارنى مەيداندىن نېرى قوغلىسۇن. ماۋۇ گەدەنكەشلەر دارنىڭ ئالدىغا تۇرغۇزۇلسۇن! خاقانى چىننىڭ مانجۇ سەلتەنىتىگە تاش ئاتقانلارنىڭ ئەفھالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈشسۇن! ئەسمىتۇللا قاتارلىق توپىلاڭچىلار دارنىڭ ئاستىغا ئېلىپ كېلىنسۇن!

— جە، باش ئۈستىگە، جاڭجۇن دارېن، پەرمانلىرىنى بەجا

كەلتۈرگەيمىز! — دېدى ياساۋۇل تىزىنى پۈكۈپ ئىلى جاڭجۈنى ئاگۇيغا تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ چېدىردىن چىقىپ كەتتى.

بۇ چاغدا، ئاگۇي قارا چېرىكلەرنىڭ قىستىشى بىلەن جازا مەيدانىدىن ئاستا ئارقىغا سۈرۈلۈۋاتقان پۇقرالارنى ۋە دارنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ كېلىنىۋاتقان سۈرگۈنلەرنى كۆزىتىپ تۇردى.

مەيدان بىردىنلا قالايمىقانلىشىپ كەتتى. دارغا ئېسىلىدىغانلار قارا چېرىكلەرنىڭ قورشاۋىدا ئامبال يامۇلىدىن ئېلىپ چىقىلدى. بۇ چاغدا تىقما - تىقما بولۇشۇپ سىقىلىشىپ تۇرۇشقان زور ئادەملەر توپى ئارىسىدا پىچىر - پىچىر گەپلەر ۋە گۇدۇڭلىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

دارغا ئېسىلىدىغان بۇ قىرىق بەش مەھبۇسنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئەسمەتۇللا بەگ ماڭغانىدى. ئۇنىڭ بەستلىك بويى ئورۇقلاپ، ئېگىلەپ قورايدەك بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۆسكىلەڭ چاچ - ساقاللىرى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ، غۇجمەكلىشىپ كەتكەنىدى. ئۈستىگە كىيىۋالغان سارغىيىپ كەتكەن ئاق يەكتەكنىڭ ئالدى ئېچىۋېتىلگەن، شالۋۇرىنىڭ پۇچقاقلىرى يىرتىلغان بولۇپ، پۇتىغا سېلىنغان 18 جىڭلىق تۆمۈر ئىشكەل ئۇنىڭ شالاڭ يۇڭ باسقان بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان ئورۇق پۇتلىرىنى يالاپ كەتكەنىدى. ئەسمەتۇللا بەگ ئۇششاق - ئۇششاق دەسسەپ تېز ماڭاتتى. ئۇ پۇتلىرىنى ھەربىر يۆتكىگەندە تۆمۈر ئىشكەل يالاپ ئېچىۋەتكەن يارا ئاغزىدىن جىرت - جىرت قان ئېتىلىپ چىقاتتى - دە، ئۇنىڭ كەينىدە قانلىق ئىز پەيدا بولاتتى. ئۇنىڭ ھېچنېمىگە پىسەنت قىلمايدىغان كۆكۈچ، ئەمما ھوشيار، سوغۇق نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى خۇددى قانداقتۇر ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ئېزگۈ بىر ئارماننى كۈتۈۋاتقاندەك قىلىپ تېز - تېز چىمىلدايتتى. ئۇنىڭ يۈزىدە خاقانى چىننى، خاقانى چىننىڭ جاڭجۈنلىرىنى، خان ئامباللىرىنى، ئۇيغۇر ھاكىمبەگلىرىنى،

ھەتتا شامالدا پۇلاڭشىپ جىم تۇرمايۋاتقان دارنىڭ سىرتماقلىرىنى قىلچىمۇ مەنسىتمىگەندەك بىر خىل قىياپەت جىلۋە قىلاتتى. ئۇ قوللىرىنى جاسارەت بىلەن سىلكىپ، يېنىدا ئۆزلىرىنى يالاپ كېتىۋاتقان مانجۇ چېرىكلەرنىڭ ئايىغى ئاستىغا تۇكۇرەتتى. قارا چېرىكلەر ئۇنىڭدىن كۆزلىرىنى ئېلىپ قاچاتتى. ناۋادا كۆزلىرى تاسادىپىي ئۇنىڭ كۆزى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغاندا ئالاق ـ جالاق بولۇپ، دەرھال بۇرۇلۇپ باشقا تەرەپكە قارىۋېلىشاتتى.

قارا چېرىكلەر بۇ مەھبۇسلارنى مەيدان ئىچىگە ئېلىپ كىردى. ئۇلار دارنىڭ ئاستىغا يېتىپ كەلگەندە، كۇچا خان ئامبىلى ئاباۋ: «توختا!» دەپ بۇيرۇق بەردى ۋە ئۆزى ياغاچ سۇپا ئۇستىدىكى چېدىرغا كىرىپ كېتىپ، قولىدا بىر ۋاراق سېرىق گۇڭسا ـ خەتنى كۆتۈرۈپ پاتلا يېنىپ چىقتى.

— مۇنۇ خان پەرماننى بۇ ئىسيانچى گەدەنكەشلەرگە ئوقۇپ بەر! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ئۇ تۇڭچىسىغا.

— جە، باش ئۇستىگە، — دەپ قۇللۇق بىلدۇردى تۇڭچى، ئاندىن خان ئامبال ئاباۋنىڭ قولىدىن ھېلىقى بىر ۋاراق سېرىق گۇڭسا ـ خەتنى ئېھتىرام بىلەن ئالدى ۋە:

— بوغدا خاندىن پەرمان شۇلدۇركى، — تۇڭچى قولىدىكى سېرىق قەغەزگە يېزىلغانلارنى ئوقۇشقا باشلىدى، — بوغدا خان ئالىيلىرى ئەيتىپدۇرلەر: «... ئۇچتۇرپان شاغىبېگى، تۆتىنچى دەرىجىلىك مائاش ـ كۇلىياڭ يەيدىغان ئەمەلدار رەھمىتۇللا بىلەن ئەسمىتۇللالار مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ مائاش ـ كۇلىياڭىنى ئېلىپ تۇرۇۋۋاتقانلىقىغا قارىماي، گەدەنكەش چەنتۇ پۇقرالىرىنى قۇترىتىپ، تەپتارتماستىن خاقانى چىن سەلتەنىتىگە قارشى يېغى قوپتى! بۇ زادىلا كەچۈرگىلى بولمايدىغان ئېغىر گۇناھدۇر! تەڭرى لەشكەرلىرىمىز تەڭرىنىڭ يولىنى تۇتۇپ، ھىدايەتنى جارى قىلدۇرغانلىقتىن، توپىلاڭچىلارنىڭ كاتتىۋېشى، ئاسىي رەھمىتۇللا تەڭرى لەشكەرلىرىمىز تەرىپىدىن ئېتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئادرېسى

ئۆلتۈرۈلۈپ، بېشىنى يېدى! ئۇچتۇرپان شەھىرى ئادالەتپاناھ خان لەشكەرلىرى تەرىپىدىن پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن، نىھايەت، تىرىك قولغا چۈشكەن ئەسمەتۇللا باشلىق قىرىق بەش توپىلاڭچىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، شەھەر ئىچىدىكى توپىلاڭچىلارنىڭ ھەممىسى قىلىچمۇ ئاياپ ئولتۇرۇلماستىنلا تەڭرى لەشكەرلىرىمىز تەرىپىدىن پاك - پاكىز يوقىتىلدى[①]. بۇ توپىلاڭچىلار يوقىتىلمىسا، مۇسۇلمانلار يۇرتى بىر كۈنمۇ تىنچىمايدۇ! مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس! شۇڭا، بىز مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى گەدەنكەش چەنتۇلارغا ئىبرەت قىلىش ئۈچۈن توپىلاڭچىلار كاتتىۋېشى ئەسمەتۇللا باشلىق قىرىق بەش نەپەر توپىلاڭچىنى تەخىرسىز دارغا ئېسىشنى بۇيرۇيمىز! بىز تەڭرى قوشۇنلىرىمىزغا ھىدايەتنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئۇچتۇرپان پەتھى قىلىنغاندا، توپىلاڭغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاشنى، قىلىچمۇ رەھىم قىلماسلىقنى ئەمر قىلغانىدۇق. ئەلھال، بىز ئۆزىمىز كۆزلىگەن بۇ ئۇلۇغ مەقسەتكە يەتتۇق![②]

ئۇچتۇرپان خەلقى پاراكەندە غەلىيانچى خەلق. ئۇلار ئەمدى ئۆز يۇرتىدا تۇرۇۋەرسە بولمايدۇ! چۈنكى، ئۇلار يەنە توپىلىشىپ غەلىيان كۆتۈرۈشتىن يانمايدۇ! سەلتەنەتىمىزنىڭ ئىلى... قاتارلىق جايلاردا تۇرغۇزغان تەڭرى لەشكەرلىرىمىزنىڭ مائاش - كۆلىياڭلىرى ئۈچۈن كۆلىدىكى پۇقرالارنى ئەمدى يەنە ئاۋارە قىلىنۋېرىشكە بولمايدۇ! بۇ بىر قىسىم يۈكنى مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى چەنتۇ پۇقرالىرى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشلىرى كېرەك. شۇڭا، ئۇچتۇرپان پەتھىسىدىن كېيىن ئۇچتۇرپاننىڭ يېزا -

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى» نىڭ داۋامى. 32 - جىلد، 28 -، 29 - بەتلەرگە ۋە چەنلۇڭنىڭ 30 - يىلى قەمەرىيە 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى يارلىققا قارالسۇن.

② «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 736 - جىلد، 6 - بەت. چەنلۇڭنىڭ 30 - يىلى قەمەرىيە 5 - ئاينىڭ 10 - كۈنىدىكى يارلىق.

قىشلاقلىرىدىكى پۇقرالار قېرى - چۆرى، ئاغرىق - سىلاق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممىسى ئۇچتۇرپان دىيارىدىن قوغلاپ چىقىرىلىپ ئىلىغا ئاق ئۆيلۈك قىلىنسۇن! ئىلى قاتارلىق جايلاردىكى تەڭرى لەشكەرلىرىمىزنىڭ مائاش - كۇلىياڭلىرىنى تەييارلاش ئىشىنى ئەمدى ئىلىغا ئاق ئۆيلۈك قىلىنغان مۇشۇ چەنتۇلار ئۆز ئۈستىگە ئالسۇن. تەڭرى لەشكەرلىرىمىزنىڭ مائاش - كۇلىياڭى ئۇلار تېرىغان يەرلەردىن كىرىدىغان كىرىم ھېسابىغا خىراجەت قىلىنسۇن! ①

بۇ چاغدا دارىنىڭ ئالدىدا تىترىشىپ تۇرۇشقان تۇتقۇنلارنىڭ ئارىسىدىكى كىمدۇر بىرى ۋارقىرىۋەتتى. ئەتراپتا تۇرۇشقان خالايىق گۇرۇلدىشىپ كېتىشتى. بىراق، ئۇلار ئەسمەتۇللا بەگنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، يەنە توختاپ قېلىشتى. ئەتراپ بىر پەسنىڭ ئىچىدىلا يەرگە يىڭنە چۈشسە ئاڭلانغۇدەك دەرىجىدە تىمتاس بولۇپ كەتتى.

ئەسمەتۇللا بەگ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ۋارقىراپ سۆزلەۋاتاتتى:

— خاقانى چىن «ئۇچتۇرپاننى قانغا پاتۇرساملا، ئىش شۇنىڭ بىلەن تۈگەيدۇ!» دەپ ئويلىمىسۇن! ياق، ھەرگىز! بۈگۈن سىلەر ئۈستۈن كېلىپ، بىزنى چاپقان، دارغا ئاسقان بولساڭلار، يۇرت قاياشلىرىمىزنى رەھىم قىلماستىن ئاق ئۆيلۈك قىلىپ ئەل - ۋەتىنىدىن قوغلاپ چىقارغان بولساڭلار، تاڭلا ئەتە سىلەرنىمۇ شۇنداق قىلىشىدۇ! بىز مەزلۇم خەلقىمۇ ئازادلىق تېڭى ھەم ئاتىدۇ! بۇ قىساس چوقۇم ئېلىنماي قالمايدۇ! خاقانى چىن شۇنى ئېسىڭدە مەھكەم ساقلىغايسەنكى، بىزنى ھەرگىز ئۆلتۈرۈپ تۈگىتەلمەيسەن، ياق، ھەرگىز! پۈتۈن ئۇيغۇرنى

① «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى» نىڭ داۋامى. 3 - جىلد، 21 -، 22 -، 23 - بەتلەر. «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزوڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى» 615 - جىلد، 9 - بەت. چەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى قەمەرىيە 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى.

www.uyghurkitap.com

دارغا ئاسالمايسەن! . . .

چېدىر ئىچىدە ئولتۇرغان ئىلى جاڭجۇنى ئاگۇي قولىنى سىلكىدى. كۇچا خان ئامبىلى ئاباۋ قارا چېرىكلەرگە:

— دارغا ئېسىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى.

ئىككى بەستلىك قارا چېرىك ھەممىدىن ئاۋۋال ئەسمىتۇللا بەگنى دارنىڭ ئاستىغا ئېلىپ كەلدى. ئەسمىتۇللا بەگ بېشىنى تىك تۇتۇپ، مەردانە، غەيۇرلۇق بىلەن دارنىڭ ئاستىغا قويۇلغان ياغاچ كۇرسىنىڭ ئۇستىگە چىقتى. ئۇنىڭ كىشەنلەنگەن ئىككى پۇتىدىكى يارىسىدىن ئاققان قىزىل قان بىردەمدىلا دارنىڭ ئاستىغا قويۇلغان ھېلىقى كۇرسىنى بوياپ تاشلىدى. بۇ چاغدا، قارا چېرىكلەردىن بىرى سىرتماقنى ئەسمىتۇللا بەگنىڭ قارامتۇل ئىنچىكە بويىنىغا سالماقچى بولۇۋىدى، ئەسمىتۇللا بەگ ئۇنىڭ قولىنى ئىتتىرىۋېتىپ، سىرتماقنى بويىنىغا ئۆزى سالدى. قالغان قىرىق تۆت نەپەر ئۇچتۇرپانلىق قوزغىلاڭچىمۇ ئەسمىتۇللا بەگكە ئوخشاش سىرتماقنى بويۇنلىرىغا ئۆزلىرى سېلىشتى. بۇ چاغدا، پۈتۈن خالايىق بۇ قىرىق بەش نەپەر ئۇچتۇرپانلىق قوزغىلاڭچىنىڭ ئۆلۈم ئالدىدىكى مەردانە، تەمكىن قىياپىتىنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇشقىنىدىن قېتىپ قېلىشقانىدى[1]. بۇ چاغدا ئەسمىتۇللا بەگ قوللىرى بىلەن بويىنىغا سېلىنغان سىرتماقنى تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئى جاللات، ئۆلۈش ئالدىدا ئەڭ ئاخىرقى سۆزۈمنى ئېيتىۋېلىشىمغا رۇخسەت قىلغايسەن! — دەپ ۋارقىرىدى.

— ئېيت! — دېدى كۇچا خان ئامبىلى ئاباۋ.

— سىلەرنى ئۇچتۇرپان قەلئەسى ئاستــــدا دىر - دىر تىترەتكەن بىز ئىدۇق. سىلەر بىزنــى يېڭــــۋالدۇق، دەپ

---

① ئەسمىتۇللا بەگنىڭ ئۆلتۇرۈلۈشى ھەققىدە خىلمۇ خىل مەلۇماتلار بار. بەزىلەر: «ئەسمىتۇللا بەگ قالىغاچ تاغنىڭ ئالدىدا مانجۇلار تەرىپىدىن چىپىپ تاشلانغان» دېيىشىدۇ. ئەسمىتۇللا بەگلەرنىڭ قەتلى قىلىنىشى ھەققىدىكى باشقا تەپسىلاتلار ئۈچۈن، «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1 - توم، 1982- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 478 -، 479 - بەت ۋە 480 - بەتلەرگە قارالسۇن.

ئويلامسىلەر؟ بىز ئەركىنلىكىمىز ئۈچۈن سىلەر بىلەن جەڭ قىلدۇق. ئازادلىقىمىزنى ئۆتكۈر قىلىچ ۋە نەيزىمىزنىڭ تىغى بىلەنلا ئالغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۇق! مانا ئەمدى ئەركىنلىك ئۈچۈن ئۆلۈۋاتىمىز. ئۆلۈم بىز ئۈچۈن قورقۇنچلۇق ئەمەس! چۈنكى، بىزنىڭ ئۆلۈمىمىز خەلقنى ئويغىتىدۇ! شۇنداق كۈنلەر كېلىدۇكى، ئويغاق ئارسلان كەبى خەلقنىڭ ئالدىدا مۇشۇك كەبى دىر ـ دىر تىترەيسىلەر. مانا مۇشۇ كۈنلەر سىلەر ئۈچۈن ئەڭ قورقۇنچلۇق!...

خالايىق ئارىسىدا ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ، بارغانسېرى كۈچەيدى. ھاياجانلانغان كىشىلەرنىڭ گۈرۈلدەشكەن ئاۋازى ئىچىدە ئەسمەتۇللا بەگنىڭ ئاۋازى ئانچە ئاڭلانماي قالدى. شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، قارا چېرىكلەردىن بىرى ئۇنىڭ پۇتى ئاستىدىكى كۇرسىنى تېپىۋەتتى. ئەسمەتۇللا بەگنىڭ بەستلىك ئېغىر گەۋدىسى پىلتىڭلاپ بىردىنلا ئېسىلىپ قالدى. بۇ چاغدا قالغان قارا چېرىكلەرمۇ ھېلىقى قىرىق تۆت نەپەر قوزغىلاڭچىنىڭ پۇتى ئاستىدىكى كۇرسىنى چاققانلىق بىلەن تېپىپ نېرىغا ئۇلاقتۇرۇۋەتتى. سىرتماق دارغا ئېسىلغانلارنىڭ كانىيىنى بارغانسېرى چىڭ سىقىپ، نەپسىنى بوغۇشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ بىردەم گەۋدىسى يىغىلىپ، ئېگىلگەن تىزلىرى ئېڭەكلىرىگە تاقىشىپ، بىردەم جان تالىشىش ئەسناسىدا پەسكە سوزۇلۇپ، ئۇزاققىچە تەۋرىنىپ تۇرۇشتى... ئەسمەتۇللا بەگ داردا تېخىچىلا تېپىرلاپ، جېنى يا چىقماي، بىر تەرەپكە قېيىشىپ قالغان قاپقارا تىلىنى مىدىرلىتىپ تۇراتتى، سىرتماق ئۇنىڭ كېكىردىكىنى بوغۇپ تاشلىغانىدى. ئۇ تاراملاپ ياش ئېقىۋاتقان كۆزلىرىنى ئەتراپقا يۈگۈرتۈپ، ئاغزىنى قىيسايتىپ، جېنىغا پاتقان ئۆلۈم ئازابىنى بىردەم بولسىمۇ يېنىكلىتىشكە ئۇرۇنۇپ، قاتتىق قىينىلىپ، ھەدەپ يۇقىرىغا كۆكلەپ باقاتتى. ئۇ ھەر كۆكلىگەندە، دارنىڭ توغرا ياغىچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

غىچىرلاپ، بىر رىتىمدا ئاستا تەۋرىنەتتى. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ داردىكى ئەسمىتۇللا بەگمۇ گويا ئۆزىنىڭ قارىيىۋاتقان قىزىل يۈزىنى ئىسسىق شۆلگەيلىرى ۋە كۆز ياشلىرى ئېقىپ چۈشۈپ ھۆل قىلىپ تاشلىغان كۆكرىكىنى جازا مەيدانىنىڭ تۆت ئەتراپىدا تۇرۇشقان خالايىققا كۆرسەتمەكچى بولغاندەك تۆت تەرەپكە ئايلىنىپ، تەۋرىنىشكە باشلىدى. . . .

* * *

ئىلىغا سۈرگۈن قىلىنغان بىر تۈمەن قېرى ـ چۆرى، ئاغرىق ـ سىيلاق ئادەملەر ئىلى جاڭجۈنى ئاگۈينىڭ پەرمانى بويىچە تۆت تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ يولغا چىقتى①.

تۇنجى تۈركۈمدىكى ئۈچ مىڭ ئادەم قەمەرىيە 6 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە قوراللىق قارا چېرىكلەرنىڭ نازارىتى ئاستىدا ئاقسۇ شەھىرىنىڭ كۈنشەھەر دەرۋازىسىدىن مۇز داۋانغا قاراپ يولغا چىقىشتى. ئەتىگەنلىك ئۇيقۇدىكى ئاقسۇ شەھىرىنىڭ ئۈستىنى تۇمان قاپلىغان بولۇپ، دالىدا تۇمان كۆپۈكلىنىپ، ساي ـ جىرالاردا پۇرقىراپ ئويمانلاردىن پەسلەپ ئۆتۈپ، يار تىزمىلىرىنىڭ باغرىنى يالايتتى. تۇمان ئۆز قوچىقىغا ئالغان تۆپىلىكلەر غۇۋا پارقىراپ كۆرۈنەتتى. ئۇنچىلەر يېتىشقان ئېگىزلىقلاردىكى ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدا بۇدۇنلەر سايرىشاتتى. ئاق ئۆيلۈك قىلىنغان سۈرگۈنلەرنىڭ ئارىسىدىن تاھىرخان ئىسىملىك بىرىنىڭ مۇڭلۇق ئېيتقان ناخشا ساداسى ئاڭلىنىۋاتاتتى:

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۇچۇن، «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى» نىڭ داۋامى، 32 ـ جىلد، 9 ـ، 10 ـ بەتلەرگە ۋە «بۇيۇك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 725 ـ جىلد، 4 ـ بەت. جەنلۇڭنىڭ 30 ـ يىلى قەمەرىيە كەبىسە 8 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈندىكى يارلىققا قارالسۇن.

خوش دەي دېسەم يۇرتۇمدا،
ئادەم ئىزى كۆرۈنمەس.
قورۇسىدا ھېچكىمنىڭ،
ئوغۇل - قىزى كۆرۈنمەس.

يوپۇرماقلار سارغىيىپ،
شاخلار سۇندى غولىدىن.
ساق قالمىدى ھېچ كىشى،
زالىملارنىڭ قولىدىن.
... ... ...

— ھەي ئۆلۈمتۈك چەنتۇ، — دەپ ۋارقىرىدى بۇ چاغدا ئاچچىقى يامان بىر قارا چېرىك، — مېنىڭ دارىڭنىڭ قۇلاق تولا، تولا ئاغرىيدۇ! سەن - شۇ ئېشەك ئوخشاش نېمە تولا ۋارقىرايدۇ؟!

ناخشا ئېيتىۋاتقان تاھىرخان دېگەن سۇرگۈن دەرھال ئاۋازىنى ئۈچۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. ئەمدى ئەتراپتا مېڭىپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئاياغ تاۋۇشىدىن باشقا ھېچنېمە ئاڭلانمايۋاتاتتى. بىلەكلىرىدىن بىر تال ئارغامچا بىلەن چېتىپ باغلانغان بۇ سۇرگۈنلەر قەدىمى سەل - پەل ئاستىلىشىپ قالسا، قارا چېرىكلەر قىلچە ئاياپ ئولتۇرماستىن قوللىرىدىكى قامچىسى بىلەن ئۇرۇپ ئۇلارنى ئىتتىك مېڭىشقا مەجبۇر قىلاتتى. سۇرگۈنلەرنىڭ ھەربىر گۇرۇھىنىڭ بېشىدا بىردىن ئاتلىق مانجۇ نازارەتچى قويۇلغانىدى. بوينى زەنجىر بىلەن بەند قىلىنغان تۇتقۇنلار تۆگىلەرنى يېتىلەپ ماڭاتتى. مانجۇلار ئۈچۈن تەييارلانغان چېدىرلار بىلەن كىگىز ئۆيلەر، ھەر تۈرلۈك تىكمەت كىگىزلەر، گىلەملەر، قازان - قومۇچ، چىنە -

www.uyghurkitap.com

قاچىغا ئوخشاش نەرسىلەر؛ تاغار - تاغار ئۇن، چاناش - چاناش ماي، تاغار - تاغار گۈرۈچ، يېمىش، سۇرلەنگەن گۆش، ئىسلىغان يىلقا گۆشى، كۆيدۈرۈلگەن قۇيرۇق ياغ، قورۇلغان تالقانغا ئوخشاش يولنىڭ ئۇزۇق - تۈلۈكىمۇ مۇشۇ تۆگىلەرگە ئارتىلغانىدى.

سۇرگۈنلەر قورسىقىنىڭ غېمىنى ئۆزى قىلاتتى. ئۇلار يولدا ئۇچرىغان يېگىلى بولىدىغانلىكى ھەرقانداق يېمەكلىكلەرنى ئۇزۇق قىلىپ كېتىۋېرەتتى. ئۇلارنى توختاۋسىز داۋاملىق مېڭىشقا مەجبۇر قىلىدىغان نەرسە شەپقەتسىز قارا چېرىكلەرنىڭ قامچىسىدىن باشقا يەنە ئاچلىقمۇ بار ئىدى. ئاچلىق ئۇلارنى توختىماي ئالغا مېڭىشقا، يول بويى ئۇچرىغاننىڭ ھەممىسىنى يالماپ يەپ مېڭىشقا مەجبۇر قىلاتتى.

كەچ كىرمەكتە ئىدى. زېمىن تېخى كۈن بويى تويلىغان ئىسسىقنى چىقىرىپ تازا قىزىماقتا ئىدى. ئەمما، تاغ تەرەپتىن چىقىۋاتقان سالقىن شامال كەچقۇرۇنلۇقى سالقىن بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. سۇرگۈنلەر قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاران تازلەنگەر دېگەن يەرگە يېتىپ كېلىشتى. ئاقسۇدىن چىققاندىن كېيىن تازلەنگەر — مۇزداۋان يولىدىكى بىرىنچى قونالغۇ ئىدى.

مۇزداۋان يولى قەدىمكى يول بولۇپ، شۇ چاغلاردا مۈلكىي قەشقەرىيىدىن ئىلىغا چىقىشتا ئەڭ يېقىن يول ھېسابلىناتتى. خاقانى چىننىڭ ۋە ئىلى جاڭجۈنىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى يەتكۈزىدىغان چاپارمەنلەر جەنۇبتىكى مۇسۇلمانلار شەھەرلىرىدە تۇرۇشلۇق مانجۇ مەمۇرلىرىنىڭ قېشىغا مۇشۇ يول ئارقىلىق ماڭاتتى. بۇ يول شۇ چاغلاردا پىيادە ئادەملەر ئۈچۈن 18 قونالغۇلۇق يول ھېسابلىناتتى. ئەينى يىللاردىكى دوغلات قەبىلىسىنىڭ تارخانلىقى بولغان ئاقسۇ تەۋەسىدىكى تازلەنگەر، ئىشلەمچى، جام، تۈزئاۋات، بوزدۆڭ، قورغان، چوڭ ئارپا،

يېڭى مەھەللە، تۇغ ـ بەلچى، تامغا تاش، مۇز داۋان، توغرا سۇ قاتارلىق مەنزىللەرنى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ئىلى تەۋەسىدىكى خان يايلاق، ئايدىڭكىر، شاتى، ئاقسۇ، سىمتاش، قاراكۆل دېگەن مەنزىللەرنى بېسىپ ئۆتكەندىلا ئاندىن تېكەس ۋادىسىغا بېرىپ يەتكىلى بولاتتى. بۇ يول ئۆزىنىڭ بېرىپ يېتىدىغان ئاخىرقى مەنزىلىنىڭ يىراقلىقى، يولنىڭ مۇشكۇللۇكى بىلەن تارىختىن تارتىپ «بارسا كەلمەس يول» دەپ ئاتىلىپ كېلىنگەنىدى.

*　　　*　　　*

قەدىمكى كارۋان يولى بولغان مۇزداۋان يولى تەڭرىتاغلىرى ئىچىدىكى جىلغا ـ ساي ئىچىدە ئەگرى ـ بۈگرى تولغىنىپ، مۇزداۋان باغرىدىكى تۇغ بەلچى دېگەن قونالغۇغا يېتىپ كەلگەندە كىچىككىنە بىر ئوچۇقچىلىققا ئېلىپ كېلەتتى. مۇزداۋاندىن ئۆتىدىغانلار مانا مۇشۇ ئوچۇقچىلىققا كەلگەندە چۈشكۈن قىلىشىپ، ئۆزلىرىنى بىرەر قۇر تۈزەشتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن توختىشىپ، «پىلىسرات كۆۋرۈكى» دەپ ئاتالغان مۇزداۋاندىن ئۆتۈشكە تەييارلىناتتى.

كېتىۋاتقان بۇ سۈرگۈنلەرنىڭ ئارىسىدا مەترۇسۇل دېگەن بىر بوۋاي بىلەن بابەك دېگەن بىر ئۆسمۈر بالىمۇ ئىلىغا ماڭغانىدى. تاغ يولىدا ئاستا كېتىۋاتقان بۇ ئىككىسى پاراڭلىشىپ مېڭىۋاتاتتى.

— مانا، ئىلىغىمۇ ئاز قالدۇق، — دېدى مەترۇسۇل بوۋاي يېنىدىكى ئون ياشلاردىكى بابەك دېگەن ئۆسمۈرگە مۇراجىئەت قىلىپ.

— ھۆرمەتلىك مەترۇسۇل بوۋا، مەن بۇ سۆزنى سىزدىن ئونىنچى قېتىم ئاڭلاۋاتىمەن. بىراق شۇنداق بولسىمۇ، ئىلىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىرىش ئۇمىدىدىن تېخى ۋاز كەچكىنىم يوق، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ بوۋايغا يېتىشىۋېلىپ.

— ئالدىمىزدا تۇغ بەلچى دېگەن كىچىك بىر يۇرت بار. ئۇ يەردە ئۆزىمىزگە ھېچ بولمىسا كاۋا بولسىمۇ تاپالايمىز. ئاندىن بىر كېچە قونۇپ - قونۇپ ئۇخلىۋالالايمىز. «پىلسىرات» دەپ ئاتالغان مۇزداۋاندىن تىنچ - ئامان ئۆتۈۋالساقلا، ئۇنىڭ ئۇ يېقى جەننەت كەبى يۇرتلاردۇر. ئۇ يەردە ئۆزىمىزگە بىرەر پۇچۇق زاغرا بولسىمۇ نان تاپقىلى بولىدۇ.

ئۇلار مۇشۇ تەرىقىدە سۆزلىشىپ مېڭىشتى. ئەسىرلەردىن بېرى تاغ باغرىدا يىلاندەك تولغىنىپ ياتقان يول ياقىسىدا كونا ساپال قاچىلارنىڭ، ئەينەك بويۇملارنىڭ پارچىلىرى، ئۆلگەن ئات - ئۇلاغلارنىڭ، ھەتتا ئادەملەرنىڭ ئۇستىخانلىرى چېچىلىپ ياتاتتى. ئاشۇ پۇچۇق ساپاللارنىڭ ئۇستىگە ئويۇلغان تۈرلۈك نەقىشلەر، چېچىلىپ ياتقان ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئاپئاق سۆڭەكلىرى چەكسىز ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەرنىڭ گۇۋاھچىسى ئىدى.

كەچكە يېقىن سورگۇنلەر توپى ئوت - چۆپ تاقىر، دەل - دەرەخلىرى شالاڭ تۇغ بەلچى دېگەن قونالغۇغا كېلىپ چۈشتى. نەچچە يۈز ئورۇنغا گۇلخان يېقىلغاندا، خۇددى پۈتۈن تاغ باغرى كۆيۈۋاتقاندەك بولۇپ كۆرۈندى. لۆمشىپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرى ئەتراپتا ئېنىق ئاڭلىناتتى. ئادەملەرنىڭ بىرلىرى ئوت ياقسا، يەنە بىرلىرى قومغانلىرىدا چاي قاينىتاتتى. يەنە بىرلىرى ناخشا ئېيتاتتى. بۇ سورگۇنلەر چۇشكۈن قىلىشىپ ئورۇنلىشا - ئورۇنلاشماي تۇرۇپلا، ھېلىقى تاھىرخاننىڭ ناخشىسى تۇغ بەلچى ئاسمىنىدا يەنە ياڭراشقا باشلىدى:

سورگۇن بولۇپ ماڭدۇق بىز،
مۇز داۋانغا پىيادە.

زۇلۇم يەنە بولارمۇ؟
بۇندىن ئارتۇق ـ زىيادە. . .

ئالما تۇتقان ئاقسۇلۇق،
رەھمەت سىزگە قېرىنداش.
كۆزۈڭلاردىن ئاقمىسۇن،
بىزنىڭكىدەك يىرىك ـ ياش!
. . .   . . .

ئاق ئۆيلۈك قىلىنغان باشقا سۇرگۈنلەردەك، مەتروسۇل بوۋاي بىلەن بابەكنىڭمۇ ئوزۇقى پۈتۈنلەي ئۆكسۈپ قالدى. ئاچلىق ئۇلارنى قىيىنىماقتا ئىدى. ئاچلىقتىن ئۆسمۇر بابەكنىڭ كۆزلىرى قارىداپ، كۈچ ـ مادارىدىن قالماقتا ئىدى. ئۇلار مۇشۇ كۈنگىچە يول ياقىسىدىكى ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى يەپ جان ساقلاپ كەلگەنىدى. ئاخىر ئۆسمۈر بابەك ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى يېسە، «ھۆ» قىلىپ ياندۇرۇۋېتىدىغان ھالغا چۈشۈپ قالدى. مەتروسۇل بوۋاي ئۆسمۈر بابەكنىڭ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىشىگە كۆزى يەتتى ـ دە، نائىلاج ئەتراپتا قوغۇن ـ قاپاقتەك يېگۈدەك بىرنەرسە ئىزدەپ كەتتى.

ئۇلار چۈشكۈن قىلغان يەرنىڭ يېنىدىكى قۇرام تاشلىقنىڭ كەينىدە بىر پارچە كاۋىلىق بولۇپ، كاۋا پىلىكىدە نوقۇتچىلىك نەرسە تۈگۈل، ھەتتا كاۋىنىڭ پىلەكلىرىمۇ قالمىغانىدى. مەتروسۇل بوۋاي پاساڭداپ قۇرۇتۇۋېتىلگەن كاۋا چۈنەكلىرىنى بويلاپ كېتىۋېتىپ، پۇتى تۇيۇقسىزدىن يۇمشاق توپىغا كىرىپ كەتتى. يۇمشاق توپىنىڭ ئاستىدا تۇرغان بىرنەرسە ئۇنىڭ پۇتىغا ئۇرۇلدى. ئۇ دەرھال قولى بىلەن يۇمشاق توپىنى كولاپ ئاچتى. ئورەكتە قوش مۇشتتەك بىر خام كاۋا تۇراتتى! ئۇ ئەتراپقا

www.uyghurkitap.com

ئالاق ـ جالاق بولۇپ بىر قارنۇەتكەندىن كېيىن ھېلىقى كاۋنىنى يەردىن ئېلىپ قويىنىغا سالدى ـ دە، ئۆسمۈر بابەك يېتىپ قالغان يەرگە قايتىپ كەلدى ۋە كاۋنىنى پارچىلاپ ئىككى قىلىپ ئوتقا قويۇلغان قومغانغا سالدى. ئۇزاق ئۆتمەي مەززىلىك كاۋا ئۇمىچى پىشىپ تەييار بولدى. مەترۇسۇل بوۋاي ئۆسمۈر بابەككە بىر غېدىر كاۋا ئۇمىچىنى ئىچۈرۈۋىدى، ئۇنىڭ چىرايىغا ئانچە ـ مۇنچە قان يۈگۈردى. بالىنىڭ تىرىلىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ مەترۇسۇل بوۋاي ئۇھ، دەپ خاتىرجەم بولدى. «مۇبادا، — دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، — مۇبادا، بايقىزبەگ بەگزادىنى ئىلى دىيارىغا ساق يەتكۈزۈپ بېرىۋالالىسام، مەھشەر كۈنى رەھمەتلىك رەھمىتۇللا بېگىمنىڭ ئالدىدا يۈزۈم يورۇق بولاتتى!» ئۇ قورسىقى كاۋا ئۇمىچىغا تويۇپ باداقدەك چىقىپ كەتكەن ئۆسمۈر بابەككە سۆيۈنچىلىك نەزىرى بىلەن قاراپ قويىدى. بۇ چاغدا، ئۆسمۈر بابەك ئۇيقۇ دەرياسىغا غەرق بولۇپ، پۇشۇلداپ ئۇخلىماقتا ئىدى.

* * *

بابەك دەپ ئاتالغان بۇ ئۆسمۈر بالىنىڭ رەھمىتۇللا بەگنىڭ بەگزادىسى ئىكەنلىكىنى مەترۇسۇل بوۋايلا بىلەتتى. ئۇ قىرغىندىن ئېشىپ قالغان بۇ بەگزادە بايقىزبەگنىڭ ئىسمىنى بابەك دەپ ئۆزگەرتىپ يوشۇرۇپ ساقلاپ قالغاندىن كېيىن ئۇنى ئۆزى بىلەن بىللە ئىلىغا ئېلىپ ماڭغانىدى. ئۆسمۈر بابەك مەترۇسۇل بوۋاينىڭ كاۋا ئۇمىچىنىڭ شاراپىتى بىلەن ئىككىنچى قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى...①

① كېيىن رەھمىتۇللا بەگنىڭ ئايالى بەگزادە بايقىزبەگنى ئېلىپ قىرغىزستاننىڭ توقماق دېگەن يېرىگە قېچىپ كەتتى. 15 يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلار ئۈچتۇرپانغا قايتىپ كەلدى. بايقىزبەگ ئۈچتۇرپاندا ئۆيلىنىپ بالىلىق بولدى ۋە ئوغلىنىڭ ئىسمىنى «رەھمىتۇللا بەگ» دەپ قويىدى.

*　　*　　*

تۇغ بەلچىدىن يولغا چىققان سۇرگۇنلەر ئۇچىنچى كۇنى مۇزداۋانغا يېتىپ كەلدى! ئەتراپ تۇتاش كەتكەن تاغ چوققىلىرى بىلەن قاپلانغان بولۇپ، بۇ چوققىلار گويا سارغۇچ تۇمانلار ئىچىدە يۇرۇشكەن بىر توپ يىرتقۇچ هايۋانلارغا ئوخشايتتى. جەنۇب تەرەپتە قەد كۆتۇرۇپ تۇرغان هەيۋەتلىك تۆمۇر چوققىسى ئاپئاق قارغا پۇركەلگەن بولۇپ، مۇز بىلەن قاپلانغان تاغ چوققىلىرى بىر - بىرى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەنىدى. هاۋا ئوچۇق بولسىمۇ ئەمما شەرق تەرەپتىن سۇرۇلۇپ كەلگەن قاتمۇ قات ئاق بۇلۇتلار تۆمۇر چوققىسىنىڭ ئەتراپىغا توپلانماقتا ئىدى. مۇزداۋان ئۇستىگە كىچىچە قار چۇشۇپ كەتكەنلىكتىن، بىچارە سۇرگۇنلەر چىشىنى چىشلەپ قار كېچىپ سەپەرنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى.

مۇز داۋاننىڭ ئۇستىدىكى يول گەرچە ئانچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ ئەمما بۇ يول ئىككى تەرىپى نەچچە مىڭ گەز كېلىدىغان تىك هاڭ، ئوتتۇرىسى ئاران بىر ئادەم ماڭالايدىغان بىر پارچە ئۇيۇل مۇزلۇق ئۇستىدىن ئۆتىدىغان بولغاچقا، بۇرۇنقىلار يولنىڭ بۇ قىسمىنى «پىلسىرات» دەپ بىكار ئاتاشمىغانىدى! بۇ يولدا كۇندۇزى هاۋا ئوچۇق چاغلاردىلا ئاندىن مېڭىش مۇمكىن ئىدى. هازىر يولنىڭ بەزى بۆلەكلىرىدە هەتتا پۇتۇن بىر كارۋاننى ئات - ئۇلاغلىرى بىلەن كۆمۇپ تاشلىغۇدەك قېلىن قار دۆۋىلىرى توپلىنىپ قالغانىدى.

مانجۇلار تەرىپىدىن ئىلىغا ئاق ئۆيلۇك قىلىپ قوغلاپ چىقىرىلغان بۇ بىچارە سۇرگۇنلەر يولدىكى چىدىغۇسىز ئاچارچىلىق دەستىدىن ئۇچىسىدىكى چاپانلىرىنى بىر پارچە زاغرىغا ياكى بىر قاچا كاۋا ئومىچىغا تېگىشىپ يېيىشكە مەجبۇر

بولۇشقان بولسا، مانا ئەمدى مۇز داۋانغا كەلگەندە ئاچلىقتا سوغۇق قوشۇلۇپ ئۆلارنىڭ يالىڭاچ قەددىنى تىخىمۇ پۈكۈپ تاشلىدى! نىمجان بولۇپ قالغان بۇ سۈرگۈنلەر كېتىپ بېرىپلا يىقىلىپ چۈشۈشەتتى. يىقىلغانلىرى بولسا، مەڭگۈ ئورنىدىن تۇرالمايتتى!

ئۆسمۇر بابەك مەترۇسۇل بوۋايغا ئەگىشىپ كېتىۋېتىپ، بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى مىنگىشىپ كەتكەن ئۇچلۇق خادا تاشلارغا ئەيمىنىپ قاراپ قويدى. بۇ تاشلار گەرچە ئۆز جايلىرىدا قىمىرلىماي تۇرسىمۇ ئەمما ئۆسمۇر بابەكتە هازىرلا گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپ ئۆزىنى بېسىۋالىدىغاندەك سۇر پەيدا قىلدى. بۇ چاغدا مەترۇسۇل بوۋاي ئۇنىڭ قولىدىن مەھكەم تۇتۇۋالدى ۋە:

— بەگزادەم، هەرگىز ئىككى يانلىرىغا ۋە ئۈستىلىرىگە قارىمىسىلا، بولمىسا باشلىرى قېيىپ سۇر بېسىپ قالىدۇ! — دېدى ئۆسمۇر بابەككە كۆيۈنۈپ.

بۇ چاغدا ئالدى تەرەپتىكى ئادەملەر پاتىپاراق بولۇشۇپ كېتىشتى. سۈرگۈنلەردىن ئۈچى يارغا غۇلاپ كەتكەنىدى! ئۆسمۇر بابەك قورققاندەك قىلىپ كەينىگە داجىدى.

— قورقمىسىلا بەگزادەم، مەن بار. مەن سىلىنى چوقۇم ئىلىغا ساق ئېلىپ چىقىپ كېتەلەيمەن! — دېدى مەترۇسۇل بوۋاي بالىنىڭ كۆڭلىنى تىندۇرۇش ئۈچۈن.

دەل مۇشۇ چاغدا؛ كۈتۈلمىگەن بىر ۋەقە يۈز بەردى! ئۆسمۇر بابەك مۇزدا تېيىلىپ كېتىپ، پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈشكە باشلىدى. مەترۇسۇل بوۋاي دەرھال بىر قولى بىلەن چوقچىيىپ تۇرغان بىر پارچە مۇزنى چىڭ تۇتۇپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولىدا بالىنى ئۈستىگە كۆچەپ تارتتى. ئۆسمۇر بابەك ئورۇق بولغاچقا، مەترۇسۇل بوۋاي تولا بەك كۆچىمەيلا ئۇنى تارتىپ چىقىرىۋالدى. بىراق، ئۇ بولىنىڭ ئۈستىگە چىقىشى بىلەن تەڭلا، مەترۇسۇل بوۋاي تۇتۇپ تۇرغان ھېلىقى مۇز قارسىدە قىلىپ

سۇنۇپ كەتتى! بوۋاي بالىنى تۇتۇپ تۇرغان قولىنى بىر سىلكىپلا بوشاتتى ـ دە، ئۆزى ھاڭنىڭ تېگىگە چۈشۈپ كەتتى!

— بوۋا! . . . — ئۆسمۈر بابەكنىڭ ئېچىنىشلىق ۋارقىرىغان ئاۋازى ئەتراپتىكى تىك تاغلار ئارىسىدا خېلى ئۇزاقلارغىچە ئەكس سادا قايتۇرۇپ تۇردى. . .

*　　　*　　　*

ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قېلىشقان سۈرگۈنلەر خان يايلاقتا يېتىپ كەلگەندە يەيدىغان ئوزۇق ـ تۈلۈككە ئۈلىشۇالغاچقا، ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قېلىشتى. سۈرگۈنلەر ئارىسىدىكى تاھىرخاننىڭ ئېيتقان ناخشىسى ئەتراپنى يەنە چاڭ كەلتۈرۈشكە باشلىدى:

. . .　. . .

مۇز داۋاننىڭ يولىدا،
توڭلاپ تۈگەشتى پۇتلار.
ئېلىپ قالدى كۆپ جاننى،
ھاڭغا ئىتتىرىپ جۇتلار.

تىغ ئۆتمىگەن ئۇستىخان،
ھاڭنىڭ تېگىدە مىڭ پارە.
بولدى شۇنچە ھالىمىز،
كۆرمەي ئۇنى نە چارە! . . .

قاچان يېتەر ئەرزىمىز؟
قاچان چىقار دەردىمىز؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋىجدان نومۇس ئالدىدا.
قاچان تۈگەر قەرزىمىز؟ !

*   *   *

مانجۇ ھاكىمىيىتى مىلادى 1776 ـ يىلى يازدا، «توپىلاڭچىلارغا يان باستى» دېگەن گۇناھ بىلەن ئۇچتۇرپاندىن «ئاسىيلار تاۋابىئاتلىرى» دەپ ئاتالغان جەمئىي 12 مىڭ 500 ئادەمنى ئاق ئۆيلۈك قىلىپ، ئۆي ـ ماكانىدىن قوغلاپ چىقاردى ۋە ئۇلارنى تۆت تۈركۈمدە ئىلىغا سۈرگۈن قىلدى. مانجۇلار بىرلا ۋاقىت ئىچىدە مۇنداق ئىككى تۈرلۈك مەقسەتكە يەتتى: بىرى، «گەدەنكەشلەر» دەپ ئاتالغان بىر تۈركۈم ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، ھەققانىيەت تۇيغۇسى كۈچلۈك ئادەملەرنى ئۆز يۇرتىدىن ياقا يۇرتلارغا قوغلاپ چىقاردى؛ يەنە بىرى، ئاق ئۆيلۈك قىلىنغانلارنىڭ نۇرغۇن مىقداردىكى يەر ـ سۇيى ۋە مال ـ مۈلۈكلىرىنى ھەقسىز ئىگىلىۋالدى.

مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ جەنۇبتىكى سەككىز مۇسۇلمان شەھىرىدە يولغا قويغان زاكات ـ سېلىقلىرى ئىتىنىڭ تۈكىدەك كۆپ بولغاچقا، ساناپ تۈگەتكىلى بولمايتتى! بۇنداق زاكات ـ سېلىقلار خاقانى چىنىنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئۈستىدىن ئىقتىسادىي جەھەتتە يۈرگۈزگەن دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيىسى ۋە سىياسىي جەھەتتە سالغان قاتتىق مىللىي زۇلمىنىڭ بىر خىل تەييار ۋاستىسى بولۇپ قالغانلىقتىن، خەلقنىڭ مانجۇ ئىستىبداتىغا قارشى تۈرلۈك نارازىلىقلىرىنىڭ مۇھىم بىر مەنبەسىگە ئايلىنىپ قالدى. ھالبۇكى، بۇنداق نارازىلىقلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مانجۇ ھاكىمىيىتىگە قارشى چوڭ ـ كىچىك قوزغىلاڭلىرىغا تۈرتۈرۈق بولۇپ تۇردى.

چەنلۇڭنىڭ 29 ـ يىلىدىن 30 ـ يىلىغىچە، مانجۇ هاكىمىيىتى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالىدىكى هەرقايسى جايلاردا تۇرغۇزغان قوشۇنلىرىدىكى چېرىكلىرىنىڭ سانى 18 مىڭ 85 كە يەتتى. جەنۇبىتىكى هەرقايسى مۇسۇلمان شەهەرلىرىدە تۇرغۇزغان قوشۇنلىرىدىكى چېرىكلىرىنىڭ سانى 12 مىڭ 108 گە يەتتى. بۇلارغا يەنە هەرقايسى مانجۇ، شىبە، سولۇن، چاخار، ئۆيرات، تورغات قوشلىرىدىكى ئائىلە تاۋابىئاتلارنى قوشقاندا مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى بىلەن شىمالىدىكى كەڭ جايلاردا تۇرغۇزغان هەربىي، مۇلكىي خادىملىرىنىڭ سانى قىرىق مىڭدىن ئېشىپ كەتكەنىدى[1]. مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ پۈتۈن جۇڭغارىيە بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيەدىكى بىۋاسىتە ۋەكىلى بولغان كېلەڭسىز هەربىي ـ مەمۇرىي ئورگانلىرىدا مائاش ئالىدىغان بۇ هەربىي ـ مەمۇرىي خادىملارنىڭ غايەت زور خەج ـ خىراجىتى خاقانى چىن ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا تولدۇرۇپ بولغىلى بولمايدىغان تېگى يوق بىر هاڭ هېسابلىناتتى. بۇ مەسىلىنى ئۈنۈملۈك هەل قىلىش ئۈچۈن، مىلادى 1760 ـ يىلى خاقانى چىن جۇڭغارىيە بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيەنى تەسەررۇپ قىلىۋالغاندىن كېيىن يەنىلا جۇڭغارلارنىڭ جەندىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئىلىنى ئۆزىنىڭ پۈتۈن جۇڭغارىيە بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيەگە هۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈش مەركىزى قىلىپ تاللىدى ھەمدە كېلەڭسىز هەربىي ـ مەمۇرىي هۆكۈمرانلىق ئاپپاراتىنىڭ غايەت زور خەج ـ خىراجىتىنى قامداش ۋە ئات ـ ئېشەك ئورنىدا ئىشلىتىش ئۈچۈن جۇڭغارلارنىڭ ئەسلىدىكى ئالبات ئىشلىتىش تۈزۈمىنى قىلچىمۇ ئۆزگەرتمەستىن، بوز ئاچقۇزۇپ، تېرىقچىلىققا سالىدىغانغا جەنۇبىتىكى كەڭ مۇسۇلمان يۇرتلىرىدىن

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن «ئىلى تەزكىرىسىدىن قىسقارتىلمىلار» دېگەن كىتابقا قارالسۇن. بۇ كىتاب قورغاس 1 ـ رايون 5 ـ يېزىلىق يازور (داغۇر) ئەپەندىدە ساقلانغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى
www.uyghurkitap.com

ئىلىغا مەجبۇرىي يوسۇندا يانچى يۆتكەپ چىقتى.
مىلادى 1760 ـ يىلىدىن 1765 ـ يىلىغىچە بولغان بەش يىل ئىچىدە مانجۇ ھاكىمىيىتى جەنۇبتىن ئىلىغا 3000 تۈتۈن يانچى ئۇيغۇرنى ھەيدەپ چىققان بولسا، 1765 ـ يىلىدىكى «ئۇچتۇرپان يېغىلىقى» نى دەھشەتلىك باستۇرغاندىن كېيىن ئىلىغا ئاق ئۆيلۈك قىلىنغان سۈرگۈن ئۇيغۇرلارنىڭ سانى بىردىنلا ھەسسىلەپ ئېشىشقا باشلىدى!
مىلادى 1765 ـ يىلى كۈزدە، ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭى مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن مىلادى 1768 ـ يىلى 8 ـ ئايغىچىلىك بولغان ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە مانجۇلار ئۇچتۇرپان، خوتەن، قەشقەر، ئاقسۇ، يەكەن قاتارلىق جايلاردىن 3000 تۈتۈن ئۇيغۇرنى «توپىلاڭچىلارغا يان باستى!» دېگەن گۇناھ بىلەن ئىلىغا ئاق ئۆيلۈك قىلىپ پالىدى. مىلادى 1770 ـ يىلىغا كەلگەندە ئىلىدىكى «ئاق ئۆيلۈك» ئۇيغۇرلارنىڭ سانى بىردىنلا كۆپىيىپ 8000 تۈتۈنگە يەتتى! دېمەك، مانجۇ ھاكىمىيىتى 1765 ـ يىلىدىن كېيىنكى قىسقىغىنا بەش يىل ئىچىدە جەمئىي 5000 تۈتۈن ئۇيغۇرنى جەنۇبتىن ئىلىغا سۈرگۈن قىلدى! بۇ ئۇيغۇرلار مانجۇلار ئۇچۇن بوز ئېچىپ تېرىقچىلىق قىلىدىغان «تارانچىلار» دەپ ئاتالدى. ھەر بىر تۈتۈن تارانچى ئۇيغۇر مانجۇ ھاكىمىيىتىگە ھەر يىلى 16 پاتمان[1] ئاشلىق (ئارپا، بۇغداي، سۇلۇ، سۆك، قىزىل قوناق) ئالۋان تاپشۇراتتى. دېمەك، ئىلى تارانچى ئۇيغۇرلىرى ھەر يىلى مانجۇ ھاكىمىيىتىگە جەمئىي 120 مىڭ پاتمان ئاشلىقنى ئالۋان ھېسابىدا تاپشۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى. بۇ كونا جىڭ ھېسابىدا 43 مىليون 200 جىڭ بولاتتى!
تارانچى تۈزۈمى ئەسلىدە جۇڭغارلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان

---

[1] بىر پاتمان كونا جىڭ ھېسابىدا 360 جىڭ بولاتتى.

دەۋرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئوتتۇرا ئەسىر خەلقى ھېسابلىنىدىغان بۇ كۆچمەن چارۋىچى جۇڭغارلارنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئۇستىدىن يانچىلىق تۈزۈمىدىكى ھۆكۈمرانلىقنى بىۋاستە يۇرگۈزگەنلىكىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى. ئەلۋەتتە، خاقانى چىنمۇ بۇ قالاق تۈزۈمگە ۋارىسلىق قىلىپ، تارانچى ئۇيغۇرلىرىنى مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ ئىلكىدىكى يانچىلارغا ئايلاندۇرۇۋالدى. بۇ ئەلۋەتتە بىر خىل ۋەھشىيانە چېكىنىش، تارىخىي ئەكسىيەتچىلىك ئىدى!

* * *

مانجۇ سەلتەنىتى ئىلى دىيارىدا جەنۇبتىن ئىلىغا ئاق ئۆيلۈك قىلىپ ھەيدەپ چىققان بۇ تارانچى ئۇيغۇرلىرىنى ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 13 ئۆستەڭگە بۆلۈپ، تارانچى يېزىلىرىنى تەشكىل قىلدى. بۇ 13 ئۆستەڭ مۇنۇلاردىن ئىبارەت ئىدى: قايىنۇققا 600 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلار بۇلاق سۈيى بىلەن تېرىقچىلىق قىلدى. قاشقا 500 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلار دەريا سۈيى بىلەن تېرىقچىلىق قىلدى. بورا بوسۇنغا 1100 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلار دەريا سۈيى بىلەن تېرىقچىلىق قىلدى. جىرغىلاڭغا 900 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلار بۇلاق سۈيى بىلەن تېرىقچىلىق قىلدى. تاش ئۆستەڭگە 400 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلار بۇلاق سۈيى بىلەن تېرىقچىلىق قىلدى؛ ئارا ئۆستەڭگە 600 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلار بۇلاق سۈيى بىلەن تېرىقچىلىق قىلدى. خونۇخايىغا 800 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلار بۇلاق سۈيى بىلەن تېرىقچىلىق قىلدى. داردامتۇغا 500 تۈتۈن ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئۇلار بۇلاق سۈيى بىلەن تېرىقچىلىق قىلدى.

مىلادى 1804 ـ يىلىغا كەلگەندە، مانجۇ ھاكىمىيىتى يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

توققۇزتارا، نىلقا، سەنداۋان، چۈنچى قاتارلىق تۆت ئۆستەڭلىك يەرگە يېڭىدىن تارانچى ئۇيغۇرلىرىنى ئورۇنلاشتۇردى. مانجۇلار بۇ تارانچى ئۇيغۇرلىرىنى باشقۇرۇشقا ئوڭاي بولۇشى ئۈچۈن، ھەربىر ئۆستەڭلىك يەرنى يەنە بىرنەچچە يۈزلىككە، ھەربىر يۈزلىكنى بىرنەچچە ئەللىكلىككە، ھەربىر ئەللىكلىكنى يەنە بىرقانچە يۈز ئونلۇققا بۆلۈپ تاشلىدى.

بۇ 13 ئۆستەڭلىك تارانچى ئۇيغۇر يېزىلىرىنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئىلى ھاكىمبېگى باشقۇراتتى. ھاكىمبەگنىڭ قول ئاستىدا بىر شاغىبەگ ۋە ئىككى شاڭبېگى، بەش مىراپبېگى، ئون مىڭبېگى، بىر خەزىنىچىبەگ، بىر دىۋانبېگى، بىر باجگىر بەگ، بىر ھىلارى بېگى، 82 نەپەر يۈز بېگى، ئەلبېگى، ئونبېشى، پاششاپ، شىغاۋۇلبېگى قاتارلىق ئۇششاق بەگلەر بولاتتى. ھاكىمبەگنىڭ ئوردىسىدا ئىككى ياساۋۇل، سەككىز پۈتۈكچى، سەككىز دورغا، ئىككى ئوردا بېگى، ئىككى نۆكەر بولاتتى. شاغىبەگنىڭ خىزمەتچىلىرى بۇنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلەتتى. قالغان بەگلەرنىڭمۇ ئۆزىگە مۇناسىپ خىزمەتچى ـ چاكارلىرى بولاتتى. ھاكىمبەگ ئوردىسىدا 20 تۈتۈن ناغرىچى پىرقىسى بولۇپ، بۇلار تۈرلۈك ئالۋان ـ ياساقلاردىن خالاس قىلىنغانىدى. ھاكىمبەگكە بىر غولىنىڭ سۈيى ئوڭچە بېرىلگەن بولۇپ، شاغىبەگكە يېرىم غول سۇ بېرىلگەنىدى. قالغان ھەر دەرىجىلىك بەگ ـ بېگاتلارغىمۇ ئۆز لايىقىدا سۇ بۆلۈپ بېرىلگەنىدى.

ھاكىمبەگنىڭ دېھقانچىلىق ۋە باشقا كار ـ بارىنى جابجا كەلتۈرىدىغان يۈز تۈتۈندىن يانچىسى، شاغىبەگنىڭ ئەللىك تۈتۈندىن يانچىسى، يۈز بەگلەرنىڭ ئۈچ تۈتۈندىن يانچىسى بولاتتى[1].

تارانچى ئۇيغۇرلىرى ئىلىغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن

---

① بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، شۆي سۇڭ تۈزگەن «شىنجاڭ ھەققىدە يىغى مەلۇماتلار» دېگەن كىتابنىڭ 6 ـ جىلد، «تارانچىلار» بابىغا قارالسۇن.

ئىلىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە زور يۈكسىلىش بارلىققا كەلدى. دېھقانچىلىق ئىشلىرى راۋاج تېپىپ، ئەلدە ئازراق بولسىمۇ مەمۇرچىلىق زاھىر بولۇشقا باشلىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپلا ئىلى دىيارىغا خاقانى چىنىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىن سودا - سېتىق قىلىدىغان، ھۈنەر - سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىلەر كۆپلەپ ئېقىپ چىقىشقا باشلىدى...

تاشلاندۇق قاقاس چۆللەرگە سۇ باشلاپ، ئاۋات قىلىش، يۇز مىڭلىغان ئاھالىنى بىقىپ تويغۇزۇش، مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ پۇتون ئالۋان - ياساقلىرىنى تەخىرسىز بەجا كەلتۇرۇشتەك ئېغىر يۈك ئىلىدىكى مۇشۇ سەككىز مىڭ تۇتۇن تارانچى ئۇيغۇرلىرىنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. زۇلۇم - ستەم تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۆكۈز تېخىمۇ ئورۇقلىدى. ئەمما، ياغاچ بويۇنتۇرۇق تۆمۈر بويۇنتۇرۇققا ئالماشتى...

نەزمە

ئەمەن بولما، سەنمۇ ئەلەم تارتىسەن،
قولۇڭدىن بىراۋ چەككەن بولسا ئەلەم.
تاش ئاتما پەقەت سەن سېپىل ئۈستىگە،
ئۇ يەردىن ياغار تاش بېشىڭغا شۇ دەم.

— شەيخ سەئدى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## ئون يەتتىنچى باب

# ئىدىل دەرياسى بويىدىن قايتىش

ئالما ـ ئالما دەرىخىنىڭ تېگىدىن
يىراققا دومىلاپ كېتەلمەيدۇ.

—ئۇيغۇر خەلق ئەقلىيە سۆزلىرىدىن

مىلادى 1771 ـ يىلى (توشقان يىلى)، قىش پەسلى.

مانا يەنە قىش كەلدى — يازنىڭ سالقىن، ئەمما قىسقا كېچىلىرى، زەھەردەك ئاپتاپلىق ئىسسىق ئۇزۇن كۈنلىرىدىن كېيىن قىسقا كۈز ئايلىرىنى قوغلاپ ئۆتۈپ قارا قىش يەنە كەلدى.

بۇ قىش يەر يۈزىدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارغا سوغۇق نەشتىرىنى سانجىپ، پايانسىز تۈزلەڭلىكلەرنى، ئېدىرلارنى قېلىن ئاپئاق قار بىلەن پۈركىدى. يازچە تۈرلۈك ـ تۈمەن چەرەندە ـ پەرەندە ۋە دەرەخلەر بىلەن قىزىغان يېشىل زېمىن ھەش ـ پەش دېگۈچە ئاق قار، كۆك مۇزلاردىن يېپىنچا كىيدى. دالىلاردا توختىماي ئىزغىرىن شامال ھۆكۈم سۈرەتتى. بەزىدە كۈچلۈك سوغۇق شامال يىلتىزسىز قامغاقلارنى دومىلىتىپ سۈرۈپ يۈرەتتى. يىراق ـ يېقىنلاردىن ئېقىپ كەلگەن سان ـ ساناقسىز تارماق ئېقىنلارنىڭ ئۆزگە قوشۇلۇشىدىن ھاسىل

بولغان چولمان دەرياسى① قار - مۇز ئارىلاش شۇرمەل ئېقىۋاتقان سۇلارنى ئۆز قۇچىقىدا ئېلىپ تېخىمۇ يىراقلارغا ئېقىتىپ كېتەتتى. ئاخىر زۇلمەت تەرەپتىكى تىك يارلار بويىدا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ تۇغقىنى — بۈيۈك ئىدىل دەرياسى② بىلەن قوشۇلاتتى - دە، كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ ئۆركەشلەپ ئاققانچە پايانسىز دەشت - قۇملۇقلارنى، ھەيۋەتلىك تاغ تىزمىلىرىنى، ساسلىقلارنى بېسىپ ئۆتۈپ، ئابىسكۇن③ دېڭىزىغا بېرىپ قۇيۇلاتتى. كۆك يايىق دەرياسى④ بىلەن ئىدىل دەرياسىنىڭ ئارىلىقىدا تورغات خانلىقىنىڭ ماڭقاي قورغىنى بار ئىدى. بۇ قورغان ئىدىلنىڭ سول قىرغىقىدىكى ئېگىز، تىك يار ئۈستىدىكى بىر تۆپىلىككە ئورۇنلاشقانىدى.

قېلىن ئورماندىن ئۆتسىلا كەڭ ئوتلاق باشلىناتتى. ئوتلاق بويلاپ يېرىم چاقىرىم ئەتراپىدا ماڭغاندا، ماڭقاي قورغىنىنىڭ چېتىدىكى كەپىلەر، ياغاچ ئۆيلەر ۋە قورۇلار كۆرۈنەتتى. بۇ قورۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆز ئارا گىرەلەشتۈرۈلۈپ ياكى ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ ئىدىل بويىغا قاتار - قاتار ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. تېخىمۇ يىراقتىكى ئوتلاقلاردا كىگىز ئۆيلەر، يۇڭدىن توقۇلغان پالاسلاردىن تىكىلگەن چېدىرلار قاتار - قاتار تىزىلىپ كەتكەنىدى. كىگىز ئۆيلەرنىڭ ۋە چېدىرلارنىڭ ئارىلىقىدا مال سولايدىغان ئېغىل - قوتانلارمۇ كۆرۈنۈپ قالاتتى. تورغات خانى ئۇباشىنىڭ ئالتۇن چېدىرى ماڭقاي قورغىنىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانىدى.

خان چېدىرى ئىچىدىن ئاچچىق يامان بىر ئادەمنىڭ ۋارقىراپ سۆزلەۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئاق پاشا يېكاتىرىنا II تورغات خانلىقىغا ئەۋەتكەن مىنىستىر ئەلچى

① كاما دەرياسىنىڭ تارىختىكى نامى. بۇ دەريا رۇسىيە فېدېراتسىيىسىدە.
② ۋولگا دەرياسىنىڭ تارىختىكى نامى. بۇ دەريا رۇسىيە فېدېراتسىيىسىدە.
③ كاسپىي دېڭىزىنىڭ تارىختىكى نامى. بۇ دېڭىز ئوتتۇرا ئاسىيادا.
④ ئورال دەرياسىنىڭ تارىختىكى نامى. بۇ دەريا رۇسىيە فېدېراتسىيىسىدە.

گېشىنىسكوۋ ئىدى. تورغات خانى ئۇباش ۋە ئۇنىڭ دۆۋرەنلەر كېڭەشىنىڭ ئەزالىرى — يارغۇچىلار چېدىر ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ ئۆرە تۇرۇشاتتى. گېشىنىسكوۋ بىگىز بارمىقىنى جۇنۇپ تۇرۇپ سۆزلىمەكتە ئىدى:

— ئاڭلىساق، سەن ئۆز ئۇلۇسۇڭنى ئېلىپ جۇڭغارىيىگە كەتمەكچى ئىمىشسەن؟ — دېدى ئۇ كېبىر كۆرستىپ تۇرۇپ، — سىلەر تورغاتلار ئاق پاشانىڭ ئەمىر - ئىنتائىتىدىن چىقماقچىمۇ تېخى؟

— مەن بۇنى بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى تورغات خانى ئۇباش چىرايىنى ئۆزگەرتمەستىن، — جانابىي مىنىستىر ئەلچى، بۇ گەپنى نەدىن ئاڭلىدىلا؟

مىنىستىر ئەلچى گېشىنىسكوۋ زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلۈپ قويدى.

— گېزى كەلگەندە، سىلەر ھېچنەرسە بىلمەيدىغان بولۇۋالىسىلەر! — دېدى ئۇ، — ئاستراخان گوبرناتورى بېكتوۋنىڭ ئوخرانكىسى[1] رازۋېتكا قىلىپ، سىلەرنىڭ ۋولگا بويىدىن جۇڭغارىيىگە كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىڭلارنى بىلىۋاپتۇ. ئۇلار بۇ ئىشنى مەلىكە ئاق پاشا يېكاتېرىنا II ئالىيلىرىغا دوكلات قىلىپتۇ.

— بىز تورغاتلار رۇس خەلقى بىلەن ئەزەلدىن ئىناق - ئەپ ئۆتۈپ كەلدۇقۇ. ئاق پاشانىڭ ئەمىر - ئىنتائىتىدىن ھېچقاچان چىقىمىز دېگىنىمىز يوققۇ؟

— ئاق پاشانىڭ ئەمىر - ئىنتائىتىدىن چىقىمىز، دەيمۇ چىقالمايسىلەر! — دېدى مىنىستىر ئەلچى گېشىنىسكوۋ توساتتىنلا، — سىلەر تورغاتلار ئاق پاشا يېكاتېرىنا II مەلىكە ئالىيلىرىنىڭ قولىدىكى زەنجىرگە باغلانغان ئېيىققا

---

[1] چاررۇسىيىنىڭ مەخپىي ساقچىسىنىڭ نامى.

ئوخشايسىلەر. ئاق پاشا سىلەرنى نەگە ھەيدىگۈسى كەلسە، شۇ يەرگىچە ھەيدەپ بارالايدۇ. سىلەرنىڭ خالىغىنىڭلارچە بولىدىغان ئىش نەدىكەن؟[1]

— مىنىستىر ئەلچى جانابلىرى خاتىرجەم بولغايكى، — دېدى تورغات خانى ئۇباش يارغۇچلار بىلەن ئاستا كۆز بېقىشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، — مەن تېخى يېقىندىلا ئىككى تۈمەن تورغات لەشكىرىنى باشلاپ ئاق پاشانىڭ تۈركلەر قولىدىن سىۋاستىپولنى تارتىۋېلىش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ كەلدىم[2]. مەن بىلىمۇ ئاق پاشانىڭ ئەمىر ـ ئىنتائىتىدىن چىقماي، ئاق پاشا ئالىيلىرى نەنى كۆرسەتسە، تورغات لەشكەرلىرىم بىللە شۇ يەرنى ئېلىشقا تەيياردۇرمەن!

— بۇ گېپىڭ جايىدا بولدى. بىراق، سىلەر تورغاتلار ئاق پاشانىڭ ئەمىر ـ ئىنتائىتىدىن چىقساڭلار نەگە بارالايسىلەر؟ قازاق دالاسىغىمۇ؟ قازاقلار سىلەرنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىڭلارغا يول قويارمۇ؟ جۇڭغارىيىگىمۇ؟ ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، قارا خاننىڭ بىر گېنېرالى جۇڭغارىيىدىكى ئاھالىنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلاپتۇدەك، — دېدى چارروسىيىنىڭ مىنىستىر ئەلچىسى گېشىنىسكوۋ ئۆز ـ ئۆزىگە ئىشەنگەن ھالدا ئالدىرىماي سۆزلەپ تۇرۇپ.

خان چېدىرى ئىچىدە ئارچا ئوتىنى گۈرۈلدەپ يېنىۋاتقان ماڭغالنىڭ ئەتراپىدا بىرپەس جىمجىتلىق پەيدا بولدى.

— قارا خاننىڭ جۇڭغارىيە ئاھالىسىنى قىرىپ تاشلىغان ھېلىقى گېنېرالنىڭ ئىسمى نېمە ئىدى؟ . . . جاۋ خۇيمىدى؟ — دېدى گېشىنىسكوۋ بىر ھازادىن كېيىن.

قارىماققا، چارروسىيىنىڭ مىنىستىر ئەلچىسى گەپ تاپالماي قېلىۋاتقاندەك قىلىۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇ گەپنى تېخىمۇ

---

① خوۋس: «موڭغۇللارنىڭ تارىخى»، 1 ـ توم، 574 ـ بەت.
② رېكونىس: «تاتارلارنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشى»، 14 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

يىراقتىن ئەگىتمەكچى بولدى:

— سىلەر ۋولگا بويىدا ھازىرغىچىلىك بەختلىك ياشاپ كېلىۋاتىسىلەر، . . . — دېدى ئۇ بىر پەستىن كېيىن.

— بىراق، — دەپ ئۇنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى باياتىن گەپكە ئارىلاشماي بىر چەتتە قاراپ تۇرغان يارغۇچ سىبەك دورجى، — بىراق ئەركىنلىك بىلەن غۇرۇرنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا ئېرىشكەن بۇنداق بەختىنىڭ قانداق مەززىسى بولسۇن؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزنىڭ كىندىكىمىز ئاق پاشاغىمۇ، قارا خانغىمۇ باغلانمىغان. . .

— بىزنىڭ كىندىكىمىز جوڭغارىيىدە، — دېدى تورغاتلارنىڭ يارغۇچلىرىدىن بىرى بولغان دۇندۇپ ئاراش، — گەرچە، قارا خاننىڭ قان ئىچكۈچى قوشۇنلىرى جوڭغارىيىنى قانغا پاتۇرغان بولسىمۇ بىراق ئۇ يەر يەنىلا بىزنىڭ ئانا يۇرتىمىزدۇر! ئاق پاشاچۇ؟ بۇنىڭدىن يۈز ئەللىك يىل ئىلگىرى، بىزنىڭ ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىدىل بويىغا كۆچۈپ كەلگەندە ئاق پاشا نەدە ئىدى؟ تورغاتلار جوڭغارىيىدىن ئىدىل بويىغا كۆچۈپ كەلگەندە، ئىدىل دەرياسىنىڭ شىمالىدىكى قاراڭغۇ زېمىندا① ياشايدىغان ئاق پاشا يىلدىن ـ يىلغا كۈچىيىپ، غايەت زور بايلىق توپلىدى. ئۇنىڭغا ئەمدى ئىدىل دەرياسىنىڭ شەرقىدىكى ۋە جەنۇبىدىكى كەڭ زېمىن لازىم بولۇپ قالدى. ئاق پاشا پېتىر بۇنىڭدىن نۇرغۇن يىللار ئىلگىرى ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ياۋۇز قولىنى ئىدىل دەرياسىنىڭ بۇ يېقىدىكى ئەسلىدە تۈركلەر ياشاپ كەلگەن كەڭ زېمىنغا سوزۇپ، سىڭىپ كىرىشكە باشلىدى. ئاق پاشانىڭ سولداتلىرى بۇ ئەتراپلاردا ياشايدىغان بۇلغار، پەچەنەك، باشقىرت، قارا قالپاق قاتارلىق تۈركىي خەلقنى قىرىپ تاشلاپ، پۈتكۈل ئىدىل بويلىرىنى قانغا بويىدى. پۇقرالارنى تالان ـ تاراج

① روسىيىنىڭ قۇتۇپقا يېقىن جايلىرىدا يېرىم يىلغا يېقىن ئاق كېچە بولىدۇ.

قىلىپ، ئۆيلەرگە ئوت قويۇپ، ئاھالىنى بۇ يەردىن قوغلاپ چىقاردى ۋە نۇرغۇن زېمىننى ئىشغال قىلىۋالدى.
— تىلەمچىگە كۆلۈپ قارىساڭ، ياماقلىق سوراپتۇ، دېگەندەك، بىز سىلەرگە شاپائەت قىلىۋاتساق، يەنىلا رازى بولماسىلەر - ھە؟ — دەپ قەھىر قىلدى مىنىستىر ئەلچى گېشىنىسكوۋ تېرىككىنىدىن خان چېدىرىنىڭ ئىچىدە ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ تۇرۇپ.
— بىزنىڭ كىندىكىمىز جۇڭغارىيىدە، — دېدى سىبەك دورجى قىلچىمۇ بوش كەلمەستىن، — قارا خان جۇڭغارىيىنى قانغا پاتۇرغان بولسىمۇ، بىز يەنىلا ئۆزىمىزنىڭ كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن ئانا يۇرتىمىزغا تەلپۈنىمىز.
— سىلەر قەيەر ئارقىلىق كەتمەكچى؟ ۋەھشىي دالا ئارقىلىقمۇ؟ — دەپ مەسخىرە قىلىپ كۈلدى گېشىنىسكوۋ، — قاتمۇقات تاغۇ - تاشلار، بىپايان ساسلىق - پاتقاقلىقلار ئارقىلىقمۇ؟ سىلەر ۋولگا بويىدىن ئايرىلىپ چىقىشىڭلار بىلەن تەڭلا، سىلەرنى باشقىلار قىرىپ تاشلىماسمۇ؟
— قىرىۋېتەلمەيدۇ! قەدىمكى زاماندا ئۇلۇغ بوۋىمىز چىڭگىزخان موڭغۇل ئۇلۇسلىرىنى بىر يەرگە توپلاپ كۆنچىقىشتىكى ئەللەرگە قۇرۇقلۇق ئارقىلىق بېرىپتىكەن. بىز نېمە ئۈچۈن بارالمىغۇدەكمىز؟
— گېپىڭىز خاتا ئەمەس سىبەك تايشى، — دېدى مىنىستىر ئەلچى گېشىنىسكوۋ ئۇزۇلۇپ قالغان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — سەن چىڭگىزخاننىڭ يولى بولغاندىكىن ماڭغىلى بولار، دەۋاتىسەن. بىراق، ئاتا - بوۋىلىرىڭ ماڭغان ئاشۇ يوللاردا ھازىر ماڭغىلى بولارمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىلەر موڭغۇل ئۇلۇسىمۇ چىڭگىز زامانىسىدىكى موڭغۇل ئۇلۇسى ئەمەس. قاراخاننىڭ قوشۇنلىرىدىن قورقۇپ، ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇدۇڭلار. سىلەر ئۆزئارا بىرىش -

كېلىش قىلىشمىغلى يۇز يىلدىن ئېشىپ كەتتى. ئەمدى، يۇرت ـ ئايمىقىڭلار بىلەن قىرىلىپ كەتسەڭلارمۇ باشقا موڭغۇل ئۇلۇسلىرىدىن سىلەرگە ياردەم قولىنى سۇنىدىغانلىرى چىقمايدىغان يەردە، باشقا ئۇلۇس، باشقا تائىپە ھېسابلىنىدىغان ئاشۇ قارا خاننىڭ مانجۇلىرى سىلەرگە ياردەم قولىنى سۇنارمۇ؟

تورغات خانى ئۇباش مىنىستىر ئەلچى بىلەن تاكاللىشىۋەرسە ئىشنىڭ يامانغا ئۆرۈلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. شۇڭا، ئۇلارنى مىنىستىر ئەلچى بىلەن ياراشتۇرماقچى بولدى:

— جانابىي مىنىستىر ئەلچى، بۇ قىش ـ قۇرۇمدا ئىسسىق ئۆي ـ ماكانىمىزنى تاشلاپ نەگىمۇ بارارمىز دەيسىز؟ بۇلار سىز بىلەن چېقىشىپ قويۇۋاتىدۇ. ھەرگىز چىنىپۇتۇپ قالمىغايسىز! — دەپ كۈلدى.

— . . .

چارروسىيىنىڭ تورغات خانلىقىدا تۇرغۇزغان بۇ مىنىستىر ئەلچىسى تولىمۇ ئۆزۈمچىل ۋە ئۇچىغا چىققان ئەخمەق بىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئاستراخان گوبرناتورى بېكتوۋ بىلەن ئاداۋىتى بولغاچقا، ئۇنىڭ تورغاتلار ھەققىدە چار پادىشاھ يېكاتېرىنا II گە سۇنغان دوكلاتىغا ئانچە ئىشىنىپ كەتمىگەنىدى. شۇڭا، كېشىنىسكوۋ تورغات خانى ئۇباشنىڭ كاپالەت بەرگەنلىكىنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولدى. بېكتوۋنى «توشقان يۈرەك» دەپ مەسخىرە قىلىپ كۈلدى ۋە چار پادىشاھ ھۆكۈمىتىنى بېكتوۋنىڭ تورغاتلار ھەققىدىكى دوكلاتىدا دېيىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى قىلچىمۇ ئاساسى بولمىغان تۇتۇرۇقسىز ئۆسەك پاراڭ ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈردى[1].

ئۇباشنىڭ كۆتكىنىمۇ دەل مۇشۇ ئىدى. ئاق پاشا ھۆكۈمىتى

---

① بۇ ھەقتە باكمان يازغان: «تورغاتلارنىڭ روسىيىدىن جۇڭگوغا قايتىپ كېتىشى» دېگەن ماقالىغا قارالسۇن. «شەرق مەدەنىيىتى»، 1955 ـ يىل نەشرى، 2 ـ توم، 98 ـ، 99 ـ بەتلەر.

ھۆشنى تېپىۋالغىچىلىك، تورغاتلارمۇ شەرققە قايتىش تەييارلىقىنى ئىشلەپ پۈتتۈرۈۋالدى...

*　　*　　*

چار رۇسىيە ئاق پاشا پېتر[①] I نىڭ زامانىسىدىن تارتىپ روناق تېپىپ كۈچىيىشكە باشلىدى. ئۇزاققا بارمايلا، پۈتۈن شىمالىي ياۋروپا، ھەتتا پۈتۈن ياۋروپا قۇرۇقلۇقى بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى كۈچلۈك فېئودال جاھانگىر دۆلەتكە ئايلاندى.

چارر ۇسىيە دۇنياغا خوجا بولۇش ئۈچۈن، غەربىي ياۋروپاغا چىقىدىغان دېڭىز يولى ــ قارا دېڭىزنى تالىشىپ، تۈركىيىگە قارشى كۆپ قېتىم ئۇرۇش قوزغىدى، ھەتتا بالتىق دېڭىزىغا بولغان خوجايىنلىق ھوقۇقىنى تالىشىپ شۋېتسىيە بىلەن ئۇدا 21 يىل ئۇرۇش قىلدى.

چاررۇسىيە ئۆزىنىڭ چەت ئەللەرگە قارشى قوزغىغان ئۇرۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز دۆلىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى جىددىيلەشتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى سىياسىي جەھەتتىكى مىللىي زۇلۇمنىمۇ ئىنتايىن كۈچەيتتى. ئۇرۇش يۈكىنى ھەرقايىسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۈستىگە يۈكلىدى. ئاق پاشا ھۆكۈمىتى بىر تەرەپتىن تورغات خانلىقىنى كونترول ۋە تالان ـ تاراج قىلىشنى كۈچەيتسە، يەنە بىر تەرەپتىن، توپ يېمى قىلىش ئۈچۈن، تورغاتلاردىن كەڭ كۆلەمدە ئەسكەر چاقىردى. ئۇزاققا سوزۇلغان بۇ ئۇرۇشلاردا تورغاتلار ناھايىتى زور بەدەللەرنى تۆلەشكە مەجبۇر بولدى. «جەڭ قىلىشنى بىلمەيدىغان

---

① ئاتاقلىق رۇس ئىمپېراتورى. 1682 — 1725 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان، چارپادىشاھى، ئۇ تەختتىكى چاغلىرىدا رۇسىيىنىڭ غەربتىن ئۆگىنىشىنى، ئىقتىساد، ھەربىي، مەدەنىيەت ۋە سىياسىي جەھەتتە پائال ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان ۋە چەتكە قارىتا پائال كېڭەيمىچىلىك يۈرگۈزگەندى.

تورغات ئۇلۇسى ئۇرۇشتا كۆپلەپ تالاپەتلەرنى بەردى.»[①]
1768 ـ يىلى، ئاق پاشا يېكاتىرىنا Ⅱ تۈركىيىگە قارشى قوزغىغان يېڭى بىر قېتىملىق ئۇرۇشقا قەدەر بولغان ئۆتكەنكى ئۇرۇشلارنىڭ ھەممىسىدە ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ جەمئىي 70 ـ 80 مىڭدەك تورغات ئۇرۇشتا ئۆلدى. دېمەك، «تۈگىمەس ـ پۈتمەس ئۇرۇشلار، تۈگىمەس ـ پۈتمەس ئەسكەر چاقىرىشلار ـ تورغاتلارنى پۈتۈنلەي ھالاك بولۇش گىردابىغا ئىتتىرگەنىدى!»[②]

* * *

مىلادى 1761 ـ يىلى، ئىدىل تورغات خانلىقىنىڭ دوندۇپ ئاراش دېگەن خانى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇباش ئاتىسىنىڭ ئورنىغا تورغاتلارغا خان بولدى. بۇ چاغدا ئۇ 17 ياشتا ئىدى. ئۇباش خاننىڭ قول ئاستىدا تورغات شاھزادىلىرى ۋە تورغات ئاقسۆڭەكلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان يەتتە كىشىلىك يارغۇچلار كېڭىشى بار ئىدى. ئاق پاشا يېكاتىرىنا Ⅱ تورغات خانلىقىنىڭ مونارخىيىسىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن، ئۇباشنىڭ تېخى بالاغەتكە يەتمىگەنلىكىدىن پايدىلىنىپ، سېبەك دورجى دېگەن تورغات ئاقسۆڭىكىنى تورغات خانلىقىغا باش يارغۇچ قىلىپ تەيىنلىگەنلىكى ھەققىدە پەرمان چۈشۈردى.
تورغات خانى ئۇباش سېبەك دورجى بىلەن بىر تۇغقاننىڭ باللىرى ئىدى. ئۇلار ئۇرۇقتا ئەڭ نوپۇزلۇق كىشىلەر بولغاچقا، ئەزەلدىن ئىناق ئۆتۈپ كەلمەكتە ئىدى. ھەتتا، ئۆزئارا ئىختىلاپ يۈز بەرگەن تەقدىردىمۇ ئۇلار زىددىيەتنى ھەرگىز

① ۋېي يۈەن: «زەپەرنامە»، 4 ـ جىلد، «چەنلۇڭ يىللىرىدا شىنجاڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئائىت خاتىرىلەر».
② خې چۇتاۋ: «چېگرىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ھەققىدە ئەسلەتمىلەر»، 38 ـ جىلد، «تورغاتلارنىڭ بۈيۈك مانجۇ سەلتەنىتىگە بەيئەت قىلىش جەريانى».

چوڭايتىۋەتمەيتتى، بىر ئىلاج قىلىپ زىددىيەتنى ھەل قىلىشقا، يارىشىشقا تىرىشاتتى.

مىلادى 1770 ـ يىلى كۈزدە، تورغات خانى ئۇباش تۈركىيدىكى ئۇرۇش مەيدانىدىن ئىدىل بويىدىكى ماڭقاي قورغىنىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن جىيەن تاغىسى، باش يارغۇچ سىبەك دورجى ۋە چوڭ لاما لوساڭ داڭزىڭ، يارغۇچ داش دوندۇپ ۋە جۇڭغار شىلىن تايشى قاتارلىق تورغات تۆرىلىرى بىلەن جۇڭغارىيىگە قايتىپ كېتىش ئۇستىدە كېڭەش قىلدى. سىبەك دورجى بۇرۇندىنلا ئىدىل بويىدىن ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ئەسلى ماكانى بولغان جۇڭغارىيىگە قايتىپ كېتىشنى ئاكتىپ تەشەببۇس قىلاتتى.

— بىز ۋەتەندىن ئايرىلغاندىن بۇيان، خۇددى قۇلۇنىنى بۆرە تالىغان بىيىگە، موزىيىنى ئېيىق قاۋىغان مارالغا، قوزىسى ياردىن چۈشۈپ كەتكەن ساغلىققا ئوخشاپ قالدۇق! — دېدى ئۇ خورسىنىپ تۇرۇپ.

— بۇ كاپىرلار يۇرتىدىن تېزرەك كەتمىسەكمىز، دىنداشلىرىمىز بولغان بۇرھان دۆلىتى — تىبەتكە يېقىن جۇڭغارىيىگە قايتىمىقىمىز لازىم![1]— دېدى چوڭ لاما لوساڭ داڭزىڭ قولىدىكى تەسبىھىسىنى سىيرىپ تۇرۇپ.

— ھازىر ئىلى ۋادىسىدا ئادەمنىڭ ئۇرۇقى قۇرۇتۇلدى، — دېدى يېقىندا جۇڭغارىيىدىن ئىدىل بويىدىكى تورغاتلار ئارىسىغا قېچىپ كەلگەن شىلىن تايشىمۇ، — ئەڭ ياخشىسى، قىرچاڭغۇ ئاتقا ئوخشاش ئىككى يېنىمىزغا قاراپ تۇرماي، ھازىرنىڭ ئۆزىدە جۇڭغارىيىگە قايتىپ كەتكىنىمىز تۈزۈك. بولمىسا، خاقانى چىن ئۇ يەرلەرگىمۇ ئاھالە يۆتكەپ كەلسە، بىزگە زېمىن قالمايدۇ![2]

---

[1] خوۋس: «موڭغۇللارنىڭ تارىخى»، 1 ـ توم، 574 ـ جىلد.
[2] خې چوتاۋ: «چېگرىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر توغرىسىدا ئەسلەتمىلەر»، 38 ـ جىلد، «تورغاتلارنىڭ بۈيۈك مانجۇ سەلتەنىتىگە بەيئەت قىلىش جەريانى».

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— قېرى دەرەخ ئۆرۈلگىنى بىلەن، ئورمان قۇرۇمايدۇ! — دېدى داش دوندۇپ گەپنى ئۇزۇپلا، — ياشانغانلارنىڭ ئورنىغا ياشلار دەسسەيدۇ، ئاتىلارنىڭ قىلىچىنى بالىلىرى قولىغا ئالىدۇ!

تورغات خانى ئۇباش ئۆزىنىڭ ۋەتەنگە قايتىش پىلانى بەك بالدۇر ئاشكارىلىنىپ قالسا، ئاق پاشانىڭ مۇداخىلىسى بىلەن پۈتۈن ئەجىر - تۆھپىسىنىڭ شامالغا سورۇلۇشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيتتى. شۇڭا، ئۇ شىكار قىلىش نامى بىلەن ئېدىل بويىدىكى بىر پىنھان ئورمانلىق ئىچىدە مەخپىي كېڭەش چاقىردى. بۇ كېڭەشكە ئۆزىدىن باشقا يەنە باش يارغۇچ سېبەك دورجى، يارغۇچ بۆمبە، داش دوندۇپ، چوڭ لاما لوساڭ داگزىڭ ۋە شېلىن تايىشى قاتارلىق بەشلا ئادەم قاتناشتى. بۇ كېڭەشتە، تورغات خانى ئۆزىنىڭ تورغاتلارنى باشلاپ جۇڭغارىيىگە قايتىش قارارىنى رەسمىي ئېلان قىلدى.

— يېتەر ئەمدى، — دېدى ئۇ ئاغرىۋاتقان قورسىقىنى قولى بىلەن تۇتۇپ تۇرۇپ، — بىز ئەمدى خۇددى ئۇۋۇچىدىن ھۈركىگەن ئېيىقتەك ئورمان ئىچىدە قېچىپ، مۆكۈپ يۈرمەسلىكىمىز لازىم. ئورۇسلاردىن قورقۇپ موڭغۇل ئۇلۇسلىرى ئىچىدىكى تۇغقانچىلىقنىمۇ ئۇنتۇپ قالدۇق. ئۆزئارا باردى - كەلدى قىلىشالمىدۇق... ئۇرۇق - تۇغقانسىز قوۋم خۇددى يىلتىزسىز قامغاققا ئوخشايدۇ. بۇ يەردە يىغىمىزغا يىغلىشىدىغان، كۈلكىمىزگە ئورتاقلىشىدىغان ھېچكىمىمىز يوق بىزنىڭ! ئەل - يۇرتىمىز بىلەن قىرىلىپ كەتسەكمۇ، بىزگە ياردەم قولىنى سۇنىدىغان ھېچكىم چىقمايدۇ!

— خان توغرا دەيدۇ! — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى قوللىدى يارغۇچى داش دوندۇپ، — بىزنى بىر تەرەپتىن ئاق پاشا قىستىسا، بىر تەرەپتىن باشقىرتلار تىنچ قويمايۋاتىدۇ. چۆلمان خەلقى بولغان تاتارلارمۇ بىزگە قارشى قىلىچلىرىنى بىلەشمەكتە.

مۇشۇنداق كېتىۋەرسەك، ئۇلۇغ تورغاتلار خۇددى كۈيە چۈشكەن تېرىدەك تۆشمۇ ـ تۆشتىن تېشىلىپ تېرىپېرەن بولغۇسى!

* * *

ئوتتۇزنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان تورغات خانى ئۇباش بوغىدەك تازا، ئىمەن دەرىخىدەك تۈز، ئېگىز يىگىت ئىدى. لېكىن، بۇ ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىلا بولۇپ، بۇ ساغلام «ئىمەن»نىڭ ئىچىگە ھازىر «قۇرت» چۈشكەنىدى. ئۆتكەن يىل قىشنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن بۇيان، ئۇنىڭغا ئاللىقانداق يامان بىر كېسەل تىنچلىق بەرمەيۋاتقانىدى، ئۇنىڭ قورسىقى قاتتىق ئاغرىيتتى. ئۇ بۇرۇنقىدەك تورسۇقلاپ بوزا ئىچەلمەيتتى. جەينىكىدىن مايلىرىنى تېمىتىپ سېمىز گۆشلەرنى يېيەلمەيتتى. ئۆتكەن يىلى ئەتىيازغا يېقىن ئۇنىڭ بۇ كېسىلى تېخىمۇ ئەدەپ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئوڭ بېقىنى توختىماي ئاغرىغانلىقىنى، غولىنى تىنماستىن كۆيۈشىدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. بەزى چاغلاردا يۈرىكى سانجىلىپ ئاغرىغاندەك قىلاتتى. ئەمما، ھازىر پەۋقۇلئاددە بىر ۋاقىت بولغاچقا، ئۇ ئۆزىنىڭ كېسىلى ھەققىدە ھازىرچە بۇ تۆرىلەرگە ئەمەس، بەلكى ئەمچى ـ لوۋۇڭلارغىمۇ، ھەتتا خوتۇن ـ بالىۋاقىلىرىغىمۇ ھېچنەرسە بىلىندۈرمىدى.

بۇ چاغدا، باياتىن سۆز قىلماي جىم تۇرغان بۆمبە دېگەن يارغۇچىمۇ:

— «قوينۇڭدىن تۆكۈلسە، قونچۇڭغا» دېگەن گەپ بار. مانجۇ، مۇڭغۇل تائىپىلىرى بىر ئائىلە كىشىلىرىدۇر. گەرچە ئۇلار جۇڭغارلارنى قىرغان بولسىمۇ خۇددى ئات مىنگەن كىشى ئاتنىڭ تىزگىنىنى چوڭ پۇتاقتا باغلىسىمۇ، ئىنچىكە پۇتاقتا باغلىسىمۇ بەرىبىر، ھەممىسى بىر دەرەخنىڭ پۇتىقى بولغىنىدەك بىر ئىش ئەمەسمۇ؟ خان جانابلىرى، كۆڭلىڭىزنى توق

تـۇتقايسەن. بىـز ھەممىمــز ساڭا ھەمدەم بولىمىـز، ئىشىـڭ خەيـرلىك بولسۇن! — دەپ ئۇباش خانغا تەسەللى ئېيتىپ كۆڭلىنى خۇش قىلدى.

— ئەمىسە، قەسەم بېرەيلى! — دېدى ئۇباش خان يېنىدىن بىر ئەگرى قىلىچنى چىقىرىپ.

بۇ چاغدا، سىبەك دورجى ھەممىسىگە ۋاكالىتەن:

— ۋەتەنگە قايتىش يولىدا ئاخىرغىچە ماڭىمىز. جاپا ـ مۇشەققەت، خەتەرلىك ئۆتكەللەر ئالدىدا ھەرگىز چېكىنمەيمىز! يولىمىزنى توسقان ھەر قانداق دۈشمەنگە ئوقتەك ئېتىلغايمىز! شىردەك تاشلىنىپ، گېلىدىن بوغقايمىز! — دەپ قەتئىي ئىرادە بىلدۈردى.

— سۆي! — دېدى تورغات خانى ئۇباش قىلىچىنى ئۇنىڭغا سۇنۇپ.

سىبەك دورجى خانىنىڭ قولىدىن قىلىچنى ئىككى قوللاپ ئالدى ـ دە، قىزىق لەۋلىرىنى مۇزدەك تۆمۈرگە تەگكۈزدى.

— بەرگەن قەسىمىمىزنى بۇزسام، بۇ قىلىچ تېنىمگە كۆك كىرىپ، قىزىل چىقسۇن! — دېدى ئۇ.

باشقىلارمۇ ئۇنىڭ سۆزىنى تەكرارلاشتى:

— قەسىمىمىزنى بۇزسام، بۇ قىلىچ كۆك كىرىپ، قىزىل چىقسۇن! . . .

*　　　　*　　　　*

ئىدىلنىڭ بۇ يىلقى قىشى ئىسسىق كەلدى. دەريا زادىلا مۇز تۇتمايۋاتاتتى. دەريا يۈزى قاتمىسا، ئىدىلنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى بىر تۈمەن تۈتۈن تورغات ئۇلۇسىنىڭ ئىدىلنىڭ جەنۇبىغا ئۆتمىكى تەسكە توختايتتى. چۈنكى، كەڭ يېيىلىپ ئۆركەشلەپ ئاقىدىغان ئىدىل دەرياسىنىڭ ئالدىدا خاھى موڭغۇل

دالاسىدىكى قۇرۇلۇن، ئۇنان دەريالىرى بولسۇن ياكى جۇڭغارىيە دالاسىدىكى ئېرتىش، ئىلى دەريالىرى بولسۇن، ھەممىسى ئادەتتىكى ئېرىق، شاخاپ ھېسابلىناتتى، خالاس. بۇ دەريالاردىن ئات بىلەن ئۈزۈپ ئۆتۈپ كېتىش ئويۇننىڭ ئورنىدىكى بىر ئىش ئىدى. بەزى يەرلىرىدىن بولسا، بويلاپ ئۆتۈپ كەتكىلى بولاتتى. ئەمما، ئىدىل دەرياسى ھەقىقىي مەنىدىكى دەريا ئىدى. ئۇنىڭدىن بويلاپ ئۆتۈش تۇرماق، ئات سېلىپ ئۆتمەكمۇ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىدى. بۇ يىل مانا قىش كىرىپ قالغىلى ئۇزاق بولدى. بىراق، ئىدىل قاتماي تۇراتتى. بەش كۈن. . . ئون كۈن. . . بىر ئاي كېچىكىپ كەتتى! ئىدىلنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى تورغات ئۇلۇسلىرى يولغا چىقىش تەييارلىقىنى ئىشلەپ پۈتتۈرگىلى خېلى بولدى. بۇ چاغدا، تورغاتلارنىڭ جۇڭغارىيىگە كۆچۈپ كېتىدىغانلىقى ئاشكارىلىنىپ قالغان بولغاچقا، ئاق پاشا ھۆكۈمىتى تورغاتلارنىڭ شەرققە كۆچۈشىنى توسۇش ئۈچۈن كازاك قىسىملىرىنى رۇسىيىنىڭ غەربىدىن ئىدىل بويىغا جىددىي يۆتكىمەكتە ئىدى. ۋەزىيەتتىكى تېز ئۆزگىرىش ئۇباش خاننى تېز ۋە قەتئىي بىر قارارغا كېلىشكە مەجبۇر قىلماقتا ئىدى. «ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ — دەپ تىت ـ تىت بولاتتى ئۇ، — ئىدىلنىڭ شىمالىدىكى تورغات ئۇلۇسلىرىنىڭ دەريادىن ئۆتۈشىنى كۈتۈپ تۇرماستىنلا ئاتلىنىپ كەتسەكمىكىن؟!»

— قانداق قىلىمىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئىزتىراپلىق ئىچىدە.

بىراق، ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا ئۇنىڭ يارغۇچلىرىدىن ھېچكىم جاۋاب بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

— بۇ سوئالىڭغا قانداقمۇ ئۇدۇل جاۋاب بېرىش مۇمكىن؟ — دېدى يارغۇچى بۆمبە كۆلۈپ تۇرۇپ، — مېنىڭچە، ساقلىمىساقمىكىن؟ چۈنكى، بارماقلىرىڭنىڭ قايسىبىرىنى چىشلىسەڭمۇ ئوخشاشلا ئاغرىيدۇ. قانداق تولغانساڭمۇ،

www.uyghurkitap.com

توقماقنىڭ يوغان تەرىپى بېشىڭغا تېگىدۇ ـ دە!

— مېنىڭ پەرمانىمنى يەتكۈز! تورغات ئېلىنىڭ جۇڭغارىيىگە قايتقانلىقىنى جاكارلايمەن. ئوغلانلار، كۆنچىقىشتىكى ۋەتەنگە ئالغا! — دېدى تورغات خانى ئۇباش تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن.

* * *

مىلادى 1771 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، ئىدىل بويىدىكى ماڭقاي تەرەپتىن كېلىۋاتقان سان ـ ساناقسىز ئاتلىقلار كۆرۈندى. ھەممىدىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ ئەتىگەنكى قۇياش نۇرىدا يالت ـ يۇلت قىلغان نەيزىلىرى، قىزىل، يېشىل، قارا رەڭلىك ئۈزۈنچاق تۇغلىرى، كېيىن بولسا قوراللىق كىشىلەرنىڭ دۇبۇلغىلىرى، ئاتلارنىڭ باشلىرى، قالقانلار كۆرۈنۈشكە باشلىدى. چەۋەندازلار تۆپىلىككە چىققاندىن كېيىن ئوڭغا بۇرۇلۇپ كەڭ يولغا چۈشتى. باشتىن ـ ئاياغ قوراللانغان، سېمىز ئاتلاردا مەھكەم ئولتۇرغان بۇ تورغاتلار ئەيمەنمەستىن ئەركىن، بىمالال كېلىشمەكتە ئىدى. ئۇلار نۇرغۇن، ناھايىتى نۇرغۇن ئىدى. تورغاتلار ئۆزلىرىنىڭ ئۇنلۇقلىرى، يۈزلۈكلىرى، مىڭلىقلىرى ۋە تۈمەنلىرى بويىچە گۇرۇھ ـ گۇرۇھ، توپ ـ توپلارغا بۆلۈنۈپ كېتىشىۋاتقانىدى. ئۇلار خۇددى يەر ئاستىدىن چىققاندەكلا تۆپىلىككە بىردىنلا ئۆرلەپ چىقىشاتتى ـ دە، تەكشىلىككە يېيىلىپ، پۈتۈن دالانى قاپلاپ ماڭاتتى. تورغاتلار خۇددى تۈزلەڭلىكتە يېيىلىپ ئاققان، توسۇۋالغىلى بولمايدىغان تاشقىن سۇيىدەك كۈنچىقىش تەرەپكە قاراپ توختىماي كەلمەكتە ئىدى. كەڭ دالا بىر پەسنىڭ ئىچىدىلا مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن ئاتلار، هارۋىلار، ئادەملەر بىلەن تولۇپ كەتتى.

تۈيۈقسىز ئاتلىق تورغاتلار ئىككى تەرەپكە سىلجىپ ئۆتتۈرىدىن تار بىر يول پەيدا بولدى. ئېگىز، ساغرىسى كەڭ، پۇتلىرى ئىنچىكە، ياياللىرى تەكشى قىرىلغان، قۇيرۇقلىرى تارالغان، قومۇشقۇلاق جىرەن قاشقا ئاتقا مىنگەن بىر كىشى كۆرۈندى. بۇ كىشى مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن ئاتلىق كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا خېلى يىراقتىنلا كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئۇ ساغلام، كۈچلۈكتەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بېشىدىكى بىر تۇتام ئۇقا قادالغان دۇبۇلغىسى، ئۈستىگە كىيىۋالغان قۇيما ساۋۇتى ۋە قولىغا تۇتقان قالقىنىنىڭ ھەممىسى ئالتۇن - كۈمۈشتىن ياسالغان بولۇپ، قۇياش نۇرىدا كۆزنى چاقنىتىپ پارقىراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاستىدىكى قومۇش قۇلاق جىرەن قاشقىسىنىڭ ئېگەر - جابدۇقلىرىمۇ ئالتۇن - كۈمۈش بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. ئېگىرىنىڭ ئۇمۇلدۇرۇكىنىڭ يۈزى ھەر خىل ئالتۇن نەقىشلەر ۋە ئورنىتىلغان لەئل ياقۇت كۆزلەر بىلەن كۆرۈنمەي قالغانىدى. ئاتنىڭ ئىشمەك - توقۇملىرى زەر - تاۋاردىن تاشلىنىپ، چۆرىسىگە ئوق تۇتۇلغانىدى. ئۇلاڭ باغلىرى قىزىل تاسمىدىن قىلىنغان بولۇپ، چۇچىلىرى ئىككى تەرەپتىن يەرگە ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئات بىر جايدا تىنىم تاپماي ئويناقشىپ تۇراتتى. ئاسمانغا ھەربىر چاپچىغاندا، ئاتنىڭ ئۈستىدىكى ئادەممۇ ئاتنىڭ بېشى بىلەن تەڭ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلەتتى.

ئاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرغان بۇ ئادەم ساۋۇت ئۈستىگە قىزىل رەڭلىك يېپىنچا يېپىۋالغانىدى. ئۇنىڭ قاپقارا ساقال - بۇرۇتلىرى كالتە، چىرايلىق قىلىپ تەكشىلىنىپ قىرىلغانىدى. ئۇنىڭ قاڭشىرى سەل پاناق كەلگەن بولۇپ، يۇمىلاق يۈزى لېگەندەك چوڭ كۆرۈنەتتى. بۇ ئادەم - تورغات خانى ئۇباش ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدە بىر قاتار تۇرۇشقان ساقچى تورغاۋۇتلارمۇ خۇددى ئۇباش خاندەك باشتىن - ئاياغ ئەلتېرە كىيىملەرنى ياكى ساۋۇتلارنى كىيىۋالغان بولۇپ، قىلىچ، ئوقيا ۋە نەيزىلەر بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قورالالانغانىدى. ئۇلارنىڭ ئاتلىرىغىمۇ خىلمۇ خىل تاسمىلار ئېسىلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئوتتۇرىدا تۇرغان قىرى بىر تورغات باھادىرى موڭغۇللارنىڭ قارچىغا كەشتىلەنگەن ئاق تۇغىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى.

— تورغات ئوغلانلىرى، — دەپ مۇراجىئەت قىلدى ئۇباش خان جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن، — ئاق پاشا يېكاتىرىنا پەرمان چۈشۈرۈپ، ئوغلۇمنى سانكت پېتىربۇرگقا تۇرغاقلىققا ئەۋەتىپ بېرىشىمنى بۇيرۇدى ھەمدە بىز ئاق پاشانىڭ پەرمانى بويىچە ئورۇشقا قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن يەنە بىر تۈمەن ئاتلىق لەشكەر بېرىشىمىز كېرەك ئىكەن! شۇڭا، بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئاق پاشانىڭ بۇ پەرمانىغا قارشى چىقماقتىن ۋە ئورۇسىيىدىن ئايرىلىپ چىقىپ بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ۋەتەنگە قايتىپ كەتمەكتىن باشقا يول قالمىدى! ①

— ئاق پاشا بۇ يىلمۇ لەشكەر تۇتماقچى، — دەپ خىتاب قىلدى جوڭغار تايشىسى شىلىن، — ئۇ 16 ياشقا تولغانلىكى ھەرقانداق بىر ئەرنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپ بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئەمما، ئاق پاشانىڭ لەشكەر تۇتىمىز دېگىنى يالغان. سىلەر تورغاتلارنى يوقاتماقچى بولغىنى راست! ②

— قېرىنداشلار، مېنىڭ سۆزۈمگە قۇلاق سېلىڭلار! — دېدى سېبەك دورجى — ئۇ مۇشۇ تاپتا ھاياجىنىنى باسالماي قالغانىدى، — ئورۇسلار دىنىمىزنى خاراب ئەيلىدى. بىز تورغاتلارنى پراۋوسلاۋىيە دىنىغا كىرىشكە مەجبۇرلىماقتا. ئۇلار ھەر يىلى ياشلىرىمىزنى لەشكەرلىككە تۇتۇپ كېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ تىنچ ـ ئاسايىشلىقى ئۈچۈن جانلىرىنى سېلىپ بېرىشكە مەجبۇرلىماقتا! مۇبادا، بۇ يەردىن باش ئېلىپ چىقىپ كەتمەيدىغان بولساق، ئۇزاققا بارمايلا ئورۇسلار بىز تورغاتلارنى

---

① مۇنشىكى: «موڭغۇللار تارىخى ۋە مەدەنىيىتى». ياپونچە تەرجىمىسى، 36 ـ بەت.
② چۇنيۇەن چىشىيى: «غەربىي يۇرتنىڭ ئومۇمىي تەزكىراتى»، 6 ـ جىلد.

قوْل ـ ئالباتقا ئايلاندۇرۇۋېلىشىدۇ!

— ئۇباش خان، سەن نېمە دېسەڭ شۇ! بىز سېنىڭ ئارقاڭدىن ماڭغىنىمىز ماڭغان! — دەپ ۋارقىراشتى تورغاتلارنىڭ ھەممىسى.

بۇ چاغدا، ئۇباش خان:

— تورغاتلار ئارقامدىن، ۋەتەنگە قاراپ ئالغا! — دېدى ـ دە، كۈنچىقىش تەرەپكە — جۇڭغارىيىگە قاراپ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىدى.

يايلىسىغا، ماڭلاي چاچلىرىغا، قۇيرۇقىغا ھەر خىل رەڭدىكى تاسمىلار، كۈمۈش، تۈچ پارچىلىرى ئېسىلغان ئات سۇنىڭ ھىدىنى، ئوتلاقنىڭ ھىدىنى سېزىپ خۇشاللىقىدىن كىشنەۋەتتى. قومۇشقۇلاق جىرەن قاشقا ئېگىسىنىڭ قامچىلىشىنى كۈتمەستىنلا بىر كىشنەپ كۈنچىقىشقا قاراپ قارا بوراندەك چېپىپ چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كىشنىشىگە باشقا ئاتلارمۇ جور بولدى. ئۇباش خاننىڭ ئارقىسىدىن ئۇنىڭ پۈتۈن ئېلى — 33 مىڭ تۈتۈن، 169 مىڭ تورغات تەڭلا قوزغىلىپ ماڭدى. ئۇلار ئۆزلىرى بىر يېرىم ئەسىر ياشىغان ئىدىل بويىنى تاشلاپ، جۇڭغارىيىگە قايتىشتەك ئۇلۇغ، ئەمما مۇشەققەتلىك ئۆزۈن سەپىرىنى مانا مۇشۇنداق باشلىدى. «ئەل كۆچسە، تاغ ـ كۆچەر» دېگەن گەپ بار. قەدىمكى تۈرك نەسلىدىن بولغان بۇ تورغاتلارنىڭ شەرققە كۆچۈشى، تارىختا ھون قوۋمىنى باشلاپ ياۋروپاغا كۆچكەن ئاتىللادىن قالسا يەنە بىر قېتىملىق سەلتەنەتلىك كۆچ ـ كۆچ بولۇپ ھېسابلىناتتى.

* * *

ئۇباش خان باشلاپ ماڭغان تورغات كۆچى كۆك يايىق دەرياسى بويىدىكى كەڭ دالادا چارروسىيە كازاكلىرىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى قېتىملىق توسۇپ زەربە بېرىشكە دۇچ كەلدى.

ئۇباش خان دەرھال ئەللىك مىڭ تۆگىنى قاتار تۇرغۇزۇپ جايىغىلا چۆكتۈرۈپ، تۆگە ئىستىھكامى ياساشقا بۇيرۇق بەردى. بۇ — موڭغۇللارنىڭ تارىختا كۆپ قېتىم سىناقتىن ئۆتكەن، كارغا يارايدىغان مۇداپىئە چارىسى ئىدى! تورغاتلار تۆگە ئىستىھكامىنى تىرەك قىلىپ تۇرۇپ، كازاكلارغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. كۇنبويى داۋاملاشقان بۇ دەھشەتلىك جەڭدە مەيلى تورغاتلار بولسۇن، مەيلى كازاكلار بولسۇن ئىككى تەرەپ قاتتىق تىركەشتى. ۋارقىرىغان، چىرقىرىغان، ئىڭرىغان ئاۋازلاردىن، قورال - ياراقلارنىڭ بىر - بىرىگە قاتتىق ئۇرۇلغاندىكى جاراڭ - جۇرۇڭلىرىدىن ۋە يارىلانغان جەڭ ئاتلىرىنىڭ ئاغرىققا چىدىماي كىشنەشلىرىدىن رويى - زېمىن لەرزىگە كەلدى. كازاك قوماندانى گىرىشا ئوڭ قاناتتىكى كازاكلارنى كەينى - كەينىدىن تورغاتلارنىڭ سول قانىتىغا ھۇجۇم قىلىشقا ئەۋەتتى. كازاكلار ھۇجۇم قىلىپ، دۆڭدە جەڭنى كۆزىتىپ تۇرغان ئۇباش خاننىڭ قېشىغا نەچچە قېتىم يېقىنلاپ كېلىشكە مۇۋەپپەق بولالىغان بولسىمۇ لېكىن تورغاتلارنىڭ قاتتىق زەربىسى بىلەن ئۇلارنىڭ ھەر قېتىملىق ھۇجۇمى سۇندۇرۇلاتتى - دە، بىر قىسمى ئۆلۈم ئۆيىگە كىرىشكە، بىر قىسمى چېكىنىشكە مەجبۇر بولاتتى.

جەڭنىڭ ئۇزىرىشى بىلەن ئۇباش خان خۇددى زەنجىردىكى ئارسلانلاردەك دىۋىنىپ تۇرۇشقان زاپاس قوشۇنىغا كازاكلارنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىن ئايلىنىپ ھۇجۇمغا ئۆتۈشكە ۋە تورغات ئوقچىلىرىغا كازاكلارنى ئۇدۇلدىن شىددەت بىلەن ئوققا تۇتۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى. تورغاتلار ئەللىك مىڭ تۆگىنى چۆكتۈرۈپ تەييارلىغان ئىستىھكامىنىڭ ئارقىسىدىن ئېتىلىپ چىقىشتى - دە، كازاكلارنىڭ قېنىنى جەڭ مەيدانىغا تۆكۈپ، نۇرغۇنلىرىنىڭ بېشىنى خۇددى سويمىنى ئۈزگەندەك ئۈزۈپ تاشلىدى. ئۇباش

خان تورغاتلارنىڭ ئالدىدا مەردانە ھەرىكەت قىلىپ، بىرمۇنچە كازاكنى يەر چىشلىتىپ، ئۇلارغا ماماتلىق زەھىرىنى ئىچۈردى ۋە بىر ئۆزى تەنھا ھالدا ئۇدۇل كازاك قوماندانى گرىشانىڭ ئالدىغا ئات سېلىپ كەلدى. بۇ چاغدا كازاك قوماندانى گرىشانىڭ ئېتى ئۈركۈپ كېتىپ بىر كىشنىدى - دە، ئالدى پۇتلىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ تىكلىنىپ قالدى. ئۇباش خان پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ گرىشانىڭ بېشىنى كۆزلەپ قىلىچ سېلىۋىدى، گرىشا چاققانلىق بىلەن بېشىنى قىلىچتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدى ۋە ئۇباش خانغا قايتۇرۇپ گۇرزە ئۇردى. ئۇباش خان ئۇنىڭ گۇرزىسىگە قالقىنىنى تۇتۇپ بېرىۋىدى، «جاڭ!» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ قالقان چۇل - چۇل بولۇپ كەتتى. گرىشا ئىككىنچى رەت ئۇرماقچى بولۇپ گۇرزىسىنى قايتۇرۇۋېلىشىغا، ئۇباش خان قولىدىكى قىلىچى بىلەن ئۇنىڭ گۇرزە تۇتقان ئوڭ قولىغا ئۇردى. گرىشانىڭ ئوڭ مۇرىسى خۇددى بوراندا يېرىلغان ئىمەن دەرىخىنىڭ شېخىدەك ساڭگىلاپ قالدى. ئۇباش خان يەنە بىر قىلىچ ئۇرۇپ ئۇنىڭ بېشىنى خۇددى سويمىنى ئۇزگەندەك ئۈزۈپ چۇشۇردى...

جەڭ ئۇزارغانسېرى كىشىلەر ھاردى. نەيزە - قىلىچلار سۇنۇپ، قالقان - سۇپەرلەر تېشىلىپ، ساۋۇت - زىرىھلار تىتىلىپ ۋە ماكچىيىپ، كىشىلەرنىڭ يۈز - كۆزلىرى قاپقارا قان بىلەن بويالدى. تۇن قاغىسى ئاستا - ئاستا كۆك يايىق بويىغا كېچە قاناتلىرىنى يېيىشقا باشلىدى. جەڭگاھ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە چۆمدى! باتۇر - پالۋانلارنىڭ ھەتتا يېپىنى ئۈزگىچىلىكمۇ ھالى قالمىدى!

* * *

ئاستراخان گوبېرناتۇرى بېگتوۋ تورغاتلارنىڭ ئورال

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەرياسى بويىدىكى دالادا كازاك قوغلىغۇچى قىسىملىرىنى قاتتىق مەغلۇپ قىلغانلىقىنى، كازاك قوماندانى، ۋاخمىستىر گرىشانى چېپىپ تاشلىغانلىقىنى ئاق پاشا ھۆكۈمىتىگە خەۋەر قىلغاندا، ئاق پاشا يېكاتېرىنا II مەلىكە ئالىيلىرى غەزەپلەنگەنلىكىدىن كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى يىرتىپ تاشلىدى.

— بۇ، رومانوۋلار خاندانىغا ۋە بىشىمىزدىكى ئىمپېراتور پېترنىڭ ئالتۇن تاجىسىدىكى قارچىغىغا قىلىنغان مەڭگۈلۈك ھاقارەت ئەمەسمۇ؟ !①— دەپ چىرقىراپ كەتتى ئۇ ئۆزىنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى مورلاپ تۇرۇپ، — بۇ تورغات باندىتلىرىنى قوغلاشقا دەرھال كازاك تاغلىق قىسىملىرى ئەۋەتىلسۇن! قازاق خانلىرىغا بۇ تورغات باندىتلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇشقا پەرمان ئەۋەتىلسۇن! . . .

كامېرگىر ئۇنىڭ دىگەنلىرىنى بىر - بىرلەپ يېزىۋالدىيۇ، پەرماننىڭ بەزى بۆلەكلىرىگە كەلگەندە، چۈشەنمىگەندەك قىلىپ، ئاچچىقىدىن يېرىلىپ كېتەيلا دەپ قالغان بۇ ئايال پادشاھقا ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇردى.

— مېنىڭ ھەربىي قوماندانلارغا چۈشۈرگەن پەرمانىم يېزىپ تۈگىتىلدىمۇ؟ — دەپ چالۋاقىدى ئۇ، — سەن خەقنى بىرەرنېمىنى چاپسانراق قىلدۇرۇشقا قارىغاندا، تاشپاقىنى يورغىلاپ چېپىشقا مەجبۇرلاش ئاسانراق! . . .

ئاق پاشا ھۆكۈمىتى مەلىكە يېكاتېرىنا II پەرمانىغا ئاساسەن تورغاتلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا ئۇرغۇن ياۋايى كازاك ئەترەتلىرىنى ئەۋەتتى ھەمدە ۋولگا دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغىقىدا ماڭالماي قالغان بىر تۈمەن تۈتۈندەك تورغاتلارنى قاتتىق تەقىپ ئاستىغا ئالدى. شۇنىڭ بىلەن سىبىردىكى ھەرقايسى قورغانلارنىڭ قوماندانلىرىغا ئۇباش خاننىڭ قوۋمىنى

① سۇن ھىدىن: «رىخى — خانبالىق»، 39 - بەت.

تۇسۇپ تۇتۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى.

تورغاتلار ئىدىل بويىدىن ئايرىلىپ سەككىزىنچى كۈنى كۆك يايىق دالاسىنى كېسىپ ئۆتتى ـ دە، كازاك قوغلىغۇچى قىسىملىرىدىن قۇتۇلۇپ، داۋاملىق شەرققە قاراپ توختاۋسىز ئالغا ئىلگىرىلەپ ماڭدى. . .

مىلادى 1771 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى، توختاۋسىز شەرققە قاراپ مېڭىپ كېتىۋاتقان تورغاتلار تورغاي دەرياسىنىڭ بويىدىكى توقايلىقتا دېمىنى ئېلىپ، ئەسلىگە كېلىۋېلىش ئۈچۈن چۈشكۈن قىلىشنى قارار قىلدى.

ئۇباش خان ھەمراھلىرى بىلەن بىللە توقايلىقنىڭ چېتىدىكى تۆپىلىك ئۈستىدە ئۆرە تۇراتتى. تورغات ئاتلىقلىرىنىڭ كەينىدىن يارىدارلار، ئاغرىقلار ئۈزۈلمەي كېلىشىۋاتقاندى.

ئۇلار ئاۋۋال يەككە ـ يەككە، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرنەچچە كىشى، بىرنەچچە كىشىلىك توپ بولۇپ، ئاخىرغا كەلگەندە سانجاق ـ سانجاق توپ بولۇپ ئۇباش خان تۇرغان تۆپىلىكنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىشىۋاتاتتى. ئېغىر يارىدارلارنى قىستاپ باسقان رۇس بىرىچكىلىرى ئاران ـ ئارانلا ئىلگىرىلەيتتى. ئۇلارنى تارتىپ كېلىۋاتقان قىرچاڭغۇ ئاتلار تولىمۇ ئورۇق، ئاۋارە ئىدى. پىچاقتەك قىرلىق دۈمبىسى ئۈزلۈكسىز قامچا تېگىۋەرگەنلىكتىن، تېرىسى شىلىنىپ قىپقىزىل ئېچىلىپ قالغانىدى. ئېچىلىپ قالغان ئاپئاق ئۈستىخانلىرىدا قىزىل قان چېكىت ـ چېكىت بولۇپ قالغانىدى. ئاتلار تۆت چاقلىق رۇس بىرىچكىلىرىنى كۆپۈكلەشكەن تۇمشۇقلىرىنى پاتقاقلىق يەرگە تىرەپ تۇرۇپ خىرىلداپ، كۈچىنىپ ئاران تارتىپ باراتتى. بەزىدە بىرەر بايتال قوۋۇرغىسى كۆرۈنۈپ تۇرغان بېقىنىنى دەرمانسىزلىق بىلەن لىپىلدىتىپ، ئورۇقلۇقتىن چوڭقىيىپ قالغان بېشىنى تۆۋەن سىلىپ بىر ئىزدا توختاپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا، تارس قىلىپ تەگكەن تاسما قامچىنىڭ جانغا پاتىدىغان

زەھەردەك ئاچچىق زەربىسى ئۇنى جايىدىن ئاران قوزغايتتى ـ دە، بىر ئۇ يانغا، بىر بۇيانغا تەۋرىنىپ، كۆچۈپ ئاران مېڭىپ كېتەتتى. نۇرغۇنلىغان ياردار تورغاتلار تۆت تەرەپتىن بىرىچكىنىڭ يان ياغاچلىرىغا يېپىشىپ، قاتار سوزۇلۇپ ئاران مېڭىشاتتى.

— ئۆزۈڭلارمۇ كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، — دېدى ئۇباش خان پەستە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بۇ ئادەملەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — پۈتۈن تورغات ئۇلۇسى جاپا ئىچىدە جان تالاشماقتا. بەزىلەر: چېكىنسەكمىكىن، دېيىشتى. . . چېكىنسەك، بىزنى ئارقىمىزدا ئوخشاشلا ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. چېكىنسەك، بىزنى ئاق پاشاغا ئالبات ـ قۇل بولۇش تەقدىرى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ! بىراق، ئالدىمىزدا ۋەتىنىمىز جۇڭغارىيىلا بىزگە كەڭ قۇچاق ئېچىپ تۇرۇپتۇ! ھەممە ئىش كۆك تەڭرىنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدۇ. شۇڭا، بىز پۈتۈن غەيرىتىمىزنى ئىشقا سېلىپ، تورغات ئۇلۇسىنى بۇ بالا ـ قازا ماكانىدىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىپ كەتمىكىمىز ۋە تېزدىن شجائەت ئېتىغا قامچا سېلىپ، بىزنى كۈتۈپ تۇرغۇچى ئاشۇ ئىشەنچلىك ئانا ۋەتەن ـ جۇڭغارىيىگە قاراپ سوزۇلغان سوقماق يوللارغا چۈشمىكىمىز زۆرۈردۇر! . . .

— خان ھەق گەپ قىلدى! — دېدى باش يارغۇچى سېبەك دورجى ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ، — مۇبادا، ئاق پاشانىڭ زېمىنىغا قايتىپ كەتسەك، ئاياغ ـ ئاستى قىلىنمىقىمىز تۇرغان گەپ. ئاق پاشا دەرھال ئەتراپلىرىمىزنى قورغان سېلىپ قورشاپ چىقىدۇ ـ دە، ئۇ چاغدا بىزلەر قاپقانغا چۈشكەن قاپلاندەك ئەركىنلىكتىن مەڭگۈ مەھرۇم بولىمىز!

— توغرا، — دەپ ئۇلارنىڭ پىكرىنى قوللىدى داش دوندۇپمۇ، — ئۈمىد كۈنچىقىشتا، ئۈمىد — جۇڭغارىيىدە! توختاۋسىز ئالغا باسقاندىلا ئاندىن نىجاتلىقتا

ئېرىشەلەيمىز! . . .

*　　　*　　　*

تىلماچ قازاقلارنىڭ كىچىك يۈزىنىڭ ئاقساقىلى نۇرالى خاننىڭ چېدىرىدا ئاق پاشا مەلىكە يېكاتىرىنا II دىن كەلگەن پەرمانىنى ئوقۇپ چۈشەندۈرمەكتە ئىدى.

«. . . مەنكى ئاق پاشا — مۇقەددەس سلاۋىيان ئېلىنىڭ خوجىسى مەلىكە يېكاتىرىنا II دىن قازاقلارنىڭ كىچىك يۈزىنىڭ ئاتامانى نۇرالى خانغا ئۇشبۇ يارلىق مەلۇم بولغايكى، — دەپ ئوقۇدى تىلماچ، — مەنكى رۇس ئېلى مەلىكىسىگە قاراشلىق بەگلىكلەرگە، قەبىلە ئاقساقاللىرىغا، سۇ باشلىرىغا، تارخانلارغا، ئوغلانلارغا، ئەل - ئولۇس، ئۇرۇق - ئايماق ئاقساقاللىرىغا، مىنىستىر ئەلچىلەرگە، قورغان باشلىقلىرىغا، پۇتۇكچىلەرگە، خەزىنىچىلەرگە، ياساقچىلارغا، سالىمچىلارغا، كەنت - ئۇ يەزد ئاقساقاللىرىغا، باشقىرت، تاتار - نوغاي، هەزەر- قارا قالپاق ۋە قازاق ئېلىنىڭ هەممە ئاقسۆڭەك ۋە پۇقرالىرىغا مەلۇم بولغايكى، قانخور چىڭگىزنىڭ يارىماس ئەۋلادلىرىدىن بولغان تورغات باندىسى مەنكى ئورۇس مەلىكىسى، ئاق پاشا يېكاتىرىنا II جانابىي ئالىيلىرىنىڭ شاپائىتىگە قانائەت هاسىل قىلماي، ئەمىر - ئىتائەتتىن چىقماقنى خىيال ئەيلەپ توپىلاڭ كۆتۈردى. ئۇلار ئورال دەرياسى بويىدىكى كۇلاتسىنكايا، قالماقوۋ، ياندىر، سورۇچكوۋ، زېلىنوۋىسكى، ئاتامانىسكى، خويار، كوچىرىنا، خالقىنوۋ ۋە گېرىبىنخوكوۋ قاتارلىق يېزا - قىشلاقلارنى ۋە شەھەر - قورغانلارنى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى[①]. ئاهالىنى بۇلاپ - تالاپ، قاق سەنەم قىلىپ

---

① نوۋلىيوتوۋ: «قالماقلار»، 48 -، 49 - بەت.

قويۇشقاندىن كېيىن ئەر ـ ئايال، قېرى ـ ياش دېمەستىن ھەممىسىنى قىلىچتىن ئۆتكۈزدى. ئۆلۈكلەرنى گەمىلەرگە تاشلىۋەتتى. يېرىمىزگە باستۇرۇپ كىرىپ، ۋەيران قىلىپ تاشلىدى. ئۇلارنىڭ ۋەھشىيلىكلىرىنى ھەرگىزمۇ سۆزلەپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. تورغاتلار — باندىت، گېزەندىلەردۇر! بۇ قاراقچىلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈش — ئۇ ئالەم ۋە بۇ ئالەملىك ساۋاپ ئىشتۇر! مەن سىلەرگە تورغات گېزەندىلىرىنى نەدە كۆرسەڭلار شۇ يەردە ئۆلتۈرۈشۈڭلارغا ئىجازەت بەردىم. ئۇلجا ئالغان ماللىرىنى بەيتلمال قىلىۋېلىشىڭلارغا رۇخسەت قىلدىم! قازاقلارنىڭ بۇ ئىشتا مەنكى ئاق پاشاغا تىرگەك بولۇشىنى، ئوڭ قول بولۇشىنى تىلەيمەن!...»

نۇرالى خان تىلماچىنىڭ قولىدىن ئاق پاشانىڭ پەرمانىنى ئېلىپ، بىر ھازاغىچە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. تورغاتلارنىڭ ئۇنىڭ ئېلىگە سالغان خىلمۇ ـ خىل زۇلۇملىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتكىلى تۇردى.

قازاقلارنىڭ كىچىك يۈزىنىڭ يايلىقى غەربتە تورغات خانلىقى بىلەن تۇتىشاتتى. ئۇلار يايلاق تالىشىپ تورغاتلار بىلەن نەچچە قېتىم سوقۇشقانىدى. ئۆتكەن يىلى ئەتىيازدا، تورغاتلار قازاقلارنىڭ كىچىك يۈزىنىڭ مال ـ چارۋىلىرىنى بۇلاپ كەتكەنىدى. شۇ چاغدا، نۇرالى خان ئاق پاشا ھۆكۈمىتىدىن بۇ ئىشقا ئارىلىشىشنى تەلەپ قىلغانىدى.

تورغاتلار ئەزەلدىن قازاقلارنىڭ كىچىك يۈزىنى ئانچە بەك كۆزگە ئىلىپ كەتمەيتتى! «كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق!»، مانا ئەمدى نۇرالى خان شەرققە كۆچكەن بۇ تورغاتلار ئۈچۈن خەۋپلىك دۈشمەنگە ئايلىنىپ قالغان بولسا ئەجەبلەنمىسىمۇ بولىدۇ!...

مىلادى 1771 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى، يېرىم كېچە بولغان مەھەل. نۇرالى خاننىڭ لەشكەرلىرى يوشۇرۇنغان

جايلىرىدىن چىقىپ، تورغاي دەرياسىنىڭ ساھىلىدا چۈشكۈن قىلغان تورغاتلارنىڭ كېچىلىك قاراۋۇللىرىغا تاشلانغاندا، ئۇزۇن يول بېسىپ ھېرىپ كەتكەن تورغاتلار ئۇخلاپ تاشتەك قېتىپ كېتىشكەنىدى. قازاقلار شەبخۇن ئۇرۇپ كۈچلۈك ئوق يامغۇرى ياغدۇرۇپ، تورغاتلارنىڭ ئاساسلىق قاراۋۇللىرىنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلاشتى. ئۇلار نۇرالى خاننىڭ «شاۋقۇن - سۈرەن سالماي، جىمجىت ئىش كۆرۈش كېرەك» دېگەن پەرمانىغىمۇ قارىماستىن، قاتتىق قىقاس - چۇقان سېلىشىپ، ئېغىر ئۇيقۇدا يېتىشقان تورغاتلارغا، ئۇلاغلارغا، هارۋىلارغا، توقايلىقتىكى پادا، يىلقىلارغا تاشلاندى.

بىراق، دۈشمەننىڭ كەينىدىن قوغلاپ، ئالدىدىن توسۇپ زەربە بېرىشلىرىگە كۆنۈپ كەتكەن تورغاتلار بىر پەس مەڭدەپ تۇرۇپ قېلىشقان بولسىمۇ ئەمما ناھايىتى تېزلا ئۇيقۇدىن ئويغىنىشتى. ئۇلگۈرگەنلىرى ئاتلىرىغا مىنىشىپ، ئۇلگۈرەلمىگەنلىرى ياياق جەڭگە كىرىشىپ كەتتى. يېشىل مەخمەلدەك ئوت ئۈستىدە يېڭى قۇياش بالقىپ چىقىپ كېلىۋاتقان چاغدا، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى دەھشەتلىك قانلىق جەڭ ئەۋجىگە چىققانىدى.

جەڭ مەيدانىدا ئىككى تەرەپ ئادەملىرىنىڭ «ئۇر، چاپ، ئۆلتۈر!» دەپ ۋارقىراشقان ئاۋازلىرى ۋە «ۋايجان!» دېيىشكەن نالە - پەريادلىرىدىن چۆچۈپ ئۇركۈگەن ئورمان قۇشلىرى، كېپىنەكلەر ئاسماندا قالايمىقان ئۇچۇشۇپ يۈرۈشمەكتە ئىدى. ئىگىسىز چېپىشىپ يۈرۈشكەن ئاتلار كىشنىشەتتى. كىشىلەرنىڭ ئاياغلىرى ئاستىدا رەڭگارەڭ گۈل - چېچەكلەر دەسسىلىپ چەيلەنمەكتە ئىدى. قۇياش نۇرىدا ۋال - ۋۇل قىلىپ پارقىرىغان قىلىچلار ئادەملەرنىڭ باشلىرى ئۈستىدە ئوينايتتى. خوتۇن - قىزلار باللارنى سۆرىشىپ تەرەپ - تەرەپلەرگە قېچىشاتتى. ئۇركۈگەن پادا - پادا كالىلار، قوتان - قوتان قويلار، ئۆيۈر -

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇيۇر يىلقىلار ھۈركىرىشىپ، مەرىشىپ، كىشنىشىپ، تەرەپ ـ تەرەپتە چېپىشىپ يۈرۈشەتتى.
ئىشنىڭ ئەمدى تەتۈرىسىگە قاراپ ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن نۇرالى خان تەمتىرەپ قالدى. ئۇ قالايمىقان پىتىراپ كەتكەن لەشكەرلىرىنى بىر يەرگە يىغماقچى بولۇپ توختىماي ئەمىر ـ پەرمانلارنى چۈشۈرەتتى، كىملەرگىدۇر ۋارقىرايتتى، دوق قىلاتتى. بىراق، ئۇنىڭ بۇ تەدبىرلىرىنىڭ ھېچقايسىسى كارغا كەلمەيۋاتاتتى. تورغاتلارنىڭ مال ـ دۇنياسىنى بۇلاشقا قىزىقىپ كەتكەن بۇ لەشكەرلەرنىڭ كۆزلىرىگە قان تولغان بولغاچقا، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىسۇنمۇ؟ ئاخىر، نۇرالى خان چاۋۇشلارنى ئاياغقا تۇرغۇزدى ـ دە، ئۇلارنى بۇ بۇلاڭچى قازاقلارنىڭ ئۈستىگە باسقاقلىقىغا ئەۋەتتى. چاۋۇشلار بۇ تەرتىپسىزلەرنى قامچا بىلەن ساۋاپ، نەيزىلىرى بىلەن سانجىپ، قىلىچلىرى بىلەن چېپىپ قورقۇتۇپ باققان بولسىمۇ ئەمما بۇزۇلۇپ كەتكەن سەپنى بۇ رەھىمسىز چاۋۇشلارمۇ تۈزىيەلمىدى. بۇلاڭچى قازاقلار خۇددى بۆرىنىغا قان تەگكەن بۆرىدەك ھېچنېمىگە قارىماستىن يۈك ئارتىلغان ھارۋىلارغا يوپۇرۇلۇپ تىبگىش قىلىشتى. ھارۋىلارنى ئۆرۈپ تاشلاپ، ئۇنىڭدىكى موي ـ تېرە، كىيىم ـ كېچەك، قاچا ـ قومۇچ، ئوزۇق ـ تۈلۈك دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇلىدى. ئۇلار كۆتۈرەلىگىنىنى ئېلىپ، كۆتۈرەلمىگەنلىرىنى چېقىپ، يىرتىپ، چېچىپ، بۇزۇپ دېگەندەك، ھەممىنى ۋەيران قىلىپ تاشلىدى.
ئۇباش خان دەسلەپتە جىددىيلىشىپ، ھولۇقۇپ قالغان بولسىمۇ، ئەمما دەرھال ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ بىردەم بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، بىردەم ۋارقىراپ يۈرۈپ، تارقاپ كەتكەن، ھودۇقۇپ قالغان تورغاتلارنى بىر يەرگە توپلىۋالدى. تورغاتلار ئۆزلىرىنى بىرەر قۇر تۈزەشتۈرۈۋالغاندىن كېيىن نۇرالى خاننىڭ قازاقلىرىغا قارشى قايتۇرما جەڭگە ئاتلاندى.

تورغاتلارنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان قازاقلار ئەمدى پاتىپاراق بولۇشۇپ، ھېچنەرسىگە قارىماستىن بىر - بىرىنى دەسسەپ - چەيلەپ، ئىتتىرىشىپ، تەرەپ - تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى.

ئۇباش خان بىر قىسىم تورغاتلارنى باشلاپ دەريا تەرەپتىن چېكە سوقۇپ نۇرالى خاننىڭ ئالدىنى كېسىپ ئۆتتى. بۇ چاغدا، نۇرالى خان دەرھال توقايلىق تەرەپكە قاراپ قايرىلدى - دە، ئادەم ئۆلۈكلىرى، بوپا - تۇگۇنچەكلەر بىلەن تولغان ئوتلاقنى بويلاپ قاچتى. ئۇباش خانمۇ ئۇنىڭ يولىنى توسۇش ئۇچۇن ئېتىنى ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەردى. بىراق، ئوتلاقتا چېپىپ ئۆگەنگەن قازاق ئېتى ئارىلىقنى بارغانسېرى ئۇزارتىپ، نۇرالى خاننى جەڭ مەيدانىدىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى!

تورغاتلار نۇرالى خاننىڭ ئوغلىنى قوشۇپ بىر ەر مىڭدەك بۇلاڭچى قازاقنى ئەسىرگە ئېلىپ توقايلىققا قايتىپ كېلىشتى. تورغاي دەرياسى بويىدىكى شەبخۇن ئۇرۇشى قازاقلارنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن ئاخىرلاشتى. بىراق، تورغاتلارنىڭ قايتىش يولىدا بۇنىڭدىنمۇ چوڭ خېيىمخەتەر يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ . . .

* * *

شەرققە كۆچكەن تورغاتلار مومتا دەرياسىنىڭ بويىغا كەلگەندە، قازاقلار قۇرغان قاپقانغا دەسسەپ قېلىپ، پۇتۇنلەي تۈگەشكىلى تاس قالدى!

مىلادى 1771 - يىل 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى. قازاقلارنىڭ ئۇلۇغ يۈزىنىڭ ئاقساقىلى ئابلايخان سۇلتان بىلەن قازاقلارنىڭ كىچىك يۈزىنىڭ ئاقساقىلى نۇرالى خاننىڭ 50 مىڭ كىشىلىك بىرلەشمە ئارمىيىسى تورغاتلارنى مومتا دەرياسى بويىدا قاتمۇ قات

قورشۇالدى. تورغاتلارنىڭ جۇڭغارىيىگە قايتىش يولى يەنە بىر قېتىم ئۈزۈپ تاشلاندى! شۇڭا، بۇ قېتىم قازاقلار بىلەن زورمۇزور ئۇرۇش قىلسا، ئۆزلىرىگە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن ئۇباش خان قازاقلار بىلەن سۈلھىلىشىش قارارىغا كېلىپ ئەلچى ئەۋەتتى...

— خان سوۋغات بىلەن بىللە ساڭا يەنە بىر چوڭ ئىلتىماس يوللىدى، — دېدى تورغات ئەلچىسى، — بىز تورغاتلار سىلەر قازاقلار بىلەن يۈز يىلدىن بۇيان ئىناق ئۆتۈپ كېلىۋاتقاندۇق. بۇ قېتىم سىلەر ئاق پاشانىڭ دامىغا چۈشۈپ بىزلەر بىلەن دۈشمەنلەشتىڭلار!

— بىزمۇ ئەسلىدە سىلەر بىلەن ئىناق ئۆتۈشنى ئويلىغان، — دېدى قازاق كىچىك يۈزنىڭ خانى نۇرالى تېرىكىپ، — بىراق، سىلەر بىزنىڭ ئاشلىقىمىزنى بۇلاپ كەتتىڭلار

— بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن بۇ ئىشتا ئۇباش خاننىڭ گۇناھى يوق، — دېدى ئەلچى، —ئۇلار باسمىچىلار. باسمىچىلار تورغات خانى ئۇباش بىلەن بىر تۇغقان ئەمەس! ئەمدى ھازىرقى ئىشقا كەلسەك، بۇنى ئوبدان كېڭەشسەك بولىدۇغۇ.

— بىلىمەن، ئوبدان بىلىمەن! — دېدى نۇرالى خان قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ، — بۇ باسمىچىلارنىڭ ئاتامانى بولغان داش دوندۇپنىڭ ئۇباش خاننىڭ يارغۇچلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىمەن!

— بۇنى مەن بىلمەيدىكەنمەن، — دېدى تورغات ئەلچىسى كۆزىنى چىمىلدىتىپ.

— شۇنداق، گېزى كەلگەندە سىلەر ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان بولۇۋالىسىلەر، — دېدى نۇرالى خان تەنە قىلىپ، — ئېھتىمال، سەن بىزنىڭ نۇرغۇن ئادەملىرىمىزنى تۇتۇۋالغىنىڭلارنىمۇ

بىلمەيسەنغۇ دەيمەن!

— تورغات خانى دەل مۇشۇ ئىش ئۈچۈن مېنى سېنىڭ ئالدىڭغا ئەۋەتكەن. مەن ياخشى تىلەكلەر بىلەن كەلدىم، خان، — دېدى ئەلچى.

— «ياخشى تىلىكىڭ» نېمە؟! — دەپ سورىدى نۇرالى خان.

— بىز ئادەملىرىڭنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرۇپ بېرىشنى ئويلىشىۋاتىمىز، — دېدى تورغات ئەلچىسى، — بۇنىڭ ئۈچۈن سەن ئۇرۇش توختىتىشىڭ كېرەك!

نۇرالى خان تورغات ئەلچىسىنىڭ ئەسىرلەرنى قايتۇرۇپ بېرەيلى، دېگىنىنى ئاڭلاپ بەك خۇش بولغان بولسىمۇ، ئۇرۇش توختىتىش ھەققىدىكى تەكلىپنى قوبۇل قىلغۇسى كەلمىدى. ئەمما، ئۇ بۇنى چاندۇرمىدى.

— بولىدۇ. بىز ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرەيلى. ئۈچ كۈنگىچىلىك سىلەر پۈتۈن ئەسىرلەرنى بىزگە ئۆتكۈزۈپ بېرىڭلار — دە، ئىدىل بويىغا قايتىڭلار. شۇنداق قىلساڭلارلا بىز سىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلمايمىز!

— . . .

تورغات ئەلچىسى نۇرالى خاننىڭ چېدىرىدىن قايتىپ چىقتى. . .

ئۈچىنچى كۈنى تۈن نىسبى بولغان مەھەل. نۇرالى خاننىڭ كۆزەتچىلىرى توقاي تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ قالدى.

— كېلىۋاتقان كىم؟ جېنىڭ باردا سۆزلە. بولمىسا، ھازىر جېنىڭنى ئالىمەن! — دەپ ۋارقىرىدى كۆزەتچىلەرنىڭ بىرى نەيزىسىنى يەرگە ئۇرۇپ دوق قىلىپ تۇرۇپ.

— ئەسىرلەرمىز، تورغاتلارنىڭ قولىدىن قېچىپ چىقتۇق! كۆزەتچىلەرگە تورغاتلاردىن قېچىپ ئۆتكەنلەرنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈزۈۋېتىش ھەققىدە بۇيرۇق بار ئىدى. شۇڭا، ئۇلارمۇ كۆپ سوراپ ئولتۇرمىدى ـ دە:

— ئەسىرلەر بولغان بولساڭلار كېلىۋېرىڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى. كۆزەتچىنىڭ سۆزى توگىمەي تۇراتتى، كېلىۋاتقانلار ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاشلاندى. كۆزەتچىلەر نىمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچىلىك قارنىغا پىچاق يەپ، جان قۇشلىرى كۆكرەك قەپەزلىرىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى! تورغاتلار نۇرالى خاننىڭ كۆزەتچىلىرىنى پاك ـ پاكىز يىغىشتۇرۇۋەتتى. بۇ چاغدا، ئۇباش خان قالغان تورغات لەشكەرلىرىنى باشلاپ نۇرالى خاننىڭ بارگاھىغا باسقىن قىلىپ، قازاقلارنى پاراكەندە قىلىپ تاشلىدى. پۈتۈن بارگاھ كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ يورۇقىدا خۇددى كۈندۈزدىكىدەكلا يوپيورۇق يورۇپ كەتكەنىدى. ئوتنىڭ شولىسى ئاسماندىكى تۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ياز بولۇتىنىڭ چۆرىسىنى قىزارتىۋەتكەنىدى.

قازاقلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى پۈتۈن مومتا دەريا ساھىلىنى لەرزىگە كەلتۈردى.

ياۋىداق ئاتقا مىنگەن كۆڭلەكچان، يالاڭباش بىر قازاق سەردارى:

— قالماقلارنىڭ باسقىنىغا ئۇچرىدۇق! قىرغىن ئىچىدە قالدۇق! تورغاتلار باسقىن قىلدى. جېنىڭلارنى تېز قۇتقۇزۇڭلار! — دەپ ۋارقىراپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ چاغدا، توقايلىق تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ «قى ـ قۇۋ» دەپ بېسىپ كېلىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن تۇياق تاۋۇشلىرى، كىشنىگەن ئاۋازلىرى، ئادەملەرنىڭ ۋارقىراش ـ جارقىراشلىرى كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، يىراقلارغا ئاڭلىناتتى. تورغاتلار كۆزگە كۆرۈنگەنلىكى قارنى ئەگرى قىلىچلىرى بىلەن چاپاتتى. قېچىپ كېتىۋاتقانلارنى ئوق ئېتىپ يىقىتىشاتتى.

— قى ـ قوۋ، قى ـ قوۋ، ئۇرراخ! — دەپ ۋارقىرىغان ئىنتايىن يېقىمسىز ئاچچىق ئاۋازلار يېقىنلا يەردىن ئاڭلانماقتا ئىدى. قازاقلارنىڭ ئاتلىرى ئۈركۈپ كەتتى. بەزىلىرى ھەتتا ئىگىلىرىگە بوي بەرمەي كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچتى. . . بەزىلىرى ئاسمانغا چاپچىپ ئۈستىدىكى ئادەمنى يىقىتتى. كۆپچىلىكى ئۆزىنى تۇتالماي كەلگەن پېتى تورغاتلارنىڭ نەيزىسى بىلەن قىلىچلىرىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ يەر چىشلىدى.

تورغاتلارنىڭ باسقىنىغا ئۇچراپ مەڭدەپ قېلىشقان قازاقلار دەررۇ ھوش ـ كاللىلىرىنى تېپىۋېلىشتى. ئۇلار ئەمدى جانپىدالىق بىلەن ئۇرۇشۇشقا باشلىدى. قازاقلار تورغاتلارنىڭ ساۋۇتلىرىنى پارە ـ پارە قىلىپ تاشلاپ، ماكچايتىپ، ئاتتىن يۇلۇۋالدى. تورغاتلارنىڭ ئەگرى قىلىچلىرى بارغانسېرى خىرەلىشىپ قېلىۋاتقان يۇلتۇزلارنىڭ ئاجىز يورۇقىدا يالتىرايتتى، ئۇلار قان كېچىپ ئۇرۇش قىلىشىۋاتاتتى، قازاقلار تورغاتلارنى بىردىنلا چېكىندۈرەلمىدى.

تاڭ يورۇدى، يەر ئۈستىدىكى قاراڭغۇلۇق تارقىلىشقا باشلىدى. ئوتلاقلاردا، ئورمانلارنىڭ ياقىسىدا ۋە تۆپىلىكنىڭ ئۈستىدە جەسەتلەر ئۈستى ـ ئۈستىگە دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى. بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرالماي قانسىراپ ياتقان ئاتلار ساينىڭ تېشىدەك يېتىشىپ كېتىشكەنىدى. بەزى ئاتلار ئۆزەڭگىگە پۇتى ئىلىنىپ قالغان ئادەملەرنى سۆرەپ دالادا جېنىنىڭ بارىچە چېپىشاتتى.

تورغاتلار ئاخىر نۇرالى خان بىلەن ئابلاي خان سۇلتاننىڭ سانجاق ـ سانجاق كىرىشىپ كەتكەن بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ قاتمۇ قات مۇھاسىرىسىنى بۆسۈپ ئۆتۈشتى ـ دە، بالقاش كۆلىنىڭ غەربىي ـ جەنۇبىي تەرىپىنى بويلاپ شەرققە قاراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىلگىرىلىدى. . . ①

*　　　　*　　　　*

مىلادى 1771 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، خاقانى چىن چەنلۇڭ ئۆزىنىڭ رېھىدىكى يازلىق ئوردىسىنىڭ نەنمۇدىيەن قەسرىدە تورغات خانى ئۇباش ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى قوبۇل قىلدى.

چەنلۇڭنىڭ رېھىدىكى يازلىق ئوردىسى چېڭدېنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلەتتى! ئېگىز كۆتۈرۈپ سېلىنغان قىزىل ئوردا تاملىرىنىڭ ئىچى بوك ـ باراقسان دەرەخزارلىق بولۇپ، ئوردا ئىچىدىكى ياپيېشىل قارىغاي ۋە قامەتلىك شەمشادلار بەكمۇ كۆركەم ئىدى. دەرەخلەر ئارىسىدىن سان ـ ساناقسىز ئالتۇن رەڭ بىللۇر قۇببىلىق ئۇچما راۋاقلار ئۆزگىچىلىكى بىلەن ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. نەنمۇدىيەن قەسرى بۇ راۋاقلار ئىچىدە تېخىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى بىلەن پەرقلىنىپ تۇراتتى. يازلىق ئوردىنىڭ ئىچكىرىسىدە بىر بۇددا ساڭرامى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇلۇڭلارغا تاقاشقان ئۇچما راۋاقلىق، سېرىق كاھىشلىق ئۆگزىسى يىراق ـ يىراقلاردىن كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. ئوردىنىڭ كۈنگىرىلىك ئاسارلىرىنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىدە بىردىن قاراۋۇل نەيزىلىرىنى چىڭ تۇتقان ھالدا مىدىر قىلماي تۇرۇشاتتى.

قارا دىۋان ۋەزىرى خېشىن تورغات خانى ئۇباشنى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرىنى چيەنلۇڭنىڭ قوبۇلخانىسىغا باشلاپ كىردى. ئۇلار يەتتە باسقۇچلۇق پەلەمپەيدىن خابگاھقا قاراپ كۆتۈرۈلدى.

---

① تورغاتلار مۇھاسىرىنى بۆسۈپ چىققاندا، مومتا دەرياسي بويىدا قالغان ئىككى تۈمەن تورغات داڭزىلىڭ نويانىنىڭ باشچىلىقىدا بالقاش كۆلىنىڭ شىمالىي قىرغىقىنى بويلاپ مېڭىپ، ئاياغوز، لەپشە ۋە قارانۇر دەريالىرىنى كېچىپ ئۆتكەندىن كېيىن ئىلى دەرياسىنى بويلاپ شەرققە قاراپ داۋاملىق ئىلگىرىلىدى. بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن «قالماقىستان س س ئارنىڭ تارىخى» غا قاراڭ.

خابگاھنىڭ تۆر تەرىپىدە بىر ئالتۇن تەخت قويۇلغان بولۇپ، تەخت ئۈستىدە ئوتتۇرا ياشلىق بىر كىشى ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كەكە ساقىلى قاپقارا قىلىپ بويالغان، بېشىغا ئىسنگورۇلارنىڭ ئالتۇن تاجىنى كىيگەن، ئۈستىگە سېرىق يىپەكتىن تىكىلگەن، كەشتىلەنگەن مانجۇچە تون كىيگەنىدى. تەخت يېنىدا ھەرەمبېگى خۇشېڭ ئۆرە تۇراتتى.

«مەن ئاخىر ئۇلۇغ بوغدا خان بىلەن مۇلاقەتتە بولۇشقا مۇيەسسەر بولدۇم، — دەپ ئويلىدى تورغات خانى ئۇباش ھاياجاندىن نەپىسى قىسىلغان ھالدا، لېكىن سىرتتىن قارىغان ئادەمگە ئۇ ناھايىتى سالماق كۆرۈنەتتى، — مېنىڭ نۇرغۇن مۇشەققەتلەر بەدىلىگە ئىدىل بويىدىكى تورغات خانلىقىنى تاشلاپ جۇڭغارىيىگە قايتىپ كېلىشىم مانا مۇشۇ بەختلىك مىنۇتلارغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمەسمىدى؟ ئەلھال، قۇدرىتى تەڭداشسىز بولغان بوغدا خان ئالىيلىرىنىڭ بۇ تىلسىماتلىق ئوردىسىدا بەخت ـ ئىقبال ماڭا قۇچاق ئېچىپ تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنى ھەرگىز قويۇۋەتمەيمەن! »

ئۇباش خان بېشىدىكى قالماقچە بۆكىنى ئېلىپ يەرگە قويغاندىن كېيىن دەرھال دۈم يېتىپ ئاياغ ئاستىدىكى يەرنى قايتا ـ قايتا سۆيدى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرىمۇ خانغا تىزلىنىپ باش قويۇشقا باشلىدى.

— ئىجازەت، ئەئيانىم، ئورنىڭدىن تۇرۇشۇڭغا ئىجازەت! — دېدى چەنلۇڭ تەختتىن قوپۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە، — ھارماي ـ ئاچماي خۇش كەلدىڭمۇ؟ ئۆزۈڭنىڭ قوۋمىڭنى باشلاپ تەڭرى خاقانلىقىمىزغا بەيئەت قىلغانلىقىڭ ئەلمىساقتىن تارتىپ كۆرۈلمىگەن، باشقىلارغا ئۆرنەك ۋە تىللاردا داستان بولىدىغان مەردانە ئىشتۇر!

— سىز ئەزەلدىن ھەقىقەتنى سۆزلەيسىز، دانالىقتا تەڭدىشى يوق ئى پۇشتىپاناھ، — دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن باش ئۇردى ئۇباش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خان، — بوغدا خاننىڭ شۆھرىتى ئالەمگە پۈر كەتتى، قۇدرىتى ئالدىدا قۇياش خىرەلەشتى، دۈشمەنلىرى بىتاب ۋە زەبۇن بولدى! ياشىغايسىز، ياشىغايسىز، تۈمەن مىڭ ييللار ياشىغايسىز!

— مانجۇ سەلتەنىتىگە بەيئەت قىلغان ھەرقانداق يات تائىپىلەر بىزنىڭ چەكسىز شاپائىتىمىزگە نائىل بولۇر، — دېدى چەنلۇڭ تورغات خانى ئۇباشقا ۋە ئۇنىڭ باشقا ھەمراھلىرىغا جايى راھەت ئىجازىتىنى بەرگەندىن كېيىن، — سەلتەنىتىمىزنىڭ ئەمىر - ئىتائىتىدىن چىقماقنى خىيال ئەيلەپ، گەدەنكەشلىك قىلىپ غەلىيان كۆتۈرگەنلەر يەر چىشلىمەي قالماس![1]

ئۇباش خاقانى چىن چيەنلۇڭنىڭ ئۆلۈم پۇرىقى پۇراپ تۇرغان بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تېنى ئىختىيارسىز شۈركىنىپ كەتتى.

— مۇبادا، كىمەرسىكى مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ شان — شۆھرىتى ئۈچۈن جانپىدالىق كۆرسىتىدىكەن، ئۇ كىشى مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ قوللىشى ۋە ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇر، — دەپ قوشۇپ قويدى چەنلۇڭ ئورنىغا بېرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن.

— پۇشتىپاناھىمغا مەلۇم بولغايكى، مانجۇ سەلتەنىتى ئۈچۈن بۈركۈت بولۇپ ئۇچۇش، ئات بولۇپ چېپىش، ئىت بولۇپ ساداقەتلىك بىلەن خىزمەت قىلىش — دەل مەن قۇللىرىنىڭ مەقسىتىدۇر! — دېدى تورغات خانى ئۇباش تىترەپ، قاقشاپ تۇرۇپ.

خاقانى چىن ئۇنىڭ بۇ جاۋابىنى ئاڭلاپ مەمنۇن بولغىنىدىن كۈلۈپ قويدى. خابگاھىتىكىلەرنىڭ كۆڭلى سەل جايىغا چۈشكەندەك بولدى.

— بىراق، ئەئيانىم، جاۋاب بەرگىنچۇ، ئەسلىدە ئېرتىش بويلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان

---

① «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا پۈتۈلگەن ئوردا خاتىرىلىرى»، 1023 - جىلد، چەنلۇڭنىڭ 36 - يىلى 9 - ئاينىڭ 10 - كۈنى.

سىلەر تورغاتلار قانداق قىلىپ نەچچە ئون مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئىدىل دەرياسى بويىغا بېرىپ قالدىڭلار؟!

— باش ئۇستىگە، پادىشاھى ئالەم، — دەپ سەكرەپ تۇردى تورغات خانى ئۇباش ئولتۇرغان ئورنىدىن.

— ئولتۇر، ئولتۇر! ئولتۇرۇپ سۆزلىسەڭمۇ بولىدۇ، — دېدى چەنلۇڭ قولىنى سىلكىپ، — سەن بىلىدىغانلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى بىزگە ئېيتىپ بەر. بىز سېنىڭ بىر قوشۇق قېنىڭدىن كەچتۇق، خاتا سۆزلەپ قويساڭمۇ سېنىڭ بىر تال مويۇڭمۇ زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمايدۇ!

— قۇللۇق، پۇشتىپاناھىم، — دېدى ئۇباش خان، — بىز تورغاتلارنىڭ بۇزرۇكۋار بوۋىسى ئايۇش خاننىڭ بوۋىسى قورلۇغنىڭ قوۋمى ئىدۇق. بىزنىڭ قوۋمىمىز ئەسلىدە ئېرتىش ۋادىسىدا چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرەتتىكەن، كېيىن باتۇر قۇنتەيجى زامانىغا كەلگەندە①، ئويرات موڭغۇللىرى ئارىسىدا چوڭ مالىمانچىلىق يۈز بېرىپتۇ. تورغات خانى قورلۇغ بۇ مالىمانچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن تورغات ۋە بىر قىسىم دۆربىت، خوشۇت قەبىلىلىرىدىن بولۇپ ئەللىك مىڭ چېدىرلىق ئادەمنى باشلاپ ئېرتىش بويىدىن ئوت - چۆپى، سۈيى مول بولغان ئىدىل دەرياسى بويىغا كۆچۈپ بېرىپتۇ ۋە ئىدىل بىلەن كۆك يايىق ئارىسىدىكى سابىق نوغاي زېمىنىدا تورغات خانلىقىنى قۇرۇپ، ئاگان خابا دېگەن يەرنى ئۆزىگە قارارگاھ قىلىپتۇ. 141 يىل ئۆتكەندىن كېيىن شىمالدىكى كۈچلۈك ئەل — ئورۇسىيە بىز تورغاتلاردىن لەشكەر تۇتۇپ، رۇس - تۈرك ئۇرۇشىغا سالدى. بۇ ئۇرۇشتا تورغاتلاردىن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ يەتتە - سەككىز تۈمەن ئادەم قايتىپ كېلەلمىدى؛ قارىساق، ئاق پاشا بىز تورغاتلارنى

① مىلادى 1628 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدىكى چاغلارنى دېمەكچى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەپ تۇگىتىۋېتىدىغاندەك قىلىدۇ![1] شۇڭا، بىزلەر مېھرىبان، شاپائەتلىك پۇشتىپاناھىمىزنى پاناھداپ، بۇنىڭدىن سەككىز ئاي مۇقەددەم ئىدىل بويىنى تەرك ئېتىپ، ئىلى ۋادىسىغا قايتىپ كەلدۇق!

— ئەئىيانىم، سەن ھەقىقەتەن موڭغۇل دالاسىنىڭ بۈركۈتى بولۇشقا لايىق! — دېدى خاقانى چىن چەنلۇڭ ئۇباش خاننى ماختاپ، — سەن چوقۇم ئۆتكۈر تىرناقلىرىڭ بىلەن يېڭىدىن تەسەررۇپ قىلىنغان جۇڭغارىيە بىلەن مۇسۇلمان يۇرتلىرىنى مانجۇ سەلتەنىتىگە ۋاكالىتەن ئۆز ئىلكىڭدە تۇتۇپ تۇرالايسەن! بىز سېنى ۋە سېنىڭ ھەمراھلىرىڭنى يۇقىرى مەرتىۋە، ئۇستۇن مائاش، ئۇلۇغ نىشانلار بىلەن تارتۇقلىغايمىز!

چەنلۇڭ جەينىكى ئاستىغا قويۇلغان يۇمشاق ياستۇقنىڭ ئاستىدىن بىر يارلىقنى ئېلىپ ھەرەمبېگى خۇشېڭغا بەردى.

خۇشېڭ چەنلۇڭنىڭ قولىدىن ئېھتىرام بىلەن يارلىقنى ئېلىپ ئۈچ قېتىم بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، كۆزىگە سۈرتكەندىن كېيىن ئۇنى ئوقۇشقا باشلىدى:

«. . . تورغات تەيجىسى ئۇباش، سېبەك دورجى، شېلىن، خوشۇت تەيجىسى گۇڭگې قاتارلىقلار ئۇرۇسىيىنىڭ ئاب ـ ھاۋاسىغا كۆنەلمەي، ئاق پاشانىڭ زۇلمىغا چىدىماي، سەلتەنىتىمىزنىڭ شاپائىتىگە قايىل ۋە مەنزۇر بولۇپ نەچچە تۇمەن ئادىمىنى باشلاپ ئۇزاق يولنى يىراق كۆرمەي، سان ـ ساناقسىز جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىپ قايتىپ كېلىپ بوغدا خاقانلىقىمىزغا بەيئەت قىلدى. بۇ ھەقىقەتەن ئەلمىساقتىن تارتىپ كۆرۈلۈپ باقمىغان ۋە ئالقىشلاشقا تېگىشلىك بولغان خاسىيەتلىك ئىش! بىز ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇش ـ

---

[1] «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرىدە يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 893 ـ جىلد، چەنلۇڭنىڭ 36 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى. فۇلۇڭئەننىڭ قاتلاق مەكتۇپىغا قارالسۇن.

مەئىشتىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئىلى جاڭجۇنى يىلىتۇغا ئول تورغاتلارنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپ، خاتىرجەم قىلىش ھەققىدە پەرمان بەردۇق ھەمدە بۇ كونا تورغاتلارنىڭ بۇ يىل قىشنى ياخشى، ئامان - ئېسەن ئۆتكۈزۈۋېلىشى ئۈچۈن سەلتەنىتىمىزنىڭ خەزىنە ئىمارىتىدىن 20 تۈمەن تۇياق قوي، تۆت تۈمەن دادەن ئۇن - گۇرۇچ، ئىككى تۈمەن تاختا تاش چاي، بەش تۈمەن دانە سەنسەن جۇۋا، ئالتە تۈمەن توپ گەزلىمە، ئالتە تۈمەن جىڭ پاختا ۋە نۇرغۇن كىگىز - شىرداق بېرىشنى بۇيرۇدۇق. تورغات تەيجىسى ئۇباش خان باشلىق قىرىق ئىككى ئادەمگە تۆۋەندىكىدەك يۇقىرى مەرتىۋە، ئۇستۇن مائاش، ئۇلۇغ نىشان بېرىشنى بۇيرۇيمىز: كونا تورغات قەبىلىسىنىڭ خانى ئۇباشقا جۆرۈكتۇخان مەرتىۋىسى بېرىلسۇن؛ سېبەك دورجىغا كونا تورغات بويانتۇ شاھزادىسىلىق مەرتىۋىسى بېرىلسۇن؛ شېلىن دورجىغا بېلىكتە ئىنالچىسىلىق مەرتىۋىسى بېرىلسۇن؛ بۆمبەگە بىشخۇلتە ئىنالچىسىلىق مەرتىۋىسى بېرىلسۇن؛ گۇڭگېغا خۇشۇت قەبىلىسىنىڭ توشەتۇ بەيلىلىق مەرتىۋىسى بېرىلسۇن؛ . . . . مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ ئوتىغات - مەرتىۋىسىگە نائىل بولغان بۇ كىشىلەرگە كۆك تەڭرى بەخت ئاتا قىلسۇن! ئۇنىڭدىن باشقا، ئىدىل بويىدىن قايتىپ كەلگەن تورغات قوۋمىلىرى شىمال، غەرب، شەرق ۋە جەنۇب دەپ تۆت قىسىمغا بۆلۈپ ئورۇنلاشتۇرۇلسۇن ۋە شۇ جايلارنىڭ ئىچكى - تاشقى مۇداپىئە - باسقاقلىق ۋەزىپىسىنى قوشۇمچە ئۆز ئۈستىگە ئالسۇن! . . . گەپ تامام. چەنلۇڭنىڭ 36 - يىلى قەمەرىيە 9 - ئاينىڭ 20 - كۈنى»[①]

خاقانى چىن چەنلۇڭنىڭ شاپائىتىدىن قاتتىق تەسىرلەنگەن تورغات خانى ئۇباش ئۆزىنى دەرھال چەنلۇڭنىڭ ئايىغى ئاستىغا

---

① «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 892 - جىلد، 51 -، 52 - بەتلەرگە قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تاشلىدى ـ دە، دۈم يېتىپ يەرنى سۆيۈشكە باشلىدى:

— پۈشتىپاناھىمىزغا تۈمەن مىڭ تەشەككۈر بولغاي. ئۆمرى ئاپتاپ كەبى قۇياشتەك مەڭگۈ ئۇزاق بولغاي! بوغدا خانىمىز ياشىغايلا، ياشىغايلا، تۈمەن مىڭ يىللار ياشىغايلا!...

قارا دىۋان ۋەزىرى ئۇباش خانىنىڭ قولتۇقىدىن تۇتۇپ يۆلەپ تۇرغۇزدى. بۇ چاغدا، ئۇباشنىڭ يۈز ـ كۆزلىرى ۋە قالماقچە تونىنىڭ ئالدى پېشى ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش بىلەن پۈتۈنلەي ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى.

خۇشىڭ قوبۇل ۋاقتىنىڭ تاماملانغانلىقىنى ئېلان قىلدى. ئەئيانى ئەكابىرلار چەنلۇڭ خانىنىڭ قوبۇلخانىسىدىن ئارقىچىلاپ مېڭىشىپ چىقىپ كېتىشتى...

* * *

قاراشەھەر جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقتىن، مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ نەزەرىدە بۇ يەر ناھايىتى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر ئورۇن ھېسابلىناتتى. چەنلۇڭنىڭ 30 ـ يىلى، خاقانى چىن ئۇچتۇرپان يېغىلىقىنى باستۇرغاندىن كېيىن جەنۇبتىكى مۇسۇلمان شەھەرلىرىدە تۇرۇشلۇق مانجۇ قوشۇنلىرىنى ھەسسىلەپ كۆپەيتكەن بولسىمۇ، يىلدىن ـ يىلغا قۇرۇقدىلىپ قېلىۋاتقان مالىيىسىدىكى قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن جەنۇبتىكى كەڭ مۇسۇلمان يۇرتلىرىدا تۇرغۇزغان قوشۇنلىرىنى پەيدىنپەي قىسقارتىپ يۆتكەپ كەتتى. شۇڭا ھەم بۇ جايلارنىڭ ئۇزاق مۇددەت تىنچ ـ ئاسايىشلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغان ھەم كۆپ خىراجەت كەتمەيدىغان، نامدا پۇقرا، ئەمەلىيەتتە توپ يېمى قىلغىلى بولىدىغان سانى كۆپ بىر تۈركۈم ئادەملەرنى جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان قاراشەھەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش خىيالى خاقانى چىن چەنلۇڭنى ئۇزاقتىن بېرى قىيناپ كېلىۋاتقانىدى. يۈز مىڭ تورغاتنىڭ ئىدىل بويىدىن قايتىپ

كېلىشى ئۇنىڭ بۇ باش قېتىنچىلىقىنى ئاخىرقى ھېسابتا ھەل قىلدى. شۇڭا خاقانى چىن چەنلۇڭ ئاسمان تەڭرىسىنىڭ بۇ ھىممىتىدىن خۇش بولمىسا كىم خۇش بولسۇن؟!

مىلادى 1771 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، تورغاتلار خاقانى چىننىڭ پەرمانى بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا جەنۇب، شىمال، شەرق، غەرب تەرەپتىكى قاراشەھەر، قوبۇق، گېرقارائۇسۇن ۋە جىڭ قاتارلىق جايلارغا كېلىپ ئورۇنلاشتى ۋە مانجۇ سەلتەنىتىگە ۋاكالىتەن بۇ جايدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئۈستىدىن نازارەت قىلىشتەك باسقاقلىق ۋەزىپىسىنى رەسمىي ئۆز ئۈستىلىرىگە ئېلىشتى. خاقانى چىن چەنلۇڭنىڭ بۇ تەدبىرىنىڭ ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكى 47 يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنى خاقانى چىن داۋگۇاڭنىڭ 8 ـ يىلى (مىلادى 1828 ـ يىلى) دىكى جاھانگىر خوجا يېغىلىقىدا تارىخ تەرىپىدىن يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاندى!

تورغاتلارنىڭ جەنۇبقا ئورۇنلاشقان بىر بۆلىكى ئۇباش خاننىڭ ئۆز قوۋمى ئىدى. ئۇلار قاراشەھەرنىڭ شىمالىدىكى يۇلتۇز تۇزلەڭلىكىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى ۋە قاراشەھەر مەسلىھەتچى ئامبىلىغا قارايدىغان بولدى. بۇ تورغاتلار ھازىرقى باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى موڭغۇللارنىڭ ئەجدادى بولۇپ قالدى؛

تورغاتلارنىڭ شىمالغا ئورۇنلاشقان بىر بۆلىكى قوبۇق (ھازىرقى قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيىسى) ئەتراپلىرىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلار تارباغاتاي مەسلىھەتچى ئامبىلىغا قارايدىغان بولدى. بۇ تورغاتلار ھازىرقى قوبۇقسار موڭغۇللىرىنىڭ ئەجدادى بولۇپ قالدى.

تورغاتلارنىڭ شەرققە ئورۇنلاشقان بىر بۆلىكى گېرقارائۇسۇن ئەتراپلىرىغا كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلار گېرقارائۇسۇن خان ئامبىلىغا قارايدىغان بولدى. بۇ تورغاتلار ھازىرقى شىخو موڭغۇللىرىنىڭ ئەجدادى بولۇپ قالدى.

تورغاتلارنىڭ غەربكە ئورۇنلاشقان بۆلىكى جىڭ ئەتراپلىرىغا

كىلىپ ئورۇنلاشتى. ئۇلار ئىلى جاڭجۇنىگە بىۋاستە قارايدىغان بولدى. بۇ تورغاتلار ھازىرقى بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى موڭغۇللارنىڭ ئەجدادى بولۇپ قالدى.

نەزمە

سۆزلىمىسەڭ، يوقتۇر كىشىنىڭ كارى،
سۆزلىگەنىكەنسەن، دەلىللە، ئارى.

—شەيخ سەئىدى

خاتىمە

# پەيمانى تولغان خوجىلار

قىيامەت كۈنى ھەممىدىن كۆپ ئازاب چەككۈچى — ئۆز ئائىلىسىنى نادانلىقتا قويغۇچىدۇر.

—«قۇرئان كەرىم» دىن

**مىلادى** 1828 ـ يىلى (چاشقان يىلى) قەمەرىيە 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى.

خاقانى چىننىڭ ئاستانىسى بېيجىڭ شەھىرىدىكى ۋۇمېن قوۋۇقىنىڭ ئۈستىدە داۋگۇاڭ خاننىڭ ئالتۇن ئەجدىھالار يۆگىشىپ تۇرغان تەختى قويۇلغانىدى. قوۋۇقىنىڭ ئۈچى راۋاقىنىڭ ئاستىدا شاھانە سايىۋەن، كۈنلۈكلەر قاتار ـ قاتار تىزىۋېتىلگەن، قوۋۇقىنىڭ ئالدىدىكى شاھانە يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئوردا ھۆرمەت قاراۋۇللىرى، ئوردا ئوركېستىرى شىمالدىن جەنۇبقا قاتار تىزىلغانىدى. تيەنئەنمېن راۋىقىنىڭ سىرتىدىكى جىنشۇيچاۋ كۆۋرۈكىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدە خاننىڭ شاھانە تەيپىنجاھلىرى قاتار ـ قاتار تۇرۇپ كېتىشكەنىدى. مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ شاھزادىلىرى، بەگۇ ـ بېگاتلىرى ۋە ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى، ئەمرۇل ـ ئۇمەرالىرى رۇيمېن قوۋۇقىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئالدىدىكى سەيناغا ئارقا ـ ئارقىدىن كىرىشمەكتە ئىدى.
ئۇزاق ئۆتمەي، ساراي كىيىملىرىنى كىيىشكەن لەشكىرىي پىرقىنىڭ مەنسەپدارلىرى قىلىچ ـ نەيزىلەر بىلەن قوراللانغان نۆۋكەرلەرنى باشلاپ، شىنجاڭدىن ئېلىپ كېلىنگەن ئەسىرلەرنى يالاپ ئوڭ قول چاڭئەن قوۋۇقىدىن سەيناغا كىرىپ كېلىشتى. بۇ ئەسىرلەرگە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان مەھبۇسلارنىڭ قىزىل كىيىملىرى كىيگۈزۈلگەن بولۇپ، ھەممىسىنىڭ بوينىغا ئاق شايىدىن پوتا چىگىلگەنىدى. ئۇلار ئوڭ قول تەرەپتىكى ساراي ناغرىخانىسىنىڭ كەينىگە ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىن ئالدىنى ۋۇمېن قوۋۇقىغا قارىتىپ قاتار تىزىپ قويۇلدى.
ۋۇمېن قوۋۇقىدىكى چوڭ قوڭغۇراق جاراڭلاپ چېلىنىشقا باشلىدى. ئارقىدىنلا ناغرا ـ دۇمباقلار قۇلاقنى يارغۇدەك گۈمبۈرلەپ، جەز قوڭغۇراقلار نالە ـ پەرياد ئەيلىشىپ جاراڭلاپ چېلىنىشقا باشلىدى. خاقانى چىن داۋگۇاڭ خان ئەئيانلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ تەيخېمېن قوۋۇقىغا يېتىپ كەلدى. شىغاۋۇل پىرقىسىنىڭ دىۋانبېگى ۋە ياندىش دىۋانبەگلىرىنىڭ پوش ـ پوش، دەپ يول باشلىشى بىلەن داۋگۇاڭ خان قوۋۇقنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى تارتما ئارقىلىق ۋۇمېن قوۋۇقىنىڭ ئۈستىگە چىقتى ۋە ئۇچما راۋاقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا قويۇلغان ئالتۇن تەخت ئالدىغا كېلىپ، ئەئيانلىرىغا قاراپ مۇلايىم بىر بېقىش قىلىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن تەخت ئۈستىدە ئولتۇردى.
«ئەسىر تەقدىم قىلىش مۇراسىمى» رەسمىي باشلاندى. بۇ چاغدا، كىمخاب تونلۇق سىپاھسالا قولىدىكى ئۇزۇن تاسما قامچىسىنى سىلكىدى. «چارس، چارس، چارس!» قىلىپ قاتتىق چارسىلدىغان ئۈچ قېتىملىق قامچا ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن تەڭ شىغاۋۇل پىرقىسىنىڭ ھۆدەيچىسى جاراڭلىق ئاۋازى بىلەن «ئەسىر تەقدىم قىلىنسۇن!» دەپ ئېلان قىلىشىغا، ئوردا ئوركېستىرى شاھانە كۈي — «سەربازچە» كۈيىنى ئورۇنلاشقا

باشلىدى. بۇ چاغدا ئالدىنقى سەپتىن بۇ ئەسىرلەرنى ئاستانە — بېيجىڭغا يالاپ ئېلىپ كەلگۈچى سىپاھسالالار قوۋۇق ئاستىغا كېلىپ خاقانى چىن داۋگۇاڭ خان ئالىيلىرىغا توققۇز تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، «ساخاۋەتتە ئاسمان خۇداسىدەك، ئادالەتتە زېمىن خۇداسىدەك بولغان» خاقانى چىن داۋگۇاڭنىڭ ھەققىگە ھەمدۇ - سانالارنى ئوقۇپ، گويا «پۇشتىپاناھ» نى كۆمدى ۋە ئۆزلىرىمۇ تازا قايىندى. ئاندىن كېيىن ھۆدەيچى «ئەسىر قوبۇل قىلىش مۇراسىمى باشلاندى! » دەپ جاكارلىۋىدى، بويىنىغا ئاق شايىدىن پوتا باغلانغان مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسى خانغا توغرا قىلىنىپ يەرگە ياتقۇزۇلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن لەشكىرىي پىرقىنىڭ دىۋانبېگى ۋۇمېن قوۋۇقىنىڭ ئاستىدىن ئۆتىدىغان شاھانە يولنىڭ غەربىي تەرىپىدە يەرگە تىزلىنىپ خانغا تەزىم بەجا كەلتۈردى - دە، خانغا: «ھازىر نۇسرەتپەرۋەر تەڭرى لەشكەرلىرىمىز مۇسۇلمانلار يۇرتىدىكى چەنتۇلار ئىسيانىنى باستۇرغاندا قولغا چۈشكەن ئەسىرلەر كەرەملىك پۇشتىپاناھ ئالىيلىرىنىڭ ئاياغ ئاستىدا! » دەپ ئەرز قىلدى.

بۇ چاغدا جازا پىرقىسىنىڭ دىۋانبېگىمۇ لەشكىرىي پىرقىنىڭ دىۋانبېگىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ يەرگە تىزلاندى.

داۋگۇاڭ خان راۋاق ئۈستىدە تۇرۇپ بۇ ئەسىرلەرگە قارىۋىدى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۆمۈر قەپەسكە سولانغان بىر ئەسىرنى كۆردى. ئۇ ئادەمنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالغان بىر ئەسىر ئىدى.

— بۇ كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى داۋگۇاڭ يېنىدىكى قارا دىۋان ۋەزىرى باچىڭئادىن.

قارا دىۋان ۋەزىرى باچىڭئا دەرھال يەرگە تىزلاندى ۋە:

— پۇشتىپاناھىمغا مەلۇم بولغايكى، — دېدى قۇللۇق بىلدۈرۈپ، — ئۇ قەشقەر توپىلاڭچىلىرىنىڭ كاتتىۋېشى، ناھايىتى يامان، ناھايىتى خەۋپلىك توپىلاڭچى جاھانگىر خوجا

دېگەن ئاشۇ شۇ! ئاڭلىشىمىزچە، ئۇ شاھىنشاھ، گاۋزۇك خان چەنلۇڭنىڭ ھەزرەتلىرى زامانىسىدا توپىلاڭ كۆتۈرگەن چوڭ خوجا بۇرھانىدىن خوجىنىڭ نەۋرىسى ئىكەن!

— چاقىرىلسۇن. بىز ئۇنىڭدىن نېمىشقا توپىلاڭ كۆتۈرگەنلىكىنى سوراپ ئۇقۇۋالىمىز!

— بۇ، بۇ... — قارادىۋان ۋەزىرى قىلىدىغان سۆزىنى تاپالماي كېكەچلەپ قالدى.

— ئەئيانىم، نېمىگە دۇدۇقلايسەن؟ بول تېز، ئۇنى دەرھال ئالدىمىزغا توغرا قىلغايسەن!

— قۇللۇق، پۇشتىپاناھ! — دېدى قارا دىۋان ۋەزىرى باچېكئا خانغا تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن سىپاھسالاغا قول ئىشارەت قىلدى.

بۇ چاغدا قوۋۇق ئاستىدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشقان ئارشاڭ خانى ماخە بالا، بەيسى لابدۇر دورجى، جاساقتۇخان ۋە قاراشەھەر تورغاتلىرىنىڭ خانى سەندا دورجى، خوشۇت جاساق تەيجىسى بويۇنكچىك قاتارلىق موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرى جاھانگىر خوجىنى تۆمۈر قەپەسدىن چىقىرىشقىنىدىن كېيىن قوۋۇق ئۇستىگە ئېلىپ چىقىپ خاقانى چىن داۋگۇاڭنىڭ ئالدىغا توغرا قىلىپ تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزدى. خاقانى چىن داۋگۇاڭ ئۇنىڭدىن:

— ئۆزۈڭ كىمسەن؟ نېمە دەپ ئىسيان كۆتۈردۇڭ؟ سېنىڭ بۇ قىلمىشىڭ قۇدرەتلىك مانجۇ سەلتەنىتىگە تاش ئاتقانلىقىڭ ئەمەسمۇ؟ — دەپ ئارقا ـ ئارقىدىن سوئال سورىدى.

جاھانگىر خوجا «ئا، ئا...» دېگىنىچە قولى بىلەن ئاغزىنى كۆرسەتتى. داۋگۇاڭ خان سىنچىلاپ قارىۋىدى، ئۇنىڭ تىلىنىڭ ئورنىدا كوتمەك بىر پارچە گۆشنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن قان ئارىلاش زەرداپ سۇ ئاقماقتا ئىدى!

— ئۇنىڭ تىلى نېمە بولغان؟ — دەپ سورىدى داۋگۇاڭ



www.uyghurkitap.com

قارا دىۋان ۋەزىرى باچېڭئادىن.

جاھانگىر خوجا قولى بىلەن ئىشارەت قىلدى. داۋگۇاڭ ئۇنىڭ ئىشارىتىدىن «تىلىمنى سىنىڭ ئادەملىرىڭ كېسىپ تاشلىدى!» دېگەننى ئېنىق ئۇقتى، ئەمما يىرگەنگەندەك قىلىپ قولىنى سىلكىدى. سىپاھسالالار جاھانگىر خوجىنى ئېلىپ چۇشۇپ كەتتى. بۇ چاغدا ھۆدەيچىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئۇلۇغ بوغدا خان ئالىيلىرىدىن پەرمان شۇدۇركى، توپلاڭچىلار باشلىقى، ئىسيانچى جاھانگىر خوجا كۆشۈك ھارۋىغا سېلىنىپ بېيجىڭ كوچىلىرىدا ئۈچ كۈن ئۇدا سازايى قىلىنسۇن، ئاندىن تىرىك ئۇشتىلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن گۆشى ئىتقا تاشلاپ بېرىلسۇن! قالغان توپلاڭچى ئەسىرلەرنى جازا پىرقىسىنىڭ مەنسەپدارلىرى ۋەزىر - ۋۇزرالار بىلەن بىللە سوراق قىلغاندىن كېيىن گۇناھى بېكىتىلىپ كاللىسى ئېلىنسۇن! مانجۇ سەلتەنىتىگە تاش ئاتقان ھەرقانداق توپلاڭچىغا قەتئىي رەھىم قىلىنمىسۇن! ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - زاتى قۇرۇتۇلسۇن! . . .

بۇ چاغدا قوۋۇقنىڭ ئۈستىدە ۋە ئاستىدا تۇرۇشقان شاھزادە-ئىنالچى، بەگۇ - بېگاتلار ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالار، ئەمرۇل - ئۇمرالار، ئەكابىر - ئەشرەبلەرنىڭ:

— پۇشتىپاناھ دانادۇر! خان ئالىيلىرى ياشىغايلا، ياشىغايلا، تۇمەن مىڭ يىللار ياشىغايلا! — دېيىشكەن تەنتەنە سادالىرى دەستىدىن پۈتۈن خان ئوردىسى ياق، پۈتۈن ئاستانە — بېيجىڭ لەرزىگە كەلدى. ئۈركۈگەن كەپتەرلەر گۇررىدە قىلىشىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى.

داۋگۇاڭ خاننىڭ پەرمانىنى قوبۇل قىلىپ ئالغاندىن كېيىن جازا پىرقىسىنىڭ مەنسەپدارلىرى يايلارغا بۇيرۇق قىلىپ، ئەسىرلەرنىڭ بوينىغا شال قوۋۇق كىيگۈزۈشتى - دە، يالاپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سەينادىن ئېلىپ چىقىپ كەتتى. . .

*　　　*　　　*

خاقانى چىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا چەنلۇڭنىڭ 20 ـ يىلى ۋە چەنلۇڭنىڭ 25 ـ يىلى جۇڭغارىيىدىكى ئامۇرسەنا بىلەن مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى خوجا بۇرھانىدىن، خوجان جاھان توپىلىڭىنى تىنچىتقاندىن كېيىن تاكى داۋگۇاڭنىڭ 6 ـ يىلىغا قەدەر، قەشقەر بەشكېرەمدىكى ۋە ئۇچتۇرپان شەھىرىدىكى غەليانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا بۇ جايلاردا يەتمىش يىلدەك زاھىرەن تىنچ ـ ئاسايىشلىق ھۆكۈم سۈردى. خاقانى چىن تەرىپىدىن ئورنىتىلغان تۈرلۈك ھۆكۈمرانلىق تەرتىپلىرى ھەرھالدا ئۈزۈپ قويۇلماستىن داۋاملاشتى. . .

بىراق مىلادى 1826 ـ يىلى ئەتىيازغا كەلگەندە، جەنۇبتىكى مۇسۇلمان شەھەرلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مانجۇ ئىستىبداتىغا قارشى كەڭ كۆلەملىك قوزغىلىڭى يەنە پارتلىدى!

قەشقەردە مانجۇلارغا قارشى غەليان كۆتۈرۈلگەنلىك خەۋىرى قوقانغا يېتىپ كەلگەندە، قەشقەر خوجىلىرىنىڭ ئاخىرقىلىرىدىن بىرى بولغان جاھانگىر خوجا ئىسىملىك بىر كىشى دەرھال پەرغانىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئالتەشەھەرلىك مۇساپىرلار ۋە قوقان تۈرلىرى، ئۆز بېشىمچى ئۆزبېكلەر، پاراكەندە قىپچاقلار، بورۇت قىرغىزلىرى ۋە قارا تېكىن تاجىكلىرىدىن تەشكىل قىلىنغان بىر قوشۇننى باشلاپ مۇلكىي قەشقەرىيىگە باستۇرۇپ كىردى ۋە بۇ يەردە نۇرغۇن قان تۆكۈلۈشلەرگە، نۇرغۇن پاراكەندىچىلىكلەرگە سەۋەبچى بولدى. شۇڭا، بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنى تارىخچىلار تەرىپىدىن «جاھانگىر خوجا توپىلىڭى» دەپ ئاتالدى. . .

*　　　*　　　*

ھۆرمەتلىك كىتابخان، مىلادى 1826 ـ يىلىدىن 1828 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا قەشقەر مۇزاپىتىدە يۈز بەرگەن بۇ «جاھانگىر خوجا توپىلىڭى» نىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە مەغلۇپ بولۇشى، جاھانگىر خوجىنىڭ مانجۇلار ئاستانىسى — بېيجىڭدا ئۆلتۈرۈلۈشى قاتارلىق بىر قاتار ۋەقەلەرنىڭ ئۇجۇر ـ بۇجۇرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، گەپنى يەنىلا بۇنىڭدىن 60 يىل ئىلگىرى يەنى، مىلادى 1765 ـ يىلى ئەتىيازدا ئۇچتۇرپاندا پارتىلىغان «ئۇچتۇرپان يېغىلىقى» نىڭ يولباشچىلىرىدىن بىرى بولغان رەھمەتۇللا بەگنىڭ ئاتىسى ئېلىخان قەمبەر بەگدىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ...

*　　　*　　　*

مىلادى 1765 ـ يىلى قەمەرىيە 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى.

ئۇچتۇرپاندا كۈن مۆلجەر تاغنىڭ كەينىگە ئۆتكەندىن كېيىن كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدۇ. كەچ قالغان چار بازارچىلار چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ ئالدىراپ ئۆيلىرىگە قايتىشىۋاتقاندا، چاھارسۇدىكى يايمىچىلارنىڭ ھەممىسى شامدانلىرىدىكى شاملىرىنى يورۇتۇپ بولۇشاتتى.

ئۇچتۇرپان خان ئامبىلى سۇچىڭ ئۆزىنىڭ ئارقا ھويلىسىدىكى خىلۋەت بىر ئۆينىڭ ئىچىدە ئېلىخان قەمبەر بېگىمنى سوراق قىلماقتا ئىدى.

سوراق مەخپىي بولۇۋاتقانىدى. ئۆينىڭ تۆر تەرىپىگە قويۇلغان قارا شىرەنىڭ كەينىدە ئامبال سۇچىڭ، ھاكىمبەگ ئابدۇللا ۋە پۈتۈكچى، يەكەن ھاكىمبېگى ئوداي خوجىنىڭ ئوغلى ئوسمان قاتارلىقلار ئولتۇرغانىدى. ئىشىكنىڭ تۈۋىگە قويۇلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرستا ئېلىخان قەمبەر بېگىم ئۆلتۈراتتى. ئىشىكنىڭ تېشىدا ئىككى قاراۋۇل، دېرىزىنىڭ يېنىدىمۇ ئىككى قاراۋۇل قويۇلغانىدى. ئېگىز سېپىل بويلاپ يەنە بىرنەچچە قاراۋۇل قويۇلغانىدى. قاراڭغۇ هويلىنىڭ ئىچىدە بىر تۇرلۇك مەشئۇملۇق هۆكۈم سۈرەتتى.

— كېچە... بۇگۇن كېچە نېمە دېگەن جىمجىت ـ هە! — دېدى خان ئامبال سوچىلىك كۆرەڭلەپ تۇرۇپ، — قەمبەر بەگ، سەن ئاخىر قولغا چۈشتۈڭ. بۇ كۆك تەڭرىسىنىڭ ئىرادىسى بويىچە بولۇۋاتقان ئىش، بىلەمسەن؟ ئەمدى سەن ماڭا جاۋاب بەر. ئاسىي بۇرهانىدىنىنىڭ سامساق خوجا دېگەن ئوغلىنى نەگە يوشۇردۇڭلار؟ سېنىڭ قارا گۇرۇهىڭدا يەنە كىملەر بار؟ هەممىنى تولۇق تاپشۇر!

— كىم ئۇ سامساق خوجا دېگەن؟ ئىككى پۇتى گۆرگە ساڭگىلىغان مېنىڭدەك بىر قېرى ئادەم قانداق قىلىپ قارا گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرسۇن؟! مەن هېچنېمىنى چۈشەنمىدىم، سۆز دارىن!

— مەن سېنى بىلمەمدىمەن؟ هى... هى! — دەپ سوغۇق كۈلدى خان ئامبال سوچىلىك، — مەن سېنى ۋە سېنىڭ قارا گۇرۇهىڭنىڭ ئىش ـ هەرىكىتىنى ئۇزاقتىن بويان كۆزىتىپ كەلمەكتىمەن!

— سەن نېمىدېگەن ئەقىللىق، — دەپ ئۇنى مەسخىرە قىلدى ئېلىخان قەمبەر بېگىم، — هەممىنى بىلگەن بولساڭ، يەنە نېمىشقا مېنىڭدىن سورايسەن؟

— سەن ئىككى يۈزلىمە بەگ ئىكەنسەن!

ئېلىخان قەمبەر بېگىم چايان چاققاندەك ئەندىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— مەن قانداق ئىككى يۈزلىمە ئىكەنمەن؟! — دېدى ئۇ.

— سەنلەرنى جۇڭغارلارنىڭ زۇلمىدىن ئازاد قىلغان كىم؟

بىز ئەمەسمۇ؟ سەنلەرگە يەر - سۇ، ئورۇن - مەرتىۋە بەرگەن كىم؟ بىز ئەمەسمۇ؟ بەگ جانابلىرى، ساڭا مائاش - كۆلياڭ بېرىۋاتقان كىم؟ يەنىلا بىز ئەمەسمۇ؟

ئېلىخان قەمبەر بېگىم غەزىپى كەلگىنىدىن خۇددى ئۆزىنى بىرى كاچاتلاۋاتقاندەك، يۈزىگە تۈكۈرۈۋاتقاندەك. . . خۇددى بىرى ئۇنى تېگى يوق ھاڭغا ئىتتىرىۋاتقاندەك تاتىرىپ كەتتىيۇ، ئەمما زۇۋان سۈرمىدى.

— شۇڭا، ئېلىخان بەگ، — دېدى ئابدۇللا بەگ ئۇنىڭغا دوق قىلىپ، — بۇ ئويۇنلىرىڭنى ئۆز ۋاقتىدا يىغىشتۇرۇۋالساڭ ياخشى بولارمىكىن؟! خاقانى چىن سەلتەنىتىنى داۋاملىق ئالدىشىڭغا يۈرىكىم يەنە تاقەت قىلىپ تۇرالمايدۇ! ئەمدى بۇ مۆكۈ - مۆكۈلەڭگە خاتىمە بېرىش كېرەك. تا مۇشۇ كەمگىچىلىك خاقانى چىن سەلتەنىتىنى ھېچكىممۇ ئۇتۇپ باققان ئەمەس. شاھماتتا ئۇتۇشنى ئويلىساڭ، ئاتنى ياخشى ئوينىشىڭ كېرەك. خاقانى چىننىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن. خاقانى چىن ئارغامچىسىنى ئۇزۇن قويۇپ بەرسە، سەن تېخى ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ، دەپ ئويلاپ قاپسەن — دە!

— ھەي غالچا، ئەۋرەز پاقىسى، كۆزى يوق گەندە قۇرتى، ئۇققان بولساڭ، قېنى سەن ئېيتىپ باقمامسەن، مەن زادى نېمە گۇناھ قىلىپتىمەن؟! — دېدى ئېلىخان قەمبەر بېگىم ئۇنىڭ سۆزىگە رەددىيە بېرىپ.

— چەنلۇڭنىڭ 25 - يىلى[1] 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، ئاسىي بۇرھانىدىن بەدەخشانغا قاچقاندا، — دېدى سۇچىڭ دانە - دانە سۆزلەپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ كىچىك ئوغلى سامساق خوجىنى بەشكىرەمنىڭ مىراپبېگىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ يوشۇرۇپ قويغان كىم؟ بۇ سەن ئەمەسمۇ؟ چەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى[2] يازدا، توختى

---

① مىلادى 1760 - يىلى.
② مىلادى 1761 - يىلى.

سوپى دېگەننى ئەۋەتىپ، بەش ياشلىق سامساق خوجىنى قۇندۇزدىكى تۆمۈر شاھنىڭ پاناھىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن كىم؟ بۇ سەن ئەمەسمۇ؟

— بۇنىڭغا كىم دەلىل - ئىسپات بولالايدۇ؟

— ئالدىرىما، — دېدى سۈچىك ئۇنىڭغا بىر ئالىيىپ قارىۋەتكەندىن كېيىن ئاندىن تالاغا قاراپ ۋارقىرىدى، — ھوي، قايسىڭ بار؟

بۇ چاغدا تالادىن بىر قارا چېرىك «لەببەي!» دەپ كىردى. سۈچىك ئۇنىڭغا:

— ھېلىقى تالىپ خوجا دېگەن گەدەنكەش چەنتۇنى ئېلىپ كىرىڭلار! — دەپ بۇيرۇق قىلدى ۋە ئېلىخان قەمبەر بېگىمگە مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن قاراپ قويدى.

ھېلىقى قارا چېرىك چىقىپ كېتىپ، ھايالشىماستىنلا چەمبەرچاس باغلانغان بىرەيلەننى ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كىردى. ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ بىرمۇ ساق يېرى قالمىغانىدى. قارىغاندا ئۇ قاتتىق قىيىن - قىستاققا ئېلىنغاندەك قىلاتتى.

— تالىپ خوجا، — دېدى سۈچىك ئۇنىڭغا، — باياتىن دېگەنلىرىڭنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاپ باققىنچۇ؟ قېنى، بۇنىڭغا ئېلىخان لوبەگ نېمە دەيدىكىن؟

— خوپ تەقسىر، — دېدى تالىپ خوجا قورقۇمسىراپ، ئاندىن قىرائەت قىلغان تەرىزدە سۆزلەشكە باشلىدى:

— بۇرھاندىن خوجامنىڭ سامساق خوجام دەيدىغان بىر خوجىزادىسىنى، — دېدى ئۇ، — بەشكىرەمنىڭ مىرابېگى ئىلياس بېگىمنىڭ ئاغىچىسى ئېمىتىپ چوڭ قىلغان. بۇرھاندىن خوجاملار قاچقاندىن كېيىن مەزكۇر ئىلياس بېگىممۇ سامساق خوجامنى ئېلىپ بەدەخشانغا قېچىپ بېرىۋالغانىدى. بۇرھاندىن خوجام قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن ئىلياس بېگىم ئۇنىڭ مېيىتىنى ۋە سامساق خوجامنى ئېلىپ ئافغانىستاندىكى قۇندۇز دېگەن يەرگە

قاچقان ئىكەن. . . ①

— بولدى، ئۇنى ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار! — دەپ ئەمىر قىلدى خان ئامبال سۇچىڭ. قارا چېرىك تالىپ خوجىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئەمدى تولۇن ئاي ئاستا - ئاستا رۇجەكتىن كۆرۈنۈشكە باشلىدى. تولۇن ئاي ئاسماندا ئۆزىنىڭ كونا يولى بىلەن مېڭىپ، يەر يۈزىگە ئۆزىنىڭ كۈمۈش نۇرلىرىنى تەكشى سەپمەكتە ئىدى.

بۇ چاغدا سۇچىڭ:

— ئەمدى يەنە نېمە دەيسەن؟ — دېگىنىچە ئورنىدىن تۇردى ۋە ئېلىخان قەمبەر بېگىمنىڭ ئالدىغا تۆت - بەش قەدەم ئارىلىق قالغۇچە دېۋەيلەپ كەلدى.

— يامان ئىكەنسەن، بولدىمۇ؟ بىراق، سەن مېنىڭ ئاغزىمدىن گەپ ئالىمەن دەپ خام خىيال قىلما! مەن ئۆلۈشكە رازىمەنكى، خەلقىمگە ھەرگىز ساتقىنلىق قىلمايمەن، ھەرگىز! — دېدى ئېلىخان قەمبەر بېگىممۇ ئورنىدىن تۇرۇپ.

— قەشقەرنىڭ شاغىبېگى ئابدۇرېھىم، يېڭىسارنىڭ ھاكىمبېگى ئابدۇللا ۋە سودۇرۇللا، سابىر خوجا، تۇغلۇق دوست خوجا قاتارلىق ھاكىمبەگلەر جەنۇبتىكى مۇسۇلمان شەھەرلىرىدە مانجۇ سەلتەنىتىگە قارشى تەرەپ - تەرەپكە يىلتىز تارتىپ كەلگەن قارا گۇرۇھنىڭ ئاساسلىق ئادەملىرىدۇر. ھالبۇكى، سەن ئېلىخان قەمبەر بەگ بۇ قارا گۇرۇھنىڭ كاتتىۋېشى! قانداق، توغرا ئېيتتىممۇ؟ — دېدى خان ئامبال سۇچىڭ ئۇنىڭ كۆزىگە مىختەك قادىلىپ تۇرۇپ. مۇشۇ تاپتا، سۇچىڭنىڭ ياۋۇزلۇق چىقىپ تۇرغان كۆزلىرىدە غەلىبە شادلىقى جىلۋە قىلىۋاتاتتى.

— ئى خۇدا، كۆردۈڭمۇ ئەتراپىمدا يۈرگەن قىسمەت بالاسىنى؟! — دەپ خىتاب قىلدى ئېلىخان قەمبەر بېگىم ئىككى

---

① «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى»نىڭ داۋامى، 12 ـ جىلد، 4 ـ، 5 ـ بەتلەر.

قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، — مەن خوجاملارنىڭ ئادالەت تۇغىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خەلقىمنى لەنەت يۇتقۇر مەنچىڭلارنىڭ زۇلمىدىن ئازاد قىلىشقا بەل باغلىغانىدىم. بىراق، مېنىڭ قەيسەر ئىرادەممۇ بۇ قورقۇنچلۇق تەقدىرگە تاقابىل تۇرالمىدى. سېنىڭ ئىرادەڭ بىلەن كۆز ئالدىمدىكى ھەممە نەرسە گۇمران بولدى. مەن نەچچە يىلدىن بېرى تەييارلاپ ئاران ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولغان بۇ ئۇلۇغ ئىش ئاخىر سېنىڭ ئىرادەڭ بويىچە ۋەيران بولدى. سەن بىزنىڭ بۇ يولدا كۆرسەتكەن بارلىق تىرىشچانلىقلىرىمىزنى پۈتۈنلەي ئەھمىيەتسىز قىلدىڭ. بىراق، مەن ھەرگىزمۇ تىز پۈكمەيمەن! ھەرگىزمۇ پۇشايمان قىلمايمەن. چۈنكى، ئاخىرقى جەڭگە باتۇر ئوغلانىم رەھمىتۇللا بەگ بىلەن ئەسمىتۇللا بەگنى ئاتاپ قويغانمەن!

— مەقسىتىڭگە ھەرگىز يېتەلمەيسەن! ھەي قېرى، — دېدى سۇچىلىك زەھەرخەندىلىك بىلەن، — «ئىتنىڭ ئىگىسى بولسا، تۈلكىنىڭ خۇداسى بار» دېگەندەك، سېنىڭ بۇ «باتۇر» ئوغلۇڭ قولىدا ئۆزىنىڭ مەن يېزىپ بەرگەن ئۆلۈم خېتىنى تۇتۇپ، بوغدا خانغا جان تەسەددۇق قىلغىلى كەتتى! ئۇ جېگدىلەرنى ئېلىپ بېيجىڭغا بېرىش بىلەن تەڭلا، خان ئۇنى چېپىشقا بۇيرۇيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىخىنىنى ئىتلار غاجايدۇ! سەنلەرنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىڭ پۈتۈنلەي بەربات بولدى، بىلەمسەن؟ پۈتۈنلەي...

غەزەپتىن ئېلىخان قەمبەر بېگىمنىڭ پۈتۈن بەدىنى غالىلداپ تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆزى غەزەپتىن قىسىلىپ، زامانىنىڭ سان ـ ساناقسىز دەرد ـ ئەلەملىرىنى كۆرگەن يۈزلىرى پۈرلىشىپ، قۇيقا چېچى تىك تۇرۇپ، ئاغزىدىن كۆپۈك قايناپ، سەۋر قاچىسى تاشتى — دە، يېنىدىن خەنجىرىنى چىقىرىپلا ئۆزىدىن تۆت ـ بەش قەدەم يىراقتا تۇرغان خان ئامبالغا شىردەك ھۆركىرەپ ئېتىلدى.



www.uyghurkitap.com

سۈچۈك دەرھال كەينىگە داجىغىنىچە بېرىپ قولىنى ئۇزىتىپلا شىرەنىڭ بۇرجىكىنى تۇتتى ـ دە، يۇقىرى كۆتۈردى ۋە:

— ھا . . . ھا! — دەپ ئەسەبىيلەرچە قاقاقلاپ كۈلدى. بۇ چاغدا، ئىلىخان قەمبەر بېگىمنىڭ پۇتى ئاستىدىكى يوغان ئىككى خىش تۆۋەنگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ سۈچۈكنىڭ يىرتقۇچلاردەك ياۋۇز چىرايىنى، زەھەردەك سوغۇق شولا چىقىرىپ تۇرغان قىيسىق كۆزلىرىنىلا كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلىدى. رەقىبىنىڭ يۈرىكىنى كۆزلەپ ئېتىلىپ كەلگەن ئىلىخان قەمبەر بېگىم قولىدىكى خەنجىرىنى ئۆزىدىن بىر قەدەملا يىراقتا تۇرغان خان ئامبال سۈچۈڭغا سالغىچە، ئىككى پۇتى قاراڭغۇ زىنداننىڭ ئاغزىدا مۇئەللەق تۇرۇپ قالغاندەك بولدى — دە، ئۇنىڭ قاقاقلاپ كۈلگەن كۈلكىسى ئىچىدە ئېغىر گەۋدىسى بىلەن زىنداننىڭ تېگىگە چۈشۈپ كەتتى. . .

* * *

مىلادى 1760 ـ يىلى 6 ـ ئايدا يەكەن شەھىرى مانجۇلار تەرىپىدىن پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن بەدەخشانغا قېچىپ بېرىۋالغان خوجا جاھان بىلەن بۇرھانىدىن خوجا بەدەخشان ئەمىرى مۇزەپپەر سۇلتانشاھ تەرىپىدىن قەتلى قىلىندى ۋە بۇ ئىككىسىنىڭ كاللىسىنى خاقانى چىن ئەلچىلىرىگە تەقدىم قىلدى[1]. خاقانى چىن ھۆكۈمىتى ئۇنىڭدىن خوجا جاھان بىلەن خوجا بۇرھانىدىننىڭ جەسىتىنىمۇ قايتۇرۇپ بېرىشنى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلغان بولسىمۇ ئەمما كەينىگە سۆرەپ، مىلادى 1763 ـ يىلى ئاندىن بۇرھانىدىن خوجىنىڭ جەسىتىنى قايتۇرۇپ

① بۇتەپسىلاتلار ئۈچۈن مۇشۇ كىتابتىكى «بەدەخشان تۇتقۇنلىرى» دېگەن بابقا قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بەردى①.

گەرچە بەزى تارىخىي ماتېرىياللاردا خوجا جاھاننىڭ ئوغلى بار ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن بولسىمۇ، «ئەمما چىڭ ئوردىسىنىڭ خاتىرىلىرى» خوجا جاھاننىڭ ئوغلى ھەققىدە ھېچقانداق ماتېرىيال يېزىپ قالدۇرۇلمىغان. بىراق، بۇرھانىددىن خوجىنىڭ تۆت ئوغلى بار ئىكەنلىكى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات بېرىلگەن②.

بۇرھانىددىن خوجا بەدەخشانغا قاچقاندا ئۆزىنىڭ ھاشىم خوجا، ئابدۇخالىق خوجا ۋە باۋۇدۇن خوجا قاتارلىق ئۈچ ئوغلىنى ئېلىپ قاچقان. ئۇنىڭ سامساق خوجا دېگەن ئوغلى بۇ چاغدا ئاران ئۈچ - تۆت ياشتا بولغانلىقتىن، ئۇنى بەشكېرەمنىڭ مىراپبېگى ئىلياس بەگنىڭ ئۆيىدە قالدۇرۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولغاندى. كېيىن مەزكۇر ئىلياس بەگمۇ سامساق خوجىنى ئېلىپ بەدەخشانغا قېچىشقا مەجبۇر بولدى...

سامساق خوجا تاكى مىلادى 1780 - يىلى پەرغانىگە قېچىپ كەلگەنگە قەدەر، ئافغانىستاننىڭ شىمالىدىكى قۇندۇز ۋىلايىتىدە يوشۇرۇنۇپ يۈردى. بۇ مەزگىلدە ئۇ قەشقەردىكى مۇرشىد - مۇخلىسلىرى بىلەن قويۇق ئالاقىدە بولدى. قەشقەر خەلقى بۇ چاغدا گەرچە خاقانى چىن سەلتەنىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاۋاتقان بولسىمۇ ئەمما خوجىلارغا بولغان سوقۇر ئېتىقادىنىڭ تەسىرىدە، قەشقەر خەلقىنىڭ سامساق خوجا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى تېخىمۇ چىڭىيىپ باردى. ئۇلار سامساق خوجىنىڭ قايتىپ كېلىشىگە قانچىكى تەقەززا بولغان بولسا، ئىسلام تۇغىنى

① بۇ ھەقتە: «شىنجاڭنىڭ خەرىتىلىك تەپسىراتى»، 46 - جىلد، 1 - بەتكە قارالسۇن. ئۇنىڭدا: «بۇ ئىش چەنلۇڭنىڭ 28 - يىلى بولغان» دېيىلگەن؛ يەنە «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى» نىڭ داۋامى، 21 - جىلد، 1 - 3 - بەتلەرگە قارالسۇن.

② بۇ ھەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، «جۇڭغارلارنى تىنچىتىش چارىلىرى» نىڭ داۋامى، 11 - جىلد، 28 -، 29 - بەتلەرگە ۋە «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 637 - جىلد، 20 - 21 - بەت. چەنلۇڭنىڭ 26 - يىلى 5 - ئاينىڭ 8 - كۈنىدىكى شۇخېدېنىڭ مەلۇماتىغا قارالسۇن.

كۆتۈرۈۋالغان سامساق خوجىمۇ قەشقەردە خوجىلارنىڭ روھانىي ھاكىمىيىتىنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈشىنى شۈنچىكى خالايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، يات ئەلدە مۇساپىر بولۇپ تۇرۇۋاتقان سامساق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرى قەشقەردىكى مۇرشىد ـ مۇخلىسلىرىنىڭ ئىنئاملىرىغا تايىنىپ ياشاۋاتقانىدى. ئەلھال، خاقانى چىن سەلتەنىتىنىڭ مۇلكىي قەشقەرىيىدە ئاخىرقى ھېسابتا مۇستەھكەم قارار تېپىشى ئارقىسىدا ئورنىتىلغان نىسپىي مۇقىم بولغان ۋەزىيەت سامساق خوجا كۈچلىرىنىڭ قەشقەرنى تارتىۋېلىش مەقسىتىنى خام خىيالغا ئايلاندۇرۇپ قويدى. بىراق، سامساق خوجا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەرىكەتلىرى كېيىنكى بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە مۇلكىي قەشقەرىيىدىكى سان ـ ساناقسىز پاراكەندىچىلىكلەرنىڭ مۇھىم مەنبەلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى...

* * *

مىلادى 1784 ـ يىلى قەمەرىيە 5 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى. يېڭىسارنىڭ ھاكىمبېگى ئالىمبەگ پەرمانىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھايالشىماستىنلا ئۈچتۇرپانغا قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ ئۈچ قونۇپ تۆتىنچى كۈنى، يەنى قەمەرىيە 5 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى خاقانى چىننىڭ جەنۇبتىكى مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى جۇڭقۇرغۇچى باش خان ئامبىلى مىڭلياڭنىڭ يامۇلىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ قەشقەر ھاكىمبېگى ئوسمانبەگ، بۇرۇت ئامبىلى ھاكىم ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئۆمەر بېي قاتارلىقلارنىڭمۇ مۇشۇ يەردە ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يۈرىكى بىرنېمىنى تۇيغاندەك بولدىيۇ ئەمما قىلچىمۇ چاندۇرمىغان بولۇپ، ئۇلار بىلەن قىزغىن سالاملاشتى ۋە مىڭلياڭ دارېنىنىڭ ئۆزىنى قوبۇل قىلىشىنى كۈتۈپ رەللە بولۇپ يۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شۇ كۈنى كەچتە، خان ئامبال ئۈنى داتاڭدا قوبۇل قىلىدى. داتاڭنىڭ ئىچى تولىمۇ سۈرلۈك بولۇپ، ئۈنىڭ ئىچىگە كىرگەنلىكى ھەر قانداق ئادەمنىڭ تېنى شۈركىنەتتى. تۆردىكى شىرەنىڭ ئۇڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان خان ئامبال مىڭلياڭ ئۈنىڭ بىلەن سوغۇقلا كۆرۈشۈپ قويىدى ـ دە، سول تەرەپتىكى كۈرسىنى ئىملاپ، ئولتۇر، دەپ تەكەللۇپ قىلغان بولدى.

— ئالىمبەگ، سېنىڭ ئەرز خېتىڭنى مەن كۆردۈم، — دېدى خان ئامبال مىڭلياڭ تۈيۈقسىزلا، — سەن خەتتە ئادەمنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلىدىغان ئىشلارنى مەلۇم قىلىپسەن. خېتىڭدە توختى سوپى دېيىلگەن ھېلىقى قوقانلىق ئادەم سېنىڭ يامۇلىڭغا بارمىغاندۇ؟

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئالىمبەگنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى، ھۇدۇققانلىقى چىرايىدىن بىلىنىدى. بىراق، چاندۇرماستىن:

— ئامبال دارىن، توختى سوپى دېگەن قوقانلىق مېنىڭ يامۇلۇمغا نېمە ۋەجىدىن بارماقچى ئىكەن؟ — دەپ ياندۇرۇپ سورىدى.

— بۇنى سەن بىلەرسەن! بولمىسا، نېمىشقا ئوسمانبەگ ئۈستىدىن ئەرز يازىسەن؟ تېخى مېنى ئىشەنمەي قالمىسۇن دەپ، سېنىڭ بىلەن بىللە باشقا ئۈچ نەپەر ھاكىمبەگمۇ بۇ ئەرزگە ئۆز ئىسىملىرىنى يېزىپتۇ![1] ھەر قايسىڭنىڭ سامساق خوجىغا باغلانغانلىقىڭنى كىم بىلمەيدۇ؟[2] سەنلەرنىڭ ئەرز خېتىڭدە دېيىلگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىڭدىن سادىر بولغان. بۇ

---

① «بۇيۇك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 1203 ـ جىلد، 21 ـ بەت. چەنلۇڭنىڭ 49 ـ يىلى كەبىسە 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى يارلىق. بۇ يارلىقتا ئىسمى ئاتالغانلارنىڭ ھەممىسى ئوسمانبەگنى قارىلاپ ئەرز يازغانلار ئىدى.

② «بۇيۇك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 1203 ـ جىلد، 2 ـ، 3 ـ بەتلەر. چەنلۇڭنىڭ 49 ـ يىلى كەبىسە 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىكى يارلىق.

ئەيىبلەر بەكمۇ چوڭ ئىكەن. قارىغاندا، ئۇنى ھەرگىزمۇ رەت قىلالمايدىغان ئوخشايسەن!

ئالىم بەگ ئۆزىنى ئاقلىماقچى بولدى:

— بۇ گەپنىڭ ھەممىسى يالغان! ئامبال دارىن، سوراقنىڭ داۋامىنى ئەتىگە قالدۇرساق، ئەتىكى سوراقتا مېنى ئوسمان بەگ بىلەن بەتلەشتۈرگەيسىز. شۇ چاغدا ئىش «ئۆردىكى ئۆردەك، غېزى غاز» بولۇپ ئېنىق ئايرىلۇر!

خان ئامبال مىڭلىياڭمۇ رازى بولدى:

— مەيلى، سوراقنى قاچان قىلساقمۇ بولۇۋېرىدۇ. بىراق، ھاكىمبەگ، سەن ئەتىگىچە مۇشۇ يامۇلدىن ھېچ يەرگە چىقسالڭ بولمايدۇ! — دېدى ـ دە، بەشاڭغا ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سالدۇرۇپ، يېنىدىكى قورال ـ يارىغىنى تارتىۋېلىشنى، قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن دائىم پايلاپ تۇرۇشنى ئېيتتى.

ئالىم بەگ پۇشايمان ۋە ئىزتىراپ ئىچىدە ئورنىدىن تۇردى لېكىن «بولغۇلۇق بولدى، بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەرمەن!» دېگەندەك قىلىپ، خان ئامبال مىڭلىياڭغا يەۋەتكۇدەك بىر قارىۋەتتى ـ دە، داتاڭدىن چىقىپ كەتتى.

باش خان ئامبال مىڭلىياڭ قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى باۋچىڭ بىلەن بىللە سۆھبەتلىشىۋېتىپ ئېغىر بىر خورسىندى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ:

— بەتبەخت چەنتۇلار! خاقانى چىنىنىڭ تۇزىنى يەپ تۇرۇپ، يولىمىزغا ئورەك قازىدۇ! ئاسمان تەگرىسى بىزگە ئۇلارنىڭ قولىدىن پايدىلىنىپ تۇرۇپ، ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ياندۇرۇشقا مەدەت بەردى. خوش، باۋ دارىن، سىزنىڭ بۇ ھەقتىكى پىكرىڭىزنى ئاڭلاپ باققۇم بار، بۇ خۇسۇستىكى قارىشىڭىز قانداق؟ — دەپ سورىدى.

مەسلىھەتچى ئامبال باۋچىڭ جاۋاب بەردى:

— بۇ چەنتۇلارنىڭ بىرسىنىمۇ ياخشى دېگىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ دىلى بۇزۇقلۇقى باش خان ئامبال دارىنغا بۇرۇندىنلا مەلۇم. دارىن، سىلى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىنمۇ، ئۇلارنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرىدىنمۇ خېلىدىن بۇيان بىزار بولۇپ يۈرگەن ئىدىلەغۇ؟

باش خان ئامبال مىڭلىياڭ گېپىنى داۋام قىلدى:

— شۇنداق، يېڭىسار ھاكىمبېگىنىڭ بۇ ئىشلىرى بىزگە سىر ئەمەس ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ قارا گورۇھى ئارىسىدىكى بىرەيلەن بىزگە ئالىمبەگ، بۇرۇت قىرغىزلىرىنىڭ ئامبىلى ھاكىم ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئۆمەر بېي قاتارلىقلارنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان قوقاندىكى سىياسىي قاچاق سامساق خوجا بىلەن خەت ئالاقىسى بار ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا باغلانغانلىقىنى، ھەر يىلى بۇ يەردىن ئۇلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ماددىي جەھەتتە قوللاش ئۈچۈن ئالتۇن ـ كۈمۈش ئەۋەتىپ بېرىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىپ تۇراتتى. ئەمما، بىز ئارغامچىنى ئۇزۇن قويۇپ بېرىپ، تېخىمۇ چوڭ بېلىقنىڭ تورغا چۈشۈشىنى كۈتۈپ، سەۋر قىلىپ تۇرغاندۇق. بىراق، بۇ قارا گورۇھنىڭ ئادەملىرىدىن بولغان ئالىم بەگ قاتارلىق كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ قوقان بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىشىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالغان قەشقەر ھاكىمبېگى ئوسمانبەگكە تۆھمەت قىلىپ، «سەن تاز دېگۈچە، مەن تاز دەۋالاي» دېگەندەك، ئۇنى «قوقاندىكى سامساق خوجا بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن! » دەپ بىزگە چاققانلىقى قىزىق! مەن بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن بۇرۇت قىرغىزلىرىنىڭ بېگى ئۆمەر بېينىمۇ ۋە قوقاندىن ئەۋەتىلگەن ھېلىقى ئىككى جاسۇسنىمۇ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىشنى بۇيرۇدۇم ھەمدە «كېيىنچە بىزگە ئەسقېتىپ قالارمىكىن» دېگەن مەقسەتتە، ئۆمەر بېينىڭ ئاكىسى، بۇرۇت قىرغىزلىرىنىڭ ئامبىلى ھاكىمغا ھازىرچە تەگمەسلىكنى قارار قىلدىم. ئەتىكى سوراقتا ئۇلارنىڭ ھەممە مەخپىي سىرلىرىنى ئېچىپ تاشلايمەن. ئەيىبكارلارنى بولسا ئۆز

جىنايىتىگە يارىشا جازالايمىز! . . .

ئەتىسى، جەنۇبتىكى مۇسۇلمان يۇرتلىرىنىڭ ئومۇمىي ئىشلىرىنى جوڭقۇرغۇچى باش خان ئامبال مىڭلياڭنىڭ ئۇچتۇرپاندىكى يامۇلىدا سوراق بولدى. بۇ سوراقتا مۇسۇلمان بەگلىرىدىن يېڭىسارنىڭ ھاكىمبېگى ئالىمبەگ، بۇرۇت قىرغىزلىرىنىڭ ئامبىلى ھاكىم بېي ۋە ئۇنىڭ ئىنىسى ئۆمەر بېي، قەشقەرنىڭ ھاكىمبېگى ئوسمان بەگ قاتارلىقلار ۋە شۇنىڭدەك خاقانى چىننىڭ مانجۇ ئامباللىرىدىن قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى باۋچىڭلار قاتناشتى. خان ئامبال مىڭلياڭنىڭ پەرمانى بويىچە، كالتەك يەپ، بەدىنىدە ساق ئېتى قالمىغان توختى سوپى ۋە موللا نەزەرلەرمۇ داتاڭغا كەلتۈرۈلۈپ، دۈمبىسى ئېچىلدى. خان ئامبال قەشقەر ھاكىمبېگى ئوسمان بەگكە قاراپ:

— سەن بۇلارنى تونۇمسەن؟ — دەپ سورىدى. ئوسمان بەگ:

— ھەئە، بۇلارنى تونۇيمەن! بۇ كىشى سوپى بولىدۇ، بۇنىسى موللادۇر. مەن بۇلارنى بۇرۇتلارنىڭ بېگى ئۆمەر بېينىڭ ئۆيىدە كۆرگەنمەن! — دەپ جاۋاب بەردى.

قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى باۋچىڭ سوئال بەردى:

— سىز توپىلاڭچى سامساق خوجا بىلەن خەت يېزىشقانمۇسىز؟

— يېزىشقان.

— نېمە مەزمۇندا يېزىشقان؟

— مەن سامساق خوجىنى زۇلمەتنى تەرك ئېتىپ، يورۇقلۇققا قايتىپ، ھىدايەتكە تېۋىنىشكە دەۋەت قىلىپ خەت يازغانمەن.

— خەتنىڭ مەزمۇنى ئېسىڭىزدىمۇ؟ — دەپ سورىدى خان ئامبال مىڭلياڭ ئۇنىڭدىن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— ھەئە، ئېسىمدە، خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق: «. . . ھەزرىتى سامساق خوجىغا مەندىن كۆپتىن — كۆپ سالامدىن سۇڭرە، ئەلھال، مەنكى ئوسمان بەگ كاشغەردە مانجۇ خانغا ۋاكالىتەن يۇقىرى مەرتىۋە، ئۇستۇن ئەمەل تۇتۇپدۇرمەن. سىز ھەزرىتى خوجا، سىمەرقەندىدەك ياقا يۇرتتا قىقىندى ـ سوقۇندى بولۇپ، غېرىب ـ غۇرۋالىقتا ياشىغاندىن كۆرە، كاشغەرغە قايتىپ كەلگەيسىز. خۇدا خاھلىسا، سىزنى ھەم ئاچ ـ يالىڭاچ قويماسمىز. ئۆز ئېلىڭىزدە خاتىرجەم ياشىغايسىز! . . .»[1]

— مانا، مەن دېمىدىممۇ؟ ئوسمان بەگنىڭ ئۆزى سامساق خوجىغا خەتنى ئۆزىنىڭ يازغانلىقىنى ئېيتىۋاتىدۇ. دېمەك، بۇ ئىشتا مەن ئەيىبلىك ئەمەس! — دېدى ئالىم بەگ.

خان ئامبال مىڭلىياڭ ئورنىدىن تۇردى:

— سەن، «خەتنى يازغان ئوسمان بەگ، مېنىڭ ھېچبىر گۇناھىم يوق» دەيسەن. سامساق خوجا پەرغانىدىن ئەۋەتكەن ئەلچى توختى سوپى ئۆمەر بېينىڭ ئۆيىدە تۇرغانلىقىنى ئوسمان بەگ سېزىپ قالسا، سىلەر ئوسمان بەگكە «سامساق خوجا بىلەن ئاستىرتتىن تىل بىرىكتۇرگەن»[2] دەپ تۆھمەت قىلدىڭلار. ئەمەلىيەتتە توپىلاڭچى سامساق خوجىغا باغلانغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئىتتىپاق تۇزگەنمۇ سىلەر! سامساق خوجىنىڭ قەشقەرنى تارتىۋېلىش مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى ئۇچۇن، ئۇنىڭغا يېتەرلىك مال ـ دۇنيا توپلاپ بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۇستىگە ئالغانلارمۇ سىلەر! خوش، بۇنىڭغا يەنە نېمە دەيسىز؟!

— ئامبال دارىن، ماڭا ئۇۋال بولۇپ كەتتى، ماڭائۇۋال بولۇپ كەتتى! . . . — دەپ زارلىدى ئالىم بەگ، — ئوسمان

---

① «بۇيۇك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 1215 ـ جىلد، 9 ـ بەت. چەنلۇڭنىڭ 49 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۇنىدىكى يارلىقىقا قارالسۇن.

② «بۇيۇك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى»، 1203 ـ جىلد، 2 ـ بەت. چەنلۇڭنىڭ 49 ـ يىلى كەبىسە 3 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۇنىدىكى يارلىقىقا قارالسۇن.

بەگنىڭ ماڭا ئۆچى بار. ئۇ مېنى يوق قىلىش ئۈچۈن، سىز خان ئامبالغا چاققان!

— چەنتۇلار ئىتتەك بىر خەلق. شۇڭا، سەن خەقنىڭ ئالدىغا بىر پارچە نان تاشلاپ بېرىپ، بېشىغا ئۇرۇش كېرەك! بولمىسا، سەن خەق قۇرسىقىڭ تويۇشقاندىن كېيىن مۇشۇنداق نان بەرگەن ئىگەڭنى تالايسەن! — دېدى باش خان ئامبال مىڭلياڭ. ئاندىن بەشاڭغا قاراپ ئەمىر قىلدى:

— ئالىم بەگ، ئۆمەر بېي ۋە توختى سوپى، موللا نەزەر قاتارلىق بۇ تۆت ئىسيانچى چاھارسۇغا ئېلىپ چىقىلىپ سازايى قىلىنغاندىن كېيىن كاللىسى ئېلىنىپ، بېشى قوۋۇققا ئېسىلسۇن! هايال قىلىنمىسۇن!

بەشاڭ:

— جە، پەرمانلىرىنى دەرهال بەجا كەلتۈرگەيمىز! — دېدى — دە، قارا چېرىكلەرگە بۇ تۆت كىشىنى ئېلىپ چىقىشنى بۇيرۇدى[1] . . .

* * *

مىلادى 1826 ـ يىلى (ئىت يىلى) 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرلىرى. بۇگۈن قوقان خانى مەمەدەلى خاننىڭ قوبۇلغا چىقىدىغان كۈنى ئىدى. كىشىلەر خاننىڭ شاهىنشىنغا چىقىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىشقاندا ئەدەب ـ ئىكرام بىلەن ئورنىدىن تۇرۇشتى. بۇ چاغدا خابگاهنىڭ شاهنشىنغا ئۆتىدىغان ئىشىكىدىن هۆدەيچىنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئۇ شاه سۇپا ئۈستىگە چىقىپ، قولىدىكى ئالتۇن هاسىسىنى يەرگە توكۇلدىتىپ ئىككى

---

① بۇ هەقتىكى تەپسىلاتلار ئۈچۈن، «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى گاۋزۇڭ خان دەۋرانىدا پۈتۈلگەن ئوردا خاتىرىلىرى»، 1211 ـ جىلد، 33 ـ، 34 ـ بەتلەرگە ۋە چەنلۇڭنىڭ 49 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى قارا دىۋان بىلەن ۋاسساللار مەهكىمىسىدىن خانغا يوللانغان مەكتۇپقا قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قېتىم ئۇرۇپ قويدى — دە:

— خان شاھىنشىنغا قەدەم تەشرىپ قىلدىلەر! — دەپ سوزۇپ جاكارلىدى. ئارقىدىنلا قوقان خانى مەمەدەلى خان مۇلازىملىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا شاھىنشىن ئىچىگە كىرىپ كەلدى. بۇ چاغدا شاھ سۇپىنىڭ چېتىدىكى تۈۋرۈكنىڭ كەينىدە تەييار تۇرۇشقان ئوردا ئوركېستىرى «سەربازچە» كۈيىگە چېلىشقا باشلىدى. خان ھەيۋەتلىك مۇزىكا ساداسى ئىچىدە باسقۇچتىن شاھ سۇپىنىڭ ئۇستىگە كۆتۈرۈلۈپ چىقتى — دە، كەينىگە ئۆرۈلۈپ تۆۋەندە باشلىرىنى ئېگىپ ئۆرە تۇرۇشقان دۆلەت ئەركانلىرىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن قارا ياڭاق ياغىچىدىن ياسالغان، ئۇستىگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن تەخت ئۇستىدە ئولتۇردى. ئۇنىڭ بېشىدا چاقناپ تۇرغان گۆھەردىن كۆز قويۇلغان شاھانە تاج بار ئىدى. كىشىلەرنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلدى. ئۇ ساقال - بۇرۇتلىرىغا خېنە يېقىلغان، ئوتتۇرا بويلۇق، سېمىزلىكتىن قورساق سالغان، تەمبەل بىر كىشى ئىدى. ئۇ تەخت ئۇستىگە جايلىشىۋالغاندىن كېيىن ھۆدەيچىگە قاراپ بىلىنەر - بىلىنمەس ئىشارەت قىلىپ قويدى. خاننىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن ھۆدەيچى: «پۇشتىپاناھ ھەزرەتلىرى ئەركانلىرىغا جايى راھەت ۋە پاراغەت ئاتا قىلدىلەر!» دەپ ئېلان قىلدى. باياتىن خاننىڭ ئىجازىتىنى كۈتۈپ ئۆرە تۇرۇشقان كىشىلەر گۇررىدە قىلىپ، شاھىنشىننىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكى نىم سۇپا ئۇستىگە سېلىنغان بىساتلار ئۇستىدە ئولتۇرۇشتى. «سەربازچە» كۈيىنى ئورۇنداۋاتقان ئوردا ئوركېستىرى ئاستا - ئاستا جىمىدى. ئۇ يەردىن، بۇ يەردىن يېنىك يۆتەلگەن، مىدىرلىغان ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

بۇ چاغدا مەمەدەلى خاننىڭ كۆزى ئوڭ تەرەپتىكى نىم سۇپىنىڭ بىر چېتىدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان بىرىگە چۈشتى. ئۇ ئوتتۇز ياش ئەتراپىدىكى، سوزۇنچاق يۈز، بۇغداي ئۆڭلۈك،

قاڭشىرىدا چېچەك ئىزى بار، ساقال - بۇرۇتلىرى ئەمدىلەتىن خەت تارتقان، كۆزلىرى قاپقارا، قاراشلىرى ئۆتكۈر، ئېگىز بوي، سالاپەتلىك بىر يىگىت بولۇپ[1]، ئۇستىدىكى كىيىمى ۋە چىرايىدىن ئۇنىڭ ئەنجانلىق ئەمەسلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئۇچىسىغا قەشقەر چەكمىنىدە تىكىلگەن ئالدى ئوچۇق جيەكلىك تون كىيىۋالغان، بېلىگە بىر تال قەدىمكى موغۇل شەمشىرىنى ئېسىۋالغانىدى.

مەمەدەلى خان يېنىدىكى هۆدەيچىگە بىر - ئىككى ئېغىز پىچىرلىۋىدى، هۆدەيچى بېشىنى لىڭشىتىپ قۇللۇق بىلدۈردى ۋە شاھ سۇپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، هېلىقى يىگىتكە ئىشارەت قىلدى:

— پۇشتىپاناھ ھەزرەتلىرى قەشقەرلىك خوجىزادە جاھانگىر بىن سامساق خوجىنى ئالدىغا كېلىشكە پەرمان قىلدىلەر!

بۇ چاغدا جاھانگىر خوجا دېيىلگەن هېلىقى يىگىت ئورنىدىن تۇردى - دە، شاھ سۇپىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە قوللىرىنى مەيدىسىگە قويۇپ:

— مۇسۇلمانلارنىڭ پۇشتىپاناھى، ئەمىر ئىسلام مۇھەممەت ئەلى شاھىنشاھ جانابىي ئالىيلىرىغا تۈمەن مىڭ تەشەككۈرلەر بولسۇن، ئىككى ئالەم سەرۋەرىگە هەمدۇ شۈكرانىكىم، مەندەك بىر مۇساپىرنىڭ ئەمرۇل ئىسلامنىڭ ئالەمدەك ئىلتىپاتىغا سازاۋەر بولۇشى بەسىي مۇشكۇل ئىدى. بىراق، ئاللاتائالا مەندەك پەقىر ۋە مۇساپىر ئاجىز بىر بەندىسىنى سىلىنىڭ مۇبارەك جامالىرىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر قىلىپتۇ. بۇ ئۇلۇغ مەرھەمەت، ئەلۋەتتە. لېكىن، مەن ئۇنىڭغا مۇناسىپ ئەمەسمەن! بۇنىڭدىن كېيىن سىلىنىڭ مۇبارەكناملىرى بىلەن قەدەم باسقايمەن، مۇلكىي قەشقەرىيدىكى مانجۇ زالىملىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا قىينىلىپ جان تالىشىۋاتقان خەلقىمنىڭ يولىنى مۇنەۋۋەر

---

① «ئاسىيالارنى تىنچىتىش چارىلىرى»، 33 - جىلد، 22 -، 23 - بەتلەرگە ۋە داۋگۇاڭنىڭ 6 - يىلى 1 - ئاينىڭ 12 - كۈنىدىكى چاڭلىڭنىڭ مەلۇماتىغا قارالسۇن.

ئەيلەپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى شەۋكەت ۋە ھالاۋەتكە تولدۇرغايمەن!

مەمەدەلى خان جاھانگىر خوجىغا ئۆزىنىڭ ئالدىغا كېلىشكە ئىجازەت بەردى ۋە ئۇنىڭغا مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلىپ قارىدى. بىراق، جاھانگىر خوجا قوقان خانىنىڭ چاقناپ تۇرغان قىيسىق كۆزىدىن بەتنىيەتلىك ئالامەتلىرىنى سەزگەندەك بولدى.

خان ئۇنىڭدىن ئاتىسى سامساق خوجىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنكى ئەھۋالىنى تەپسىلىي سورىدى[1].

جاھانگىر خوجا خانىنىڭ سوئاللىرىغا قىسقا ۋە سەمىمىي جاۋاب بەرگەندىن كېيىن:

— مەن ئىشىنىمەنكى، — دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — يات ئاردا ۋەتىنىم مۇلكىي قەشقەرىيەدە بىر قېتىم قىرغىن بولغۇسى. مەن ئەنە شۇ چاغدا خەلقنى باشلاپ مەيدانغا بۆسۈپ كىرىپ، ئۆتكۈر قىلىچىم بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئادالەت تۇغىنى قوغدايمەن. قولدىن كەتكەن بەختىمنى ۋە تەختىمنى لەنتى مەنچىڭلارنىڭ قولىدىن قايتۇرۇۋالىمەن! ئەمىر ئىسلامنىڭ مېنى قوللىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. يىراقتىكى مەن ئۈچۈن يات بولغان ئاشۇ ۋەتىنىمگە ئىسلام لەشكەرلىرىنى باشلاپ بېرىپ، ئەينى يىللاردا بۈيۈك پەدەرى بۇزرۇكۋار بوۋام، قۇيۇن ئەۋلىيا بۇرھانىدىن خوجىنىڭ مۇبارەك قەدەم ئىزلىرىنى كۆزۈمگە سۈرتۈشنى خالايمەن!

— خوجىزادە، سىزنىڭ بۇنداق ئىرادىگە كېلىشىڭىز نېمە سەۋەبتىن؟ بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىزمۇ؟ — دەپ سورىدى مەمەدەلى خان ۋە مۇلازىملىرىغا شەربەت كەلتۈرۈشنى بۇيرۇدى. ئۇ بىر تەرەپتىن جاھانگىر خوجىنى شەربەتكە تەكلىپ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ

---

① سامساق خوجا مىلادى 1820 ـ يىلى كۆزدە ئۆزىنىڭ قوقاندىكى ئۆيىدە ۋاپات بولغانىدى. بۇ ھەقتە كروپاتكىن يازغان «قەشقەرىيە» دېگەن كىتابنىڭ 1983 ـ يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1984 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ باسمىسى 207 ـ بەتكە قارالسۇن.

جاۋابىنى دىققەت بىلەن ئاڭلايتتى.

— پۈشتىپاناھىمىغا مەلۇم بولغايكى، تاغنىڭ بېشى قارسىز بولمىغىنىدەك، يىگىتنىڭ بېشىمۇ خەتەرسىز بولماس. بىزنىڭ قەشقەردىكى ئادەملىرىمىزنىڭ بەرگەن مەلۇماتىدىن قارىغاندا، قەشقەر مۇسۇلمانلىرى گەرچە مانجۇ زالىملىرىنىڭ ياۋۇز ھۆكۇمرانلىقى ئاستىدا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا بىز خوجىزادىلەرنىڭ قايتىپ كېلىشىگە ئىنتىزار بولۇشماقتا. ئۇلار لەنتى مەنچىڭلارنى ئەل - يۇرتىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىشقا بىر ئۆلۈش بولسىمۇ ھەسسە قوشۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ جان، بىيان مال - دۇنيالىرىنى ئىئانە قىلىشىپ كېلىشتى. . .

— بىز قوقان مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئۆزىمىزنىڭ خوش پېئىل، ئىسلام ئەقىدىسىگە بولغان ۋاپادارلىقىمىز ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىمىز بىلەن ئەتراپىتىكى ئەللەرگە ئۈلگە بولۇپ كېلىۋاتىمىز. ۋەھالەنكى، ھەدىستە: «كۆللى مۇسۇلمان ئىخۋەتۇن» دېيىلگەن شۇنداق ئىكەن، سىزنىڭ مۇساپىر بولۇشىڭىز بىزنىڭ ھوزۇرىمىزغا كىرىشىڭىزگە ۋە شاپائىتىمىزگە نائىل بولۇشىڭىزغا قانداقمۇ توسالغۇ بولالىسۇن؟! گەرچە، خاقانى چىن ھۆكۈمىتى سىز خوجىلارنىڭ بۇ ئەلدە خاقانى چىن سەلتەنىتىگە قارشى يوشۇرۇن ئىش ئېلىپ بېرىشىڭلارنى تەقىپ قىلىشىمىز ھەققىدە، بەلكى سىزلەرنى تۇتۇپ ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بېرىشىمىز ھەققىدە ئىنايەتنامە ئەۋەتكەن بولسىمۇ، ھەتتا بۇنىڭ بەدىلىگە يىلىغا بىزگە 200 يامبۇ يەنى يىگىرمە مىڭ سەر تەڭگە ئۆلپان تۆلەشكە ماقۇل بولغان بولسىمۇ[1] ئەمما خوجىزادەم، شۇنىڭغا ئىشەنگەيسىزكى، سىزلەرگە غەمخورلۇق قىلىش — بىزكىم ئەمىر ئىسلامنىڭ مۇسۇلمانلىق بۇرچىمىز، دەپ تونۇيمىز! چۈنكى، سىزلەر

---

① بۇ ھەقتە كروپاتكىن يازغان «قەشقەرىيە» دېگەن كىتابنىڭ 1983 - يىلىدىكى ئۇيغۇرچە نەشرىنىڭ 206 -، 207 - بەتلىرىگە قارالسۇن.

www.uyghurkitap.com

زاماننىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغانسىزلەر، زامان ئۆزى شۇنداق، دائىم دانا، پازىللارنى ئۇرۇپ - سوقۇپ كەلگەن! ئىراق، خوجىزادەم، ئېيتىپ بېقىڭچۇ، سىز بۇ ئۇلۇغ ئىشنى قانداق ۋۇجۇدقا چىقارماقچى بولۇۋاتىسىز؟

— بۇ ئۇلۇغ ئىشنى باشلاشتىن ئىلگىرى، بىز ئادالەتپاناھ ئەمىر ئىسلام جانابىي ئالىيلىرىنىڭ بىزگە ئىنايەتنامە بېرىشىگە موھتاجمىز، — دەپ ئىلتىجا قىلدى جاھانگىر خوجا ئورنىدىن تۇرۇپ.

— خوجىزادەم، سىز نېمىنى كۆزدە تۇتۇپ مۇنداق دەيسىز؟

— بىز قەشقەر مۇزاپىتىگە يېقىن بولغان نارىنغا بېرىپ، تاغلىق قىرغىز - قىپچاق قېرىنداشلىمىز ئارىسىدا سۇلۇك تەرغىباتى يۈرگۈزمەكچىمىز. جاي - جايلارغا ئادەم ئەۋەتىپ، بارلىق قەشقەرلىك مۇساپىرلارنى مانجۇ زالىملىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى ئادالەت تۇغى ئاستىغا توپلىنىپ، ھەق يول ئارا پىدائىي بولۇشقا چاقىرىمىز، دېگەن ئويدىمىز!

— سىلەر قەشقەرىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ دىشۋارچىلىق ھەر قانداق ئىنسان تائىپىسىنىڭ بېشىغا كەلمىگەي! — دېدى مەمەدەلى خان ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ قويغاندىن كېيىن، — بىز بىلگەن ئەھۋاللارنىڭ بىنورماللىقىدىن قەشقەرىيىنى ئىراقلا ئىگىلىۋالىشقىلار مۇمكىن ئەمەستەك قىلىدۇ. خوجىزادەم، قەشقەرىيە مۇسۇلمانلىرىنىڭ بىتەلەيلىكىنىڭ، بەختسىزلىكىنىڭ مەنبەسى نېمە ئىكەنلىكىنى ئويلىدىڭىزمۇ؟

— بۇ ئىش توغرىلىق كۆپ ئويلىدىم. ئىراق، مېنىڭ دېگەنلىرىم پۈشتپاناھىمنىڭ مۇبارەك دىلىدا ئويلىغانلىرى بىلەن بىر يەردىن چىقماسمىكىن، دەپ ئەنسىرەيمەن!

— قېنى ئېيتىپ بېقىڭچۇ؟

— بىز خەقنىڭ بىتەلەيلىكىنىڭ مەنبەسى كۆپ تەرەپلەردىكى

ئامىللارغا باغلىقتەك قىلىدۇ.

— مەسىلەن؟ . . .

— مەسىلەن ئالايلۇق، بىزدىكى مەزھەپ نىزاپەتچىلىكى ۋە يۇرتۋازلىقتەك تەپرىقاتچىلىق تۇپەيلىدىن، بۇ خەلقنى قايتىدىن بىرلەشتۈرۈشكە ھېچكىم قىزىقمايدىغان بولۇپ قالدى. قارايدىغان بولساق، پىر ـ ئەۋلىيا دەپ ھۆرمەتلەيدىغان ئاشۇ بوۋىلىرىمىز نەچچە يۈز يىلدىن بېرى ئاللا ئۆزىگە بۇيرۇمىغان دەھرىي ھاكىمىيەتنى بىر ـ بىرىدىن تالىشىپ، ھەمىشە ئاقتاغلىق، قارا تاغلىق بولۇشۇۋېلىپ، توختىماستىن جەڭگى ـ جېدەل قىلىشىپ كېلىشىپتۇ. ئاقتاغلىقلار مەزھىپىدىكىلەر قارا تاغلىقلارنى «قارا ئازما، قارا مۇسۇلمان» دەپ، ئۆز يۇرتلىرىدىن تەركىدۇنيا قىلسا، قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكىلەر ئاقتاغلىقلارنى «نوقانچى ئاق داستارلار» دەپ ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى زادىلا ئېتىراپ قىلماپتۇ. مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ قەشقەر، خوتەن، يەكەن، ئاقسۇ، ئۇچتۇرپان، كۇچا، قاراشەھەر، تۇرپان ۋە قۇمۇل ئۆلكىلىرىدە ياشايدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئەسلىدە بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەھلى ئىدى. گەرچە، ئۇلار ئاقتاغلىقلار مەزھىپىدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن ۋە ياكى قارا تاغلىقلار مەزھىپىدىكى ئۇيغۇرلار بولسۇن، بۇ ئىككى مەزھەپتىكىلەرنىڭ ئەسلى دىيانىتى بىر، پەيغەمبىرىمۇ بىر، ئىمان كەلتۈرىدىغان خۇداسىمۇ بىر ئىدى! پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تەلىم بېرىپ ئۆگەتكىنىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكى ئىدى. ۋەھالەنكى، بۇ پىر ـ ئىشانلارنىڭ ئاچ كۆزلۈكى، تەمەخورلۇقى تۇپەيلىدىن بۇ ئەلدە تەپرىقات، بۆلۈنۈش يۈز بەردى. ھەربىر خوجا بىر سۇلۇك، ھەربىر خوجا بىردىن سۇلۇكنىڭ پىرى بولۇشۇۋالغانلىقتىن، بۇنداق تەپرىقاتچىلىق چىغرىقنىڭ مۇرۇۋۋىتىدەك چىگىسا چىگىدىكى، ھەرگىزمۇ بوشىمىدى. ئاخىر مۇشۇنداق گۇناھى ـ كەبىرنىڭ كاساپىتىدە بىز ئۇيغۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەھلىلىرى ھەبەشىنىڭ چىچىدەك چىچىلىپ كەتتۇق. بىر ـ بىرىگە زادىلا بويسۇنمايدىغان دۈشمەن، ئەشەددىي رەقىبلەرگە ئايلىنىپ قالدۇق. مۇشۇنداق كاج تەقدىر بىزلەرنى پۇچۇق زاغرىغا موھتاج قىلىپ مانجۇلارنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

— بارىكاللا، خوجىزادەم، ئاپىرىن سىــــزگە، — دەپ ئورنىدىن‌تۇرۇپ كەتتى مەمەدەلى خان، — ئاتا ـ بوۋىلىرىڭىز چۈشەنمىگەن ۋە چۈشىنىشنى خالىمىغان بۇ ئاچچىق ساۋاقنى تولىمۇ ياخشى مۇجەسسەملەپسىز! يىگىت چوڭ ئىش قىلىمەن دەپ پۈتىنى شىجائەت ئېتىنىڭ ئۈزەڭگىســـــــگە قويغاندا، ئالدىنقىلارنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىنى ئۇنتۇماسلىقى لازىم. ئاللا تائالانىڭ شاراپىتىدە بەخت ـ تەلەي ھۇمايۇن قۇشى خەلقىڭلارنىڭ تەقدىر ئاسمىنىدا نەچچە رەت ـ نەچچە رەت قانات قاققانىدى. بىراق، ئېيتىپ بېقىڭچۇ خوجىــزادەم، گۆشـــــى، قېنـــــى، تىرىكچىلىكى، يېرى، تىلى، دىلى، تارىخى، ھەتتا ئىــمان ـ ئېتىقادى بىر بولغان پۈتۈنسۈرۈك خەلقنى كىم قەشقەرلىــك، ئاتۇشلۇق، خوتەنلىك، يەكەنلىك، ئاقسۇلۇق، ئۇچتۇرپانلىق، كۇچالــق، قاراشەھەرلـــك، تۇرپانلىــــق، قۇمۇللۇق. . . ۋەھاكازالارغا، «ئاقتاغلىق» ، «قارا تاغلىق» دەپ بىر ـ بىرىگە دۈشمەن ئىككى گۇرۇھقا ئايرىپ تاشلىدى؟ ئاشۇ نائىــنساپ قەشقەر خوجىلىرى ئەمەسمۇ؟ ئۇلارنى كىم بىر ـ بىرىنىڭ قېنىنى تۆكۈشكە چاقىردى؟ ئاشۇ ناكەس قەشقەر خوجىلىرى ئەمەسمۇ؟ ئاشۇ تۈگىمەس ـ پۈتمەس مەزھەپ تەپرىقاتچىلىقىنىڭ جەڭگى ـ جېدەللىرىدە جان پىدالىق، يىگىتلىك نامىغا ئۈزۈپ كەلتۈرۈلگەن سان ـ ساناقسىز باشلار كىملەرنىڭكى؟ پۈتۈنسۈرۈك ئۇيغۇرنىڭ قۇدرەتلىك تىرىكچىلىك دەرىخىنىڭ يىلتىزىغا پالتا چاپقانلار زادى كىم؟ مۇشۇمۇ يىگىتلىكمۇ؟ قەھرىمانلىقمۇ؟ غالىبىيەتمۇ؟ كىم كىمنى يەڭمەكچى؟ خوجىزادەم، قەشقەر خوجىلىرىنىڭ مۇشۇ شەرمەندىلىك بىلەن تولغان قارا تارىخىلا سىز ۋە بىزنىڭ كۆز

ئالدىمىزدا ھەددى - ھېسابسىز پاجىئەلىك مەنزىرىلەرنى قاتارلاشتۇرۇپ تىزىپ چىقىدىغۇ؟!...

— شۇنداق، تولىمۇ دانا گەپ قىلدىڭىز، ئى پۇشتىپاناھ، — دېدى جاھانگىر خوجا، — ئەجدادىمنىڭ قارا بولغان يۈزىنى ئاقلايدىغان پەيت يېتىپ كەلگەندەك قىلىدۇ! مەن ئاشۇ ئۇرۇش مەيدانىغا ئېتىلىپ باراي دەيمەن. ئاشۇ قارا يۈز ئەجدادىمنىڭ كاساپىتى بىلەن بېشىمىزغا بالا - قازا يېغىپ، قاتمۇ قات پېشكەللىكلەرگە ئۇچرىدۇق. بىزدىن بەخت - تەلەي، خۇشاللىق دېگەنلەر پاك - پاكىز قېچىپ كەتتى!... دېمەك، رەھىمسىز پەلەك: «ئەجدادلىرىنىڭ ئىلگىرى سادىر قىلغان خاتالىق، سەۋەنلىكلىرىنى تونۇپ، ئۆتكۈزگەن گۇناھى - كىبىرلىرىگە توۋا قىلسۇن» دەپ بىزنى قولىدا خۇددى سەمەرقەند ئالمىسىدەك ئوينىتىپ، تەقدىر - قىسمەتنىڭ باياۋانلىرىغا ئاپىرىپ تاشلىدى. ئەلھال، قاراڭغۇ، زەي قەبرىلەردە چىرىپ، خاك - تۇپراققا ئايلانغان ئاشۇ سان - ساناقسىز بىگۇناھ خەلقنىڭ روھى يۇقىرى ئاۋاز بىلەن بىزنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىشقا چاقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندەك بولۇۋاتىمەن!

— ئى خوجىزادەم، بۇ ئۇلۇغ ئىشقا قانچىلىك كۈچ بىلەن ئاتلانماقچى بولۇۋاتىسىز؟

— پۇشتىپاناھىمغا مەلۇم بولغايكى، — دېدى جاھانگىر خوجا قوللۇق بىلدۈرۈپ تۇرۇپ، — بىز قارا كۈچكە ياكى ئادەم سانىنىڭ كۆپلۈكىگە تايىنىپلا مانجۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلەلمەيمىز. بىز پەقەت ئاللا بىزنى ئەزىز قىلغان دىنىي ئىسلامغا تايىنىپ ئۇرۇش قىلىمىز. مانجۇلاردىن بىزار بولغان ۋە ئۇلارنى يامان كۆرىدىغان كىشىلەر بىلەن، ھەق يول ئارا شېھىت بولۇشتىن قورقمايدىغان پىداكارلار بىلەن بىللە جەڭگە ئاتلىنىمىز. بىز بۇ جەڭدە ياكى غەلىبە قىلىش، ياكى شېھىت بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىگە ئىگە بولىمىز!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

— بارىكاللا، بىز سىزگە ئىنايەتنامە بەردۇق ئەمىسە، — دېدى ئۇنىڭ سۆزىدىن تەسىرلەنگەن مەمەدەلى خان ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، — سىز قەشقەرلىق مۇساپىرلار ئارىسىدىن پىدائىي چاقىرىپ لەشكەر تۈزۈڭ. بىزمۇ ھەرقايسى قىر خەلقىنىڭ ئەمىرلىرىگە يارلىق يازايلى. ئۇلار ئۆز ئادەملىرىنى ئۆزلىرىنىڭ تۇغى ئاستىغا توپلىسۇن ۋە تەلەپ بويىچە ئۇرۇشقا تەييارلانسۇن! — ئاندىن ئۇ تاج قادالغان سەللىسىگە قىستۇرۇقلۇق بىر نەيچە قەغەزنى قولىغا ئالدى — دە، ھۆدەيچىگە سۇندى ۋە:

— ئوقۇڭ! — دەپ ئەمىر قىلدى.

ھۆدەيچى خانغا ئىگىلىپ تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئىنايەتنامىنى كۆزىگە سۈرتتى ـ دە، ئوقۇشقا باشلىدى:

«. . . ياراتقۇچى قادىر ئاللا دۇنيانىڭ ئەھۋالاتلىرىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر. ئىنسان ۋە مالائىكىلەرنىڭ خوجىسى بولغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شەرىئىتىنىڭ ئۆتكۈر نۇرى بۇ مۇلكىي قەشقەرىيە خەلقىنىڭ بېشىنىڭ ئۇستىدە يېنىپ تۇرغان مەشئەلدۇر. ئۇممەتلىرىگە چەكسىز مېھرىبان پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەرىئەت نۇرلىرىنىڭ تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشى ئۈچۈن بولىدىغان بۇ جەڭدە جان پىدالىق كۆرسىتىش ھەربىر ئىسلام باھادىرىنىڭ بۇرچىدۇر. بۇ جەڭدە ياكى غەلىبە قىلىش، ياكى شېھىت بولۇشتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىق ھەربىر باھادىرنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ جەڭنىڭ خاسىيىتى ۋە نەتىجىسى يۇقىرىلارنىڭ ئاسايىشلىقىغا سەۋەب بولۇر. بۇ بەش كۈنلۈك ئالەم ئۆتۈپ كېتۇر. بىراق، قىيامەت كۈنى مۇشەققەتلىكتۇر. تاپشۇرۇلغان بۇ خاسىيەتلىك بۇرچ ـ مەجبۇرىيەتنى ياخشى ئادا قىلىپ، ئاخىرەتلىكىڭىز ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭ. ئاللانىڭ نامى بىلەن غازاتقا ئاتلىنىڭ. ئاللانىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن، ئۆزىڭىزنىڭ دۈشمەنلىرى بىلەن ئاداققىچە ئېلىشىڭ.

ۋەللەھۇ ئەئلەم، ئامىن!»

جاھانگىر خوجا ھۆدەيچىنىڭ قولىدىن مەمەدەلى خاننىڭ ئائىلە ئىنايەتنامىسىنى ئېلىپ كۆزىگە سۈرتكەندىن كېيىن بېشىدىن ئۈچ قېتىم ئېگىز كۆتۈرۈپ ھۆرمەت بىلدۈردى. ئاندىن قوينىغا سېلىپ، كەينىچە ماڭغىنىچە شاھنىشىندىن چىقىپ كەتتى.

*　　　*　　　*

قوقان خانلىقى ئالىم خان، ئۆمەر خان ۋە مەمەدەلى خانلارنىڭ زامانىدىن تارتىپ قۇدرەت تېپىشقا باشلىدى. خاقانى چىننىڭ تەسەررۇپىدىكى مۇلكىي قەشقەرىيە بىلەن بولغان سودا ئۇلارنى تېخىمۇ قىزىقتۇراتتى. شۇڭا، قوقان خانلىقى ئارىلىقىدىكى تامغا بېجىدىن كىرىدىغان پايدىغا بىۋاستە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن خاقانى چىن ھۆكۈمىتىگە قوقانلىق سودىگەرلەردىن ئېلىنىدىغان سودا بېجىنى كەچۈرۈم قىلىش تەلىپىنى قويدى ۋە مۇلكىي قەشقەرىيىدە سودا قىلىۋاتقان قوقانلىق سودىگەرلەردىن بىۋاستە تامغا بېجى ئېلىش ئۈچۈن مانجۇلارنىڭ قەشقەردىكى ھاكىمبەگلىرى تەيىنلىگەن قۇتىدارلارنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ ئاقساقاللىرىنى ئەۋەتىشكە ئۇرۇندى.

پامىر ئەتراپىدىكى بۇخارا، خىۋە، بەدەخشان قاتارلىق ئەللەرنىڭ قوقان زېمىنى ئارقىلىق مۇلكىي قەشقەرىيە بىلەن سودا قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن قوقان خانلىرى پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن خانلىقنىڭ ھەربىي كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئارقا تىرەك قىلىپ تۇرۇپ، بۇ ئەللەردىن تامغا بېجى ئېلىشقا باشلىدى ھەمدە قوقانلىق ۋە چەت ئەللىك سودىگەرلەرگە بولغان كونتروللۇقنى تەدرىجىي كۈچەيتىشكە باشلىدى.

www.uyghurkitap.com

قوقان خانلىقى غايەت زور بايلىق جۇغلاش بىلەن بىللە، مونارخىيىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، ھەربىي ھازىرلىقلارنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈپ، چەت ئەللەرگە قارشى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇرۇش قوزغىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خاقانى چىن بىلەن بىۋاستە توقۇنۇشۇپ قالماسلىق ئۈچۈن خاقانى چىن ھۆكۈمىتى بىلەن كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ تىنچ دىپلوماتىك مۇناسىۋەتنى ساقلىدى. لېكىن، بۇ يۈزەكى ھالەت قوقان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ قەشقەر خوجىلىرىدىن پايدىلىنىپ، مۈلكىي قەشقەرىيىگە سىڭىپ كىرىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك مەقسىتىنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغانلىقىنى ھەرگىزمۇ يېپىپ قالالمىدى. . .

*　　　　*　　　　*

مانجۇ سەلتەنىتى تەڭرىتاغلىرىنىڭ شىمالى بىلەن جەنۇبىدىكى كەڭ جايلاردا قارار تاپقاندىن كېيىن مانجۇلار بۇ جايلارنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقىنى، مۇقىملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن كۆپلەپ خىل ھەربىي قوشۇن تۇرغۇزدى؛ مۇسۇلمان شەھەرلىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك ئۇيغۇر بەگلىرى ئۆزلىرىنى تۇرلۇك ئىمتىيازلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا، مانجۇ ھاكىمىيىتىگە ۋاكالىتەن ئۆز خەلقىنى قاتتىق تەقىپ قىلدى؛ ئۇيغۇرلاردا بىرلىككە كەلگەن مىللىي ئاڭنىڭ كەمچىل بولۇشى تۈپەيلىدىن، كەڭ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مانجۇ ئىستىبداتىغا قارشى مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى كەڭ قانات يايالمىدى. گەرچە، مانجۇلار جەنۇبتىكى مۇسۇلمان يۇرتلىرىنى ئىدارە قىلىش جەريانىدا ئىلتىپات ـ شاپائەت بىلەن سۈر ـ ھەيۋىنى ئۆزئارا نۆۋەتلەشتۈرۈپ قوللىنىش ئارقىلىق، مۇسۇلمانلار يۇرتىدا بىرقەدەر ئۇزاققا سوزۇلغان تىنچ ـ ئاسايىشلىق ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈشكە مۇۋەپپەق بولالىغان بولسىمۇ ئەمما ئۇلار

هۆكۈمران مىللەت بولغان مانجۇلارنىڭ توپ مەنپەئەتىنى چىقىش قىلغانلىقتىن، ئۇلار مۇسۇلمان يۇرتلىرىدا تۈزۈپ يولغا قويغان سىياسەت، ئەمىر - پەرمان ۋە تەدبىر - چارىلەردە ئالدىنى ئېلىپ توسۇش — يېتەكلەشتىن كۆپ بولدى؛ باستۇرۇش — تەسەللى بېرىپ، بېشىنى سىلاشتىن كۆپ بولدى؛ ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئاز ساندىكى يۇقىرى قاتلام ئۇنسۇرلىرىنى سېتىۋېلىش — كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا غەمخورلۇق قىلىپ دەردىگە دەرمان بولۇشتىن كۆپ بولدى؛ ئۇيغۇرلار بىلەن قىرغىزلار، ئاقتاغلىقلار مەزھىپى بىلەن قارا تاغلىقلار مەزھىپى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن پايدىلىنىپ، بۆلۈپ - پارچىلاپ ئىدارە قىلىش — ئۇلارنى ئىناق - ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتىن كۆپ بولدى ۋەھاكازالار.

خاقانى چىن مىلادى 1760 - يىلى مۇسۇلمانلار يۇرتىنى ئىستېلا قىلغاندىن باشلاپ مىلادى 1820 - يىلىغا قەدەر، ئۇيغۇرلار مانجۇ سەلتەنىتىنىڭ زۇلمىغا قارشى جەمئىي ئۈچ قېتىم ئىسيان كۆتۈردى: بىرى، مىلادى 1760 - يىلى قەشقەردە يۈز بەرگەن بەشكېرەم يېغىلىقى؛ بىرى، مىلادى 1765 - يىلى ئۇچتۇرپاندا پارتلىغان ئۇچتۇرپان يېغىلىقى؛ يەنە بىرى، مىلادى 1815 - يىلى قەشقەردىكى تاشمىلىقتا يۈز بەرگەن زىياۋۇدۇن ۋەقەسى[①].

بۇ ئىسيانلار ئاسىيانىڭ شەرقىي قىسمى بىلەن ئىچكىرى قىسمىنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ سوراۋاتقان قۇدرەتلىك خاقانىي

① زىياۋۇدۇن ۋەقەسى - مىلادى 1815 - يىلى قەمەرىيە 3 - ئايدا قەشقەرنىڭ غەربىي - جەنۇبىدىكى تاشمىلىق دېگەن يەردە يۈز بەرگەن ۋەقە. بۇ ۋەقەنىڭ ئۆتمۈشى مۇنداق: مىلادى 1814 - يىلى قەمەرىيە 3 - ئايدا، تاشمىلىق مەسچىتىنىڭ ئىمامى زىياۋۇدۇن ئاخۇن قەشقەر ھەزرەتتە ئولتۇرۇشلۇق ئاقتاغلىقلار مەزھىپىدىكى قاسىم خوجا دېگەننىڭ قىزى بەھرىنىسانى نىكاھىغا ئالماقچى بولغاندا، قەشقەر ھاكىمبېگى يۇسۇپ بەگ قارا تاغلىقلار بىلەن ئاقتاغلىقلار ئۆز ئارا نىكاھلاشسا بولمايدۇ، دېگەننى باھانە قىلىپ، ئۇنىڭ قىزنى يۆتكەپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلمايدۇ. زىياۋۇدۇن ئاغىنىسى، بۇرۇت قىپچاقلىرىنىڭ بېگى تۇردى مۇھەممەت بىيى بىلەن بىللە نەچچە يۈز ئادەمنى باشلاپ قەشقەر ھاكىمبېگى يۇسۇپ بەگكە قارشى ئىسيان كۆتۈرىدۇ ۋە ئىككىنچى يىلى 8 - ئايدا مانجۇلارنىڭ ئات قېرمىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، قارا چېرىكلەرنى ئۆلتۈرىدۇ. 9 - ئايدا، زىياۋۇدۇن قاتارلىقلار بەختكە قارشى قولغا چۈشۈپ قېلىپ ئۆلتۈرۈلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

چىنىنىڭ نەزەرىدە ھېچنىمىگە ئەرزىمەيدىغان بەلكى مىللىي ئاڭ بىرلىكى كەمچىل بولغانلىقتىن زور تەسىر قوزغىيالىشىمۇ مۇمكىن بولمايدىغان بىر ئىشتەك قىلاتتى. بىراق، مىلادى 1820 ـ يىللىرى جاھانگىر خوجا باشچىلىقىدىكى قەشقەرلىق خوجا ئەۋلادلىرى قەشقەرىيە مۇزاپىتىدە تەشكىللىك ئاساستا غازات قىلىشقا باشلىغاندىن بېرى، خاقانى چىنىنىڭ تەسەررۇپىدىكى بۇ مۇسۇلمان يۇرتلىرى تەدرىجىي داۋالغۇشقا باشلىدى. ئۇيغۇرلار بۇ غەليانلارغا تۇشمۇ تۇشتىن قوزغىلىپ ئاۋاز قوشۇپ، ئاكتىپ قاتنىشىپلا قالماستىن، بەلكى دىنىغا سىياسىي، ئىقتىسادىي جەھەتتە تۇرلۇك مەقسەتلەرنى پۇككەن قوقان خانلىقىمۇ بۇ غەليانلارنى ئاكتىپ قوللىدى. ھالبۇكى، بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئاشۇ كىچىك كۆلەمدىكى تۇرلۇك ئىسيانلار قەشقەرلىق خوجا ئەۋلادلىرى قوزغىغان بىر قاتار پاراكەندىچىلىكلەرنىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ قالدى...

*　　　　*　　　　*

ھىجرىيە 1241 ـ يىلى زۇلھەججەنىڭ ئونىنچى كېچىسى[1]. بىر توپ قوراللىق كىشىلەر ئاتلىرىنى مىنىپ، ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل جىلغا ئىچىدە ئىلگىرىلەپ كېتىپ باراتتى. ئەتراپ قاراڭغۇلۇق باسقان جىمجىت كېچە ئىلكىدە بولۇپ، ئاتلارنىڭ تۇيىقىنىڭ تىۋىشىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئاسماندا تېخى ئاي تۇغمىغانىدى. شۇنداقتىمۇ ئاي چىقىدىغانلىقىدىن خەۋەر بەرگەندەك غۇۋا شولىسىنى چېچىپ تۇراتتى. بۇ يەرنىڭ ئەتراپى تاغ بىلەن قورشالغان... پەقەت ئالدى تەرەپتىكى ۋادىدىن ئاندا ـ ساندا ئاڭلىنىپ قالىدىغان ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازىدىن باشقا

---

① مىلادى 1826 ـ يىلى قەمەرىيە 6 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى.

ھېچقانداق سادا - ئاۋازمۇ ئاڭلانمايتتى. ھەتتا، غۇر - غۇر شامالمۇ يوق ئىدى. ھازىر گەرچە ئاي تۇغقان بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ نۇرى بۇ جىلغىنىڭ بولۇڭ - پۇچقاقلىرىغا تېخى يېتىپ كېلەلمىگەنىدى.

جاھانگىر خوجا ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى قەشقەرگە قىلىدىغان تۇيۇقسىز ھۇجۇم يۈرۈشىگە ئاران 500 دەك ئادىمىنى باشلاپ ماڭغانىدى. بۇ كىشىلەرنىڭ زور كۆپچىلىكى قىپچاق پىدائىيلىرى بولۇپ، ئۇلار: «كاشغەرگە بارىمىز ۋە بۇ جاينى ئالىمىز، مانجۇلارنى قول - ئەسىر قىلىپ، غولدا - زەنجىرلەر بىلەن مەھكەم باغلاپ، مال - دۇنيا بىلەن قايتىمىز» دەپ خام تامالارنى ئوت ياقمىغان قازانغا سېلىپ تەييارلاپ پىشۇرۇپ، چىشى يوق قۇرۇق ئاغزىدا چايناپ لەزەتلىنىپ خۇش بولۇشۇپ مېڭىشقانىدى.

ئەسلىدىكى پىلان بويىچە، جاھانگىر خوجا قۇربان ھېيتنىڭ ھارپا كۈنى كېچىسى ئاستىن ئاتۇشقا يېتىپ كېلىشى ۋە ناماز كۈنى ھەزرىتى سۇلتان مازىرىغا نامازغا يىغىلغان ئالاماننى باشلاپ قەشقەرگە تېگىش قىلىشى كېرەك ئىدى.

جاھانگىر خوجا ئەتراپىنى قاپلىغان مەشئۇم قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كېتىۋېتىپ بىردىنلا تېنى شۈركەنگەندەك قىلدى. ئۇ كەينىگە يېنىپ قايتىپ كەتمەكچىمۇ بولدى. ئۇنىڭ دەككە - دۈككىگە چۆمگەن كۆڭلىگە پۈتكۈل يەر - زېمىن تار كېلىپ قالغاندەك بولاتتى. ئۇنىڭ مېڭىشى، نەگىدۇر بېرىشى كېرەك ئىدى. ئۇ مۇشۇ ئەتراپتا دۈشمەن بارلىقىنىمۇ، ئۆزىنىڭ مۇشۇ تاپتا مانجۇلارنىڭ تۆمۈر قورشاۋىدەك مۇھاسىرىسى ئىچىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنىمۇ ئوبدان بىلەتتى. چۈنكى، بۇ قېتىمقى قەشقەر ئۇرۇشىدا ئۆزىنى نۇسرەت ياكى مەغلۇبىيەت كۈتۈپ تۇرغانلىقى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرقى ئاي نۇرىدەك تولىمۇ غۇۋا ئىدى.

ئۇ شۇ ھالەتتە خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن يەر ئۈستىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

پەسلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ ئارقىدىكىلەرنى توختاشقا ئىشارەت قىلدى ۋە ئەتراپنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ئۇ يىراقتا قارىيىپ جىمجىت تۇرغان دەرەخلەردىن باشقا ھېچنېمىنى پەرق ئېتەلمىدى. بىراق، ئاقىرىپ كۆرۈنۈۋاتقان ئاسماننىڭ بىر چېتىدە تۇرغان ئېگىز مۇنار ۋە قۇببىنى غىل - پال كۆرۈپ قالدى - دە، ئۆزلىرىنىڭ ئاتۇشقا يېتىپ كېلەي دەپ قالغانلىقىنى سەزدى ئەمما كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. بۇ راستمۇ؟... ھەزرىتى سۇلتان مازارىغا ئېلىپ بارىدىغان يول ئۇچۇق. ئەمدى ئۇنىڭ ئۇچۇن ئادىشىپ يولدىن ئېزىپ كېتىشتىن ئەندىشە قىلىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى. چاققان، چاققان بولۇش كېرەك! تاڭ يورۇغىچە مازارنىڭ مۇستەھكەم ئاسار - تاملىرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ بېكىنىۋېلىش كېرەك. بولمىسا، مانجۇلار بۇ غىلتاڭ سايدا ئۇلارنى ئوققا تۇتۇپ، خۇددى كەكلىكنى سوققاندەك سوقۇپ ۋەتۆەرىكىنى چىقىرىشلىرى مۇمكىن!

ئۇ ئادەملىرىگە ئىتتىك مېڭىش ھەققىدە ئىشارەت قىلدى - دە، ۋادىغا قارىتىپ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇپ بەردى...

* * *

موڭغۇل ئاق تۇغلۇق قوشۇنىنىڭ سەردارى، خاقانى چىنىنىڭ قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى چېڭشياڭ خاقانى چىنىنىڭ ئىسلىق، تۆشۈكتاش چېگرا قاراۋۇلخانىلىرىنىڭ مەلۇماتىنى تېخى بۈنىڭدىن ئىككى كۈن ئىلگىرى تاپشۇرۇۋالغانىدى.

«... جاھانگىر خوجا، — دېيىلگەنىدى بۇ مەلۇماتتا، — بەش يۈزدىن ئارتۇق بۇرۇت قىرغىزلىرىنى باشلاپ، 14 - كۈنى كېچىدە ئىسلىق قاراۋۇلخانىسى بىلەن تۆشۈكتاش قاراۋۇلخانىسىنىڭ ئارىلىقىدىن چېگرىنى بۇزۇپ ئۆتتى.

بىلىشىمىزچە، ئۇلار ئۇدۇل ئاتۇشقا قاراپ ماڭغاندەك قىلىدۇ...»①

مەسلىھەتچى ئامبال چىڭشياڭ بۇ مەلۇماتنى تاپشۇرۇۋېلىپلا 500 دەك قارا چېرىكنى باشلاپ ئۇدۇل ئاتۇشقا قاراپ باستۇرۇپ كەلدى ۋە جاھانگىر خوجا بېكىنىۋالغان ھەزرىتى سۇلتان مازىرىنى قاتمۇقات قورشىۋالدى.

ئىشنىڭ باشلىنىشىدىلا ئۆزى ئويلىغاندەك بولمايۋاتقانلىقىغا جاھانگىر خوجىنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كەلدى.

— ئىسلام باھادىرلىرى، مانجۇ كۇچۇكلىرىنى ئوق بوران قىلىپ، ئەبجىقىنى چىقىرايلۇق! — دەپ ۋارقىراپ قوياتتى ئۇ قىپچاقلارنىڭ روھىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن تامنىڭ ئارقىدا تۇرۇپ.

قورشاۋ تارايغانسېرى، مازار ئىچىدىكى قىپچاقلارمۇ چىڭ قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. ئۇلار تامغا يامىشىپ چىقىۋاتقان قارا چېرىكلەرنى قىلىچلاپ تاشلىشاتتى. قىپچاقلار ئاتقان ئوقلار خۇددى يەر - زېمىننى قاپلاپ كېلىۋاتقان چېكەتكىدەك ۋىژىلداپ ئۇچۇپ بېرىپ مانجۇلارغا تارسىلداپ سانجىلاتتى. ئادەملەرنىڭ باشلىرى ئۈستىدە قىلىچلار، نەيزىلەر ئويناتتى. ۋارقىرىغان، سۈرەن سالغان، بىر - بىرىگە لەنەت ياغدۇرغان ئادەملەرنىڭ ئاۋازلىرى، تۆمۈرلەرنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى بىر - بىرىگە قوشۇلۇپ، دەھشەتلىك سادا پەيدا قىلىغانىدى، ئىككىلا تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى خۇددى كېسىلىۋاتقان ئورماندەك ئۈزلۈكسىز قىرىلىۋاتماقتا ئىدى.

ئايلانمىسى بەش چاقىرىمدەك كېلىدىغان ھەزرىتى سۇلتان مازىرى ئۈچ قەۋەت قېلىن ئاسار - تام بىلەن ئىھاتە ئىچىگە

---

① بۇ ھەقتە «ئاسىيالارنى تىنچىتىش چارىلىرى»، 12 جىلد، 20 - 23 - بەتلەرگە ۋە داۋگۇاڭنىڭ 6 - يىلى قەمەرىيە 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى چىڭشياڭنىڭ خانغا يوللىغان مەلۇماتىغا قارالسۇن.

ئېلىنغان بولۇپ، تامنىڭ سىرتىدا ئاھالىلەرنىڭ ئۆي - قورۇلىرى بار ئىدى. ئۇرۇش تازا قىزىغان پەيتتە، ئىككىلا تەرەپ ئۆزئارا گال سىقىشىپ، بىر - بىرىنى يانجىۋېتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان چاغدا، مانجۇ - چېرىكلىرىنىڭ ئۆلۈكىنى دېگەن بىر سەردارى شوتىدىن تامنىڭ ئىچىگە سەكرەپ چۈشتى - دە، قولىدىكى نەيزىسىنى ئۆزىگە قارىتىپ ئوقياسىنى بەتلەۋاتقان بىر قىپچاققا ئاتتى. بۇنى كۆرگەن جاھانگىر خوجا قىلىچنى بىرلا شىلتىۋىدى، ھېلىلا نەيزىسىنى قىپچاق لەشكىرىگە قارىتىپ ئاتقان ئۆلۈكىنىڭ ئوڭ قولى بېغىشىدىن ئۈزۈلۈپ چۈشتى. قان ئېقىۋاتقان كېسىكلىك قولىنى ساق قولى بىلەن چىڭ سىقىمداپ تۇتۇۋالغان مانجۇ سەردارى ئۆلۈكىنى داد - پەرياد سالغىنىچە كەينىگە قاچتى، جاھانگىر خوجا كەينىدىن قوغلاپ كېلىپ بىر قىلىچ ئۇرۇپلا ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى...[1]

مانجۇلارنىڭ قورشاۋ ھالقىسىنى ئۈزۈپ چىققان بىر بۆلۈك قىپچاقلار مازار ئىچىدىن ئېتىلىپ چىقىشتى. مانجۇلار ئارىسىدا شۇئان پاراكەندىچىلىك يۈز بەردى. بىراق، مانجۇ مەسلىھەتچى ئامبىلى چىڭشيالىڭ ئۆزىنى تەمكىن تۇتقانلىقتىن ھولۇقۇپ كەتمىدى. ئۇ دەرھال كۈچنى ئىككىگە بۆلۈپ، بىر بۆلۈكىنى مازار ئىچىدىكىلەرنى سىرتقا چىقارماسلىق ئۈچۈن ئۈزۈلگەن ھالقىنى يېپىشۋاشتىن ئۇلاشقا سالدى؛ يەنە بىر بۆلۈكىنى ھالقىنى بۇزۇپ چىقىپ قاچماقچى بولغان ھېلىقى بىر توپ قىپچاقلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاشقا ئەۋەتتى.

ئەمدى مازار ئىچىدىن ھالقىنى بۇزۇپ چىقىشقا ئۇرۇنغانلارنى مانجۇلار ساۋۇت تېشەر ئوق ياغدۇرۇپ قارشى ئېلىشقا باشلىدى. جاھانگىر خوجىنىڭ قالقىنىغا بىرلا قېتىمدا

[1] «ئاسىيالارنى تىنچىتىش خاتىرىلىرى»، 12 - جىلد، 20 -، 23 - بەتلەرگە ۋە داۋگۇاڭنىڭ 6 - يىلى 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنىدىكى چىڭشياڭنىڭ خانغا يوللىغان مەلۇماتىغا قارالسۇن.

تۆت پاي ئوق تاراسلاپ تەگدى، تەگكەن ئوقلار شۇ زامان چەتكە قاڭقىپ كەتتى. قىپچاقلاردىن بىرقانچىسى ئوق تېگىپ ئاتلىرىنىڭ ئۈستىگە دۈم يىقىلدى. جاھانگىر خوجىنىڭ لەشكەرلىرى بارا ـ بارا بەرداشلىق بېرەلمەي قېلىشقا باشلىدى. . .

كۈن پېشىن بولغاندا، مانجۇلارنىڭ ئارقا تەرىپىدە «پاڭ ـ پۇڭ!» قىلغان ئوق ئاۋازى ئاڭلاندى. مانجۇلار بىردىنلا پاتىپاراق بولۇشۇپ قېچىشقا باشلىدى. بۇ ئىشتىن ھەيران قالغان جاھانگىر خوجا تامنىڭ كەينىدىن بېشىنى سوزۇپ قارىۋىدى، كۈنچىقىشتىكى كاتتايلاق دېگەن تەرەپتىن مانجۇلارغا قارشى چىقىپ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بىرەر مىڭدەك ئاتلىق ئادەملەر ھۇيقۇتقىنىچە ھەزرىتى سۇلتان مازىرى تەرەپكە ئات سېلىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ تولىسى مىلتىقلىق مەرگەنلەر بولۇپ، بىر ئوقتا بىر قارا چېرىكنى يەر چىشلەتمەكتە ئىدى. قارا چېرىكلەر ئۆزلىرىنى قوراللىق كىشىلەرنىڭ ئوقىدىن قاچۇرۇپ، كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي ئاھالىنىڭ ئۆيلىرى ئارىسىدا ئۇيان ـ بۇيان قېچىشىپ يۈرۈشەتتى. ئارقا تەرەپتىن ئاتلىقلارنىڭ تۇيۇقسىز زەربىسىگە ئۇچرىغان مانجۇلار ئەمدى مازار مۇھاسىرىسىدىن ئۇزۇل ـ كېسىل ۋاز كېچىشتى ـ دە، قەشقەر تەرەپكە قاراپ جىددىي چېكىنىشكە باشلىدى. ①

كاتتايلاقلىق قوزغىلاڭچىلارنىڭ دەل ۋاقتىدا ئۇلگۈرۈپ كېلىشى جاھانگىر خوجىنى يەنە بىر قېتىم ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇۋالدى. ئۇلار جاھانگىر خوجا ۋە ئۇنىڭ قالدى ـ قۇتتى لەشكەرلىرىنى كېچىلەپ پەيزاۋاتنىڭ ئۆپچۆرىسىدىكى قازانكۆل دېگەن يەرگە ئېلىپ چىقىپ ئورۇنلاشتۇردى.

يۈرىكى ئەمدىلا ئورنىغا چۈشۈپ، كۆڭلى ئاۋۇنغان جاھانگىر

---

① «ئاسىيلارنى تىنچىتىش خاتىرىلىرى»، 13 ـ جىلد، 25 ـ بەت. داۋگۇاڭنىڭ 6 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىكى يىڭخۇينىڭ خانغا يوللىغان مەكتۇپىغا قارالسۇن.

خوجىنىڭ دىمىغىدا يۇرتدارچىلىق تۇتۇنلىرى يەنە باشقىلەتتىن دۇت ئېلىپ يېنىشقا باشلىدى. ئۇ ئالامانغا قاراپ:
— خۇدا ۋە رەسۇلىللانىڭ ھەق يولىدا جىھىنىنى پىدا ۋە تەقدىم قىلىپ، كاپىر ـ دىنسىز ۋە مۇشتىرىك مانجۇ زالىملىرى بىلەن غازات قىلىپ غازىلىق مەرتىۋىسىنى خۇش كۆرىدىغان ۋە شاھادەتلىك دەرىجىسىنى ئىزدىگەن بىر مەرد ـ باھادىر بارمىكىن؟ — دېيىشىگە، مارالبېشىلىق سائادەت بەگ دېگەن بىرەيلەن كېلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا يەرگە تىزلاندى ۋە:
— مانا مەن بولىمەن، ئۇشبۇ خىزمەتنى جابىجا كەلتۈرۈپ، بۇ دەرىجىلەرنى ئۈزاقتىن بېرى ئاززۇ ۋە ھەۋەس قىلار ئىدىم! — دەپ ئەرز قىلدى.
— ئۇنداق بولسا تولىمۇ ياخشى، باھادىرىم، — دېدى جاھانگىر خوجا مەمنۇن بولۇپ، — دەرھال تۆت ئەتراپقا ئاتلىق چاپار ئەۋەتىپ خالايىققا خەۋەر يەتكۈزۈڭلار. ھازىردىن باشلاپ مانجۇ زالىملىرىنىڭ بېشىغا تاش ئاتقان ھەرقانداق مۇسۇلمان غازىلىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. ھەق يول ئۈچۈن جېنىنى تەقدىم ئەتكەن ھەرقانداق مۇسۇلمان شاھادەتلىك دەرىجىسىگە نائىل بولىدۇ! سىلەر مېنىڭ ئىنايەتنامەمنى ئېلىپ بېرىپ، مارالبېشى خەلقىنى قوزغاڭلار. ئاقسۇ، كۇچا يوللىرىنى كېسىپ تاشلاپ، ئىچكىرىسىدىن ياردەمگە چىقىدىغان قارا چېرىكلەرنىڭ ئالدىنى توسساڭلار، بۇ تەرەپتە بىزلەر خۇدانىڭ ياردىمى بىلەن كاشغەرنى بىر تەرەپ قىلغايمىز!
سائادەت بەگ:
— باش ئۈستىگە، جانابىي جاھانگىر خان تۆرەم، پەرمانىڭىزنى بەجا كەلتۈرگەيمىز! — دەپ تەزىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن دەرھال ئاتلاندى.
جاھانگىر خوجىنىڭ ئاتۇشتىكى ھەزرىتى سۇلتان مازىرىدا مانجۇلارنى مەغلۇپ قىلغانلىق خەۋىرى ناھايىتى تېزلا ئەتراپقا

تارقالدى. بۇ خەۋەر مانجۇلارغا قارشى قوزغىلالماي تۇرغان ئۇيغۇر خەلقىگە زور ئىلھام بولدى. خان ئېرىق، قىزىل بۇيى، يەكشەنبە بازار، تازغۇن، باغچى، ياپچان ۋە باشقا يېزا - قىشلاقلاردىن سان - ساناقسىز ئادەملەر قارا كالتەك بولۇپ قوزغىلىپ، جاھانگىر خوجىنىڭ قازانكۆلدىكى بارگاھى ئالدىغا توپلىنىشقا باشلىدى.

جاھانگىر خوجىنىڭ ئىنايەتنامىسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن مارالبېشىمۇ بۇزۇلۇپ، ئون ئۇچ ئۆتەڭ، بەش ئايماقتىكى بارلىق قارا چېرىكلەرنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشتى.

بىر ھەپتىگە قالماي، پۈتۈن قەشقەر ئەتراپىدىكى يۇرت - ئايماقلارنىڭ ھەممىسى بىراقلا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشتى — دە، جاھانگىر خوجىنىڭ بايرىقى ئاستىغا توپلاندى. . .

مىلادى 1726 - يىلى 6 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، قولىرىغا تۇغ - بايراق، سوتۇق - ئەلەم، دەھۇل - دۇمباق، ئوقيا - ساغداق، توپ - زەمبىرەك، تۇفەك - مىلتىق، قورال - ياراغ ئېلىشقان تۈمەنلىگەن قوزغىلاڭچى جاھانگىر خوجىنىڭ باشچىلىقىدا كاناي - سۇنايلىرىنى غارتىلدىتىپ - زارلىتىپ، داقا - دۇمباقلىرىنى گۈمبۈرلىتىپ چېلىشىپ، لەشكەركەشلىك دەبدەبىسى ۋە پادىشاھلىق داغدۇغىسى بىلەن بىلىنى ھەممەيلەن مەھكەم باغلاپ، غازاتنى نىيەت قىلىپ قەشقەر تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى ۋە قەشقەرنى تۆت ئەتراپتىن قورشىۋالدى. . .

* * *

مىلادى 1726 - يىلى 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تۈن نىسبى بولغان مەھەل. بۇ، قامالنىڭ تۆتىنچى كۈنى كېچىسى ئىدى.

قەشقەر مەسلىھەتچى ئامبىلى چىڭشياڭ ئەئيانلىرىنى باشلاپ

قوۋۇقنىڭ ئۈستىگە ئەمدىلەتىن چىقىشقا، ئىسپانچىلار ئاتقان ئوقلار ئۈلارنىڭ بېشىدىن غۇيۇلداپ ئۇچۇپ ئۆتۈپ يىقىنلا يەردىكى راۋاقنىڭ تۈۋرۈكىگە تارسىلداپ سانجىلىشقا باشلىدى. ئارقىدىن ۋارقىرىغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— دارىن، ئۆزلىرىنى دالدىغا ئالسىلا!

شۇ ئەسنادا بىرسى ئازاب بىلەن ئىڭرىدى. ئامبال ئېڭىشىپ قارىۋىدى، بىر تال زەھەرلىك ئوق ئۇنىڭ ئەئيانلىرىنىڭ بىرىنىڭ يەلكىسىگە سانجىلغان ئىكەن.

مەسلىھەتچى ئامبال چىڭشىياڭ ياردەمچى قوشۇنىنىڭ بىرەر شەپىسى بارمىكىن دەپ، تەقەززالىق ئىچىدە كۆنچىقىش تەرەپكە قارىدى. بىراق، ئۇنىڭ كۆزىگە شەھەرنى قورشىۋالغانلاردىن باشقا ھېچنەرسە كۆرۈنمىدى. تۆۋەندە ئادەم ئىنتايىن كۆپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەرلەرمۇ، ئاياللارمۇ، چوڭلارمۇ، قېرىلارمۇ بار. كۆپرەكى ياشلار ئىدى. ئۇنىڭ نېرىسىدا شارقىراپ ئېقىۋاتقان تۆمەن دەرياسى قاراڭغۇدا گىرىمسەن پارقىراپ كۆرۈنەتتى.

— ئۇ قانتقا قاراڭلار، — دېدى ئامبال چىڭشىياڭ تولىمۇ زەئىپ ئاۋازدا، — ئەنە چەنتۇلار، ۋاي - ۋۇي، بۇ نېمىدېگەن جىق خەق بۇ؟

دەرۋەقە، شەھەر سېپىلىنىڭ ئەتراپىدىكى مىغىلدىشىپ تۇرۇشقان ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۇنىڭغا قارىغان ئادەمنىڭ كۆڭلى ئاينىيتتى. بىقسىپ تۇتەپ يېنىۋاتقان گۈلخانلار ھەددى - ھېسابسىز ئىدى. توختىماستىن چېلىنىۋاتقان دەھۇل - دۇمباقلارنىڭ گۇمبۇرلەشلىرى، بۇرغا - كانايلارنىڭ غارت - غۇرتلىرى، سۇنايلارنىڭ زارلاپ چېلىنغان ئىنچىكە ئاۋازلىرى، تۆگىلەرنىڭ بوزلاشلىرى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، ئېشەكلەرنىڭ ھاڭراشلىرى، ھارۋىلارنىڭ ئەنسىز غىچىرلاشلىرى، ئادەملەرنىڭ ۋارقىراپ - جارقىراشلىرى،

قوشۇندىكى نوۋكەرلەرنىڭ بۇيرۇق بەرگەندىكى قىسقا - قىسقا ئاۋازلىرى بىرلىشىپ كىشىنى ئەقلىدىن ئازدۇرىدىغان قىيامەتنىڭ غوۋغاسىنى پەيدا قىلغانىدى. شەھەرگە ھۇجۇم قىلىۋاتقانلار سان جەھەتتە شەھەرنىڭ مۇھاپىزەتچىلىرىدىن نەچچە ھەسسە، نەچچە ئون ھەسسە، ھەتتا نەچچە يۈز ھەسسە كۆپ ئىدى. ئۇلارغا يەنە ھەر قايسى يۇرت، ئايماقلاردىن كېلىپ قوشۇلۇۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيۋاتقانىدى.

تۈن نىسبىدىن ئۆتكەندە، سېپىل سىرتىدىن بىر خىل رىتىملىق ئاۋاز كېلىشكە باشلىدى. بۇ خۇددى يەر تېگىدىن كېلىۋاتقاندەك، كىشىنى ئەندىشىگە سالىدىغان بىر خىل بوغۇق ئاۋاز ئىدى. ئاۋاز ئۈزۈلۈپ - ئۈزۈلۈپ، ئاندىن بىرنېمىگە قاتتىق ئۇرۇلغاندەك رىتىم بىلەن چىقاتتى.

ئىسيانچىلار سېپىل بۇزىدىغان قورال ئىشلىتىۋاتقانىدى. ئاخىر سېپىل ئۈستىدىكىلەردىن بىرى ئۈمىدسىزلىك بىلەن ۋارقىرىدى:

— توپىلاڭچىلار سېپىل ئىچىگە بۆسۈپ كىردى!

نىھايەت، ئىسيانچىلار ئۆزلىرىنىڭ قۇدرەتلىك سېپىل بۇزۇش قورالىنى - بىر بېشىغا تۆمۈردىن تۇتۇق بېكىتىلگەن ئۇزۇن بىر تال ئېغىر لىمنى كۆتۈرۈپ كېلىپ شەھەرنىڭ شەرقىدىكى قوۋۇققا - تۆشۈك دەرۋازىسىغا ئۇرۇش ئارقىلىق، قوۋۇقنىڭ ئېغىر قويما تۆمۈر قاپقىسىنى ئېچىشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى! ھەممىنىڭ ئالدىدا جاھانگىر خوجىنىڭ ئاتلىق قىپچاقلىرى، ئەنجانلىق پىدائىيلار، قارا تېكىنلىك تاجىكلار، ئاندىن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئىسيانچى ئالامانلار خۇددى توسىدىن ئېتىلىپ كىرگەن كەلكۈندەك شەھەر ئىچىگە بۆسۈپ كىرىشكە باشلىدى. ئۇلار كوچا - كوچىلارغا بۆلۈنۈپ گويا سۇدەك ئاقتى. كوچىلار ئىسيانچىلارنىڭ قولىدىكى ئوتقاشلارنىڭ يورۇقىدا خۇددى كۈندۈزدىكىدەك يورۇپ كەتكەنىدى. بىر -

www.uyghurkitap.com

بىرى بىلەن ئېلىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قارىسىنى يىراقتىن كۆرۈش مۇمكىن ئىدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقىچىلىك بولغان ئارىلىقتا كوچىلاردا ئادەمنىڭ ئۆلۈكلىرى تاغدەك دۆۋىلىنىپ، قانلىرى دەريادەك ئېقىشقا باشلىدى. ئۆلگەنلەرنىڭ ئارىسىدا مانجۇلارمۇ، ئۇيغۇرلارمۇ، قارا چېرىكلەرمۇ، ئىسيانچىلارمۇ، قىپچاقلارمۇ، ئەنجانلىقلارمۇ بار ئىدى.

تاڭ يورۇشقا باشلىدى. قوچاقلاشما جەڭ يەنىلا داۋام قىلماقتا ئىدى. قارا چېرىكلەر ئۆز ئالدىغا جەڭ قىلىشماقتا ئىدى. مەسلىھەتچى ئامبال چىڭشياڭ بايامقى پاتپاراقچىلىقتا ئۆزىنىڭ قارا چېرىكلىرىدىن ئايرىلىپ قالغانىدى. ئۇ ئىسيانچىلار بىلەن يەكمۇ ـ يەك تەنها ئېلىشماقتا ئىدى، ئۆزىنى ئاتقا دەسسەتمەكچى بولۇپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقان بىر قىپچاقنىڭ ئېتىنىڭ تۇمشۇقىغا قولىدىكى قىلىچى بىلەن بىرنى چاپقانىدى، ئات ۋە ئاتنىڭ ئۈستىدىكى ھېلىقى قىپچاق گۈپپىدە قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا يىقىلدى. نېمە ئىش بولغانلىقىنى چۈشىنىپ بولغۇچىلىك ئارىلىقتا، ھېلىقى قىپچاقمۇ بېشىغا قىلىچ تېگىپ يەر چىشلىدى. بۇ چاغدا گۇزەر تەرەپتىن ئات چاپتۇرۇپ چىققان بىر توپ ئاتلىقلار چۇقان كۆتۈرۈشكىنىچە ئۇنىڭغا تاشلاندى. شۇ ئەسنادا، ھېلىقى ئاتلىقلارنىڭ ئىچىدىكى بېشىغا پارقىراپ تۇرغان دۇبۇلغا كىيىۋالغان بىر سەردار قولىدىكى چومىقى بىلەن چىڭشياڭنىڭ بېشىغا ئۇردى. ئۇنى رەت قىلىش ئۈچۈن، چىڭشياڭ قولىدىكى قىلىچنى كۆتۈرۈشى بىلەن تەڭلا، قاياقتىندۇر بىر نەيزە ئۇچۇپ كېلىپ ئۇنىڭ دۇمبىسىگە قادىلىپ قالدى. چىڭشياڭ يۈرىكىگە قادالغان نەيزىنىڭ ئاچچىق سېزىمىنى سېزىپ بولغۇچە دۇم چۈشتى ـ دە، يەرنى غاجىلىغان پېتى يېتىپ قالدى...

ئىسيانچىلار ئاخىر مانجۇلارنى گۇلباغ دەپ ئاتىلىدىغان يۇملاق شەھەرنىڭ ئىچىگە قامىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. بىراق، گۇلباغ قەلئەسىنىڭ سېپىلى مۇستەھكەم بولغاچقا، ئۇنى ئېلىش

قەشقەر سىپىلىنى ئېلىشتەك ئۇنداق ئوڭاي ئەمەس ئىدى! ئۇستىنىڭ قېلىنلىقى تۆت مېتىر، ئېگىزلىكى 12 مېتىر كېلىدىغان سىپىلنىڭ ئىچى مانجۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پاناھلىنىدىغان ماكانى ئىدى. مانجۇلارنىڭ 70 يىلدىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقىنى قاقتى - سوقتى قىلىپ شىلىپ توپلىغان ئالتۇن - كۈمۈش، دەپىنە - دۇنياسىنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇ گۈلباغ قورغىنىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇقلۇق ئىدى! قەشقەرگە باي بولۇش كويىدا باشتۇرۇپ كىرگەن قىپچاق لەشكەرلىرىنىڭ ئىگە بولماقچى بولغان ئولجىلىرىنىڭ ھەممىسى مانا مۇشۇ شەھەرنىڭ ئىچىدە ئىدى! . . .

قوقان خانى مەمەدەلى خان قەشقەرنىڭ جاھانگىر خوجا تەرىپىدىن پەتھى قىلىنغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ قالدۇق مانجۇلارنىڭ ھەممىسىنى گۈلباغ قەلئەسىنىڭ ئىچىگە قامىۋالغانلىقىنى ئاڭلاپ ئورنىدا ئولتۇرالماي قالدى.

— ئالەمنىڭ ئىگىسى بولغان خۇداۋەندە كېرىم بۇ تەخت ساھىبلىقىنى بىزگە ئاتا قىلىپتۇ، — دېدى ئۇ ئەركانلىرىغا، — ئەگەر بىز يەنە سۇستلۇق - بوشاڭلىق ۋە غەپلەتنى ئۆزىمىزگە لازىم ۋە راۋا كۆرسەك، يۇرتدارچىلىق ۋە تەخت - سەلتەنەت ئۆز دائىرە ۋە جامائەت ئاساسىدىن يىراقلايدۇ. بىر ئەسكى مۇساپىر خوجا بىرنەچچە لوكچەك ۋە باشباشتاق ئالامىنىنى توپلاپ، بۇزرۇكۋار كاشغەرنى مۇھاسىرە قىلىپ، ۋىلايەتلەرگە ئىگە بولۇش دەۋاسىنى قىلىپ، خانلىق ناغرىسىنى چېلىپ، مەملىكەت قۇرۇشنى ئۆزىگە نىسبەت قىلىپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرىغا يول قويغىلى بولمايدۇ — ئەلۋەتتە! ئەگەر بۇلار گۈلباغنىمۇ پەتھى قىلىدىغان بولسا، مانجۇلارنىڭ 70 يىل مابەينىدە توپلىغان سان - ساناقسىز خەزىنە - بايلىقلىرى بۇ باشباشتاقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ زايا بولىدۇ. خاقانى چىن بولسا كاتتا ۋە زور پادىشاھلىقتۇر. ئەگەر بۇ چاغدا، بىيجىڭ تەرەپتىن كۆپپارلار يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېلىپ ئىستىلاچىلىق دۈمبىقىنى چالىدىغان بولسا ئۇلار يەنە خەزىنە سەرپ قىلماي باشقا ئىلاج يوق. ئەگەر كاپىرلار غەلىبە قىلىپ، بۇ پاراكەندە لەشكەرلەرنى يەنە پاراكەندە قىلىدىغان بولسا، ئىسلام ۋىلايەتلىرىنىڭ خەزىنىسى يوق بولۇش ئېھتىمالى بار. يەنە بىرى شۇكى، جاھانگىر تۆرە يۇرتنى باشقۇرۇشقا ئاجىزلىق قىلىپ، مانجۇلار بۇ جايلارغا يەنە ئىگە بولسا جاھانگىر خوجا يەنە نائىلاج پەرغانىگە قېچىپ كېلىدۇ. ئۇ چاغدا خاقانى چىن بۇ ئىشنى بىزدىن كۆرىدۇ ـ دە، ئىككى ئەل ئوتتۇرىسىدىكى مۇئامىلە يامانلىشىدۇ. ئەمدى ئوبدان مەسلىھەت شۇكى، بىز كاشغەرگە بارساق، گۇلباغ قولىمىزغا چۈشسە تېخى ياخشى، غالىبلار تەرىقىسىدە ئالتۇن ـ كۈمۈش، ئېرىغ ماللارغا ئىگە بولۇرمىز. ئەگەر بۇنداق بولمىسا غازات ساۋابى يەنىلا بىزگە مەنسۇپ بولۇر!...①

ئەكابىر ـ ئەشرەپلەر: «ۋاي شۇنداق بولمامدىغان، ھەرنە مەسلىھەت بولسا ئۆزلىرىدىن چىقۇر!» دېيىشىپ، مەمەدەلى خاننىڭ بۇ سۆزىنى ماقۇل كۆرۈشكەن بولدى.

8 ـ ئاينىڭ باشلىرى قوقان خانى مەمەدەلى خان 3000 كىشىلىك بىر خىللانغان قوشۇننى باشلاپ قەشقەرگە كەلدى.

جاھانگىر خوجا بىرمۇنچە ئەكابىر ـ ئەشرەپلىرى بىلەن بىللە مەمەدەلى خاننىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە بىر ـ بىرى بىلەن ئات ئۈستىدە تۇرۇپلا كۆرۈشتى.

— قۇتلۇق بولسۇن، قۇتلۇق بولسۇن! — دېدى قوقان خانى مەمەدەلى خان جاھانگىر خوجىنى كۆرۈپ، — غەيرەتلىرىگە بارىكاللا، غەيرەتلىرىگە بارىكاللا!

---

① موللا مۇسا سايرامى: «تارىخى ھەمىدى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 ـ يىل 1 ـ نەشرى، 1988 ـ يىل 10 ـ ئاي 2 ـ باسمىسى، 149 ـ 150 ـ بەتلەرگە، يەنە «ئاسىيالارنى تىنچىتىش خاتىرىلىرى»، 27 ـ جىلد، 19 ـ، 21 ـ بەتلەرگە ۋە «بۈيۈك چىڭ سۇلالىسى شۇەنزۇڭ خان دەۋرانىدا يېزىلغان ئوردا خاتىرىلىرى» 106 ـ جىلد، 9 ـ، 10 ـ بەتلەر، داۋگۇاڭنىڭ 6 ـ يىلى قەمەرىيە 10 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىدىكى يارلىقىغا قارالسۇن.

— ماشائاللا، ماشائاللا، — دېدى جاھانگىر خوجىمۇ جاۋابەن، — خان ئالىيلىرىنىڭ قوشۇن باشلاپ كەلگەنلىكى بىزلەرنىڭ بېشىمىزنى ئېگىز قىلدى، ھىممەتلىرىگە ھەشقاللا، ھىممەتلىرىگە ھەشقاللا!

ئۇلار بىر پەس سالاملىشىپ ھال ـ ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن جاھانگىر خوجا پادىشاھلارغا خاس ھۆرمەت ـ تەزىملىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، خاننى قەشقەر شەھىرىدىكى كاتتا ـ كاشانە بىر ئىمارەتكە چۈشۈردى.

بىراق، جاھانگىر خوجا قوقان خانى مەمەدەلى خاننىڭ قەشقەرگە لەشكەر باشلاپ كېلىشىدىكى مۇددىئاسىنىڭ ئۆزى بىلەن ئولجىغا ھەمشېرىك بولماقچى ئىكەنلىكىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. بۇ ھەقتە: «مېھمان مېھماندىن قىزغىنىپتۇ، ئۆي ئىگىسى ھەر ئىككىسىدىن. . .» دېگەندەك بىر ئىش ئىدى. بىراق، گۈلباغ پەتھىسى مانا بۇگۈن ئاتمىشىنچى كۈنگە قەدەم قويدى. ئەمما، قورغان تا ھازىرغىچە زەبەردەست تۇرىدۇ. گۈلباغ قەلئەسى ئۇزۇل ـ كېسىل پەتھى بولماي تۇرۇپ، جاھانگىر خوجىنىڭ مۈلكىي قەشقەرىيىدە ئاخىرقى ھېسابتا قارار تېپىشى يوق گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، گۈلباغ پەتھىسى قانچىكى ئۇزارغانسېرى، مانجۇلارنىڭ ياردەمچى قوشۇنىنىڭ يېتىپ كېلىشى شۇنچە تېزلىشىدۇ. ئۇ چاغدا، بۇ قېتىمقى قەشقەر غازىتىنىڭ پۈتۈن مۇشەققىتى شامالغا سورۇلامدۇ؟

جاھانگىر خوجا مۇشۇلارنى ئويلىغىنىدا، «كېمىگە چىققاننىڭ جېنى بىر» دېگەن قەدىمكى ماقالنىڭ توغرىلىقىنى تېخىمۇ ھېس قىلدى! ئۇ ئاخىر مەمەدەلى خان بىلەن بىرلىشىپ، گۈلباغ قەلئەسىدىكىلەرنىڭ قارشىلىقىنى ئۇزۇل ـ كېسىل يىمىرىشكە بەل باغلىدى. . .

قوقان خانى مەمەدەلى خان قەشقەرگە قوشۇن باشلاپ كەلگەننىڭ ئەتىسى، جاھانگىر خوجىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىللە گۈلباغ قەلئەسىنى ئاشكارا ۋە شىددەتلىك مۇھاسىرىگە ئالدى. بۇلار سىرتتىن، مانجۇلار ئىچىدىن ئېتىشىپ بىرنەچچە كۈن قاتتىق سوقۇش بولدى.

ھەر كۈنى كەچ بولۇشى بىلەن گۈلباغ قەلئەسىنىڭ ئەتراپىدا سان ـ ساناقسىز گۈلخان ئوتلىرى لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلايتتى. گۈلخان ئەتراپىدا ئولتۇرۇشقان قىپچاق، ئەنجانلىق لەشكەرلەر سۆزلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار: «بۇ قارغىش تەگكەن قورغاننى ئالغىلى بولارمۇ؟ خۇرجۇن ـ قاچىلىرىمىز ئولجا بىلەن لىق تولارمۇ؟» دېيىشەتتى...

8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى تاڭ سەھەردە پالاخماننىڭ ۋىڭىلدىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. پالاخماندىن ئېتىلغان، تۆت ئادەم ئاران ـ ئاران كۆتۈرەلەيدىغان يوغان ـ يوغان تاشلار گۈلباغ قەلئەسىگە قاراپ ئۇچاتتى. ئىنتايىن زور خاراب قىلىش كۈچىگە ئىگە بولغان بۇ تاشلار سېپىل ئۈستىگە ۋە شەھەر ئىچىگە چۈشۈپ تەگكەن يەرنى پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىپ تاشلىماقتا ئىدى. سېپىل ئۈستىگە ۋە شەھەرنىڭ ئىچىگە چۈشكەن تاشلارنىڭ غايەت زور بۇزغۇنچىلىقى قەلئە ئىچىدىكى بۇ تىز پۈكمەس قوغدىغۇچىلارنىڭ كۆڭلىدە تۇرلۇك ئەندىشىلەرنى پەيدا قىلماقتا ئىدى. ئۇلار ئاقسۇ تەرەپتىن كېلىدىغان ياردەمنى كۈتۈپ، قەيسەرلىك بىلەن قارشىلىق كۆرسەتمەكتە ئىدى. بىراق، ئاقسۇ تەرەپتىن كېلىدىغان بۇ ياردەم نېمىشكىدۇر ساقمۇ ـ ساق ئاتمىش كۈن كېچىككەنىدى. بۇ مانجۇلار ھەرقانداق قەھرىمانانە روھنىڭمۇ قۇدرەتلىك دۈشمەننىڭ كۈچلۈك قورالى ئالدىدا ئەرزىمەس بىر نەرسە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى مانا ئەمدى چۈشەندى...

مۇسۇلمانلار گۈلباغ قەلئەسىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن لەخمە كولاپ كېلىپ، سېپىل ئاستىغا دورا كۆمدى. ئۇلار پىلىككە ئوت يېقىۋىدى، يەر ـ زېمىننى لەرزىگە سالغان غايەت زور پارتلاش ساداسى ئىچىدە شەھەرنىڭ بىر تەرىپى ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى ـ دە،

ئالەم يۈزىگە چاڭ - توزانلارنى چىچىپ كۈننىڭ كۈندۈزى گويا قاراڭغۇ كېچىگە ئايلىنىپ كەتتى. بۇ چاغدا مۇسۇلمانلار نۇسرەت ئىچىدە ئارقا - ئارقىسىدىن ئۈزۈلمەي كېلىپ خۇددى پەرۋانىدەك سېپىلغا ئۆزلىرىنى ئۇرۇشتى. مانجۇلار بەلكى مۇسۇلمانلار بۇ سېپىلنىڭ بۇزۇلغان يېرىدىن ھۇجۇم قىلىپ كىرەرمىكىن دەپ خەزىنىدىن تاغار - تاغارلاپ ئاق ئۇن، مىشكاپ - مىشكاپلاپ گۈرۈچلەرنى توشۇپ كېلىپ، تۆشۈك يولىنى توسۇپ قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. قەلئەنىڭ ئىچىدىكىلەر توپ - زەمبىرەك، جەزايىل - خودەتلەرگە ئوت تۇتاشتۇردى. مۇسۇلمانلارمۇ تاشقىرىدا تۇرۇپ توپ - زەمبىرەكلىرىگە ئوت بەردى. مانجۇلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئۆزئارا ئارىلىشىپ گىرەلىشىپ قاتتىق جەڭ قىلىشتى.

مۇسۇلمانلار قەلئەنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدىن ئارقانلار بىلەن ئۇلانغان شوتىلارنى قورغان تېمىغا يۆلەپ، خۇددى دارۋازلاردەك سېپىلغا يامىشىپ يۇقىرى ئۆرلەشكە باشلىدى. سېپىل ئۈستىدە كەسكىن جەڭ بولۇپ كەتتى. مۇسۇلمانلار مانجۇلارغا شىددەت بىلەن تاشلىناتتى. مانجۇلارمۇ ئۇلار بىلەن قويۇن - قولتۇق ئېلىشىپ كەتتى. قارا چېرىكلەرنىڭ بىرى ئۆلسە، ئورنىنى دەرھال يەنە بىرى بېسىپ، مۇسۇلمانلارنى شەھەر ئىچىگە كىرگۈزمەسلىكنىڭ ئامالىنى قىلىپ باقتى. مۇسۇلمانلار ئۇدا ئۈچ داپقۇر سېپىل ئۈستىگە چىقتى. لېكىن، مانجۇلارمۇ كۈچ كۆرسىتىپ، مۇسۇلمانلارنى ئۇدا ئۈچ داپقۇر سېپىل ئۈستىدىن ھەيدەپ چۈشۈردى.

بىراق، ئۆلۈۋاتقان ۋە يارىدار بولۇۋاتقانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، گۈلباغ قەلئەسىدىكىلەرنىڭ كۈچى بارغانسېرى ئاجىزلاپ كەتتى. مۇسۇلمانلار بولسا يەر - جاھاننى قاپساپ، ۋارقىراپ، بىرىنىڭ كەينىدىن يەنە بىرى يامىشىپ قورغان ئۈستىگە چىقىپ كېلىۋەردى. . .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جاھانگىر خوجىنىڭ سول تەرىپىدە چىلانتورۇق بەدەخشان ئارغىمىقىنى مىنگەن قوقان خانى مەمەدەلى خان تۇراتتى. جاھانگىر خوجا بولسا قومۇشقۇلاق قۇلا يورغىنى مىنىۋالغانىدى. ئۇلار دۆڭنىڭ ئۈستىدە قىپچاق لەشكەرلىرى بىلەن ئەنجانلىق لەشكەرلەرنىڭ سىپىلغا قىلىۋاتقان ھۇجۇمىغا قاراپ تۇرۇشقانىدى. ھۇجۇم ۋاقتى ئۇزارغانسېرى، ئەنجانلىق لەشكەرلەردىن كۆپى چىقىم بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن مەمەدەلى خان ئاخىر چىدىيالماي قالدى:

— ئۇيغۇرلار قاچان ئۆز ئالدىغا تەنها شەھەر ئالالىغان؟ — دېدى ئۇ زەردە قىلىپ.

— ئەنجانلىق «غالىبلار» نىمۇ كۆرۈپ قويدۇق. ھەممىسى پاقا ئالالماس سا ئىكەنغۇ بۇ نېمىلەر! — دېدى جاھانگىر خوجىمۇ بوش كەلمەستىن.

— سەييىد جاھانگىر خان، سىلى «قەلئەدىكىلەر شەھەرنىڭ ئاچقۇچىنى ئالتۇن تاۋاققا سېلىپ، ئالدىمىغا ئېلىپ چىقىدۇ!» دەپ ئويلىغان بولسىلا كېرەك. شۇنداق ئىكەن، بىزلەرنىڭ بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشىمىزنىڭ ئەمدى ئەھمىيىتى قالمىغاندەك قىلىدۇ! — دېدى مەمەدەلى خان زەھەرخەندىلىك بىلەن.

— بىزلەر پەقىر يوقسۇل، ئەھۋالىمىز ناچار، قورال - ياراغلىرىمىز يوق ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ مۇشۇنچىۋالا ئىشلارنى قوزغاپ، مۇشۇنچىۋالا خىزمەتلەرنى ۋۇجۇدقا چىقاردۇق، — دېدى جاھانگىر خوجا كەسكىن سۆزلەپ تۇرۇپ، — ئەلھال، مەمەدەلى خان، بىرنەچچە بايراقلىق لەشكەر بىلەن، شۇنچىۋالا مۇكەممەل قورال - ياراغ بىلەن كېلىپمۇ گۇلباغنى ئېلىپ بەرمەي كېتىدىغان بولسىلا، ئۇ ھالدا سىلى بىزنىڭ دۈشمىنىمىز بولۇپ، بىز سىلىنىڭ ئۈستىلىرىدىن غازات قىلىپ قالمايلى يەنە! . . .

مەمەدەلى خاننىڭ يۈركى جىغ قىلىپ قالدى: «ھەرنە بالا كەلسە بۇ يالاڭتۆش مۇساپىر خوجىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ، —

دەپ ئويلىدى ئۇ بىردىنلا جىددىيلىشىپ، — ئۇنىڭدىن كۆرە، ياخشى گەپ بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى رام قىلىپ، بۇ يەردىن تېز كەتمىكىم ئەۋزەل! »

— سەييىدىم، — دېدى مەمەدەلى خان، — سىلىنىڭ گەپلىرىمۇ توغرا. ئەمدى بۇ دۆلەت - ئامەت قوللىرىدا تۇرسىغۇ بىر نۆرى. ئەگەر ئۇنداق بولماي قالسا يەنە بارىدىغان يەرلىرى قوقان، سىغىنىپ پاناھداپ بارىدىغان كىشلىرى بىزكىم قوقان خانى بولۇر. شۇڭا، بۇگۈن بۇ گۇلباغ قەلئەسىنى پەتھى قىلىش شەرىپىنى سىلىگە ئۆتۈندۇق!

— . . .

جاھانگىر خوجىمۇ مەمەدەلى خاننىڭ بۇ مەسلىھىتىنى لازىم تاپتى — دە، ئوشۇق گەپ تالىشىپ ئولتۇرماي، خاننى لەشكەرلىرى بىلەن قوشۇپ، ھۆرمەت - ھەيۋەت ئىچىدە ئەنجانغا يولغا سېلىپ قويدى. . .

جاھانگىر خوجىنىڭ لەشكەرلىرى قورغان بۇزىدىغان پالاخماننى سۆرەپ كېلىشتى. بۇ بىر بېشىغا يوغان تۆمۈردىن باش بېكىتىلگەن، چاقنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان يوغان لىملاردىن ياسالغان تۆشۈكىدىن چىقىپ شىددەت بىلەن دەرۋازىغا ئۇرۇلىدىغان بىر خىل قورال ئىدى. مۇسۇلمانلار پالاخماننى ئۇياقتىن - بۇياققا ئىتتىرىپ، بىر خىل رىتىمدا ۋارقىراپ: «ھەمۇ - ھە! قاتتىق ئۇر! ھەمۇ - ھە! » دېيىشىپ بىر - بىرىگە مەدەت بېرىشەتتى.

مانجۇلار سېپىل ئۇگەكلىرىنىڭ كەينىدىن تۆۋەندىكى مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىغا خىش ئېتىپ، ئوت چېچىپ، قايناق موملارنى تۆكۈپ، ئوق بوران قىلىپ تۇراتتى. بىراق، ئىسيانچى مۇسۇلمانلار ھېچنېمىگە قارىماستىن پالاخماننى دەرۋازىغا شىددەت بىلەن ئۇراتتى. ئاخىر، قارا ياغاچتىن ياسىلىپ، ئۈستىدىن قارا تۆمۈر تاسمىلار بىلەن چەمبەرلەنگەن دەرۋازا پالاخماننىڭ كۈچلۈك

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمەي يېرىلىپ ئاجراپ، كېيىن پۇتۇنلەي پاچاق ـ پاچاق بولۇپ كەتتى. قوۋۇق دەرۋازىسىنىڭ ئېچىپ تاشلانغانلىقىنى كۆرگەن مۇسۇلمانلار خۇددى كەلكۈن سۇيىدەك قەلئە ئىچىگە دەۋرەپ كىرىشكە باشلىدى. گۇلباغ قەلئەسى ئاخىر ئىسيانچى مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلدى! . . .

*　　　*　　　*

داۋگۇاڭنىڭ 7 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى[①] مانجۇلار ئاخىر قارا تېكىن دېگەن يەردە جاھانگىر خوجىنى قاتمۇ قات قورشاۋغا ئېلىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

جاھانگىر خوجىنىڭ دوستى بولغان ئوپال بېگى مۇھەممەت بەگ مانجۇلارنىڭ ياڭ فاڭ دېگەن سانغۇنىنىڭ قوماندانلىقىدىكى مانجۇ قوغلىغۇچى قىسىملىرىنى بۇ يەرگە باشلاپ كەلگەندە، جاھانگىر خوجا ئادەملىرىنى تەشكىللەپ قارشىلىق كۆرسىتىپ قورشاۋنى يېرىپ قاچماقچى بولغان بولسىمۇ ئەمما مانجۇلار ھالقىنى بارغانسېرى تارايتىپ سىقىنشقا باشلىدى. جاھانگىر خوجا چۈشكەن تاش ئۆينىڭ ئەتراپلىرى پۈتۈنلەي ئۆلگەنلەرنىڭ جەسەتلىرى، ئىڭراپ ياتقان ياردارلار، سونايلىنىپ ياتقان ئاتلارنىڭ ئۆلۈكلىرى بىلەن تولۇپ كەتتى. تاش ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ۋە ئۆگزىدىكى نۇرغۇن ئادەملەر مانجۇلارغا جان ـ جەھلى بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىپ، قەيسەرلىك بىلەن ئوق ئۈزۈپ، تاش دوملاتماقتا ئىدى.

مۇھەممەت بەگ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەستى ـ قامەتلىك، يېشى 35 ـ 36 لاردا، ئۇچىسىغا پولات زىرىھ كىيىپ، ئۈستىدىن

---

① مىلادى 1827 ـ يىلى.

ساۋۇت باغلىۋالغان بىر ئادەمنى سانغۇن ياڭ فاڭغا كۆرسەتتى. بۇ كىشىنىڭ دۇبۇلغىسى تېشىلگەن بولۇپ، بېشىدىن ئاققان قان ئۇنىڭ يۈزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆينىڭ تاش تېمىغا يۆلىنىپ، ھاسىراپ تۇراتتى.

— ئاۋۇ بويى قامەتلىك كىشى جاھانگىر خوجا بولىدۇ، — دېدى مۇھەممەت بەگ ياڭ فاڭغا، — دارىن، ئۇ سىلىنىڭ قوللىرىغا تىرىك چۈشمەيدۇ. چۈنكى ئۇ ناھايىتى جاھىل بىرنېمە.

— بۇ كىشىنى ئۆلتۈرۈشكە قەتئىي بولمايدۇ. مەيلى قانچىلىك چىقىم - بەدەل كەتسىمۇ، ئۇنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈشىمىز لازىم. بوغدا خاننىڭ پەرمانى شۇ! — دېدى ياڭ فاڭ قارا چېرىكلىرىگە.

قارا چېرىكلەر تاش ئۆيگە قىلىۋاتقان شىددەتلىك ھۇجۇمنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈردى. ئۇلار جاھانگىر خوجىنىڭ ئادەملىرىنى قىرىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئۇلارنىڭ غەلىبە قىلىشى چېرىكلىرىنىڭ قەھرىمانلىقىدىن ياكى ئۇرۇش ۋەزىيىتىدىكى ئەۋزەللىكتىن ئەمەس، بەلكى ئادەم سانىنىڭ كۆپلۈكىدىن بولۇۋاتاتتى. جاھانگىر خوجا ئۆزىنىڭ ساناقلىقلا قالغان ئادەملىرى بىلەن خىل قوراللانغان، مول ئۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە، ئۆزلىرىدىن نەچچە ھەسسە، نەچچە ئون ھەسسە، بەلكى نەچچە يۈز ھەسسە كۆپ بولغان مانجۇلارغا تاقابىل تۇرۇشقا مەجبۇر بولۇۋاتاتتى. قارا چېرىكلەرنىڭ قوللىرىدىكى ساداقلاردىن تاش ئۆيدىكىلەرگە قارىتىپ ئېتىلىۋاتقان ئوق دەستىدىن كۈننىڭ يۈزى تورلىنىپ قالاي دېگەنىدى. تاش ئۆيدىكىلەرمۇ مانجۇلارنىڭ قولىغا تىرىك چۈشمەسلىك ئۈچۈن ئاخىرقى بىر ئادىمى قالغۇچىلىك جاھىللىق بىلەن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقانىدى. ئۇلار قوللىرىدىكى ئوقلىرىنى ئېتىپ تۈگەتكەندىن كېيىن ئېغىر تاشلارنى دومىلىتىشقا باشلىدى. مانجۇلار ئۆلگەن

ئادەملەرنىڭ جەسەتلىرىدىن ۋە تېخى جان تەسلىم قىلمىغان يارىدارلارنىڭ ئۈستىدىن مۇشۇكتەك چاققانلىق بىلەن سەكرەپ ئۆتۈشەتتى. جان ھەلقۇمغا كەلگەن يارىدارلارنىڭ زارلانغان ئاۋازلىرىنى مانجۇلارنىڭ غەلىبە خۇشاللىقى بىلەن ۋارقىراشقان چۇقانلىرى بېسىپ كەتتى.

ئاخىر، مانجۇلار تاش ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كېلىشكە مۇۋەپپەق بولدى. ئىشىكتىن ئېتىلىپ كىرىۋاتقان مانجۇلارنى كۆرگەن جاھانگىر خوجا ئۆزلىرىنىڭ چېكىنىش يولىنىڭ پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەنلىكىنى چۈشەندى ـ دە، دەرھال بېلىدىن بوۋىسى بۇرھانىدىن خوجىدىن قالغان قالماقچە شەمشىرىنى سۇغۇرۇپ ئالدى ـ دە، بويىنىغا سۈرمەكچى بولۇپ كۆتۈردى. شۇ چاغدا قارا چېرىكلەر ئارىسىدىكى قارا شەھەرلىك تورغات سەردارلىرىدىن لابدۇر دورجى قولىدىكى بۆرە چىشلىق ئۇمۇتى بىلەن بىر قويۇپلا ئۇنىڭ قولىدىكى قالماقچە شەمشەرنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. جاھانگىر خوجا ئۆزىنى ئوڭشىۋالغۇچىلىك يەنە بىر قاراشەھەرلىك تورغات سەندا دورجى ۋە ناسۇڭئا، سۇشىڭئا قاتارلىق مانجۇ سەردارلىرى ئۇنىڭغا تاشلاندى ـ دە، ئۇنى ئاستىغا قىمىرلاتماي بېسىۋالدى.

تورغاتلار چەمبەرچاس باغلىۋېتىلگەن جاھانگىر خوجىنى مانجۇلارنىڭ قوغلىغۇچى قىسىملىرىنىڭ قوماندانى، سانغۇن ياڭ فاڭنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ ئېلىپ كەلدى. ئۇ خاقانى چىننى يىگىرمە يىلدىن بۇيان پاراكەندە قىلىپ، زادىلا ئاراملىق بەرمەي كەلگەن بۇ توپىلاڭچىغا غالىبانە نەزىرى بىلەن ئۇزاققىچە سىنچىلاپ قاراپ كەتتى، ئاندىن:

— ھەي توپىلاڭچى، سەن تىبۇدا خاقانى چىنغا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەندە، ئۆزۈڭنىڭ بۈگۈنكىدەك ئاقىۋەتكە قېلىشىڭنى ئويلىغانمىدىڭ؟ «جاھانگىر دۆڭ تەن، دى

دۇڭتەن! »[1] دەپ ئاڭلىغانىدىم. قېنى ئەمدى قانداق مىدىرلىيالايسەنكىن؟ — دېدى زەھەرخەندىلىك بىلەن.

— قولۇمنى بوشىتىۋەت، سېنىڭ بىلەن يەكمۇ يەك ئېلىشاي، شۇ چاغدا زېمىننىڭ قانداق مىدىرلىغىنىنى كۆرىسەن! — دېدى جاھانگىر خوجا.

— ھەي سولتەك، قۇدرەتلىك خاقانى چىننىڭ تەڭرى قوشۇنلىرىنىڭ سەركەردىسىگە شۇنداق جاۋاب بېرىشكە قانداق پېتىندىڭ - ھە؟! — دەپ ۋارقىرىدى ئوپالنىڭ ھاكىمبېگى مۇھەممەت بەگ.

— شالىڭنى ئېقىتىپ سۆزلەۋاتقان مۇھەممەتمۇ سەن؟ — دېدى جاھانگىر خوجا ئۇنىڭغا مەنسىتمەسلىكنەزىرى بىلەن قاراپ، — بۇ مانجۇلارنى مۇشۇ يەرگە سەن باشلاپ كېلىپسەن — دە، مېنى تۇتۇپ بېرىپ قانچىلىك ياخشى كۈن كۆرۈپ كېتەرسەن؟ ھېچ بولمىغاندا، ئەينى يىللاردىكى ئاغىنىدارچىلىقنىڭ يۈزىنى بولسىمۇ قىلساڭ بولماسمىدى؟ «يېغى ياندىن قوپار، بالا كەلسە قېرىنداشتىن!» دېگەن مۇشۇمۇ ئەمدى؟

— ئۇ بىر زامان، بۇ بىر زامان. دۇرۇس، سېنىڭ بىلەن بىز «پادا باققاندا دوست ئىدۇق!» سەن ئىسلام ئاچىمەن دەپ يۈرگەن ئاشۇ چاغلاردا ھازىرقىدەك ئۆزگىرىپ كەتمىگەنىدىڭ! پۇقرائى - پەقىرلەر بىلەن جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە ئىدىڭ. شۇڭا بىز ساڭا ئەگەشكەنىدۇق. ھالسىز بىچارە پۇقرالار «پىر دېمەك — خۇدا دېمەك» دېگەن سوقۇر ئېتىقادنىڭ شاراپىتى بىلەن ساڭا چىن دىلىدىن ئەقىدە باغلىغان ۋە سەن ئۈچۈن جېنىنى سېلىپ بېرىپ ئۇرۇشقان، سەن ئۈچۈن شەھەرلەرنى ئېلىپ بەرگەنىدى. ئاخىر بۇ سوقۇر ئېتىقاد بىز ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا

① بۇ — شۇ زاماندا كەڭ تارقالغان بىر ئېغىز سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى: «جاھانگىر خوجا مىدىرلىسا، زېمىنمۇ مىدىرلايدۇ!» دېگەنلىك بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىكىتى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

بالا بولدى. سەن باشلاپ كەلگەن ئاشۇ دەستەكسىز خوجىلار: «هوقۇقنىڭ بارىدا مال ــ مۈلۈك توپلىماق، تەختتىن ئايرىلغاندا مېغىزىنى چاقماق كېرەك» دېيىشىپ ئىلگىرىدىن ئەن ــ قائىدە بولۇپ كەلگەن باج ــ سېلىقلارنى قوشۇپ خەلقنى شىلدى، سېنىڭ كارىڭ بولمىدى. خىلمۇ خىل ئالۋان ــ ياساق بىلەن پۇقرانى زار ــ زار قاقشاتتى. سېنىڭ يەنىلا كارىڭ بولمىدى. سەن بۇ بەش كۈنلۈك جاھاننىڭ راھەت مېغىزىنى چېقىپ، پاراغەت كۆرمەك بولۇپ، مەملىكەتنىڭ ھېچ ئىشى بىلەن كارىڭ بولمىدى. يۇرتدارچىلىق تاپتىن چىقىپ كەتتى. سېنىڭ ۋە سەن باشلاپ كەلگەن ئاشۇ دەستەكسىز خوجىلارنىڭ بۇنداق بولمىغۇر، ناشايان ئىشلىرىڭنى توساق، لايىق كۆرمىسەك، كۆتىمىزگە تېپىپ قوغلاپ چىقىرىپ، ئەنجانلىق تەخسكەش ــ يۇندىخورلارنى بىزنىڭ ئورنىمىزغا تەيىنلەپ ئۆزۈڭنىڭ غالچىسى قىلىۋالدىڭ. «سۇنىڭ بېشى لاي بولسا، ئايىغىمۇ لاي بولىدۇ» دېگەندەك، بۇ مەنسەپدارلىرىڭ سېنىڭ رايىڭ بويىچە ئىش كۆرگەچكە، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك ۋە چىرىكلىك ئەۋج ئالدى. باجگىرلىرىڭ ئوچۇق ــ ئاشكار ئەلنى بۇلاپ ــ تالىدى. ياساۋۇل ــ چېرىكلىرىڭ زورلۇق ــ زومبۇلۇق قىلدى. ئەلنى خۇپىيە، تىڭ ــ تىڭچىلار بىلەن تولدۇرۇۋەتتىڭ. كىمكى نارازى بولۇپ، سېنىڭدىن سەل ئاغرىنسا، شۇ ھامان مەخپىي ساقچىلىرىڭغا تۇتقۇزۇپ كېلىپ يوق قىلدىڭ. ھەتتا، سېنىڭ يېقىن ئاغىنەڭ بولغان مەنمۇ «ياكاق چاققاندا» ئاخىر سېنىڭ يېنىڭدىن قېچىشقا مەجبۇر بولدۇم. نامىڭ جاھانگىر خان بولسىمۇ، ئەلنىڭ بېشىغا چۈشكەن «ئاپەت خان» بولدۇڭ! سەن قەشقەردە ھۆكۈمەت قۇرۇپ توققۇز ئاي ئون كۈن بولغاندا، ئاخىر پەيمانىڭ تولۇپ قولغا چۈشتۈڭ! دېمەك، كىمكى ئاللانىڭ ھىدايىتىنى تەرك ئېتىدىكەن، مەيلى ئۇ قانچىلىك يىراق جايلارغا قېچىپ بېرىۋالسۇن ئۇنىڭ

جازاسىدىن قۇتۇلالمايدۇ!

— ئەي بۇرادەر، سىنىڭ ئېيتقانلىرىڭ ھەممىسى ھەق سۆزلەر، — دېدى جاھانگىر خوجا پۇشايمان ئىلكىدە پۇچۇلىنىپ، — شۇنداق، ئۇلۇغلۇق تەمەنناسى ئەقلىمنى زەئىپلەشتۇردى. مال ـ دۇنيا ھېرىسى نەپسىمگە ئارام بەرمىدى. ئاللا تائالا ئەجدادلىرىمنىڭ ھېچقايسىسىغا بۇيرۇمىغان دەھرىي ھاكىمىيەتنى تالىشىپ، بۈگۈنكىدەك ھالغا قالدىم. بۇ خۇددى زىيان قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، سىڭمەيدىغان تاماقنى يەپ، ھالاكەتكە ئۇچرىغان ئاغرىققا ئوخشاش بىر ئىش. نىھايەت، مەن زەرەرنى بىلىپ تۇرۇپ، ئەنە شۇنداق چوڭ ئىشنى باشلىغان ئىكەنمەن، شۇڭا ماڭا ئوخشاش نەپسى بالاسىدىن نېرى ئۆتەلمەيدىغان كىشىگە ھەرقانداق بالا ـ قازا كەلسە راۋا بولىدۇ!

— تەمەننا دىمىغىڭدىن ھاكىمىيەت دۇتىنى چىقىرىۋاتقان ئاشۇ چاغلاردا بۇ ھەقىقەتنى چۈشىنىشنى خالىماس ئىدىڭ! — دېدى مۇھەممەت بەگ، — ھەرنە بولسا، بۇ ھەقىقەتنى ئاخىر چۈشىنىپسەن! شۇڭا كونىلار: «كىشىنى ھالاك قىلىشقا ھەرىكەت قىلغۇچىلار ئۆز ئەجىلىدىن بۇرۇن ئۆلىدۇ. لېكىن، جېنى تېنىدىن بىر يولىلا چىقمايدۇ. بەلكى شۇنداق بولىدۇكى، ئۇنىڭغا ھاياتتىن بىزار بولغۇدەك دەرىجىدە رەنجۇ ـ ئەلەم يېتىدۇ. ھەردەم ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەيدۇ ئەمما ئۇنچە تىز ئۆلەلمەيدۇ!» دېگەن.

— ۋادەرىخ، زۇلۇم نەشتىرىنىڭ ۋاقتىنىڭ مۇندا تېز كېلىشىنى بىلگەن بولسام، ھاكىمىيەت شارابىنىڭ تەمىنى تېتىماس ئىكەنمەن! — دېدى جاھانگىر خوجا يەرگە قاراپ، — ئەمدى مەلۇم بولدىكى، ئەجەل ياقامنى تۇتۇپ قەشقەر تامان سۆرەپتىكەن. بولمىسا، مەن ئەسلىدە تاغنىڭ ئۆڭكۈرىنى ماكان تۇتۇپ يۈرمەسمىدىم؟ . . .

كۇچالىق مىرزا ئوسمان بەيسى بەگنىڭ ئىككىنچى ئوغلى

www.uyghurkitap.com

مىرزا ئىسھاق بېك بۇ مانجۇلارغا تۇڭچى بولۇپ كەلگەنىدى، ئۇ باياتىن مۇھەممەت بەگ بىلەن جاھانگىر خوجا ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىنى بىرنى قالدۇرماستىن ھەممىسىنى مانجۇ سانغۇنى ياڭ فاڭغا ئاغدۇرۇپ تۇرغانىدى. بۇ چاغدا ئۇ:

— كۆك ئاسماننىڭ بىردىنبىر ئىگىسى ئاسمان تەڭرىسى بولغىنىدەك، بوغدا خانمۇ زېمىننىڭ بىردىنبىر ئىگىسىدۇر! يەر يۈزىدىكى ھەرقانداق ئادەم بوغدا خاننىڭ سەلتەنىتىنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ يەرنى سۆيۈشى لازىم. سىلەر چەنتۇلار بۇنى خالىساڭلار ياكى خالىمىساڭلار بەربىر شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولىسىلەر. بىز سىلەرنىڭ يەلكەڭلارغا دەسسىگىنىمىز دەسسىگەن! سىلەر چەنتۇلار پەقەت بىزگە سېلىق تۆلەپ، بەش ۋاق نامىزىڭلاردا بوغدا خاننىڭ سەلتەنىتى ئۈچۈن دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىشىڭلار شەرت! مانجۇ سەلتەنىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈپ يېغى قوپقانلىقىڭلارنىڭ ئۆزىلا كەچۈرگۈسىز چوڭ گۇناھتۇر!

— شۇنداق، جاڭجۈن دارېن راست ئېيتىدۇ! — دەپ چاڭىلداپ سۆزلىدى تورغات سەردارى لابدۇر دورجى، — مەرھۇم شاھىنشاھ، تەڭداشسىز چەنلۇڭ خاقانغا پۈتۈن خەلقى ئالەم باش قويغانىدى. ئۇنىڭ ئېتىنىڭ پولات تۇيىقى ئاستىدا پۈتۈن زېمىن تىترىگەنىدى، تەڭرىتاغلىرىغا دەز كەتكەنىدى. ھەي چەنتۇ توپىلاڭچى، ساڭا مانجۇ سەلتەنىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرىدىغان كۈچ نەدىن كەلدى؟ سەن چەنتۇلار مانجۇ سەلتەنىتىگە قارشى تۇرۇپ تېزەك چىشلەشمىگەنمىدىڭ؟!

— ھەي كاپىر، تارت تىلىڭنى! — دېدى جاھانگىر خوجا زادىلا تاقەت قىلالماي، — شەھەرلىرىمىزنى سەنلەر سېلىشىپ بەرگەنمۇ؟ يەرلىرىمىزنى سەنلەر ئېچىشىپ بەرگەنمۇ؟ ئۆستەڭلىرىمىزنى سەنلەر چېپىشىپ بەرگەنمۇ؟ بۇ يەردە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمىدى؟ سەنلەر قانچىلىغان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈشمىدىڭ؟ قانچىلىغان

ئادەملەرنى چېپىپ يوق قىلىشىمىدۇق؟ قانچىلىغان ئادەملەرنى يۇرت ـ ماكانلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىپ، تاغ ئارقىسىغا ئاق ئۆيلۈك قىلىشمىدۇق؟ مېنى سوراق قىلىشىدىغان بولساڭ، بوغدا خاننىڭ ئۆزى سوراق قىلسۇن. مەن شۇ چاغدا ھەرقايسىڭنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرىڭنى ئۇنىڭغا بىر ـ بىرلەپ ئېيتىمەن. بوغدا خان ئەگەر راستىنلا زېمىننىڭ ئىگىسى بولىدىغان بولسا مېنى جازالىغان يەردە، بىزنى مانجۇ سەلتەنىتىگە قارشى ئىسيان كۆتۈرۈشكە مەجبۇرلىغان سەنلەردەك زۇلۇم ئىگىلىرىنى جازالىماسمۇ؟! . . .

ياڭ فاڭنىڭ يۇرىكى «قارت! » قىلىپ قالدى. ئۇ جاھانگىر خوجىنى ئادەتتىكى ئوغرى، قاراقچى، دەپ ئاڭلىغان. قارىغاندا، ئۇ بوش ئادەم ئەمەستەك قىلىدۇ! شۇڭا، ئۇنى ئاستانىگە ئېلىپ بېرىپ بوغدا خاننىڭ ئالدىغا توغرى قىلىشتىن ئىلگىرى بىر ئامال قىلىپ، ئۇنى ئېغىز ئاچالماس قىلىۋېتىش زۆرۈردەك قىلىدۇ! بۇ ئىشنى دەرھال ئىلى جاڭجۇنى چاڭلىڭ دارېننىڭ سەمىگە سېلىپ قويساممىكىن؟ ھە، شۇنداق قىلىشىم كېرەك! . . .

ئەتىسى، مانجۇ قوغلىغۇچى قىسىملىرى جاھانگىر خوجىنى ئېلىپ تاغدىن چۈشۈپ كەتتى. . .

ئەسلىدە، مىلادى 1726 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى جاھانگىر خوجا قەشقەرنى پەتھى قىلغاندىن كېيىن ئۆزىنى «زامان، زامان، سەييىد جاھانگىر خان سۇلتان» دەپ ئېلان قىلدى. قەشقەرنىڭ مانجۇلار قولىدىن تارتىۋېلىنىشى — پۈتۈن مۇلكىي قەشقەرىيىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىدى. ئارقىدىنلا 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ئىسيانچىلار مانجۇلار قولىدىن يەكەننى تارتىۋالدى. 7 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى خوتەندە غەليان چىقىپ، بۇ يەردىكى مانجۇلار يوقىتىلدى. 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى مانجۇلارنىڭ قەشقەردىكى ئەڭ ئاخىرقى قورغىنى — گۈلباغ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قەلئەسى ئىسپانچىلار تەرىپىدىن تارتىۋېلىندى. شۇنداق قىلىپ، ئىككى ئاي ئىچىدە پۈتۈن مۇسۇلمانلار يۇرتىنىڭ غەربىي قىسمى مانجۇلارنىڭ ئىلكىدىن چىقىپ كەتتى.

خاقانى چىن تەرىپىدىن يەتمىش يىل ئىدارە قىلىنغان بۇ جايلارنىڭ قولدىن كېتىشىدە تۈرلۈك سەۋەبلەر بار ئىدى، ئەلۋەتتە! ھالبۇكى، مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ چىرىكلىشىشى، مانجۇ ئىستىبداتىنىڭ كۈچىيىشى بۇ سەۋەبلەرنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى ئىدى. شۇ زاماندا تۇغۇلۇپ ياشىغان تارىخشۇناس موللا مۇسا سايرامىمۇ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە بۇ ھەقتە ئالاھىدە توختىلىپ باھا بېرىپ ئۆتكەنىدى:

«... ۋاقىت ئۆتكەنسېرى، مەنسەپدارلار ھەر خىل چېكىدىن ئاشقان بەلگىلىمىلەرنى قوشۇپ، ھەر خىل يامان قائىدە - يوسۇنلارنى پەيدا قىلىپ، جەبر - زۇلۇمنى كۈچەيتىۋەتتى، — دەپ يازدى ئۇ ئۆزىنىڭ كىتابىدا، — ئۇيغۇر خەلقى ئازاب - ئوقۇبەت ۋە جەبر - زۇلۇم ئىسكەنجىسىدە سىقىلمىلارغا مۇپتىلا قىلىندى. ئەسلىدە پۇقرالارنىڭ ياخشى ياكى يامان ئەرز - دادلىرىنى ئاڭلاپ بىلىپ، ئۇلارغا رەھىم - شەپقەت قىلىش بولسا پۇقرالارغا باشچىلىق قىلىدىغان ئۇلۇغلارنىڭ بويىنىدىكى ۋاجىپ، ھەتتا پەرز ئىدى. لېكىن، ئۇلار مۇنداق قىلمىدى. ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمىدى. بەلكى ئۇلارنى يوق قىلدى. ئەگەر ئۇلۇغ خان بۇ ئەرز - دادلارنىڭ راستىنى ئاڭلاپ بىلسە ئىدى، خىتاي ۋە يەرلىك مەنسەپدارلار ئۆز مەنسىپىدىن ئايرىلغاندىن تاشقىرى، ئۇلارنىڭ جان - تېنى ۋە مال - مۈلكىمۇ ئاسان قۇتۇلماس ئىدى. چۈنكى، مەنسەپدارلار ئۆز مەنسىپىنى، پۇل ۋە جېنىنى ساقلاش ئۈچۈن راست ئەرزنى يالغان ۋە يالغان ئەرزنى راست قىلىپ ئۇلۇغ خانغا مەلۇم قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ خۇن - قېنىنىڭ تۆكۈلۈشىگە زامىن بولغانىدى، بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ ئۆزى ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇلۇغ خاننىڭ يارلىقىدىن

چىقىپ، قەدىمدىن بۇيان كېلىۋاتقان يول ۋە ئەن ـ قائىدىلەرنى بۇزۇپ، ئەھدى ـ پەيمانلارنى يىرتىپ تاشلاپ، بەلگىلەنگەن مائاشقا قانائەت قىلماي، تۈزۈمگە خىلاپلىق قىلىپ، يەنى پۇقرالارنىڭ مال ـ مۈلكىگە قول ئۇزارتىپ، زۇلۇم ـ ستەملەرنى ھەددىدىن زىيادە ئېغىرلاشتۇردى. يەنە ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ نالايىق مەقسەت ۋە ھەرىكەتلىرىنى پۇقرالارغا تېڭىپ، ئۇلارنى تۆھمەت ۋە بوھتانغا قويدى، ھەتتا ئۇلارنىڭ ئۆزى باغى ۋە تاغى بولۇپ، ئۇلۇغ خاننىڭ قىلىچىغا ئۆزلىرىنى لايىق قىلدى. شۇڭلاشقا، پۇقرالار ئاتا ـ بوۋىلىرىدىن تارتىپ ئۈستىدە ئۇلۇغ بولۇپ كەلگەن بۇ مەنسەپدارلارنىڭ بوينىغا تىغ تارىسىنى تارتىنماستىن سالدى (خۇدا ئۇلارغا پاناھ بەرگەي! ). ھالبۇكى، غازات قىلغان بۇ ئادەملەرنى غازى ۋە شېھىت دېمەسلىككە يەنە قانداق سەۋەب بولۇشى مۇمكىن ئىدى؟ ! »①

*　　　　*　　　　*

مۈلكى قەشقەرىيەنىڭ غەربىي قىسمى گەرچە خاقانى چىنىنىڭ ئىلكىدىن ئايرىلىپ چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ لېكىن شەرقىي قىسمىدىكى ئاقسۇ يەنىلا مانجۇلارنىڭ قولىدا ئىدى. شۇڭا، مانجۇلار ئىستراتېگىيە جەھەتتە يەنىلا مۇھىم تەشەببۇسكار ئورۇندا تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خاقانى چىنىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدىن ياردەمگە ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرۇۋاتقان ھەربىي قوشۇنلىرى مانجۇ ھاكىمىيىتىنىڭ جاھانگىر خوجا توپىلىڭىنى ئەلتۆكۈس تىنچىتالىشىدىكى كۈچلۈك كاپالەت ئىدى.

---

① «تارىخى ھەمىدى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىل 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1988 ـ يىل 10 ـ ئاي 2 ـ باسمىسى، 168 ـ، 169 ـ، 170 ـ ۋە 171ـ بەتلەرگە قارالسۇن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ چاغدا، جاھانگىر خوجىنىڭ قەشقەرنى مانجۇلار قولىدىن تارتىۋالغىنىغا ئالتە ئاي بولغانىدى. مانجۇلارمۇ ئۇنىڭدىن تەلتۆكۈس ھېساب ئېلىش ئۈچۈن ساقمۇ ـ ساق ئالتە ئاي جىددىي تەييارلىق كۆردى. مىلادى 1827 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، خاقانى چىنىنىڭ 100 مىڭ كىشىلىك چوڭ قوشۇنى ئاقسۇغا يېتىپ كەلدى. 3 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، مانجۇلارنىڭ 50 مىڭ كىشىلىك قوشۇنى پەيزاۋاتنىڭ يېڭىئاۋات دېگەن يېرىدە جاھانگىر خوجىنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى تارمار كەلتۈردى. 3 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، مانجۇلار جاھانگىر خوجىنىڭ تايانچ بازىسى بولغان قەشقەرگە ئومۇمىي ھۇجۇم قوزغاپ، شەھەرنى بېسىۋالدى. جاھانگىر خوجا ئەللىكتەك ئادىمى بىلەن ئالاي تاغلىرى تەرەپكە قاچتى. ئۇ قوقاندىن پاناھلىق تىلىگەن بولسىمۇ، قوقان خانى مەمەدەلى خان ئۇنىڭغا پاناھلىق بېرىشنى رەت قىلدى. ئۇ ئاخىر بەدەخشان تەرەپكە قاچماقچى بولۇپ، ئۆزىنىڭ كونا دوستى، ئوپالنىڭ ھاكىمبېگى مۇھەممەت بەگنىڭ قارا تېكىن دېگەن يەردىكى ئوتاۋىغا كەلدى. . .

نەزمە

جەبر ـ زۇلۇم سالساڭ شەھەر خەلقىگە،
بىكار كېتەر ياۋغا ئىشىك ياپقىنىڭ.
دۈشمەن يالغۇز تاشقىرىدا بولمايدۇ،
بۇ ئىشىڭدۇر يەنە دۈشمەن تاپقىنىڭ!

ــشەيخ سەئىدى

1998 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى يەكەن.
1999 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ئۈرۈمچى.

图书在版编目(C I P)数据

人质和卓/阿布都魏力·艾力著. —乌鲁木齐:新疆人民出版社. 2000.2
ISBN 7—228—05634—5
Ⅰ.人… Ⅱ.阿… Ⅲ.长篇小说—中国—当代 Ⅳ—1247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2000)第 02647 号

**人质和卓**(1,2)(维吾尔文)
(长篇小说)
阿布都魏力·艾力 著
*

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号 邮政编码(830001)
新疆新华书店发行 乌鲁木齐市第十四中学印刷厂印刷
850×1168 毫米 32 开本 22.375 印张 385 千字
2000 年 2 月第 1 版 2000 年 2 月第 1 次 印刷
印数:1 —— 5000

ISBN7—228—05634—5/I·2084 (民文)定价:28.00 元(全两册)